زەمىر سەئىدۇللازادە
پەرھات غاپپار

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

中亚伊斯兰教派/扎米尔·赛都拉，帕尔哈提·阿帕尔 著
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002.9
ISBN7－228－07550－1
Ⅰ.中... Ⅱ.①扎...②帕... Ⅲ. 伊斯兰教教派 —
研究 — 中亚 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.B966
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 073897 号
责任编辑 ：买买提依明·西怕
责任校对 ：阿孜古丽·克里木
封面设计 ：艾克拜尔·萨里

中亚伊斯兰教派（维吾尔文）
扎米尔·赛都拉，帕尔哈提·阿帕尔 著
新疆人民出版社
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 ：830001 ）
新疆新华书店发行
新疆社会科学院印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 印张 14.5 2 插页
2002 年 9 月第 1 版 2002 年 9 月第 1 次印刷
印数 ：1- 3000
ISBN7-228-07550－1/ B.252 定价：21.80 元

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
ئاپتورلاردىن ........................................ 1
بىرىنچى باب   ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سىياسى كۇرەشلەرنىڭ باشلىنىشى ۋە مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ........................................ 1
ئىككىنچى باب   ئىسلامنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى. .......... 24
ئۈچىنچى باب   ئىسلامنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى .............. 38
تۆتىنچى باب   خوجىلاردەۋرى ۋە غەيرىي ئىسلام ئەقىدىلىرى ........ 65
بەشىنچى باب   سۈننىي مەزھىپى ........................ 92
ئالتىنچى باب   شىئە مەزھىپى ........................ 111
يەتتىنچى باب   خارىجىيە مەزھىپى ...................... 125
سەككىزىنچى باب   سوپىزم ................................ 135
توققۇزىنچى باب   ئىسمائىلىزم ( ئىسمائىلىيە ) ............... 153
ئونىنچى باب   پىرقىلەر، ئېقىملار ۋە تارماقلار ............ 172
پايدىلانغان ماتېرىياللار ................................ 447

# كىرىش سۆز

مىلادى 7 - ئەسىردە غەربىي ئەرەبىستاندىكى ھىجازدا پەيدا بولغان ئىسلام دىنى ھازىرقى ۋاقىتتا دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ماناتېئىزملىق ( بىر خۇدالىق ) دىنلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى خېلىلا زور ، تارقىلىش دائىرىسى خېلىلا كەڭ ، مەزمۇنى ۋە قائىدىلىرى خېلىلا مۇرەككەپ ، بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىسى خېلىلا ئۇزۇن ۋە ئەگرى - توقاي بولغان دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ .

ئىسلام دىنى پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۆز تەشەببۇسلىرىدا قېرىنداشلىق ، باراۋەرلىك ۋە ئادالەت غايىلىرىنى خېلىلا كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى زۇلۇم ، ئادالەتسىزلىك ۋە تەڭسىزلىكتەك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تېز سۈرئەتتە نۇرغۇن مۇخلىسلارنى پەيدا قىلىپ ، ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشىنى تېزلەتكەندى . مۇھەممەد پەيغەمبەر قازا قىلغاندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ تەدرىجى ھالدا سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە ئەگىشىپ ، ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تۆت ئەتراپىغا كېڭىيىشكە باشلىدى . ئۇ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، كۆپلىگەن ئەللەردىكى ئوخشىمىغان ئېرىقتا تەۋە تۈرلۈك تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، مۇرەككەپ بىر سىستېمىغا ئايلانغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن دىن ۋە ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن خەلىپىلىك تۈزۈمىدىكى دۆلەتتە سىياسىي كۆرەشلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ھاكىمىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى ئىختىلاپلار ، فىقھە ئىلمى ( دىنىي قانۇن ) ، ئىلاھىيەت ۋە دىنىي - پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئىي مۇسۇلمانلار ... سىلەر ئىسلام دىنىنى ئېھتىيات بىلەن ساقلاڭلار ، ئايرىلىپ ، بۆلۈنۈپ كەتمەڭلار » دېگەن ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا كۆپلىگەن مەزھەپ ، پىرقە ۋە ئېقىملارغا بۆلۈندى، ھەتتا ئىسلامنىڭ تەخمىنەن ئون بەش ئەسىرلىك تارىخىي جەريانىدا ھەرقايسى مەزھەپلەر

ئارىسىدىمۇ ئاز بولمىغان قانلىق ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلدى .

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ۋاھابى ھەرىكىتى يۈز بېرىپ ، شۇ چاغدىكى تۈركلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى. ۋاھابى ھەرىكىتىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدىكى مىللەتچىلىك خاھىشى ۋە سىياسىي توقۇنۇشلار ئەۋج ئېلىپ، ئىسلام دىنى سىياسىيلىشىشقا قاراپ ماڭدى. ئىسلام دۇنياسىدا يۈز بەرگەن كۆپلىگەن نىزا ـ ماجىرالارنى خاراكتېر جەھەتتىن ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ : بۇنىڭ بىرى ۋاھابى ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەر ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قانداق شەرھلەشنى ئاساس قىلغان فىقھ ئىلمى ساھەسىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى ئىدى، يەنە بىرى ۋاھابى ھەرىكىتىدىن كېيىنكى دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردىكى تالاش تارتىشلارنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ ، سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە مىللىي مەسىلىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇردى . بۇ دەۋردە ئاز بولمىغان سىياسىي گورۇھلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، دىنىي يېپىنچا ئاستىدا ئوخشىمىغان سىياسىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى . شۇڭا، ۋاھابى ھەرىكىتىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن مەزھەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەلۇم سىياسىي مۇددىئاغا ئىگە بولۇپ ، بەزىلىرى تار مىللەتچىلىكنى تەرغىپ قىلسا، يەنە بەزىلىرى رايون مەنپەئەتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلدى. بۇنداق مەزھەپلەرنىڭ سىياسىي خاراكتېرى خېلىلا كۈچلۈك ، ئۇلاردىن بەزىلىرى ھەتتا ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ، يېڭى دىنلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى ۋە ئىسلامدىن بۆلۈنۈپ كەتتى . يېقىنقى زامانلاردىن بويان ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇ ھال ئىسلام دىنى ساھەسىدە يۈز بېرىۋاتقان تالاش ـ تارتىشلارنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ، كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى .

كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىزدىمۇ ئىسلام دىنى مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ ، 10 ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان ئون مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئۇ ئېلىمىزدىكى باشقا دىنلارغا ئوخشاش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگىچە چوڭقۇر سىڭىپ ، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇھىم قىسمىغا ئايلاندى .

ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋاملاشقان فېئودالىزملىق ۋە مۇستەملىكىلىك تارىخىدا ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشاشلا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تۈرلۈك مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇلغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز ماركسىزم-لېنىنىزملىق نۇقتىدىن سوتسىيالىزم شارائىتىدا دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىغا سەۋەب بولغان ئىجتىمائى مەنبە ۋە بىلىش مەنبەسى يوقالغىچە دىن ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىلمى يەكۈن چىقىرىپ، «ئاساسىي قانۇن» ۋە مۇناسىۋەتلىك مىزان-ھۆججەتلەردە پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا دائىر ئېنىق بەلگىلىمىلەر بەلگىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ساھەدىكى خىزمىتى تېخىمۇ جانلاندۇرۇلۇپ، پۇقرالارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ياخشى شارائىتلار يارىتىلدى، يېڭىدىن كۆپلىگەن دىنىي ئىنستىتوت ۋە مەكتەپلەر تەسىس قىلىنىپ، ئاز بولمىغان ياش دىنىي-كەسپى خادىملار يېتىشتۈرۈلدى، چەتئەللەر بىلەن بولغان دىنىي مۇناسىۋەتلەر قويۇقلاشتۇرۇلدى، دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ماركسىزملىق نۇقتىنەزەر ۋە ئۇسۇل بويىچە كەڭ دائىرىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنداقتىمۇ يەنە ئاۋام خەلقنىڭ دىنغا ئائىت بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبلىك ناھايىتى ئازساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان بەزى تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى.

مىللەتلەر تەركىبى مۇرەككەپ بولغا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلام دىنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان، ھەتتا بەزى جەھەتلەردە مىللىي مەسىلىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە ئېتىقاد شەكلىدۇر. ئىشىك سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئەتراپىمىزدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق ھەرخىل مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنىڭ تەسىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىڭىپ كىردى. ئازساندىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر

دىنىي نىقاب قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، تىنىچ مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، مەملىكىتىمىزدىكى بەش چوڭ دىندىن تۆتى ئەسلىدە چەتئەلدە پەيدا بولۇپ، كېيىن مەملىكىتىمىزگە تارقالغان، پەقەت داۋجىياۋ دىنىلا مەملىكىتىمىز تەۋەسىدە بارلىققا كەلگەن. چەتئەلدىن مەملىكىتىمىزگە تارقالغان دىنلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ يەرلىك ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بىزنىڭ شارائىتىمىز ۋە ئادەتلىرىمىزگە ماس كېلىدىغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. شۇڭا، يەرلىك خاسلىققا ئىگە بولغان بۇنداق دىن ۋە مەزھەپلەر ئەسلىدە پەيدا بولغان ماكاندىكى دىن ۋە مەزھەپلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرىدىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان دىن ۋە مەزھەپلەر قوغدىلىدۇ، پۇقرالارنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقىمىزگە يات بولغان يېڭى دىن ۋە مەزھەپلەرنىڭ خەلقىمىز ئارىسىغا زورمۇزور تارقىتىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىزنىڭ تارىخىمىزدا بولمىغان دىن ۋە مەزھەپلەر ئادەتلىرىمىز ۋە شارائىتىمىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، تىنىچ ۋە ئاسايىش تۇرمۇشىمىزغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىندىن تەرغىب قىلىنىۋاتقان بەزىبىر مەزھەپلەرنىڭ ئىچىگە بەزىبىر سىياسىي غەرەزلەرمۇ يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا سىياسىي خاراكتېرىدىكى مەزھەپلەرنىڭ رايونىمىز ئاھالىلىرى ئارىسىغا تارقىتىلىشتىن ھوشيار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، دىنىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىش پۇقرالارنىڭ دىنغا ئائىت بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، توغرا دىنىي كۆزقاراش شەكىللەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىش، ئىككى

مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ۋە ناھايىتى تەستە قولغا كەلگەن غەربىي رايونلارنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىشتا ناھايىتى موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ياش تەتقىقاتچىلاردىن زەمىر سەئىدۇللا زادە ۋە پەرھات غاپپار يېزىپ چىققان « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى » ناملىق بۇ كىتاب بىز يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك ئەھمىيەتكە ئىگە . ئاپتورلار ئۇزاق ۋاقىت ئىزدىنىپ ، بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا تارقىلىشى، ئاساسىي ئەقىدىلىرى، ئاساسىي تەشەببۇسلىرى ، شەرىئەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلەر توغرىسىدا ناھايىتى ئېنىق چۈشەنچە بەرگەن. مەزكۇر كىتابتا ئىسلام تارىخىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن 270 تىن ئارتۇق مەزھەپ ، پىرقە ۋە ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەپلىرى ، ئاساسچىلىرى، ئاساسىي تەشەببۇسلىرى ، تارقىلىش دائىرىسى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن يىغىنچاق ، مەزمۇنلۇق ، ئەتراپلىق شەرھلەنگەن. شۇڭا بۇ كىتابنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلامشۇناسلىق ئىلمىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ . مەزكۇر كىتاب كۈچلۈك قوراللىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي ۋە مىللىي خىزمەتلەر ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىسلام مەزھەپلىرىنى پەرقلەندۈرۈشىدىكى ئىشەنچلىك قوللانمىسى بولالايدۇ ھەمدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە مەزھەپلەرھەققىدە تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىغا مۇئەييەن ياردىمى تېگىدۇ .

ھاپىز نىياز

( ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى )

2002 - يىلى 25 - سېنتەبىر .

# ئاپتورلاردىن

ئېلىمىزدا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى ئىلگىرىكى ھېچقايسى دەۋردىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قويۇقلاشتى. بۇ ھال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقىم رەۋىشتە راۋاجلىنىشى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە كۆپ تەرەپلىمە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. ئىشىكنىڭ سىرتقا قارىتا كەڭ ئېچىۋېتىلىشى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىنىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇشى، مەككىگە ئوخشاش ئىسلام مەركەزلىرى ۋە ئىسلام دىنىدا مۇقەددەس، دەپ قارىلىدىغان جايلارغا بېرىپ تاۋاپ قىلىشىغا كەڭ يول ئاچتى.

شىنجاڭنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى، بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ تارىخىدا ئەسلى بولمىغان بىر قىسىم ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ تەسىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سىڭىپ كىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى. بۇ ھال ئاساسىي قاتلاملاردىكى دىنىي خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەشكىمۇ بەزى قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىغا تەۋە مەزھەپ، پىرقە ۋە ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، تارقىلىش دائىرىسى، ئاساسىي تەشەببۇسلىرى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشمۇ پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە زۆرۈر بولغان ئاكتۇئال تېمىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

بىز يوقۇرقىدەك زۆرۈرىيەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ، « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى » ناملىق تېمىنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغانىدۇق . ئاكادېمىيە رەھبەرلىگى ۋە ئىلمى كېڭىشى مەزكۇر تېمىنى 2000 - يىللىق تەتقىقات پىلانىدىكى نوقتىلىق تېمىلار قاتارىدا تەستىقلاپ ، ئۇنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە تاماملاشنى قارار قىلدى .

تېمىنى ئىشلەشتە بىز ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك دىنىي سىياسەتلىرى ، شۇنداقلا « دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلىگە دائىر ئاساسىي قاراش ۋە ئاساسىي سىياسەت » نىڭ روھى ئاساسىدا ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا تارقىلىشى ، ئاساسىي ئەقىدىلىرى ، ئاساسىي تەشەببۇسلىرى ، ئوخشىمىغان پەلسەپۋى ، ئىجتىمائىي قاراشلار توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىشنى ئۆز ئالدىمىزغا ۋەزىپە قىلىپ قويدۇق . گەرچە تېما « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى » دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام تارىخىدىكى مەزھەپلەر بىر بىرىگە زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ كەتكەن بولغاچقا ، تېمىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ، مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغان مەزھەپ ، پىرقە ۋە ئېقىملار بىلەن بىرگە ئۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا مەزھەپ ، پىرقە، ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەپلىرى ، ئاساسچىلىرى ، ئاساسىي تەشەببۇسلىرى ، تارقىلىش دائىرىسى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن يىغىنچاق ، مەزمۇنلۇق ، ئەتراپلىق شەرھلەندى . شۇ مەنىدىن مەزكۇر تېما ئىسلام تارىخىدىكى ئاساسلىق مەزھەپ ، پىرقە ۋە ئېقىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ .

ئېلىمىزنىڭ ئىسلامشۇناسلىق ئىلمىدىكى ئاجىز ھالقىلاردىن بىرى بولغان ئىسلام مەزھەپلىرى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان بۇ تېمىدا بىز دىنىي ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان كەسپىي خادىملار ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ، ئىسلام دىنى تارىخىغا قىزىققۇچى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، زىيالىلار ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت ساۋادىنى ئۆستۈرۈشنى خالايدىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ساۋاتلارغا بولغان ئېھتىياجىنى

قاندۇرۇشنى كۆزدە تۇتتۇق . ئەگەر بىز بۇ ئەمگىكىمىز ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام دىنىي خىزمەتچىلىرىنىڭ «بەش قاراش تەربىيىسى» ئىچىدىكى توغرا دىنىي قاراش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئائىت بىلىمىنى ئۆستۈرۈپ، توغرا دىنىي قاراشنى تىكلىشىگە، شۇ ئارقىلىق ئىسلاھات ۋە غەربىي رايونلارنى كەڭ - كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تىنچ مۇھىتتا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئاز بولسىمۇ ھەسسە قوشالىغان بولساق، ئۆزىمىزنى مەقسەتكە يەتكەن، دەپ سانىغان بولاتتۇق .

تېمىنى ئىشلەش جەريانىدا بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاپىز نىياز، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق باشلىقى مۇھەممەد سالىھ قارى ھاجىم، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق باشلىقى مەرھۇم **ھاجى نۇرھاجى** ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - دوختۇرخانىدىكى ئابدۇقېيۇم تەۋەككۈل قاتارلىق ئالىملىرىمىزنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق : ئۇلار خالىس ھالدا تېمىدىكى بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا قىممەتلىك پىكىرلەرنى بېرىپ، ھەل قىلىشىمىز قىيىن بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى، تېمىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنىڭ بېكىتىلىشىگە زور ياردەم كۆرسەتتى. بىز بۇ ئۇستازلىرىمىزغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ئىسلام دىنىي مەزھەپلىرى تەتقىقاتى شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىمۇ بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز تۇنجى قېتىم بۇ ئىشقا قول تىققىنىمىزدا بۇ ئىشنىڭ تولىمۇ مۇشكۈللىكىنى ھېس قىلغانىدۇق . شۇڭا كىتابىمىزدىكى بايانلىرىمىزنى خاتالىقتىن خالىي، دەپ ئېيتالمايمىز، خاتالىق كۆرۈلسە، كىتابخانلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئاڭلاشنى، شۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

# بىرىنچى باب

## ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ باشلىنىشى ۋە مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا ئائىت مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ مىلادىيە 610 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 24 - كۈنى كېچىدە ھىرا تېغىدىكى غاردا جەبرائىل ئارقىلىق ئاللاھدىن تۇنجى ۋەھىينى تاپشۇرۇۋالغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ كۈن ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاقىتتا 40 ياشقا كىرگەن مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ باشلانغانلىقى ۋە تېخىچە كۆپ قىسمى قەبىلىۋى ھەم كۆچمەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان، ئوخشىمىغان سەنەم ( بۇت ) لەرگە چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئەرەبلەرنى سىياسىي ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلغان دەۋر بۆلگۈچ بىر كۈن ئىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر شۇ كېچىدىن باشلاپ كىشىلەرنى يېڭى ئېتىقادقا دەۋەت قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ بارلىق تەرغىباتلىرىدا شۇ ۋاقىتتىكىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تار قەبىلىۋى قاراشلاردىن ھالقىپ، يېڭى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى ۋە بىرلا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنى كىشىلەرگە تەۋسىيە ئەتتى. مۇھەممەد پەيغەمبەر كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە ئېتىقاد ئىسلام ( ئىتائەت قىلماق، بويسۇنماق ) نامى بىلەن ئاتالغاندى. ئۇنىڭ ئاساسىنى دەسلەپتە «قۇرئان كەرىم» تەشكىل قىلاتتى. كېيىنچە سۈننەت ۋە باشقا مەنبەلەرمۇ قوشۇلۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى.

ئىسلام دىنى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟ ئېھسان نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ دېگەندەك سوئاللار ئىسلام تارقىلىۋاتقان دەسلەپكى دەۋرلەردە بۇ يېڭى دىنغا دەۋەت

قىلىنغۇچىلارغا چوقۇم جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سوئاللاردىن ئىدى. شۇڭا، ئىسلامغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى مەنبەلەردىمۇ كۆپىنچە يوقىرىدىكىدەك مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىسلام دېگەن ئاتالغۇنى بىر دىنىي ئۇقۇم سۈپىتىدە نۇرغۇن دىنىي تارىخچىلار ئاللاھقا تائەت ۋە ئىبادەت قىلىشىدۇر، دەپ چۈشەندۈرۈشىدۇ ۋە بۇ خىل تەرىپىنى ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۈچىنچى سۈرىسى 18 - ئايىتىدە بۇنىڭغا ئىشارە قىلىنغان، دەپ تەكىتلىشىدۇ. تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى «ئەل مىلەل ۋەن نىھەل» ناملىق ئەسىرىدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ھەدىستە سۆزلىنىشىچە جەبرائىل بىر كۆچمەن سۈرىتىگە كىرىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىسلام، ئىمان قاتارلىقلار توغرىسىدا سوئاللارنى سورايدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇ سوئاللارغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: ئىسلام — يېگانە ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، مۇھەممەدنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكى ۋە پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، بەش ۋاخ ناماز ئۆتەش، روزا تۇتۇش، زاكات تاپشۇرۇش، ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە ھەجگە بېرىشدۇر. مۇسۇلماندارچىلىق بولسا - خۇداغا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، ئاللاھ ئەۋەتكەن ئەنبىيا ۋە رەسۇللارغا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئېھسان دېگەن — ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى، سەن ئۇنى كۆرەلمىگەن بىلەن ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئەگەر ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تەشەببۇسلىرى يوقىرىدىكىلەردىنلا ئىبارەت ئىدى، دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ تەشەببۇسلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دىنلاردىمۇ تەكىتلىنىدىغان مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرىمۇ خەلققە تونۇش ئىدى، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. ئىسلام پەيغەمبىرى ئۇلارنى

ئەمەلىيەت ۋە دەۋر ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تېخىمۇ تونۇش بولغان بىر خىل شەكىلدە تەلقىن ئېتىپ، كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئادالەت، ياخشىلىق ۋە يامانلىققا ئوخشاش ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى يېڭى مەنىلەر بىلەن شەرھىلىگەن ۋە كىشىلەرنى بىرلا ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدى. بارلىققا كەلگەن ھېچقانداق مەۋجۇدىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالمىغىنىغا ئوخشاش ئىسلام تەلىماتلىرىمۇ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ يۈزلەندى.
مۇھەممەد پەيغەمبەر كىشىلەرگە تەلقىن ئەتكەن بىرلا ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش ئىدىيىسى ئاساسىدا « تەۋھىد » ( ئاللاھنىڭ بىرلىكى) گە ئائىت قاراشلار ئاستا ـ ئاستا قېلىپلاشتۇرۇلدى، « قۇرئان كەرىم » نىڭ نۇرغۇن سۈرىلىرىدە ( 57 : 2 ، 28 : 88 ، 40 : 67 ) خۇدا يەككە ۋە يېگانە دۇر، ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقتۇر، ھەمىشە تىرىك ۋە ئەبەدىدۇر، بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرى يوقتۇر. ئۇ زاھىرىي (ئاشكارە) ھەم باتىنى (يوشۇرۇن) دۇر. ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەت ( ئەسمائۇلھۇسنا ) لىرى 99 بولۇپ، بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى ۋە ( يوقلۇقنى ) پەيدا قىلغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېساباتتا يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، دەپ ئالاھىدە زىكر قىلىنىدۇ.
ئىسلام تەلىماتىدا، ئاللاھ كائىناتنى مەلائىكە ( پەرىشتىلەر ) ئارقىلىق ۋە جەمئىيەتنى بولسا ئۆز رەسۇلىغا تايىنىپ ئىدارە قىلىدۇ، رەسۇل ( پەيغەمبەر ) ئارقىلىق ھەقىقىي دىننى خەلققە يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ھەمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى پەيغەمبەر ( خاتەمۇل ئەنبىيا ) دەپ قارىلىپ، « قۇرئان كەرىم » نىڭ ھەر قايسى سۈرىلىرىدىكى ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارغا ئاساسەن، ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مۇشۇ ئالەمدە ئىسلامنى پەيغەمبەر يولىغا قويۇشى كېرەك، دېگەن ئىددىيىنى

ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىدىكى مۇھىم نۇقتا - ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بېھىش ۋە دوزاخقا ، ئاخىرەت ۋە قىيامەتكە ئىمان كەلتۈرۈشمۇ ئىسلام تەلىماتلىرىدىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ناماز ئوقۇش ، روزا تۇتۇش ، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىش قاتارلىقلار ئىسلام تەلىماتىدىكى مۇھىم تەرەپلەردىن بولۇپ ، پەيغەمبەر دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن جىھاد مۇئۇنىڭ ھاياتىدىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تۆت خەلىپە دەۋرىدە ئوخشاشلا دائىم تەكىتلىنىدىغان موھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى ، جىھادنىڭ ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، ئىسلام ئۇچۇن جىھاد دېگەن شوئار ئاستىدا ئەرەبلەر ئەللىك يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خوراسان ، ماۋەرائۇننەھر ، كافكازنىڭ بىر قىسمى ، مىسىر ، سۈرىيە ، شىمالىي ئافرىقا ۋە بالقان يېرىم ئارىلىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزگەنىدى.

دەسلەپتە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دىنىي تەرغىباتلىرىغا ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ، ئاسرىۋالغان ئوغلى ئىبنى ھارىس ، سەھابىلىرى ، تۇغقانلىرى ۋە مەككىدىكى ئاز بىر قىسىم ئاھالىدىن باشقا ھېچكىم ئەگەشمىگەن ۋە قوبۇل قىلمىغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر ، بولۇپمۇ بۇ قەبىلىدىكى پۇلدار ئاق سۆڭەكلەر بىر تەرەپتىن مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋەت قىلىۋاتقان يېڭى دىننى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادلىرى - بۇتپەرەسلىككە قارشى دەپ ھېسابلاپ ، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر خەۋپ ھېس قىلىشسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامنىڭ تارقىلىشى بىلەن يىلدا يىراق - يېقىندىن كەئبىدىكى سەنەملەر ( بۇتلار ) نى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىش ئۇچۇن كېلىدىغانلاردىن ئالىدىغان ئۆزلۈكسىز ئىقتىسادىي كىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن

ئەنسىرەپ، مەككىدىكى ئەبۇسۇفيان، ئەبۇجەھل، ئەمر ئىبنى ھىشامغا ئوخشىغان كىشىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەر تەشەببۇس قىلىۋاتقان يېڭى دىنىنىڭ مەككىدە تارقىلىشىغا قارشى چىقىشقانىدى. كېيىنچە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن مەككىدە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە يەنىلا ئاجىزلىق قىلاتتى. ئەرەبلەرنىڭ قەدىمىي شەھەرلىرىدىن يەنە بىرى بولغان مەدىنىدە بولسا، قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان باشقا قەبىلىلەرمۇ ياشايتتى. بۇلاردىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئانا جەمەتى تەئەللۇق بولغان خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 622 - يىلى ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. پەيغەمبەرنىڭ ھىجرەت قىلغان ۋاقتى كېيىنچە ھىجرىيە ھېسابىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى.

مەدىنىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆز تەرغىباتلىرىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئەرەبلەرنىڭ باشقا قەبىلىلىرى ۋە رۇم، ھەبەش، ئىران، مىسىر قاتارلىق جايلارغىمۇ ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتلاردا مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئەڭ چوڭ توقۇنۇش تەخمىنەن 627 - يىلى يۈز بېرىدۇ. شۇ يىلى مەككىدىن ئەبۇسۇفيان ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەدىنىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. مەدىنە ئەتراپىغا سەلمانى فارسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەندەكلەر كولىنىپ، ئوقياچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قوشۇنى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەككىدىن باستۇرۇپ كەلگەنلەر بىلەن ئۇلارغا يار- يۆلەكتە بولۇۋاتقان قەرىيزە قەبىلىسىدىكىلەرنى شەھەر سىرتىدا

توسۇپ قالىدۇ. ئۈچ ھەپتىگە يەتمەيلا ئەبۇسۇفىيان لەشكەرلىرىنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ، پاتىپاراقچىلىق باشلىنىدۇ. لەشكەر بېشى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىشنى توختىتىپ، ئارقىغا يېنىشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەر قەرىيزى قەبىلىسىدىكىلەرنى تامامەن بويسۇندۇرىدۇ. بۇ ۋەقە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەد پەيغەمبەر 1500 نەپەر سەھابىسىنى باشلاپ، مەككىگە زىيارەتكە كېلىدۇ ۋە مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدا ئون يىللىق تىنچلىق توختامى ئىمزالىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەرنىڭ مەككىدىكى نوپۇزى ناھايىتى ئاشقانىدى. نۇرغۇن قەبىلىلەر، جۈملىدىن شۇ دەۋردىكى مۆتىۋەرلەردىن خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىقلارمۇ بەس - بەستە ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ. 630 - يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن مەككىگە رەسمىي كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە مەككىدىكى ئاھالىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئەبۇسۇفىيان ۋە قۇرەيش قەبىلىسىدىكى باشقا مۆتىۋەرلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلىشسا ئىلگىرىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە بۇ دىنىنىڭ ھىمايىسىدە ھەممە جەھەتتىن تېخىمۇ روناق تاپىدىغانلىقلىرىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىشقانىدى.

شۇنداق قىلىپ مەككىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەرەبلەرنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى باراۋەرلىك ئاساستا بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنى رەسمىي ئىدىئولوگىيە سۈپىتىدە تونۇلغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ جەمئىيەت ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ئۆزىنى مۇستەھكەملەپ، ئەرەبلەرنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بارلىق ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئەرەبلەردىن ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ

ئېلان قىلغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، يەمامەدە ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مۇسەيلەمە، نەجدە تۇلەيھە، يەمەندە ئەسۋەد قاتارلىقلار پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشقانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تار قەبىلىۋى مەنپەئەتلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاچقا، ئېتىراپ قىلىنمىغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر بولسا ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە بولۇپ، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىگە ۋە ئەرەبلەرنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنى باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ دۇنياۋى دىنىي ئېتىقادنىڭ تەرغىباتچىسى ئىدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنىدىكى ۋاقتىدىن باشلاپلا بارلىق ئىشلارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ، ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. بارلىق ھوقۇق ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇ جەڭلەرگىمۇ قاتنىشاتتى، لەشكەر باشلىقلىرىنى ئۆزى تەيىنلەيتتى، جەڭ غەنىيمەتلىرىنى ئۆزى تەقسىم قىلاتتى. كەئبىنىمۇ سەنەملەردىن خالىي قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى دەپ بېكىتكەنىدى. ئەمما، بۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت شەكلىگە تېخى بىرەر نام قويۇلمىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت مەسىلىسى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان زىددىيەتلەردىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەردىن كېيىنكى ھاكىمىيىتى خەلىپىلىك دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. خەلىپىلىكنى خەلىپە ئىدارە قىلاتتى. ئۇ ئىسلام تەلىماتى بويىچە فازىل ۋە كامىل شەخس بولۇشى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پىششىق بىلىشى، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ۋە خەلىپىلىككە لايىق سالاپەتكە ئىگە بولۇشى، دىنىنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلىشتىن باش تارتمايدىغان جەسۇر بولۇشى كېرەك ئىدى. خەلىپىنىڭ ھەممىدىن مۇقەددەس بولغان ۋەزىپىسى «خۇدا يولىدىكى جەڭ» (فى سەبىلىللاھ) دىن ئىبارەت ئىدى. خەلىپىلىكنىڭ ئىچكى

قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەر قانۇنى ۋە ئەخلاقى قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان فىقھ ئۇسۇلى ئارقىلىق تەڭشىلەتتى.

مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇرغان تۆت خەلىپە — ئەبۇبەكرى (632 – 634)، ئۆمەر (634 - 644)، ئوسمان (644 - 656) ۋە ئەلى (656 - 661) ئىسلام تارىخىدا «خۇلەفائى راشىدىن» (توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر) دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. ئۇلاردىن كېيىن ئۇمەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلار (مىسىردا فاتىمىيلار) ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. دەسلەپتە خەلىپە دىنىي (ئىمامەت) ۋە سىياسىي (ئەمارەت) ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. كېيىنچە فەقىھلەر (شەرىئەت ۋە قانۇنشۇناسلار) ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلار «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى شەرھلەپ، ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلغان نەتىجىلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا خەلىپىلىكنىڭ تەشكىلىي شەكىللىرى ۋە ئاپپاراتلىرىنى بەلگىلەپ چىقىشتى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تېخى ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئاخىرلاشمايلا نۇرغۇن زىددىيەتلەر بارلىققا كەلدى ۋە ئۇ كېيىنكى چاغلاردا زورىيىپ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا نۇرغۇنلىغان قارىمۇ-قارشى گورۇھلارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ خىل زىددىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئامىللار توغرىسىدا ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام تارىخچىلىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئوخشىمايدىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، گويا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىن يولدىن ئاداشماسلىقى ئۈچۈن دەستۇر تەييارلاپ بېرىشنى ئويلاپ، قەغەز ۋە قەلەم كەلتۈرۈشنى بۇيرۇغان، ئەمما ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىكىلەر ئارىسىدا قەغەز ۋە قەلەم كەلتۈرۈش — كەلتۈرمەسلىك توغرىسىدا پىكىر

ئىختىلاپى تۇغۇلغان، پەيغەمبەر بۇ پەيتتە كۆڭلىگە ياقمايدىغان بىرەر ئەھكامنى بەلگىلەپ قويۇپ ، ئۇنىڭ كېيىنچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىر قائىدىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئۇمەر : « پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسىلى ئېغىر ، دەردى كۈچىيىۋاتىدۇ ، ئاللاھنىڭ كىتابى بىزنىڭ باشقا ئۇممەتلەرنى ھىدايەت قىلىشىمىزغا يېتەرلىكتۇر » دەپ ئېيتقان، ئۇمەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن پەيغەمبەر ئاچچىق بىلەن : « يېنىمدىن نېرى كېتىڭلار ، يېنىمدىلا نىزا قىلىشىڭلارغا چىدىيالمايمەن » دېگەنىكەن .

بۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى لەشكىرى مەسىلىگە بېرىپ تاقىلاتتى . مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا زور قوشۇن تەشكىللەپ ، ئۇسامە ئىبنى زەيدنى لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە كىمكى ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمىسا ئۇ ئاللاھنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ، دەپ ئېلان قىلغانىدى . پەيغەمبەر ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ۋاقتىدا قوشۇننى مەلۇم بىر زۆرۈرىيەت بىلەن مەدىنىدىن يولغا چىقىشقا بۇيرۇيدۇ . قوشۇننىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىنى ۋاجىپ دەپ قاراپ ، شۇ بويىچە ئەمەل قىلىدۇ . يەنە بىر قىسمى بولسا ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقان پەيغەمبەرنى تاشلاپ قويۇپ مەدىنىدىن يىراقلاپ كېتىش ۋاجىپ ئەمەس دەپ ھەربىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىدۇ . تارىخچىلاردىن ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى بۇ دەۋردە يۈز بەرگەن لەشكىرى مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلار ئۈستىدە توختىلىپ ، پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم تەيىنلىنىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرەمدۇ ؟ ئالدى بىلەن تېخى دىنغا كىرمىگەن ئەرەبلەرگە قارشى لەشكەر تارتىش كېرەكمۇ ياكى ئەجەملەر[1]گىمۇ ؟ دېگەن مەسىلىلەرمۇ بەس - مۇنازىرىگە ئايلانغانىدى، دەپ يازىدۇ .

---

① ئەجەم ـ غەيرىي ئەرەب ، پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر .

بۇ دەۋردىكى ئۈچىنچى ئىختىلاپ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەرنى ۋاپات بولدى دەپ قاراشسا، يەنە بىر قىسىملىرى ئۇنى ئۇروج قىلدى (يوقۇرى ئۆرلەپ كەتتى، ئاسمانغا چىقىپ كەتتى) دەپ ھېسابلىشاتتى. مەسىلەن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ مۇھەممەد پەيغەمبەر كۆز يۇمغاندىن كېيىن، كىمكى پەيغەمبەرنى قازا قىلدى، دەپ قارايدىكەن، ئۇنى ئۆتكۈر شەمشىرىمنىڭ بىسىدىن ئۆتكۈزىمەن، پەيغەمبىرىمىز قازا قىلمىدى، ئۇ خۇددى ئەيسا ئىبنى مەريەمگە ئوخشاش ئاسمانغا چىقىپ كەتتى ،دېگەن. ئەبۇبەكىر بۇ مەسىلىدە «ئالى ئىمران» سۈرىسى (3 : 144) گە ئاساسلانغان ھالدا شۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇھەممەدكىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولسا، ئۇ قازا قىلدى. چۈنكى، جىسمانىي ھايات ئەسلىدىنلا قەدىرسىزدۇر. كىمكى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ خۇداسىغا ئىبادەت قىلىدىغان بولسا ئۇ تىرىكتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ». رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا جامائە مەسچىتىدە ئۆلۈمدىن ھەرقانداق ھاياتلىق قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مېنىڭ سىلەردىن كۈتىدىغان ئاخىرقى ئۈمۈدۈم شۇكى، دىن ۋە مەزھەپىڭلارنى بۆلغاپ قويماڭلار، دېگەن.

بۇ دەۋردىكى تۆتىنچى ئىختىلاپ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ جەسىتىنى قايسى ئورۇنغا دەپنە قىلىش مەسىلىسى ئىدى. مەككە ئەھلى پەيغەمبەرنىڭ جەسىتى ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن جاي مەككىدە دەپنە قىلىنىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىشىدۇ. مەدىنىدىكىلەر بولسا پەيغەمبەر ئۆزى ھىجرەت قىلغان ۋە نۇسرەت قازانغان تۇپراق ــ مەدىنىدە دەپنە قىلىنىشى كېرەك، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇشىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بەيتۇل مۇقەددەس ئەزەلدىنلا پەيغەمبەرلەر دەپنە قىلىنىدىغان ماكان، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ جەسىتىمۇ مۇشۇ مۇقەددەس زېمىندا دەپنە قىلىنىشى كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. ئۇزۇن

تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن « پەيغەمبەرلەر نەدە كۆز يۇمغان بولسا شۇ يەردە دەپنە قىلىنىدۇ » دېگەن رىۋايەتكە ئاساسەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ جەسىتى مەدىنىدە يەرلىككە قويۇلىدۇ .

بۇلاردىن باشقا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مىراسلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ، ئەرەبلەرنىڭ زاكات تاپشۇرماسلىققا ئائىت تەلەپلىرىنى قانداق ھەل قىلىش ، ئەبۇبەكرنىڭ ئۆمەرنى ئۆزىگە ئورۇنباسار قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان زىددىيەتلەرنى قانداق ئوسۇلدا ھەل قىلىش ، ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ خەلىپىلىكىنىڭ بارلىق مەمۇرى ئورۇنلىرىدا ئۆز تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى بىلەن كۆتۈرۈلگەن نارازىلىقلارنى قانداق بېسىقتۇرۇش قاتارلىقلار مۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كەسكىن مۇنازىرىگە ئايلانغان زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ئىدى . بۇ دەۋردىكى زىددىيەتلەر ئىچىدە خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئەڭ ئەۋجىگە چىققان ئۆتكۈر مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ ، بۇ مەسىلە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى تۆت خەلىپىدىن ئەبۇبەكردىن باشقا ئۈچ خەلىپىنىڭ قەتلى قىلىنىشىغا سەۋەب بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلامنىڭ نۇرغۇن مەزھەپ ۋە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى .

مۇھەممەد پەيغەمبەر قازا قىلغاندىن كېيىن كىمنى خەلىپە قىلىپ سايلاش كەسكىن مۇنازىرە قوزغىغان تېما بولۇپ قالىدۇ . بۇ توغرىدا نۇرغۇن ئوخشىمىغان تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . مەدىنىدىكىلەر سەئد ئىبنى ئۇبادەنى خەلىپىلىككە كۆرسەتسە ، ئەبۇبەكر بىلەن ئۆمەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بەنى سائەدە ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ . ئەلى بۇ ۋاقىتلاردا پەيغەمبەرنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن بەنت بولىدۇ . بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشتا ئۆمەر مەدىنىلىكلەر پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچە ئەبۇبەكرنى خەلىپىلىككە كۆرسىتىدۇ . ئەبۇبەكر بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەرنىڭ خەلىپە قۇرەيش قەبىلىسىدىن تەيىنلىنىشى كېرەك

( ئەئىممە مىن قۇرەيش )، دېگەن سۆزىنى ئېيتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ سۆزگە ھېچكىم ئارتۇقچە بىر نىمە دېمەيدۇ، ئاخىر ئەبۇبەكرخەلىپە بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئىسلام تارىخىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يوقۇرىدىكىدەك سۆزنى ئېيتقان — ئېيتمىغانلىقى توغرۇلۇق ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئوخشىمىغان مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. بەزىلىرى بۇنداق سۆزنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلانسا، جۇمھۇر ئۆلىمالار خەلىپە ئالدى بىلەن ئەرەبلەردىن، يەنىمۇ ئىنچىكىلىگەندە قۇرەيش قەبىلىسىدىن تاللىنىشى كېرەك، دېگەن سۆز سەھىھ ھەدىسدە خاتىرىلەنگەن ،دەپ قارايدۇ.

سىياسىي نوقتىدىن ئېيتقاندا، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تۆت خەلىپە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر ئەرەبلەرنىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى ئەتراپتىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە كېڭەيتىش دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار 634 - يىلىدىن باشلاپ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا سۈرىيە، پەلەستىن، مىسر، كىچىك ئاسىيا قاتارلىق كەڭ زىمىننى بويسۇندۇرۇپ، 643 - يىلى ئىراننىڭ نەھاۋەند، زەنجان، ھەمەدان، قەزۋىن، رەي، ئىسپاھان قاتارلىق جايلىرىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئالىدۇ ۋە ئوسمان خەلىپىلىك قىلىۋاتقان دەۋردە خوراسان ھەم ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىپ، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

سىياسىي ئىختىلاپلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن گىرەلىشىپ، مەزھەپلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئەلى خەلىپىلىككە ئولتۇرغان دەۋردە يوقىرى پەللىگە كۆتىرىلىدۇ. مەزھەپلەردىكى بۆلۈنۈش توغرىسىدا توختىلىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىنىڭ مەزھەپلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي تارىخچىلار پەيغەمبەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسىگە تايانغان ھالدا ئىسلامدىكى مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى 73 دەپ قارىشىدۇ. مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان

ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر جوھۇتلار 71 گۇرۇھقا، تەرسالار (ئەيسانىڭ مۇرتلىرى، خرىستىيانلار) 72 گۇرۇھقا بۆلۈنگەن، مېنىڭ ئۈممەتلىرىم 73 گۇرۇھقا بۆلۈنسۇن، دەپ ئېيتقان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي تارىخچىلار مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىسلام تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن بارلىق مەزھەپ، پىرقە ۋە تارماقلارنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن پەقەت 73 گىلا بۆلۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي ئېھتىياجنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەيدانغا كېلىپ، مەلۇم بىر مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يەنە دەۋر قايناملىرىغا چۆكۈپ يوقاپ كەتكەن؛ يەنە بەزىلىرى بولسا ئىسلامنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىدا تاۋلىنىپ، مۇكەممەل ئىدىيىۋىي سىستېمىلارغا ئايلانغان. مەزھەپلەرنىڭ چەك — چېگرىسىنى ئايرىش ۋە قانداق شەرتكە تولغاندا بىر مۇستەقىل مەزھەپ سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردىمۇ تارىخچىلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بەزىلەر مەزھەپ، پىرقە دېگەندەك ئۇقۇملارنى ئوخشىمىغان نوقتىلاردىن تەرىپلەشسە، يەنە بەزىلەر مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئوخشىمىغان ئەندىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. بىز سەھىپىمىزنىڭ چەكلىمىسى بىلەن بۇ مەسىلىدىكى تالاش - تارتىشلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بەزى نوپۇزلۇق تارىخچىلارنىڭ مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنىڭ سانىنى قايسى ئۇسۇللار بىلەن 73 كە توراقلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئىبنى جەۋزىنىڭ «نەقد ۋل ئىلم ۋل ئۇلەمائ» ناملىق ئەسىردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردە مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنىڭ سانىنى 73 قىلىپ چىقىرىشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى بولغانىكەن: بىرىنچى ئۇسۇل بويىچە بارلىق دىنىي جەمائەنى خارىجىيە، قەدەرىيە، رافىزىيە ۋە مۇرجىيەدىن ئىبارەت تۆت چوڭ گۇرۇھقا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ئىچىدىن يەنە 18 پىرقىگە

بۆلگەن ۋە ئەھلى سۈننىيلەرنى 73 - پىرقە ھېسابلىغان. ئىككىنچى ئۇسۇل بويىچە بارلىق دىنىي جەمائەنى سەككىز گۇرۇھقا ئايرىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن مۇئتەزىلەنى 20 پىرقىگە، خارىجىيەنىمۇ 20 پىرقىگە، مۇرجىيەنى بەش پىرقىگە، نەججارىيەنى ئۈچ پىرقىگە، جەبەرىيەنى 1 پىرقىگە، مۇشەببەھىيە بىلەن شىئەنى 23 پىرقىگە بۆلگەن. بۇلار ئەھلى سۈننىيلەر بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 73 پىرقىگە بۆلۈنگەن. ئۈچىنچى ئۇسۇل بويىچە بارلىق دىنىي گورۇھلار ھەرۇرىيە، جەھمىيە، مۇرجىيە، رافىزىيە، جەبەرىيە ۋە قەدەرىيەدىن ئىبارەت ئالتە تائىپىگە ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى 12 پىرقىدىن تەشكىل تاپىدۇ ۋە ئەھلى سۈننىيلەر بىلەن 73 پىرقە بولىدۇ، دەپ قارالغان. تۆتىنچى ئۇسۇل بويىچە بارلىق دىنىي جەمائەلەر ئالدى بىلەن شىئە، خارىجىيە، مۇرجىيە، مۇئتەزىلە قاتارلىق ئون گورۇھقا ئايرىلىپ، ئۇلارنى يەنە ئۆز ئىچىدىن پىرقىلەرگە بۆلۈش ئارقىلىق 73 پىرقە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن.

يۇقىرىدىكى تۆت خىل ئۇسۇل بىر قەدەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۇسۇللاردىن بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە تارىختا ئىسلام مەزھەپلىرىنى 73 پىرقىگە بۆلۈشنىڭ نۇرغۇن ئوخشىمايدىغان ئۇسۇللىرىمۇ بولغان. شۇنداقتىمۇ مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنىڭ چەك ــ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ تۇرىدىغان بىرەر ئۆلچەم ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. بۇنىڭدا پەقەت ئايرىم ئۆزگىچىلىكلەرلا ئاساس قىلىنغان. ئۇلاردىكى ئومۇمىيەت شۇكى، تولىسىدا ئەھلى سۈننىيلەر 73 - پىرقە دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخچىلار ئارىسىدا يەنە گۇرۇھ، مەزھەپ، پىرقە، تائىپە ۋە سىنىپ دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت.

ئۇسمان ئىبنى ئەففان خەلىپىلىككە ئولتۇرغۇچە ئەرەبلەر جەمائەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كەسكىنلەشمىگەنىدى. ئۇسمان خەلىپىلىك قىلغان دەۋردە ئاز

بولمىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئادالەتسىزلىكى ۋە غەرەز بىلەن چىقىرىلىدىغان پەرمانلىرىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىق كەيپىياتى كۈنسايىن كۈچىيىدۇ. ئەكسىنچە ئەلىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى نوپۇزى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، ئوسماندىن نارازى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ. ئەلى تەرەپدارلىرىدىن ئەبۇزەر غەففارى، مىقداد ئىبنى ئەسۋەد ۋە سەلمانى فارس قاتارلىقلار پەيغەمبەر قازا قىلغاندىلا ئۇنىڭ جىيەنى ( تاغىسىنىڭ ئوغلى ) ۋە كۈيئوغلى بولغان ئەلىنى خەلىپىلىككە كۆرسىتىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاقىتلاردا بۇنىڭغا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئوسمانغا بولغان قارشىلىق كەيپىياتى كۈچەيگەن ۋاقىتتا ئەلى تەرەپدارلىرى، بولۇپمۇ ئەبۇزەر غەففارى ئوسماننى ئاشكارا تەنقىد قىلىپ، ئۇ تەيىنلىگەن ۋالىلارنىڭ تۇرلۇك ئادالەتسىزلىكلىرى ۋە ئۆز بېشىمچىلىقلىرىنى پاش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە خەلىپىلىكنى ئەلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوسماننىڭ ۋالىلىرى ئەبۇزەرنى تۇتۇپ، مەدىنىگە ئوسماننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇ مەدىنىدىمۇ ئۆز تەشۋىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىدۇ.

ئوسمانغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كۆرەشلەر نەتىجىسىدە ئوسمان قەتلى قىلىنىدۇ ۋە ئەلى خەلىپە بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئەلى خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئىككى چوڭ گۇرۇھقا ــ ئەلىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ خەلىپىنى ياقىلايدىغانلار ۋە ئەلى تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھ كېيىنچە سۈننىي ۋە شىئە نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات ۋە سىياسىي كۆرەشلەرنىڭ راۋاجىدا يوقىرىدىكى ئىككى گۇرۇھ يەنە ئۆز ئىچىدىن كۆپلىگەن پىرقە ۋە تارماقلارغا بۆلۈنۈپ، ئىسلامنىڭ ئىچكى جەھەتتە مۇرەككەپ بولغان بىر پۈتۈنلىگىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھەرقايسى مەزھەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، «قۇرئان كەرىم» بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدىغان مۇقەددەس كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم»نى ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىق ئىسلامغا تەۋە بولۇش-بولماسلىقنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمىدۇر. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ كېلىپ چىقىشى، يوشۇرۇن-ئاشكارە مەنىلىرى ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئىسلامنىڭ ھەرقايسى مەزھەپ، پىرقىلىرى ۋە تارماقلىرى ئارىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بۇ توغرۇلۇق ھەرقايسى مەزھەپ پىرقىلەر، تارماق، ئېقىملارغا ئائىت مەلۇماتلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز. بۇ يەردە پەقەت «قۇرئان كەرىم» توغرىسىدىكى بەزى ئومۇمىيلىققا ئىگە چۈشەنچىلەر توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز قىلىش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە «قۇرئان كەرىم» مۇقەددەس كىتاپ بولۇپ، ئۇ 23 يىل جەريانىدا جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ۋەھيى تەرىقىسىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە يەتكۈزۈلگەن. «قۇرئان كەرىم» 114 سۈرە، 6000 مىڭدىن ئارتۇق ئايەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، نازىل بولغان جايىغا قاراپ مەككىدە نازىل بولغان، مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ ئايرىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ توپ ئېتىقاد ۋە توپ ئىبادەت تەربىيىسى بەلگىلەنگەن. توپ ئېتىقاد دېگەندە ئاللاھقا، پەيغەمبەرلەرگە، پەرىشتىلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئاخىرەتتە تىرىلىشكە ۋە تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. توپ ئىبادەت تەربىيىسى دېگەندە ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش مەزمۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنىغا ۋە ئەرەب جەمئىيىتىگە ھەرخىل

تەشەببۇسلار ۋە ئېتىكا ( ئەخلاق ) قائىدىلىرى ، ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ھەرىكەت مىزانلىرى، شۇنداقلا سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، ھەربىي ۋە قانۇن – تۈزۈملەر بەلگىلەپ بېرىلگەن .

ئۇچىنچىدىن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ، ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ، دەلىللىرى ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزىلىرى كۆرسىتىلگەن .

يىغىپ ئېيتقاندا، « قۇرئان كەرىم » دە ئاللاھنىڭ بىرلىكى ، ياراتقۇچى ئىكەنلىكى ، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ، ماددىي ئالەمنىڭ پانىي ئىكەنلىكى ، ئاللاھ ئالتە كۈن ئىچىدە يەر ۋە زىمىننى ياراتقانلىقى ، بۇ ئالتە كۈننىڭ ھەر بىرى ئىنسانلارنىڭ 50 مىڭ يىلىغا تەڭ كېلىدىغانلىقى ، ماددىي ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەر ئاللاھقا بېقىنغان ھالدا كامالەتكە يېتىدىغانلىقى ، ئىلاھىي ئىلىم ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، ساۋاپ ۋە گۇناھ ، باراۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت ، ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە تەقدىر ، تارىخىي ۋەقەلەر ، ئاخىرەتكە ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەر شەرھلىنىدۇ

مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىسىدا « قۇرئان كەرىم » ئايرىم كىتاب شەكلىگە كىرگۈزۈلمىگەن بولۇپ ، پەقەت تاشقا ، سۆڭەكلەرگە ۋە خورما يوپۇرماقلىرىغا پارچە - پارچە ئويۇپ يېزىلغان ھالەتتە ساقلانغانىدى . مۇھەممەد پەيغەمبەر قازا قىلغاندىن كېيىن ، تۈرلۈك زىدىيەتلەرنىڭ كۆچىيىشى ۋە توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشلاردا « قۇرئان كەرىم » نى يادقا بىلىدىغان سەھابىلارنىڭ ئۇرۇشلاردا شېھىت بولۇشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ . شۇڭا ، تۇنجى خەلىپە ئەبۇبەكر « قۇرئان كەرىم » ئايەتلىرىنى يىغىش ھەققىدە پەرمان چىقىرىدۇ . ئەمما ، ئەۋج ئېلىۋاتقان ئۇرۇشلار بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيدۇ . خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە زەيد ئىبنى سابىت باشقا سەھابىلارنىڭ ياردىمىدە « قۇرئان كەرىم » ئايەتلىرىنى يىغىپ ، ئۇنى كىتاب شەكلىگە كەلتۈرىدۇ ۋە

تەييارلانغان نۇسخىلىرىنى خەلىپىلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىدۇ. ئەمما، ئەرەب تىلىدىكى بەزى خۇسۇسىيەتلەر، بولۇپمۇ قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ يېزىلمايدىغانلىقى «قۇرئان كەرىم» نىڭ توغرا ئوقۇلۇشىغا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» نى قىرائەت قىلىشتا ئوخشىمىغان مەكتەپلەر (ئۇسۇللار — كۇفى، بەسرى دېگەندەك) شەكىللىنىدۇ. ئۇندىن سىرت، «قۇرئان كەرىم» دە نۇرغۇنلىغان يوشۇرۇن مەنىلىك ئايەتلەر (مۇتەشابىھ ئايەت) بولۇپ، بۇ ئايەتلەرنى ئادەتتە كىشىلەر چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇندىن سىرت، نۇرغۇن ئايەتلەرنى ئاللاھ كۈچىدىن قالدۇرغان ياكى نۇرغۇنلىرى بۇرۇنقى ئايەتلەرنىڭ ئورنىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇلار ناسىخ ئايەتلەر ۋە مەنسۇخ ئايەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئايەتلەرنى تەپسىرلەشتە بەزى تەپسىرچىلەرنىڭ تۇتقان مەۋقەسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن يوشۇرۇن مەنىلىك ئايەتلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەپسىرلەش نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان دىنىي - پەلسەپىۋى گورۇھلار مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن، مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى ئۆز تەلىماتلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» دىن 129 دەلىلنى تېپىپ چىقىدۇ. ئەھلى سۈننىيلەر بولسا ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى رەد ئېتىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» دىن 216 دەلىلنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

سۈننەت ئىسلام دىنىدا «قۇرئان كەرىم» دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر نامىدىن ئېيتىلىدىغان قانۇنىي، ئەخلاقىي ۋە تارىخىي تېمىلاردىكى رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. كېيىنچە يەنە دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن قىياس ۋە ئىجمائ ئۇسۇلى قاتارلىقلارمۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەنبەئىنى تەشكىل قىلغان ۋە ھەرقايسى مەزھەپ، پىرقىلەر تەرىپىدىن ئوخشىمايدىغان مەنىلەردە شەرھىلىنىدىغان مۇھىم تەركىبلەردىن بولۇپ قالغاندى. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ

مۇناسىۋەتلىك بابلىرىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئوسمان خەلىپە بولۇپ تۇرغان دەۋردە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇللىرىغا بولغان نارازىلىق كۈچەيگەنىدى. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، نارازىلىقنىڭ سەۋەبلىرى ئاساسەن ئوسماننىڭ ھەرقايسى مەمۇرى رايونلاردا ئۆز تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنى ئىشقا قويغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن نۇرغۇن بايلىقلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، زۇلۇمنى ئاشۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى كەڭ دائىرىلىك تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوسمان ھاكىمىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالغان ۋە نارازى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەلىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۇلار زور بىر دىنىي سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقانىدى. بۇ گۇرۇھدىكىلەرنىڭ بىرقىسمى كېيىن شىئە (گۇرۇھ، پارتىيە) مەزھىپى نامى بىلەن ئاتالدى.

مەنبەلەردە شىئە مەزھىپىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە نۇرغۇن ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت: بەزىلەر شىئە مەزھىپى پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يەنە بىرخىل پىكىردىكىلەر ئەلى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ياكى ئۇ قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن پەيدا بولغان، دەپ قارىشىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەلىنى قوللىغۇچىلار دەسلەپتە سىياسىي نۇقتىدىن ياكى ئۇنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىقىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئەلىنىڭ شەخسىي ئارتۇقچىلىقلىرى (تەقۋادارلىقى، ھەقىقەتنى ياقلايدىغانلىقى، جەسۇرلۇقى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئىسلامغا سادىقلىقى) نى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشقانىدى. كېيىن خەلىپىلىك (ئىماملىق) مەسىلىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارمۇ خەلىپىلىككە (ئىماملىققا) ئائىت نەزىرىيىلىرىگە ۋارىسلىققا ئائىت مەزمۇنلارنى قوشۇپ، ئەلىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن

بولغان قانداشلىقنى خەلىپىلىك ( ئىمامىلىق )تەلىماتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندۇرغانىدى . ئۇلار خەلىپىلىك (ئىمامىلىق)نىڭ پەيغەمبەر بىلەن قانداشلىقى باركىشىلەرگە قايتىپ كېلىشىنى ئىلاھىي ئەدل دەپ ئاتاشتى . ئۇلار يەنە شەرىئەتكە ئائىت نەزىرىيىلەردىن ئەلىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە خەلىپىلىككە بولغان ۋارىسلىقىنى شەرىئەت نوقتىسىدىن ئىسپاتلاشقىمۇ تىرىشىپ ، پەيغەمبەر خۇمدىكى غەدىر دەريا بويىدا ئەلىنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى دەپ ئېلان قىلغان، دەپ قارايدۇ . ھازىرغىچە شىئەلەر بۇ كۈننى يىلدا غەدىر ھېيتى نامى بىلەن تەبرىكلىشىدۇ .

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بارلىق زىددىيەتلەرنىڭ مەنبەسى خەلىپىلىككە ( ئىمامىلىققا ) ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە ئىدى . مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ دەل خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىلگىرى ھېچقانداق ئەندىزىسى بولمىغان ، قېلىپلاشمىغان ھاكىمىيەت شەكلىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . شۇڭا بۇ مەسىلىنى قىسقىچە شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ .

ئىمام دېگەن بۇسۆز دەسلەپتە ئالدىدا تۇرۇش ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى . ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن نامازدا ئەڭ ئالدىدا تۇرغان كىشى ئىمام دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ئۆزى نامازنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى . ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن خەلىپىلەر نامازنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇشاتتى . ئىسلامدا دىن بىلەن سىياسەت چەمبەرچەس باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئىمامىلىق ۋە خەلىپىلىكنى بىرلا شەخس ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى . ئۇ ھەم دىنىي ، ھەم سىياسىي رەھبەر ھېساپلىناتتى . ئىسلام دىنى سۈننىي ۋە شىئەدىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنگەندىن كېيىن ئىمامىلىققا ئائىت مەخسۇس نەزىرىيە بارلىققا كەلتۈرۈلدى . بۇ نەزىرىيەمۇ ئاساسەن پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋارىسلىق مەسىلىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىختىلاپ بىلەن

ئىماملارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئائىت مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى ئاساس قىلاتتى. ئىماملىققا ئائىت مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلانغان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇلاردىن مۇھىملىرى: ئىسلام ئىماملىقىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلنىڭ ئەھكاملىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان خەلىپىنىڭ بولۇشى زۆرۈرمۇ - يوق؟ (بەزىلەر خەلىپىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس، دەپ قارىشاتتى) ئىمام رەسۇلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇشى كېرەكمۇ ياكى لاياقەتمەن مۇسۇلمانلاردىن تەيىنلەنسىمۇ بولىۋېرەمدۇ؟ ئىمام كېيىنكى ئارقىلىق تەيىنلىنىشى كېرەكمۇ ياكى تۇنجىسىنى رەسۇلنىڭ ئۆزى تەيىنلەپ، قالغانلىرىنى ئىماملارنىڭ ئۆزلىرىگە ئورۇنباسار تەيىنلىشى بىلەن داۋاملاشتۇرۇش كېرەكمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر بۇ دەۋردىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ مەركىزىدە تۇراتتى. پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىماملىققا مەلۇم بىر شەخسنى كۆرسەتكەن - كۆرسەتمىگەنلىكى ۋە ياكى بولغۇسى ئىماملارنىڭ ھازىرلايدىغان شەرتلىرى توغرىسىدا قانداق ۋەسىيەتلەرنى قالدۇرغان - قالدۇرمىغانلىقى توغرىسىدىكى دەۋالارنى يوقىرىدىكىلەرگە قوشقاندا ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلانغان مەسىلىلەرنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپ بىر تۈسكە كىرگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ مەسىلىدىكى ئاساسىي ئىختىلاپ ئىماملارنىڭ قانداق شەكىلدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى بولغا قويۇشى مەسىلىسى ئۈستىدە بولماستىن، بەلكى ئىماملارنىڭ قانداق بولغاندا قانۇنلۇق ئىمام بولالايدىغانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىدى.

ئىماملارنىڭ ۋەزىپىلىرى مەسىلىسىدە مەيلى شىئە ياكى سۈننىي مەزھىپى تەرەپدارلىرىدا بولسۇن، پىكىر ئىختىلاپى ئاساسەن يوق ئىدى. ئىماملارنىڭ سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىشىگە دەسلەپتە بۇ ھەر ئىككى تەرەپ قارشى چىقىپ، ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئىماملارنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئەلى

ئەۋلادىدىن تەيىنلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىشقانىدى . كېيىنچە شىئە مەزھىپىگە تەۋە بەزى مۆتىدىل پىرقىلەر ئىرسىيەتكە ئائىت ئوتتۇرىغا قويغان بەزى پىكىرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاشلىقنى ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن شىئە مەزھىپىنىڭ بەزى غۇلات ( ئىسلام چېكىدىن ھالقىغان ) پىرقىلىرى بۇ مەسىلىدىكى ئىلگىرىكى قاراشلارغا نۇرغۇن ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدى . ئۇلار ئىمامنى ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى دىنىي ئىشلارنى يۈرگۈزگۈچى ۋەكىلى دەپ قاراپ ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئەمرى ۋە ھۆكۈملىرىدىن باش تارتماسلىقنى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋاجىپ دەپ ھېسابلاشتى . شىئە مەزھىپىنىڭ غۇلات پىرقىلىرى بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن ، ئىماملارغا ئىلاھىي سۈپەتلەرنى نىسبەتلەشتۈرۈپ ، بەزىدە ئىماملارنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدىغان پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى .
ئىماملىققا ئائىت تەلىماتتىكى بۇ خىل يۈزلىنىش ئاخىرقى ھېسابتا غايىب ئىمام ، رىجئەت قىلغان ئىمام ، سەتر ( پەردە ئىچىدىكى ) ئىمام ، مۇنتەزەر ( كۈتۈلۈۋاتقان ) ئىمام ، مەھدى ئىمام ، قائىم ئىمام قاتارلىق نۇرغۇن نەزەرىيىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولدى ۋە شىئە مەزھىپى ئىلاھىيەتشۇناسلىقىدا ئىماملارغا ئىلاھىي نۇرنىڭ روسۇخ قىلىدىغانلىقى ( سىڭىپ كىرىدىغانلىقى ) توغرىسىدىكى تەلىمات مەيدانغا كەلتۈرۈلدى . بۇ تەلىمات ئوتتۇرا ئەسىردە « نۇرى مۇھەممەدى » نامى بىلەن ئاتالدى . ئۇنىڭدىكى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، گويا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن باشلاپلا ئىلاھىي نۇر ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئۆتۈپ ، بىر قاتار پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بوۋىسى ئەبدۇلمۇتەللىبنىڭ جىسمىغا كۆچۈپ كىرگەنىكەن ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىر قىسمى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دادىسى ئابدۇللاھقا ، ئۇنىڭدىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە ، يەنە بىر بۆلىكى ئابدۇللاھنىڭ قېرىندىشى بولغان ئەبۇتالىبقا ، ئۇنىڭدىن

ئەلىگە كۆچكەنىكەن ، ئەلىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا كۆچىدىكەن . بۇ تەلىماتتا ئىلاھىي نۇرنىڭ كۆچىشىگە تايىنىپ ئىماملىقنى ئەلى ئەۋلادلىرىلا ۋارىسلىق قىلالايدىغان ، ئىماملارنىڭ ئۆزىنى بولسا ھەرقانداق گۇناھدىن خالىي ۋە ھەممىنى ئالدىن بىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىلگەن .

يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئىسلام تارىخىدا ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە پەيدا بولغان تارىخنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، پىكىر ئىختىلاپلار ۋە بەس - مۇنازىرە قوزغايدىغان مەسىلىلەرمۇ كۆپىيىپ بارغان ، ھەر بىر مەسىلىدىكى تالاش - تارتىشلار ۋە ئىختىلاپلار دەۋر ئېتىبارى ۋە كونكرېت ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى مۇھىملىق دەرىجىسىگە قاراپ ، چوڭ - كىچىك مەزھەپ ، پىرقىلەر ۋە تارماق ، ئېقىملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغانىدى . ئىسلامنىڭ تۆرلۈك ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مەزھەپ ۋە پىرقىلىرىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالدىن مۆلچەرلىگەن 73 تىن خىلىلا ئېشىپ كەتكەنلىكىمۇ ، ئىسلامنىڭ ئۇزاق تارىختىن بويان ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىدىئولوگىيىلىك توقۇنۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ئاز بولمىغان زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . سەھىپىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلى بۇ باپتا بىز ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى بەزى ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ۋە مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەندۇق . مەزھەپلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانلىرىمىز كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىدا بېرىلىدۇ .

## ئىككىنچى باب

# ئىسلامنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى

ئەرەبلەرنىڭ سىرتقا كېڭىيىش سىياسىتى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تۆت خەلىپە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردىلا ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە قارىماي كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلغانىدى. ئۇلار ئىسلام ئائىنلىرىنى (ئادەتلىرىنى) جارى قىلىش بايرىقى ئاستىدا ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە لەشكەر تارتىپ، ئارقا-ئارقىدىن نۇسرەت قازاندى. 636 - 637 - يىللىرى ئۇلار ئىراننى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشغال قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، سىياسىي جەھەتتىن ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنگەن پاراكەندە ھالەتتىكى خوراسان ۋە ماۋرائۇننەھر تۇپرىقىنى ئۆز ئىتائىتىگە كىرگۈزۈشنىڭ جىددىي تەييارلىقىنى باشلىدى.

ئادەتتە ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ئىراندىكى نەھاۋەندە بولغان ئۇرۇشتا (642 - يىلى) نۇسرەت قازىنىپ، ساسانىيلارنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى قوغلاپ ماۋرائۇننەھر تەرەپكە يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىشنىڭ باشلانغانلىقى دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىشى ئون نەچچە يىل كېيىنرەك باشلانغانىدى. 651 - يىلى ساسانىيلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى يەزدىگۇرد III ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ تەئقىبىدىن قېچىپ، مەرۋى شەھرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئاخىرقى ئىستىھكام قۇرۇپ، قايتىدىن جانلىنىشقا ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، خىيانەت بىلەن قەتلى قىلىنىدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەرەبلەر ماۋرائۇننەھرگە رەسمىي ھۇجۇم باشلايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان

بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ تېزرەك ئۇنۇم بېرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، بەسرە ۋە كۇفەدىكى ئەرەبلەردىن 50 مىڭ ئائىلىنى خۇراسانغا كۆچۈرۈپ ، بەش ئورۇنغا جايلاشتۇرىدۇ . شۇنداقتىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى ئاسانغا توختىمايدۇ؛ 673 - 674 - يىللىرى ئەرەبلەر خەلىپىلىكىنىڭ خۇراساندىكى ۋەكىلى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇم قوزغاپ ، رامىتەن ۋە بۇخارا ئەتراپىدىكى بىر قىسىم جايلارنىلا قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ . 676 - يىلى ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ خۇراسانغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋەكىلى سەئىد ئىبنى ئوسمان ناھايىتى زور قوشۇن بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە قايتا ھۇجۇم باشلايدۇ . ئۇمۇ غەنىيمەت ئالغان ئازغىنە مال ــ مۈلۈك ۋە گۆرۈگە ئالغان بىر قىسىم ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي سۇلھ تۈزۈپ قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئۇ قايتىشىدا تېرمىزنى بېسىۋېلىپ ، بۇ يەردىكى ھاكىمىيەتنى خېلى بىر مەزگىلگىچە ساقلاپ تۇرىدۇ . تاكى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ خۇراساندىكى رەسمىي ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەنگىچە ( 705 - يىلى ) ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر نەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ كىرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھېچقانداق كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ . ئەرەبلەر ئەبدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان ( 705 — 785 )خەلىپىلىك قىلغان دەۋردىلا ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى تىنجىتىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىسلاملاشتۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلايدۇ . 706 - يىلى خەلىپىلىكىنىڭ خۇراساندىكى ۋەكىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش باشلايدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەر ئۆز ئالدىغا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇپ ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن قۇتەيبەنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدۇ . قۇتەيبەمۇ پۇختا تەييارلىق كۆرگىنىگە قارىماي نۇرغۇن قىيىن ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىدۇ .

مەسىلەن، قۇتەيبە قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىلمۇ خىل ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان پەيكەنتنى 10 ئاي (بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا 50 كۈن) مۇھاسىرىگە ئېلىپ، قانلىق بەدەللەرنى تۆلىگەندىن كېيىن ئاندىن شەھەرگە بۆسۈپ كىرەلەيدۇ. ئەمما ئۇ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرلەش مەقسىتىدە شەھەردىن يىراقلاپ كېتىشىگىلا بۇ يەردىكى ئاھالىلار قايتا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەرەبلەرنىڭ شەھەر نازارىتىگە قالدۇرغان قوشۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەردە يەنە قۇتەيبەگە قارشى مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىدۇ. قۇتەيبە لەشكەرلىرىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، قايتا ئېغىر بەدەل تۆلەش نەتىجىسىدە پەيكەنتنى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىدۇ.

708 - يىلى قۇتەيبە ئەسكەرلىرىنى يېڭى قۇراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇرۇشنى قايتا ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇ بۇخارا شەھرىگە يېقىنلاپ كەلگەن بولسىمۇ، شەھەرنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ، ئاخىر يەنە خۇراسانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىراق ھاكىمى ھەججاج (قۇتەيبە ۋەكىل بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇراسان شۇ ۋاقىتتا مەمۇرىي جەھەتتىن ئىراقتىكى ھاكىم ھەججاجنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى) غەزەپلىنىپ، قۇتەيبەنى قايتا ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. قۇتەيبە پۇختا تەييارلىق ۋە كۆپەيتىلگەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن 709 - يىلى ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخاراغا يېقىنلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇتەيبە شەھەر مۇداپىئەسىنى بۇزۇشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. ئۇ مۇكاپات تەيىنلەپ لەشكەرلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپمۇ باقىدۇ، ئەمما ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قۇرال كۈچى بىلەن بۇخارانى بويسۇندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن قۇتەيبە ھىيلە ئىشلىتىپ مەقسەتكە يەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ سوغدىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاسى تارخۇننىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ، يەرلىك ئاھالىلار (تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى) بىلەن ياردەمگە كەلگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ

ئارىسىغا نىزا تېرىشنى پىلانلايدۇ. قۇتەيبەنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ئىشەنگەن سوغدىلارنىڭ پادىشاھى تارخۇن قۇتەيبە بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە يول ئاچىدۇ. قانلىق بەدەللەر بىلەن قولغا كىرگۈزەلىگەن بۇخارا شەھرىنى قۇتەيبە ئالداش ئۇسۇلى بىلەن ناھايىتى ئوڭايلا ئىگىلەپ ئالىدۇ. ئۇ بۇ يەردىكى مەۋقەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ قايتا ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تارخۇننىڭ يېقىنلىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى گۆرۈگە ئېلىپ، قالغان رايونلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ لەشكەرلىرىنى تولۇقلاپ، 710 - يىلى شۇمان، نەسەف ۋە كېش قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ.

قۇتەيبە سەمەرقەند شەھرىنى بويسۇندۇرۇشتا يەنە قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كېلىدۇ. سوغدىلارنىڭ پادىشاھى تارخۇن يىلدا ئەرەبلەرگە باج تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. بىر يىلدىن كېيىن قۇتەيبە ئىنىسى ئەبدۇرەھماننى باج يىغىشقا ئەۋەتىدۇ. تارخۇن باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما، بۇ خىل تەڭسىزلىك سەمەرقەندىكى ئاھالە، بولۇپمۇ ئابرۇيلۇق ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا قاتتىق نارازىلىق پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە تارخۇن تەختتىن مەجبۇرىي چۈشۈرۈلىدۇ، ئۇ بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

710 - يىلى سوغدىلارنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە غۇرەك ئولتۇرىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، غۇرەك ناھايىتى باتۇر ۋە ۋەتەنپەرۋەر شەخس بولۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەرەبلەر بىلەن بولغان تەڭسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىپ، ئەتراپتىكى خانلىقلار بىلەن ئەرەب ئىستىلاچىلىرىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش، ئورتاق قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە خارەزمدە خارەزم شاھىنىڭ خۇرزات ناملىق ئىنىسىنىڭ بېتەكچىلىكىدە يېغىلىق باشلىنىدۇ. خۇرزاتنىڭ مەقسىتى ئاكىسىنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىش ئىدى. سوغدىلارنى تولۇق

بويسۇندۇرۇپ بولالمىغان قۇتەيبە بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن خارەزمشاھقا ياردەمدە بولۇشنى باھانە قىلىپ، بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن خارەزمگە يۈرۈش قىلىدۇ. 710 - 712 - يىللىرى خارەزمشاھ قۇتەيبە بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە قوزغىلاڭنى باستۇرىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ قۇتەيبەگە ئون مىڭ تۇياق چارۋا ۋە نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى بىلەن ئاز بولمىغان ئالتۇن - كۈمۈش تۆلەم تۆلەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە خارەزمشاھنىڭ ئەرەبلەرگە بويسۇنغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

قۇتەيبەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلار شۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى بولغان سوغدىلار ئىدى. خارەزمدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، خارەزمشاھنىڭ قوشۇنى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن قۇتەيبە قايتىدىن سوغدىلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەرۋى شەھىرىگە قايتىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقىتىپ، سوغدىلارنى بىخۇدلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بارلىق كۈچى بىلەن سەمەرقەند شەھىرىنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

تارخۇننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى بىلەن سوغدىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىپ، بىر قىسىم يەرلىك ھاكىملار ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشىنى قوللايدىغان تەرەپكە ئۆتكەنىدى. قۇتەيبە بۇ ئىچكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىش ۋە تارخۇننىڭ تەرەپدارلىرىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، سەمەرقەندكە قىلغان يۈرۈشىنى تارخۇننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن دەپ پەردازلاپ، سوغدىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ سەمەرقەندنى مۇھاسىرىگە ئالغان قوشۇنى سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن شەھەر قەلئەسىگە بېسىپ كىرەلمەيدۇ. ئۇزۇن مەزگىل مۇھاسىرىدە قالغان سوغدىلار ئەتراپتىكى چاچ ( تاشكەنت ) تۈرك خاقانى ۋە

پەرغانىدىن ياردەم سوراپ ، ئەرەبلەرگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشنى ، ئورتاق قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ . نەتىجىدە ئىتتىپاقداش قوشۇن تەشكىللىنىپ ، تۈرك خاقانىنىڭ كەنجە ئوغلى ئىنەلخاقانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەمەرقەندگە قاراپ يولغا چىقىدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قۇتەيبە ئۆز قوشۇنىنى ئىككىگە بۆلۈپ ، بىر قىسمىنى ئىنىسىنىڭ باشچىلىقىدا ياردەمچى قوشۇننىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ . ئۇرۇش نەتىجىسىدە ياردەمچى قوشۇن ئەرەبلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىنىدۇ . سەمەرقەند شەھىرىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى يەنە بىر ئايدىن ئارتۇق ئەرەبلەر بىلەن تىركەشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەرەبلەرنىڭ سان جەھەتتىن مۇتلاق ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا كۈزى يەتمەي ، تەڭسىز شەرتنامە ئىمزالاش ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن قۇتەيبە ماۋرائۇننەھردىكى بارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ئۆز ئىتائىتىگە كىرگۈزىدۇ . شۇنىڭغا قارىماي بۇ يەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان قارشىلىقى تولۇق بېسىقمايدۇ .

712- 713 - يىللىرى سوغدى ، پەرغانە ، چاچ ۋە تۈرك خاقانلىقى قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئەرەبلەرگە قارشى قايتا ئىتتىپاق تۈزۈپ ، ئورتاق قارشىلىق كۆرسىتىش قارارىغا كېلىدۇ . بۇ ۋاقىتتا سوغدىلارغا تەۋە نۇرغۇن يەرلەر ئەرەبلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن بولسىمۇ ، لېكىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئالدى بىلەن چاچ ، پەرغانە ۋە تۈرك خاقانلىقىنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ . ئۇ لەشكىرىي كۈچىنى ئىككىگە بۆلۈپ ، ئاساسلىق قىسمى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كېش ، نەسەف ۋە خارەزملىق يەرلىك ئاھالىلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى چاچقا ، قالغان قىسىملىرىنى باشلاپ خوجەند ۋە پەرغانىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ . قۇتەيبە خوجەندنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن بارلىق كۈچلىرىنى يەنە بىرلەشتۈرىدۇ . 714 - يىلى ئۇ يەنە چاچقا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم

قوزغايدۇ. بۇ يەرنى ئۆز ئىتائىتىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن ئىسفىجاپ (چىمكەنتنىڭ يېنىدىكى ھازىرقى سايرام شەھىرى) نى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ شۇ يول ئارقىلىق تۈركلەرنىڭ ماۋرائۇننەھرگە كېلىدىغان ياردەمچىلىرىنىڭ يولىنى توساشنى پىلانلىغانىدى. 715 - يىلى قۇتەيبە پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ، قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ. پەرغانە شاھى قېچىپ كېتىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتلاردا خەلىپىلىكنىڭ تەختىگە قۇتەيبەنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان سۇلايمان ئولتۇرىدۇ. قۇتەيبە ئۆز ئىلكىدىكى ھەربىي كۈچ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قۇربىي يەتمەي، ئۆزى قەتلى قىلىنىدۇ.

قۇتەيبە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشتا ئىنتايىن قاتتىق قول بولغان. ئۇ سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىنىسىنى بۇ يەردىكى ھاكىمىيەتنى ساقلىغۇچى ھەربىي كۈچكە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇ سەمەرقەنددىن ئايرىلىش ئالدىدا ئىنىسىگە ۋەسىيەت قىلىپ: «ھېچقايسى بۇتپەرەسگە قولىغا مۆھۈر (تامغا) بېسىلمىغۇچە، شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلماڭ. شەھەردىن چىققۇچە مۆھۈر ئىزى قۇرۇپ، ئۆچۈپ كەتكەنلەر بولسا ئۇلارنى دەرھال ئۆلتۈرۈڭ. كىمدە پىچاق - خەنجەر بايقىلىپ قالسا ئۇنىمۇ دەرھال ئۆلتۈرۈڭ. كەچ كىرىپ، شەھەر دەرۋازىسى تاقالغاندىن كېيىن شەھەردە يەنە ئايلىنىپ يۈرگەنلەرنى كۆرسىڭىز دەرھال ئۆلتۈرۈڭ»[①] دەپ قاتتىق تاپىلايدۇ. ئەرەبلەر يېزىلاردا ھوسۇللۇق زېمىنلارنى يەرلىك ئاھالىلاردىن تارتىۋېلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىگە ئېغىر سېلىقلارنى سالىدۇ. سەمەرقەند، بۇخارا ۋە مەرۋىگە ئوخشاش چوڭ شەھەرلەردە ئاھالىلارنىڭ ئىسلام رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى باھانە

---

① ب. غ غافۇرۇۋ: «تاجىكلار» دۈشەنبە شەھىرى 1983 - يىلى نەشرى، 1 - توم، 422 - بەت.

قىلىپ ، بىرلا ئائىلىگە تەۋە چوڭ قورۇلارنىڭ يېرىمىگە ئەرەبلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇ .

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقاد يوق ئىدى . گەرچە ،بۇ يەردىكى كۆپ ساندىكى ئاھالىلار زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسىمۇ ، بۇددا دىنىي ، مانىي دىنى ، خرىستىيان دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ دىنلارنىڭ ھەممىسىنى كۆپۈرلۈق دەپ ئېلان قىلىپ ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى تېزراق يوقۇتۇش ئۈچۈن ، بۇ دىنلارغا ئائىت كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئاھالىلارغا ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بەلگىلەيدۇ . دەسلەپتە ھەتتا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئاھالىلارنى پۇل بىلەن تەقدىرلەپ ، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئاھالىلارغا ئېغىر سېلىقلارنى سالىدۇ. بۇ خىل تەدبىرلەر ئىسلامنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تېزدىن تارقىلىشىغا ھەقىقەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ . شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن ئاھالىلار كۆرۈنۈشتە ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندەك قىلغان بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋي ئېتىقادىنى يوشۇرۇنچە داۋاملاشتۇرىدۇ .

خەلىپە ئەبدەل ئەزىز( 717– 719 ) پۈتۈن خەلىپىلىكتىكى ئەمەلىي ئەھۋاللار ، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پايدىسىز يۈزلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ ، مالىيە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىدۇ . ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئاھالىلاردىن باج ــ سېلىق يىغىشنى توختىتىش بىلەن بىرگە ئەرەبلەرنىڭ ئىستېلا قىلىنغان رايونلاردا يەرلىك ئاھالىلاردىن ھوسۇللۇق يەرلەرنى تارتىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنىمۇ مەنئىي قىلىدۇ . چۈنكى ، ياخشى يەرلەرئەرەبلەرنىڭ قولىغا ئۆتىشى بىلەن دۆلەت غەزىنىسىگە كىرىدىغان كىرىم يىلدىن يىلغا ئازلاپ كەتكەنىدى . ئەمما، خەلىپىلىكنىڭ خوراساندىكى ۋەكىلى تۈرلۈك باھانىلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان بۇ قارارنى ئىجرا

قىلىشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئاڭسۆڭەكلەر بىلەن خەلىپىلىكنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقتى. ۋەزىيەت كەسكىن ھالەتتە تۇرغان شۇ پەيتلەردە ھىجرىيەنىڭ 100 - يىلى ( مىلادىنىڭ 718- 719 - يىلى ) ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى زاۋاللىققا يۈزلىنىدىكەن، دېگەن پاراڭ ھەممە يەرگە تارىلىدۇ. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرلۈك مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى بىلەن ئۇخشىمىغان يوللارنى تۇتقان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر قايتىدىن بىرلىشىپ ، ئەرەبلەرگە قارشى تۇرۇش دولقۇنى ئىككىنچى قېتىم يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. 720 - يىلى تۇنجى بولۇپ سوغدىلارنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى كەڭ دائىرىلىك قوزغىلىڭى پارتلاپ ، ناھايىتى تېزلىكتە تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ ، پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. خەلىپىلىكنىڭ خۇراساندىكى ۋەكىلى ھەرقانچە قىلىپمۇ قوزغىلاڭنى باستۇرالمايدۇ. شۇڭا ، ئىراقتىكى خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا شۆھرەت قازانغان سەئىد ئەل ھەراشى خەلىپىلىكنىڭ خۇراساندىكى مەمۇرىي ۋەكىللىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ھەراشى قورال كۈچى بىلەن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا كۆزى يەتمەي ، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن كېڭەشىش ، ئۇلارغا پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلارنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئىچكى جەھەتتە پارچىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسى ھەقىقەتەن ئۈنۈم بېرىدۇ. سوغدىلارنىڭ شۇ دەۋردىكى پادىشاھى غورەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر دەرھاللا يۈز ئۆرۈپ ئەرەبلەر تەرەپكە ئۆتىدۇ. ئەمما ، ئاددىي خەلقلەردىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەرەبلەرنىڭ كۈچى ئاجىز رايونلارغا بېرىپ ، قارشىلىق قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇنداق رايون پەرغانە ئىدى.

پەرغانە شاھى ئالۇتەرمۇ ئەرەبلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، غوزغىلاڭچىلارغا زەربە بېرىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. 722 - يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى ئەرەبلەر بىلەن خوجەند شەھرىدە قانلىق توقۇنۇشقا دۇچ كېلىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ لەشكىرىي كۈچى كۆپ ،

تەييارلىقى پۇختا بولغاچقا قوزغىلاڭچىلار ئۇزۇنغا بارماي ، مەغلۇپ بولۇپ ، كۆپ قىسمى قىرىپ تاشلىنىدۇ.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەنە بىر قىسمى زەرەپشان ۋادىسىنىڭ يوقىرى ئېقىنىدىكى ئەبگار دېگەن يەردە ئەرەب ئىستىلاھچى قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇپ ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئەرەبلەرگە قارشى قوزغىلاڭ شۇنىڭ بىلەن ئاساسەن باستۇرۇلىدۇ. نۇرغۇن زېمىنلار ، بايلىقلار ئەرەبلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى قايتا كۈچىيىدۇ. ئەمما ، يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان قارشىلىقى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئۇزۇنغا بارماي پەرغانە شاھى ئەرەبلەر بىلەن بولغان كېلىشىملەرنى بىكار قىلىپ ، 723 - يىلى ئۇلارغا قارشى يەنە كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغايدۇ. سۇغدىلارمۇ قايتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، ئەرەبلەرگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ.

ئەرەب سەركەردىسى ئەسەد ئىبنى ئەبدۇللاھ 725 - يىلى بەلختىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەتلان ( ھازىرقي تاجىكىستاننىڭ خەتلان ۋىلايىتى ) غا لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ يەردە خەتلان بىلەن تۈرك خاقانلىقىنىڭ بىرلەشمە لەشكىري كۈچىگە دۇچ كېلىپ ، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ، بەلخ شەھرىگە چېكىنىدۇ.

ئەرەبلەرنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىنى تەسۋىرلەيدىغان نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى دەۋرىمىزگىچىمۇ يېتىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئەرەبلەر ئون يىلغىچە بىرەر يەرگە لەشكەر تارتىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. پەقەت 737 - يىلى ئەسەد ئىبنى ئەبدۇللاھ تولۇق تەييارلىق ۋە كۆپەيتىلگەن ئەسكىري كۈچ بىلەن خەتلانغا قايتا بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى باشلايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ خەتلانغا قايتا باستۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان تۈرك خاقانى ئەسكەر چىقىرىپ ، خەتلانلىقلارنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى ئۇرۇشىغا ياردەمدە بولىدۇ. بىرلەشمە قوشۇن ئەرەبلەرنى ئۆز

تەۋەلىكىدىن سۈرۈپ ، ئەرەبلەرنىڭ تايانچ بازىسى بولغان بەلخ شەھرىگە يېقىنلاپ كېلىدۇ . ئەمما ، ئۇلار بەلخگە ھۇجۇم قىلماي ئەتراپتىكى كىچىك كەنتلەرنى تارتىۋېلىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغاندا ئەرەبلەر يېڭىدىن ياردەمچى قوشۇنلار بىلەن كۈچ تولۇقلاپ ، قايتا كەڭ ـ كۆلەملىك ئۇرۇش باشلايدۇ . ئۆز زېمىنىدىن يىراقلاپ كەتكەن بىرلەشمە قوشۇن قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ . خەتلان شاھى بەدر تارخان ئەرەبلەرنىڭ يالغان ۋەدىلىرىگە ئاساسەن شەرتنامە ئىمزالاپ ، ئەرەبلەرگە بويسۇندۇرغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ ، ئۇزۇنغا بارماي قەتلى قىلىنىدۇ . خەتلان ئەرەبلەرنىڭ ھاكىمىيىتىگە تەۋە زېمىن بولۇپ قالىدۇ .

ھىشام خەلىپىلىك قىلغان دەۋرلەردە (724 — 743 ) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئاھالىلار كۆرۈنۈشتە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ، باج ـ سېلىقتىن ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقانىدى ، ئەمما بۇ خىل ئۇسۇل ئەرەبلەرنىڭ دۆلەت غەزىنىسىنىڭ يىلدىن يىلغا قۇرۇغدىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ . ئۇلار قورال كۈچى بىلەن يېڭى تېررىتورىيىلەرنى بويسۇندۇرۇپ ، دۆلەت غەزىنىلىرىنى تولۇقلاشقا ئامالسىز قالىدۇ . شۇڭا ، خەلىپە ھىشام دۆلەت غەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن شۇ ۋاقىتقىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمانلاردىن باج ـ سېلىق ئالماسلىقتەك قائىدىنى بىكار قىلىپ، بارلىق موسۇلمانلارنىڭ بەلگىلەنگەن سېلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ . بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەمدىلا جانلىنىۋاتقان ئاھالىلارغا ئېغىر كېلىدۇ . شۇڭا ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بويسۇندۇرۇلغان ئاھالىلارمۇ ھاكىمىيەتتىن دىنغا كىرگەنلەردىن سېلىق ئالماسلىقنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشىدۇ . ئەمما ، بۇ خىل تەلەپ ھىشامنىڭ رەد ئېتىشىگە ئۇچرايدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالدى بىلەن سوغدىلار ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈپ، قايتا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋي ئېتىقادلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ . بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن تۈرك خاقانىنىڭ

ياردىمىدە ئەرەبلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ سەمەرقەند ۋە دەبۇسىيەدىن باشقا ھەممە يەردە يۈزبېرىدۇ. خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىن تۈس ئالىدۇ. شۇڭا، ئەرەبلەر بۇيەرگە تەيىنلىگەن ھاكىملىرىنى تېز - تېز ئالماشتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا تىرىشىپ باقىدۇ. 738 - يىلى نەسر ئىبنى سەييار خەلىپىلىكنىڭ خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە مەسئۇل ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇ مەمۇرى جەھەتتىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلىرىدىن باشقا يەنە 738 — 739 - يىللىرى ماۋەرائۇننەھرگە ئۈچ قېتىم لەشكەر تارتىپ، سەمەرقەند، چاچ ( تاشكەنت ) ۋە فارابدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنى قورال كۈچى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، بۇ ئىشتا يەرلىك ئاقسۆڭەكلەردىن پايدىلىنىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن بۇخارخۇداتلاردىن[1] بىرىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر - ئېسىلزادىلەر بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ.

خەلىپىلىككە دۈشمەنلەرچە قاراش ئىستىلاھ قىلىنغان باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ئاددىي خەلققىلا ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگىمۇ ئانچە ياقمايتتى. چۈنكى، ئۇلار يېڭى تۈزۈلمىدىكى ھاكىمىيەت شەكلىدە بارلىق سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقانىدى. ئىقتىساد ۋە بارلىق باج — سېلىقلارنىڭ ئۇدۇل ئەرەبلەرنىڭ غەزىنىسىگە قويۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگىمۇ قاتتىق زىيان كەلتۈرگەنىدى. خەلىپىلىكنىڭ ئىچكىي قىسمىدىكى زىددىيەتلەرمۇ مۇرەككەپلىشىپ، بەنى ئۇمەۋىيە خەلىپىلىرى دەۋرىدە ئەۋجىگە چىققانىدى. ئەرەبلەرنىڭ

---

[1] بۇخارخۇدات — 7 - 8 - ئەسىرلەردە بۇخارادىكى فېئوداللىق دۆلەتتە قوللىنىلىدىغان يوقىرى دەرىجىلىك مەمۇرى ئۇنۋان بولۇپ، مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 8 - ئەسىردە بىدۇن، تۇغشادە، بىنىيات ۋە سوكان قاتارلىق ھاكىملار بۇخارخۇداتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشەلىگەن.

ئىچكى قىسمىدىكى نۇرغۇن نوپۇزلۇق گورۇھلار ( ئابباسىيلار ، خارىجىلەر ،شىئەلەر ) ئۇلارنىڭ تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت سۈرۈشىنى قانۇنسىز، دەپ قارىشاتتى .

خەلىپىلىككە قاراشلىق بارلىق زېمىنلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى ، يېقىن شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئاھالىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەبلەشتۈرۈلگەن ۋە ئەرەب تىلى پۈتۈن خەلىپىلىك تەۋەسىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغا ئەدەبىي - ئىلمىي تىلغا ئايلاندۇرۇلغانىدى .

خەلىپىلىككە تەۋە ھەرقايىسى رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز - ئارا يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ، يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنىدى . ئورتاق دىنىي ئېتىقاد ۋە خېلىلا كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئورتاق تىل ھەرقايىسى خەلقلەرنىڭ ئۆز - ئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ئالاقىلىرىنى قويۇقلاشتۇرغانىدى . شۇ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ نۇرغۇن تارىخىي ئەنئەنىلىرى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئىتى، تەبىئىي پەن ۋە پەلسەپە ئىلمىي جەھەتتىكى نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىرى قايتىدىن جانلىنىپ ، ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ بۇجەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ۋە بايقاشلىرى بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاپ ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى . ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ، فارابى ۋە بىرۇنىگە ئوخشاش ئاز بولمىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئالىم - مۇتەپەككۇرلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلىپىلىكنىڭ ئىلمىي ساھەسىگىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ مەنىۋىي غەزىنىسىگە بىر ئۆلۈش تۆھپە بولۇپ قوشۇلدى .

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلاملىشىشى ئاخىرقى ھېسابتا قاچان ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى يىل ھېسابى بىلەن كۆرسىتىش ناھايىتى تەس . ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئەرەبلەر

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە ئافغانىستاننى بويسۇندۇرۇپ، ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى سىند ئۆلكىسى ۋە جەنۇبى پەنجاپقىچە يېتىپ بارغان بولۇپ ، ئىسلام دىنىي ئاساسىي جەھەتتىن بۇ رايوندا نوپۇز پەيدا قىلىپ ، فېئودالىلىق مۇناسىۋەتلەر تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى قەۋملەرنىڭ زور دەرىجىدىكى ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئىتنىك جەھەتتىكى چېچىلاڭغۇلۇقنى ئازايتىپ ، بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا پايدىلىق شارائىتلارنى ياراتقان ، شۇ ئاساستا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارقا - ئارقىدىن يېڭى دۆلەتلەر ۋۇجۇدقا كېلىپ ، مىللىي ئەنئەنىلەرنىڭ يېڭى شەكىللەردە راۋاجلىنىشىغا كەڭ يول ئېچىلغانىدى . ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلاسى گەرچە بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، بۇرايوننىڭ ئىسلاملىشىشى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قويۇقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيىتىنىڭ يېقىن شەرق خەلقلىرى مەدەنىيىتى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىشى ۋە بىر - بىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ رونىاق تېپىشىغا كەڭ يول ئېچىپ بەردى .

## ئۈچىنچى باب

# ئىسلامنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى

## 1 - ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلى

ئىسلام دىنىنىڭ قايسى دەۋردە شىنجاڭغا تارقالغانلىقى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما، ئۇنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بىۋاسىتە تارىخي باغلىنىشقا ئىگە.

بىز ئالدىنقى بابلاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلىپە ئۆمەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، ئىسلام قوشۇنى ئىران، ئىراق، مىسىر، سۈرىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىرىدۇ. خەلىپە ئوسمان زامانىسىدا خۇراسان مەملىكىتى ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. ئەرەبلەر 653 - يىلى خۇراسان ۋالىيسى ئەھنىق ئىبنى قەيسىنىڭ قوماندانلىقىدا شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ بەلخنى ئىشغال قىلىدۇ. خەلىپە ئابدۇلمۇلۇك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن (699 - 700 - يىللار) دەۋردە ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئامۇ دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا نىڭ ئىسلاملىشىشىدا ئەرەبلەرنىڭ سەركەردىسى قۇتەيبە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئۇ خۇراساندا باش ھەربىي ۋالىي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (مىلادى 705 - يىلدىن 715 - يىللارغىچە) ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى غەيرىي دىن ئىبادەتخانىلىرى بىلەن بۇتخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنىڭ خارابىسى ئۈستىگە مەسچىت

سالدۇردى ۋە يەرلىك خەلقنى ئەسلىدىكى دىنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە تەۋسىيە قىلدى. قۇتەيبە مىلادى 712- 713- يىلى سەمەرقەندنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا قوشۇنلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، تاشكەنت بىلەن پەرغانىگە يۈرۈش قىلدى. مىلادى 713- يىلى ماۋرا ئۇننەھرگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، پەرغانىدىن قەشقەرگە كېلىدىغان تاغ جىلغىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئېلىمىزگە قاراپ يول ئالدى.

تەتقىقاتچى ھاجى نۇر ھاجى بىلەن چېن گوگۇاڭ ئەپەندى ئۆزلىرىنىڭ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئىگىلىگەن ئالاقىدار تارىخي ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن: " ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تارىخىغا يېزىلغان خاتىرىگە ئاساسەن، كەييۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 713- يىلى) ئەرەبلەرنىڭ تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسلام دىنىنىڭ قورۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزگە كىرگەن ئەڭ بالدۇرقى ۋاقتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ئىسلام دىنىنىڭ قورۇقلۇق يولى ئارقىلىق كىرگەنلىكىنى بىر مەزگىل سۈپىتىدە قارايدىغان بولساق، بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ قورۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنىڭ يۇقىرى چېكى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، مىلادى 713- يىلى ئەۋەتىلگەن ئەرەب ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە مۇسۇلمان ئەلچىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار روشەن ھالدا دىنىي تەشۋىقاتچىلىق تونىنى ئالغان، شۇ يىلى يەنە قۇتەيبە ئەۋەتكەن ئەلچىلەردىن ئېلىمىزگە كىرىش سەپىرىدە يول ئۈستىدە ئۆلگەن ۋە قەشقەردە دەپنە قىلىنغان دىن تارقاتقۇچىلارمۇ بولغان" دەپ قارايدۇ[①].

ئۇنىڭدىن سىرت، بەزىبىر ئالاقىدار ماتېرىياللاردا 8- ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشتا ئەمىر قۇتەيبە قوشۇن

---

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىل نەشرى، 33-بەت.

باشلاپ كېلىپ ، پامىردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغان . ئىسلام دىنىمۇ بۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە كىرگەن . ئۇ قەشقەردىن چېكىنگەندىن كېيىن ، ئىسلام دىنىمۇ مۇستەھكەم ئورۇنغا ئۆتەلمىگەن، پەقەت قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ھەقىقىي تۈردە كېڭىيىشكە باشلىغان ۋە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان ، دېگەن قاراشلارمۇ مەۋجۇت . بىز بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دىندارلىرى ، مۇسۇلمان سودىگەرلەر شىنجاڭغا كېلىپ سودا ۋە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن قىياسقا ئىگە بولالايمىز. ئەمما، بۇتوغرىدا يازما تارىخىي ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك بولغاچقا بىزنىڭ بۇ قىياسىمىز پەقەت بىر تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت ، خالاس .

بۇگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بەزى تارىخىي يازما ماتېرىياللار ۋە ئالاقىدار مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشتىن ئىلگىرى ، ھازىرقى شىنجاڭدا قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە خوتەندىكى ياغلىقالقۇ ( لى شېڭتىيەن ) سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ھاكىمىيەت مەۋجۇت بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇددا دىنى ھاكىمىيەت دىنى بولغان . ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت قاراخانىيلارلا ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان . قاراخانىيلار سۇلالىسى 9- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا قارلۇق ، ياغما قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ، غەربىي قىسمى ، پامىرنىڭ شىمالىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قۇرغان خاندانلىقتۇر . ئەينى زاماندا ، بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى ، ئىلى مەنگلاق ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ، چۇدەرياۋادىسى ، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ، شۇنىڭدەك ماۋرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى رايونلانى ئۆزئىچىگە ئالاتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ

ماۋەرائۇننەھر رايونىدا كۈچىيىۋاتقان پارسلارنىڭ سامانى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بىلگەكۆل قادىرخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى ئوغلى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. چوڭ ئوغلى بازىر خان بالاساغۇننى ئىدارە قىلسا، كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان تالاسنى ئىدارە قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا 8 - ئەسىردىلا ئىسلاملىشىپ بولغانلىقى ئۈچۈن تەقۋادار مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىغان سامانى جەمەتىدىكىلەرنىڭ دىنى نام ئاستىدا قاراخانىيلار خانلىقىغا يۈرۈش قىلىشىغا قولايلىق تۇغۇلىدۇ. سامانى خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن (مىلادى 874 - يىلى قۇرۇلغان)، سامانى خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىسمائىل قاراخانىيلار خانلىقىغا ئۈزلۈكسىز تۇردە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، مىلادى 893 - يىلى ئوغۇلچاقنىڭ پايتەختى تالاسنى ئىشغال قىلىپ، ئوغۇلچاقنىڭ خوتۇنى بىلەن بىرتۇمەندىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇلچاق ئۆز پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ①. 13- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخشۇناس جامال قارشىنىڭ «سۇراخ لۇغىتىنىڭ تولۇقلىمىسى» دە 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبى ئابدۇل جافارنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرنەچچە بابى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، ئوغۇلچاق سامانىيلار پادىشاھى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد بىلەن زامانداش بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. تالاس ئۇزاق ۋاقىت مۇھاسىرىدە قالغاندىن كېيىن، مىلادى 893 - يىلى 3- ، 4 - ئايلاردا ئىسمائىل تەرەپتىن ئىشغال قىلىنىدۇ. ئوغۇلچاقنىڭ ئون مىڭ ئەسكىري ھالاك بولۇپ، خوتۇنى ۋە 15 مىڭ ئادىمى ئەسىرگە چۈشىدۇ.

---

① ماپىنيەن: «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلى» دېگەن ماقالىسىدا گېرمانىيە «شەرق شۇناسلىق جەمئىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 101- تومىدا (1951- يىلى) بېسىلغان ئومران پىرتساكنىڭ «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلار سۇلالىسىگىچە» دېگەن ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرگەن.

ئوغۇلچاق پايتەختىنى قەشقەرگە يۆتكەپ، سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىدۇ، مىلادى 904 - يىلى قەشقەردىن ئەسكەر چىقىرىپ، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئوغۇلچاق سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىن قېچىپ چىققان شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ۋە سامانى خانلىقىنىڭ ئىسلام سودا كارۋانلىرىنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن مەسچىت سېلىشقا يول قويىدۇ. ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەزكۇر شاھزادىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. "سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بىلەن مەشھۇر بولۇپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان بۇددا ۋە خىرىستىئان مۇرىتلىرىنى مۇسۇلمان قىلىدۇ"①. مانا بۇنىڭدىن 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا ھەقىقىي تۈردە تارقىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە مۇكەممەل بولغان تارىخىي يازما ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل. بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بەزى ماتېرىياللار قويۇق دىنى ئەپسانە تۈسىنى ئالغان رىۋايەتلەردىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، ھازىرغىچە تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ يېتەرلىك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىغان، بۇنداق بولسا ئادىللىق بولماي قالىدۇ. ئەگەر بىز بۇ رىۋايەت توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ "يادروسى مۇتلەق

---

① ئوسمانجان ئىبراھىم: «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 - يىللىق (ئىچكى) 6 - سان.

هالدا رىئال ئاساسقا ئىگە ‟ ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز[1]. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا ھەرخىل رىۋايەتلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە . بۇزات شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى تار- قاتقانلىقى ئۈچۈن تارىختىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن ، شۇڭا بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەر كۆپىنچە قويۇق دىنىي تۈسنى ئالغان . ئىبنى ئاتھىرنىڭ « تارىخىي ئومۇمىيە » دېگەن كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ : بىر كۈنى ساتۇق چۈشىدە ئاسماندىن چۈشكەن بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ ، ئۇ كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، تۈرك تىلى بىلەن ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىن ، شۇنداق قىلساڭ پانىي دۇنيادىمۇ ، باقىي دۇنيادىمۇ نىجاتلىق تاپىسەن ، دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ساتۇق ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ[2] . خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن « سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى » ناملىق قول يازمىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ :

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە يېزىلغان تارىخىي رىۋايەت ۋە تەزكىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە ، ئۇنىڭ روھى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا مىئراج كېچىسى ئاسماندا ئۇچراشتى . مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا جەبرائىل ئىسمىلىك پەرىشتە تونۇشتۇرۇپ : « سىز ۋاپات بولۇپ 333 يىلدىن كېيىن سۇتۇق دۇنياغا تۇغۇلىدۇ . تۈركىستان ۋىلايىتىدىكى غەيرى دىندىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ ، سىزنىڭ شەرىئىتىڭىز (دىنىڭىز ) نى خەلق ئارىسىدا ئاشكارە قىلىدۇ » دېدى . مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام جەبرائىلدىن « نېمە ئۈچۈن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھى پەيغەمبەرلەرنىڭ روھى قاتارىدا ئورۇن ئالدى ؟» دەپ سورىدى . جەبرائىل : « سۇتۇقنىڭ

---

① مايىنيەن : « ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلى » دېگەن ماقالىسىدا گېرمانىيە « شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى » ژورنىلىنىڭ 101- توپلىمىغا ( 1951- يىلى ) بېسىلغان ئومران پرىتساكنىڭ «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلار سۇلالىسىگىچە » دېگەن ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرگەن .

② لى جىنشىن : « شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى » مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999- يىل نەشرى ، 9- بەت .

روھىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ روھى قاتارىدا ئورۇن ئېلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلغان باشقا غازىلار بىر نەچچە كىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن بولسا ، سۇتۇق ساناقسىز كۆپ كىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ ۋە دىنىمىزنى ئاشكارە قىلىدۇ» دېدى . مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ : « ئەمدى خۇداغا شۈكرى ، تۈركىستان يۇرتلىرى تەرەپتىن خاتىرجەم بولدۇم ، تۈركىستان تەرەپكە ئىسلام دىنىنىڭ قىلىچى يەتمىدى ، ئۇلار ئىمانغا كىرەلمىدى ، قىيامەت كۈنى قانداق قىلارمەن ، دەپ ئەندىشە قىلاتتىم » دېدى . مىئراجدىن قايتىپ كېلىپ ، پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ دوستلىرى (ساھابىلەر) گە بۇ توغرۇلۇق سۆزلىدى ھەم ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ تىرىشىشى بىلەن سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرىپ ، دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىشىنى ساھابىلەرگە ئېيتتى ، ساھابىلەر تارىخ قىلىپ يېزىپ قويدى . مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ « تۈركىستاندا ئاۋۋال باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرىدىغان كىشى سۇتۇقدۇر » دېگەن ھەدىسلىرى بار ئىدى . خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بىر قانچە يىللاردىن كېيىن خوجا ئەبۇ ناسىر سامانى تۇغۇلدى . ئۇ ئوقۇپ ئىلىم ھاسىل قىلىش جەريانىدا سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قالدۇرغان خاتىرە ( تارىخ ) نى كۆردى . شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ناسىرسامانى سۇتۇقنىڭ تۇغۇلىشىغا ئاز قالغانلىقىنى بىلىپ ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ روھىدىن رۇخسەت ئېلىپ تۈركىستان تەرەپكە كەلدى . رىۋايەتلەردە سۇتۇق بۇغراخان تۇغۇلغاندا ئۆز دەۋرىنىڭ دانالىرى : « بۇ بالىنى جاھانگىر بولىدۇ ، مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرىدۇ » دېيىشتى . بۇ سۆزنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتىسى ئاڭلاپ ، سۇتۇقنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ، ئانىسى ئۇنىماي « بۇ بالا مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرىشىنى كىم بىلىپتۇ ، قاچان چوڭ بولۇپ مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرسە شۇ چاغدا ئۆلتۈرمەمسىز » دېدى . شۇنىڭ بىلەن سۇتۇق بۇغراخان تۇغۇلۇپ

يەتتە ياشقا كىردى، دادىسى ئۆلدى ، سۇتۇقنىڭ ئانىسىنى تاغىسى (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسىنىڭ ئىنىسى ھارۇن ، بەزى كىتابتا دارۇن دەپ يېزىلغان ) بۇغراخان ئېلىپ ، سۇتۇقنى تەربىيە قىلغانىدى .سۇتۇق بۇغراخان12 ياشقا كىردى . بىركۈنى سۇتۇق ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن 39 نەپەر ياش بالا بىلەن بىللە ئوۋغا چىقتى ، ئوۋ ئوۋلاپ بىرتوشقاننى قوغلاپ كېتىپ باراتتى ، بىر ئۇلۇغ ئادەم ( كۆپرەك رىۋايەتلەردە خىزىر دېيىلىدۇ ) يولۇقتى . ئۇ« ئەي ئوغلۇم ، مەن سىزنى ئىزدەپ يۈرەتتىم ، ئەمدى تاپتىم ، ئاتتىن چۈشۈڭ . بىرقانچە سۆزلىرىم بار ، ئاڭلاڭ » دېدى ۋە ئۇنىڭغا خۇداغا ئىشىنىش ، ئىمان كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بەردى ، سۇتۇققا ئىمان ئېيتقۇزدى . ئەمما ، شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقۇزمىدى ، چۈنكى بۇنى ئۆگىتىش ئەبۇناسىر سامانىغا تېگىشلىك ئىدى . بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ، سۇتۇق بۇغراخان ئوۋغا چىقتى ، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ئاتۇشنىڭ بەقۇ دېگەن يېرىگە كەلدى . ئۇيەردە بىرمۇنچە كىشىلەر چىرايلىق كىيىنگەن ھالدا تۇرۇشقان بولۇپ ، يايلاقتا ئاتلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ ، سۇتۇق بۇغراخان ئۇلارنى كۆرۈپ ، بۇ شەھەردە بۇنداق ئادەملەر يوق ئىدى ، بۇلار قانداق ئادەملەردۇ ؟ دەپ ، ھەمراھلىرى بىلەن بىللە يېقىن كەلدى . ئۇلار ئەبۇناسىر سامانى باشچىلىقىدىكى كارۋان ئىدى . ئەبۇناسىر سامانى بۇلانى كۆرۈپ : « خۇداغا شۈكرى، تارىختا كۆرگەن يىگىت شۇ ، مېنىڭ بۇيەرگە كېلىشىمدىكى مەقسىتىم ئاشۇ يىگىت ئىدى ، ئىككى دۇنيالىق مەقسىتىمنى تاپتىم » دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە دەرھال خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇپ : « ئۇ يىگىتكەلايىق تۆھپە ـ سوۋغات تېپىڭلار » دېدى . ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئۆتەش ئۈچۈن ئەزان ئوقۇدى . سۇتۇق بۇغراخان بۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيران بولۇپ : « بۇلار ئاجايىپ ئادەملەر ئىكەن ، بىز ئاتلىق كېلىپ قاراپ تۇرساق ، پەرۋا قىلماستىن يۈكلىرىنى تاشلاپلا بېشىنى يەرگە ئۇرۇشقا باشلىدى » دەپ تۇراتتى ، ئەبۇ ناسىر سامانى يەتتە قەدەم

ئىلگىرىلەپ كېلىپ سۇتۇقتا سالام قىلدى. سۇتۇق بۇغراخان ئاتتىن چۈشتى، ئەبۇناسىر سامانى بىلەن كۆرۈشتى. سۇتۇقنى تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر تۈرلۈك نەرسىدىن ئىككىنى سۇتۇقنىڭ ئالدىغا تۆھپە قىلىپ قويدى. ئەبۇ ناسىر سامانى سۇتۇق بۇغراخانغا دىنىي نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇتۇق ئىسلام دىنىنىڭ ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان شاھادەت كەلىمەلىرىنى ئېيتىپ، ئۆزى بىلەن ئويناپ كەلگەن 39 كىشىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرتىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىسلامغا كىردى، بەزىلىرى سۇتۇق بۇغراخاندىن قورقۇپ مۇسۇلمان بولدى، تاكى نامازدىگەرگىچە ئۇلارغا ئىمان ئۆگەتتى. ئەبۇ ناسىر سامانى: «ئەمدى قايتىڭلار، ئەگەر قايتمىساڭلار، سىلەرنى ئىزدەپ كەلگەنلەر بىزنى تۇتۇۋېلىپ ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ» دەپ ئۇلارنى قايتۇردى، كېچىسى مەخپىي كېلىپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېچىلىرى مەخپىي كېلىپ قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەندى، سەككىز كۈندە قۇرئاننى ئوقۇپ تۈگەتتى ھەم ناماز ئوقۇشنى ئۆگەندى، سۇتۇق بۇغراخان ئالتە ئايدا قۇرئاننى ياد ئېلىپ قارى بولدى[1]. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قويۇق دىنىي ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە رىۋايەتلەردىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنى تارىخىي رېئاللىق دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇندىمۇ بۇ تارىخىي جەريانلارنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى ئايرىۋېلىشىمىزغا، ئۇلارغا تەنقىدى پوزىتسىيە تۇتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ رىۋايەتلەرنى پەرقلەندۈرىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئانچە كۆپ تارىخىي ماتېرىيال يوق. لېكىن، مۇشۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان رىۋايەتلەر ئارىسىدىن يەنىلا ئەڭ ئاساسىي پاكىتقا ئىگە بولالايمىز. خۇددى پىرىتساك ئېيتقاندەك: «بۇ خاتىرىلەرنىڭ يادروسى مۇتلەق ھالدا رېئال

[1] «بۇغراخان تەزكىرىسى» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1988- يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 1- توم 15- بەت.

ئاساسقا ئىگە . شۈبھىسىزكى ، قاراخانىيلار سۇلالىسى تىنچلىق ئۇسۇلى ، يەنى ئىسلام دۇنياسى ( سودا كارۋانلىرى ، ئىسلام شاھزادىسى قاتارلىقلار ) بىلەن ئۇچرىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىسلاملىشىشقا باشلىغان[1]، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ، ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە ئۆزىگە ئابدۇكېرىم دەپ ئىسىم قويغان . ئۇ بىر مەھەلگىچە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا يوشۇرۇنچە دىن تارقاتقان . تەخمىنەن مىلادى 915 - يىلى ( 910 - يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار ) سۇتۇق بۇغراخان 25 يېشىدا ئۆز يېقىنلىرى ۋە مۇسۇلمان سودىگەر لەرنىڭ ياردىمىدە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئوغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئاۋام خەلقنى ئىسلام دىنىنىڭ يولىنى تۇتۇشقا دەۋەت قىلغان .

## 2 - ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى ۋە خوتەن ، تۇرپان ئۇيغۇر بۇددىستلىرىغا قارشى قىلىنغان جەڭلەر

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە ئىسلام دىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا پەقەت قەشقەردىلا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان . سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ( مىلادى 56 \ 955 - يىلى ) ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا ئىبنى ئابدۇكېرىم (تۈركچە ئىسمى بايتاش )تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالغان . ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ھاشىرنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، مىلاى 960 - يىلى 200 مىڭ چېدىرلىق تۈرك ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا كىرگەن . ئەگەر ھەر بىر

---

[1] ماپىنيىن: « ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلى » ، « شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى » 1- توم 84 - بەت .

چېدىردىكىلەرنى تۆت ياكى بەش جان دەپ ھېسابلىغاندا ، دىنغا كىرگەنلەرنىڭ سانى 800 مىڭدىن بىر مىليونغا قەدەر بولىدۇ. بۇ ئەينى چاغدا خېلىلا چوڭ سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقە مۇسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يۈز بەرگەن بولۇپ ، بۇ مۇسا يولغا قويغان خانلىقنى ئىسلاملاشتۇرۇشنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇسا ئارسلان خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە ، ئىسلام دىنى قەشقەردە ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ ، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ، ئىسلام مەدەنىيىتى مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەشقەر ئاھالىسىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلايدۇ. بۇدەۋردە ، قەشقەردە خانلىق مەدرىسە ، كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرى قۇرۇلۇپ ، قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتۈشى ، ئەينى دەۋردە ئەسلىدىكى دىنى ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغان بۇددا راھىبلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان سېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. توپىلاڭ قاراخانىيلار تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلىدۇ ، بۇددىسلار ئەينى زاماندا شىنجاڭدىكى چوڭ بۇددا دۆلىتىدىن بىرى بولغان خوتەن ( ئۇدۇن ) گە پاناھلىق ئىزدەپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. قارا خانىيلار تەۋسىدىكى بۇددىستلارنىڭ ئىسلام مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي خوتەنگە پاناھلىق ئىزدەپ بېرىشى بۇددا دۆلىتى ــ خوتەننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە جىددىيلىك كۆرۈلۈپ ، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ، بۇددا دىنى بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق ، كۆلىمى زور بولغان ئۇرۇش پارتلايدۇ.

ھازىر بۇ ئۇرۇشنىڭ قاچان باشلىنىپ ، قاچان ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت. بۇيەردە بىز ھازىر پارىژدا

ساقلىنىۋاتقان ، پېللىئوت دۆنخۇاڭدىن ئوغرىلاپ كەتكەن خوتەن هۆججىتى « ئۇدۇن پادىشاھى ۋىسارانىڭ شاجۇ پادىشاھى ساۋ يۈەنجۇڭغا ئەۋەتكەن خېتى » گە ئاساسەن ، بۇ ئۇرۇش مىلادى 962 - يىلى پارتلىغان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قارايمىز . بۇ هۆججەتنى خوتەن پادىشاھى ۋىسارا قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يازغان بولۇپ ، بۇ هۆججەتتە خوتەن قوشۇنىنىڭ قەشقەرنى قانداق ئىشغال قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قەشقەرنى قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى ئوي - خىيالى ھەممە شۇچاغدا ئۆزىنىڭ خانلىق سىرتىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ، خان جەمەتىنىڭ مەنپەئەتى بويىچە ئىش كۆرۈۋاتقىنىغا سەككىز يىل بولغانلىقى خاتىرلەنگەن . بۇ هۆججەت مىلادى 970 - يىلى يېزىلغان [1] . ئالاقىدار ماتېرىياللاردا خاتىرلىنىشىچە ، خوتەن بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش گاھ توختاپ ، گاھ داۋاملىشىپ تۇرغان . خوتەن خانلىقى قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتلاردىمۇ ۋىسارا ھېچقاچان قەشقەردە ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆز قوشۇنلىرىنى تۇرغۇزمىغان ، پەقەت قەشقەردە قورچاق هاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىنلا ، خوتەنگە قايتقان ، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ، ئۇرۇش ئالاھىزەل 20 - 30 يىل داۋاملاشقان .

ئۇرۇش قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن سامانىيلار سۇلالىسى

---

[1] بۇ هۆججەتنى ئەنگىلىيىلىك ئالىم بېيلى « خوتەن خەت - چەكلىرى » نىڭ ئىككىنچى تومىدىن كۆچۈرگەن ، 1964 - يىلى تەرجىمە قىلىپ ۋە ئىزاھلاپ ، يەنە بىر خوتەن خەت - چەكلىرى بىلەن قوشۇپ بىر ماقالە قىلىپ، « ۋىسارا ۋە ئۇلۇغ ۋاڭ » دەپ ماۋزۇ قويۇپ، « تەيدوڭ » ژۇرنىلىنىڭ 11- تومىغا بەرگەن . ئېلىمىز ئالىمى خۇاڭ شېڭجاڭ بېيلىنىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن خەنزۇ چىغا تەرجىمە قىلىپ ، « تارىخ - جۇغراپىيە » ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 3- سانىدا ئېلان قىلغان . لى جىڭشىن ئۆزىنىڭ 1999- يىلى دىن، مەدەنىيەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى » ناملىق كىتابىدا شۇنىڭدىن نەقىل ئالغان.

ئوتتۇرىسىدا زېمىن تالىشىش كۈرىشى بولۇۋاتقان پەيتتە يۈز بەرگەچكە ، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، خوتەن خانلىقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تۇبۇتلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر مەھەل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن 990 - يىلى مۇسانىڭ ئىنىسى سۇلايماننىڭ ئوغلى بالاساغۇندىكى خان — ھەسەن بۇغراخاننىڭ سامانىيلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغىنىغا بىر يۈز ئەللىك يىل بولغان ئىسپىجاپ شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىشى ۋە 999 - يىلى ئېلىك ناسىر بىننى ئەلى ( ھەسەن بۇغراخاننىڭ جىيەنى ، ئۆزكەنتتە تۇرۇشلۇق ھۆكۈمران ) نىڭ سامانىيلارسۇلالىسىگە ھۇجۇم باشلاپ بۇخارانى ئىشغال قىلىشى بىلەن ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ ، خوتەن خانلىقى مەغلۇپ بولۇشقا باشلىغان . ئەمما ، بۇ ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا نۇرغۇن قان تۆكۈلۈشلەر بولغان ، ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر زىيان تارتقان . ئالاقىدار مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، مۇسانىڭ چوڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان جەڭدە قۇربان بولغان . بۇ ئۇرۇش مىلادى 998 - يىلى يەكەن بىلەن يېڭىسار ئوتتۇرىسىدىكى چۆلدە ( ھازىرقى ئوردام مازىرى ئەتراپىدا ) بولغان . ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتى قەشقەر تۆۋەنكى تاربوغوزغا ( تۈمەن دەرياسى بويىغا ) دەپنە قىلىنغان ، ئۇنىڭ كاللىسى قەشقەردىكى « گۇمبەزەتۇل خاقانىيە » نامىلىق خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا ( ھازىرقى شېھىد ئارسلانخان مازارلىقىغا ) دەپنە قىلىنغان . ئەلى ئارسلانخان جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن ، يۈسۈپ قادىرخان ( ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوغلى ، 1004- يىلدىن 1032- يىلغىچە تەختتە تۇرغان ) ئوتتۇرا ئاسىيادىن نەچچە تۈمەن ئەسكەر باشلاپ ياردەمگە كەلگەن ، مىلادى 1000- يىلى قەشقەرنى ئاخىرى قايتۇرۇۋالغان ، 1005- يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئەھمەد تۇغانخاننى بالاساغۇنغا ھەيدىۋېتىپ ، مۇسا نەسەبىدىكى خانلارنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن ، ھەممىدە يەكەن ، قاغىلىق ، گۇما

يوللىرىدا جەڭ قىلىپ، 1006- يىلى خوتەن بۇددىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، چىكالۇخالىخانىنى ئۆلتۈرۈپ، خوتەننى ئىشغال قىلغان[①].

بىزگە بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ئىسلام تارىخىغا ئائىت خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان تارىخى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا نۇرغۇن ئادەم قاتنىشىپ، جەڭ ناھايىتى كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان. موللا نىياز خوتەنىنىڭ «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» دە بۇتوغرىدا مۇنداق بايانلار بار: مۇسانىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خوتەن قوشۇنى قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەرنى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئارسلانخاننىڭ بىرنەۋرە ئىنىسى يۈسۈپ قادىرخان ئوتتۇرا ئاسىياغا ياردەم ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۆت ئىماملاردىن ياردەم سوراپ بارىدۇ. ئىمام ئەپتەھنىڭ ئوغلى بولغان بۇ تۆت ئىمام ئەينى چاغدا ئىراننىڭ مادايىز شەھرىدە تۇراتتى، ئۇلار بىلەن ئەمىرلەر، ئەسكەرلەر بىللە ئىدى. ئۇلار يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە دىنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى نىشانلاپ، 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلاپ يۈسۈپ قادىرخاننى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. يۈسۈپ قادىرخان قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان قەشقەر ئاھالىسى ئەگەر ئىماملار راستىنلا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولسا، بىز ئۇلارنىڭ نۇرلۇق جامالىنى كۆرۈپ باقايلى، شۇندىلا بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز، دېيىشىدۇ. يۈسۈپ قادىرخان ئاھالىسىز ئىماملارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قەشقەرگە

---

① ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995- يىلى نەشرى، 55- بەت.

كېلىشكە چاقىرىدۇ. ئىماملار مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ: «قەشقەر خەلقى ئىسلام دىنىغە رازى ئىكەن، لېكىن بىزنىڭ بېرىشىمىزغا قاراپ تۇرۇپتۇ، ئەلۋەتتە، بىز دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا بارىمىز» دەپ، پىدائىيلارنى توپلاشقا كىرىشىپتۇ. ئىماملار قەشقەرگە يول ئېلىپ، ئەنجان تېغىغا كېلىپ چېدىر- يارگاھلىرىنى تىكىپ چۈشۈشۈپتۇ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر بىر كىشىگە بىردانىدىن نوقۇت تاشلاپتۇ. ئۇ نوقۇت دانىلىرىنى يىغىۋېلىپ تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ كۆرسە، توپتوغرا بىر چارەك، نوقۇت دانىلارنى ساناپ كۆرگەندە 140 مىڭ چىقىپتۇ. ئۇلار ئەسكەرلەرگە قاراپ: «بۇلار بىزنى دەپ شۇنچە جاپاتارتىپتۇ، بەزىلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلسە، بەزىلىرى قورقۇتۇش بىلەن قورقۇپ كەلگەن بولۇشى چوقۇم، ھەركىم قايتىشنى ئىختىيار قىلسا قايتسۇن، بېرىشنى ئارزۇ قىلغانلار بارسۇن» دەپتۇ. ئەسكەرلەر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بېرىشقا رازىلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئۇلار قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، بۇخارادىن كەلگەن قوشۇنلار بىلەن قوشۇلۇپ، پۈتۈن قەشقەر شەھىرى ئەسكەرلەر بىلەن لىق تولغان. ئىماملار قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، خوتەنگە يۈرۈش قىلىش ئالدىدا يۈسۈپ قادىرخانغا: «يۇرتنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇڭ، ئەگەر بىز ئۇرۇشتا قۇربان بولساق، جەسىتىمىز تۇزلەڭدە قالمىسۇن، شەرىئەت قىلىچىنى جارىي قىلىڭ» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ خوتەنگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار يول بويى ئۇرۇش قىلىپ، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپتۇ. ئۇلار گۇمىغا يېقىنلاشقاندا بىرمۇنچە كىشىلەرنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ، بەزىسى قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋال خەلق ئىچىدە «گۇمىدا گۇمان قالدى، مۇجىلىقلار قاچتى» دېگەن بىر مەسەل بولۇپ قالغان. ئىماملار خوتەنگە ھۇجۇم قىلغاندا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ

بولۇپ ، خوتەن خانلىق جەمەتى ئامالسىز قېچىشقا مەجبۇر بولدۇ . خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇش ئىچىدە چېرىيەدىكى جەڭ ئەڭ دەھشەتلىك بولغان بولۇپ ، بۇ جەڭدە ئىككىلى تەرەپ نۇرغۇن چىقىم تارتىدۇ ، بۇ ئۇرۇشتا ئۈچ ئىمام قۇربان بولىدۇ . يۇسۇپ قادىرخان ئىماملارنىڭ قۇربان بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، غەزەپكە كېلىپ زور قوشۇن باشلاپ خوتەن بۇددىستلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلاپ ، خوتەن خانلىقىغا ھۆكۈمران بولىدۇ ۋە بۇ ئىماملار ئۈچۈن كاتتا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلار ئۈچۈن قەبرە تۇرغۇزىدۇ . بۇ ئىماملار ھازىرقى چېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغلىق رايونغا دەپنە قىلىنغان بولۇپ ، بۇجاي خەلق ئىچىدە «ئىماملىرىم» دەپ ئاتىلىدۇ ①.

قاراخانىيلار خانلىقى نەچچە ئون يىللىق (خوتەن خەلقى ئىچىدە يۈز يىللىق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ) ئېچىنىشلىق قانلىق ئۇرۇش ئارقىلىق مىلادى 1006- يىلى خوتەن بۇددا خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ ، خوتەن بۇددىستلىرىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ . قىسقىسى ، يۇسۇپ قادىرخان دەۋرىدە (يۇسۇپ قادىرخان مىلادى 1031- 1032- يىللىرى ۋاپات بولىدۇ) خوتەن بۇددا خانلىقىنىڭ تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ ، ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ غەربىي ۋە غەربىي شىمال تەرەپلىرىگىچە كېڭىيىدۇ . 11- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خوتەن بۇددىستلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر يوق . پەقەت بۇددىزمنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىرقاتاردا قويۇپ ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مۇسۇلمان رايونلىرىدىن پەرقلەندۈرگەن . بۇنىڭدىن 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلاملىشىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

قاراخانىيلارنىڭ قوچۇ (ئىدىقۇت ، ھازىرقى تۇرپان) ئۇيغۇر

---

① موللا نىياز خوتەنى : «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار 1- توم .

خانلىقىغا قارشى غازات ئېلىپ بېرىشى ۋە تۇرپان بۇددىستلىرىنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا دائىر ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل، بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللاردىۋانى» دىكى بەزى بىر نەزمىلىرىدىن باشقا، ھېچقانداق ماتېرىيال يوق، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللاردىۋانى» دا مۇنداق نەزمىلەر ئۇچرايدۇ:

كېمە ئىچىگە ئولتۇرۇپ.
ئىلى سۇيىنى كەچتۇق بىز،
ئۇيغۇر تەرەپكە يۈزلىنىپ،
مىڭلاق ئېلىنى ئاچتۇق بىز.

ئاتلارغا بەلگە تاقاپ،
ئۇيغۇر (ئېلى) دىكى تاتلارغا،
ئوغرى، ياۋۇز ئىتلارغا (قاراپ)،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق.

تۈن بىلەن باستۇق،
ھەرتەرەپتىن بۇكتۇرمە قۇردۇق،
ئاتلىرىنىڭ كوكۇللىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق.

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقىتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق.

كەلدى ماڭا تات،
ئېيتتىم ئەمدى يات،
قوشقا بولۇپ ئەت،
سېنى تىلەر ئۈس، بۆرى.

ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈردۈم ،
ھەمرىيىمنىمۇ قاچۇردۇم ،
ئۆلۈم زەھىرىنى ئىچۈردۈم ،
ئەرى تۈرۈلۈپ ئىچتى .

خانىنىڭ چېدىرى قۇرۇلدى ،
تۇغ تىكىپ ( دۇمباق ) ئۇرۇلدى ،
( دۈشمەن ) قوشۇنى ئوتتەك ئۇرۇلدى ،
ئۇ نەگە قاچسا تۇتۇلار .

( ئات ) قۇيرۇقىنى قاتتىق تۈگدۈق ،
تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ ــ سانا ئېيتتۇق ،
ئاتنى دېۋىتىپ تەگدۇق (ھۇجۇم قىلدۇق) ،
ئالداپ يەنە قاچتۇق .①

بۇنىڭدىن قاراخانىيلار بىلەن قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ كەسكىن ئېلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ، بىزگە يېتىپ كەلگەن تارىخى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلاملاشماستىن ، بەلكى 13- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىسلاملاشقان بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ، « تۈركىي تىللاردىۋانى» دىمۇ مۇنداق بىربايان ئۇچرايدۇ : « ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى ، بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار . ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددى كاپىرلار ، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر . بۇ شەھەرلەر : سولمى ، قوجۇ ، چانبالىق ، بېشبالىق ، ياڭى بالىق » دۇر . ②

---

① مەھمۇد قەشقەرى : « تۈركىي تىللاردىۋانى » بىرىنچى توم 51- ، 66- ، 262 - ، 448- ، 565- ، 617- ؛ ئۈچىنچى توم 324- بەتلەر . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- ، 84- يىل نەشرى

② « تۈركىي تىللاردىۋانى »بىرىنچى توم 152- بەت

قىسقىسى ، ئىسلام دىنى موڭغۇللار ئىستېلاسىدىن ئىلگىرى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىككى يېقىغا ، يەنى شەرقىي جەنۇب تەرەپتە قەشقەردىن نىيىگىچە ، شەرقىي شىمال تەرەپتە ئاقسۇدىن كۇچاغىچە بولغان رايونلارغا تارقالغان ، پەقەت موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا بۈگۈنكى تۇرپانغا ھەقىقىي تۈردە تارقالغان . ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي شىنجاڭدا ئومۇملىشىشىدا تۇغلۇق تۆمۈر ئالاھىدە رول ئوينىغان .

## 3 - ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا كەڭ تۈردە راۋاجلىنىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتۈشى

موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شارائىتىدا، شىنجاڭدا ھەرخىل دىنلارغا كەڭ قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان. ئەينى دەۋرلەردە چىڭگىزخان مەدەنىيەت ، مائارىپ ۋە ھەربىي ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا دىندىن پايدىلىنىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ مەنىۋى تايانچى قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىپ ،تۆۋەندىكىدەك دىنى سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغان : ھەممە دىنغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك ، بىرسىگە يان بېسىپ ، يەنە بىرسىنى چەكلەشكە بولمايدۇ؛ ھەرقانداق دىنىي مەزھەپنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى قىلىش جازالاشقا تېگىشلىك جىنايى قىلمىش ھېسابلىنىدۇ؛ دىنغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپلا قالماي ، بارلىق دىنلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك ؛ دەرۋىشلەر ، موللىلار ، قازىلار ، تېۋىپلار ، ئۆلىمالاردىن ، تائەت ــ ئىبادەتكە ئۆزىنى ئاتىغان ۋە زاھىدلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلاردىن باج ــ ئىجارە ئېلىنمايدۇ ، ئۇلارغا ئالۋاڭ ــ ياساق سېلىنمايدۇ؛ ھۆرمەت يۈزىسىدىن ، ئىبادەتخانا ، مەسچىت ، بۇتخانىلار ۋە ئۇلاردا ئولتۇرۇشلۇق راھىبلاردىن ئېلىنىدىغان باج ــ ئىجارە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ[1] . چىڭگىزخاننىڭ بۇ سىياسىتىنى چاغاتاي خان

---

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ : « شىنجاڭ ئىسلام تارىخى » 133- بەت .

ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى موڭغۇل خانلىرىمۇ ئىزچىل تۇردە يولغا قويۇپ كەلگەندى . شۇنىڭ تۇرتكىسىدە 13-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى شەرققە قاراپ كۆچار، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن. ياۋروپالىق ساياھەتچى رۇبرۇك 1254- يىلى قاراشەھەرنىڭ بەزى كەنتلىرىدە خىرىستىئان دىنىنىڭ نىستورى راھىبلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرگەن [1] . ئۇنىڭدىن سىرت خۇاڭ ۋېنبىينىڭ « تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى » دە، سۇڭ لىزۇڭ دەۋرىدە ( 1225-1264- يىللار ) ئىسلام دىنى كۆچاغا تارقالغان، دېيىلىدۇ. پەقەت 14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئىسلام دىنى ئىنتايىن تېزلىك بىلەن شەرققە قاراپ زوركۆلەمدە كېڭىيىپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بۇددىزىمنى تامامەن بېسىپ چۈشۈپ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن.

چىڭگىز خان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى ۋادىسىنى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خانغا، ئالتاي، چۆچەك رايونىنى ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتايخانغا بۆلۈپ بېرىدۇ. چىڭگىز خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئارىسىدا ئۇلۇغ خانلىق تەختىنى تالىشىپ ئۇزۇلۇكسىز ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇ ئۇرۇشلار 1306- يىلى قايدۇنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . ئوكتايخاننىڭ مۇلۇك يېرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، چاغاتاي خاننىڭ مۇلۇك يېرىگە قوشۇۋېتىلىدۇ ، قۇجۇ ئىدىقۇتىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇۋېتىلىدۇ . بۇ دەۋردە، ئۇلۇغ خان مۆڭكە ئىسلام دىنىنى ياقىلايتى . قۇجۇ ئىدىقۇتى سالىندىنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئاسىيلىق گۇناھى بارلىقىنى بىر قول پاش قىلىپ قويغاندا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم

---

[1] مېلىڭ فەنرىن : « قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددىزمى ھەققىدە » شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1982- يىلى 1- سان .

جازاسى بېرىلگەندى ① بۇنىڭدىن 13- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، قۇجۇ ئىدىقۇتى تەۋەسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە سەل قاراشقا بولمايدىغان كۈچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 13 - ئەسىرنىڭ ئالدى — كەينىدە، موڭغۇللار ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن ئۇزاقتىن بېرى قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلگەچكە، چاغاتاي خانلىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىرقىسمى، مەسىلەن، مۇباراشاھ، بارا قاتارلىقلار ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلغان، كۆپەكخان دەۋرىگە كەلگەندە، گەرچە ئۇ بۇددا دىنىنىڭ مۇرىتى بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىش سىياسىتىنى قوللانغان. كېيىنكى تارىخچىلار بۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى تەرىپىدىن تەدرىجىي بويسۇندۇرۇلۇش تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايدۇ.

14- ئەسىرنىڭ بېشىدا، چاغاتاي خانلىقى غەربىي ۋە شەرقىي ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا شىنجاڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە ئىدى. رېئال ھوقۇقدار بولۇپ تۇرۇۋاتقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋىرى ئىمىرمۇ ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 748 - يىلى (مىلادى 1347- يىلى) ئىمىر ھودايىدات يۆلەپ خانلىققا چىقارغان تۇغلۇق تۆمۈر تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ موڭغۇل خانى ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش جەريانى مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخىي رەشىدى» سىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: تۇغلۇق تۆمۈرنى شەيخ جامالىدىن سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. جامالىدىنىنىڭ ئاتىسى موللا خوجا ئەخمەت بۇخارادا تۇراتتى، چىڭگىز خان دەۋرىدە سۈرگۈن قىلىنىپ، شىنجاڭغا

① ئالائىدىن جۇۋەينى: «تارىخىي جاھان كۇشاي» 1- توم.

كەلگەن. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭدا دىن تارقىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. كېيىن شەيخ جامالىدىن ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇ يەردە تۇغلۇق تۆمۈر خانغا يولۇقۇپ، تۇغلۇق تۆمۈر خاننى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن.

شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتى، تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1959- يىلى تەرجىمە قىلدۇرۇلغان «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال» دا بۇ توغرىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تۇغلۇق تۆمۈر خان موغۇلىستاننىڭ تۆرىسى ( پادىشاھى ) ئىدى، تۇغلۇق تۆمۈر خان ئەردىۋىل ( ئاقسۇ ) نى كۆرەي دەپ ئالتە لەك ئالتە مىڭ (ئالتە يۈز 6 مىڭ ) ئەسكەر بىلەن تاغ- ئېدىرلاردا شىكار قىلىپ كېلىپ كەچ قېلىپ ئايكۆلگە چۈشىدۇ. سەھەر ۋاقتىدا شەيخ شاھابىدىن ناماز ئۈچۈن ئەزان ئوقىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇيقۇ ئارلاش ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ قاتتىق تاشتەك دىلىغا تەسىر قىلدى، ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش ئاقتى، دىلىدا قاتتىق بىر تەسىرات پەيدا بولدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزى ئات باققۇچىسىنى چاقىرىپ: «ئەشۇ ئاۋاز چىقارغۇچىنى ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئەۋەتتى. ئۇ بېرىپ: «تۈۋلىغۇچى قايسىڭ؟ سېنى تۆرە چاقىرىدۇ» دېدى. شەيخ شاھابىدىن: «ئەزان ئوقۇغۇچى مەن، تۆرە نېمە قىلماقچىكەن؟» دەپ ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئۇ كىشى نېمە قىلىشىنى بىلمەيمەن دېدى. مەۋلانە جالالىدىن: ئەلۋەتتە، بىر دىنسىز- تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولىدۇ، دەپ ئىككىسى بىرلىكتە كەلدى. تۇغلۇق تۆمۈر خان قىزىل چېدىر قۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدا كۆرۈش قويۇپ ھەيۋەت بىلەن ئولتۇراتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: نېمە دەپ ۋاقىرىدىڭ؟ دەپ سورىدى. مەۋلانە جالالىدىن: «ھەييە ئەلەس سالات» (ئەي جاما ئەت- مەھەللە خەلقى، نامازغا كېلىڭلار) دەپ چاقىردىم، دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئالدىدا بويىنىغا ئالتۇندىن قوڭغۇراق ئېسىلغان بىر ئىت ياتاتتى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانە جالالىدىنغا قاراپ: سەن ياخشىمۇ

ياكى مېنىڭ ئىتىم ياخشىمۇ؟ دەپ سورىدى. جالالىدىن: ئەي دىنىسىز، ئىمان (خۇدانى تونۇش) مەندە بولسا، مەن ياخشى؛ ئەگەر سېنىڭ ئىتىڭدە بولسا، ئىتىڭ ياخشى، ئەگەر ئىمان سەندە بولسا، سەن ياخشى، ئېتىبار پەقەت ئىماندا، دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: ئىمان دېگىنىڭ نېمە؟ دەپ سورىدى. مەۋلانە: ئىمان دېگەندە كۆپچىلىك ئالىملار، خۇدانى تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى جەھەتتە تەستىقلاپ قايىل بولۇش، دەيدۇ؛ بەزى ئالىملارنىڭ كۆزقارشىچە، ئاللاھقا ھېچ بىرنەرسىنى ئوخشىتىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنى بىردەپ ئىمان ئېيتىش كېرەك؛ پەرىشتىلەرنى ئېتىراپ قىلىش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى، ئەۋەتكەن كىتابلىرىنى تونۇش، پەيغەمبەرلەرنىڭ بارچىسى ھەق ۋە ھەقىقىي دەپ ئېتىراپ قىلىش، خۇدانىڭ بارلىق تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، قىيامەت كۈنى ئادەملەر تىرىلىپ ياخشىلىق- يامانلىق ئۈچۈن ھېساب بېرىش، جەننەت- دوزاقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قايىل بولۇش ئىمان دۇر، دەپ جاۋاپ بەردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: ئەي ھىممەتلىك، غەيرەتلىك كىشى، ئۆزەڭ كىم بولىسەن؟ دەپ جالالىدىندىن سورىدى. جالالىدىن مەن ئەبۇھەبىس كىبىر بۇخارىنىڭ ئوغلى بولىمەن، دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: ئەي خوجا راست، توغرا دىن سىزنىڭ دىنىڭىز ئىكەن، بىزنىڭ دىنىمىز ناتوغرا، ئاساسسىز ئىكەن، دېدى. جالالىدىن: ئەي شاھ، ئىسلام دىنى شەرىپىگە كىرىڭ، دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: ئەي ئالىم، ھازىر بۇيەرگە ئۆزكىشىلىرىم بىلەن كەلدىم، ئەگەر ئىسلامغا كىرىپ ئۆز يۇرتۇمغا (پايتەختىمگە) قايتسام خەلقىم: سەن «ئاقداستار» (ئاق سەللىلىك) لەرنىڭ دىنىغا كىرىپسەن، دەپ قارشى تۇرىدۇ، مەسىلىھەت شۇنداق بولسۇنكى، مەن ھازىرچە قايتاي، يۇرتقا بېرىپ ئۇ يەردىكىلەرنى ھەم ئىمانغا چاقىراي، سىز ئىلىغا بېرىڭ، دېدى. جامالىدىن قوبۇل قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان قايتماقچى بولغاندا، جالالىدىن: مېنىڭ ئۆمرىم ئىلىغا بېرىشقا يەتمىسە، ۋەدىڭىزدىن قايتماڭ، مېنىڭ ئوغلۇم ئەرشىدىن بارسۇن، دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىدىننى چاقىرتىپ، ئۇبىدان تونۇۋالدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان خوشلىنىپ يۈرۈپ كېتىدۇ......ئۇزاق ئۆتمەي جالالىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مۇسۇلمان قىلىشنى ئوغلى ئەرشىدىنگە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئەرشىدىن ئاتىسى جالالىدىن ۋاپات بولۇپ 40 كۈندىن كېيىن قىرىق نەزىرسىنى بېرىپ، تاغ يولى بىلەن يۈرۈپ مۇزات داۋىنىغا بېرىپ، داۋاندىن ئۆتۈپ بولغاسۇن( ئىلى)غايېتىپ بارىدۇ ۋە ئەتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن كۆرۈشۈپ ، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن دادىسى جامالىدىننىڭ ئايكۆلدە( ئاقسۇدا ) كۆرۈشۈپ ۋەدىلەشكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنى تونۇپ ئۇنىڭدىن هال ـ ئەهۋال سوراپ، ئاتىڭىز جالالىدىن كەلدىمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئەرشىدىن جاۋاپ بېرىپ :«ئاتام ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى، ماڭا قىلغان ۋەسىيىتى بويىچە، ھەم سىزنىڭ ئاتامنىڭ ئالدىدا قىلغان ۋەدىڭىزگە ئاساسلىنىپ كەلدىم » دەيدۇ. تۇغلۇق تۆمۈر خان : راست ، دەيدۇ. ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئىمان ئېيتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ ، ئۇ قوبۇل قىلىپ« لائىلاهە ئىللەللاھۇ ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا » دەپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بارلاس ، ئارلات ، دوغلات قاتارلىق جەيساڭلىرىنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ ، ھەممىسى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولىدۇ ، يالغۇز بۆكەجوراس ناملىق پالۋان ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمايدۇ. نۇرغۇنلىغان بەس ـ مۇنا زىرىدىن كېيىن، ئۇ ئەرشىدىن بىلەن چېلىشماقچى بولىدۇ ، ئەگەر بۇلارنىڭ قايسى بىرى يىقىلسا، ئۇ مەغلۇپ بولغان ھېسابلىنىپ ، غالىب بولغۇچىنىڭ دىنىغا كىرىشنى ۋەدىلىشىدۇ. ئەرشىدىن بۆكەنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ يىقىتىدۇ ، بۆكەجوراس مۇسۇلمان بولىدۇ ، شۇكۈنى 80 مىڭ غەيرى دىندىكىلەر مۇسۇلمان بولىدۇ. يىراق قەبىلىلەرگە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئادەم ۋەخەت ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولىدۇ[1] . بۇ بايانلارمۇ

[1] «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 80 ـ بەت.

ئوخشاشلا قويۇق دىنىي ئەپسانە تۈسىگە ئىگە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنى نەقىل كەلتۈرۈشىمىزدىكى مەقسەت ــ بۇ ئەپسانىلەرگە تەنقىدى مەيداندا تۇرۇپ ئىلمى نۇقتىدىن خۇلاسىلاش ئارقىلىق، تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا ئازدۇر ــ كۆپتۇر ياردىمى تەگسە ئەجەپ ئەمەس، دېگەندىن ئىبارەت، خالاس.

ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر ۋە شۇيەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلار تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. بىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۆسمى تارىم دېگەن سۆزنىڭ يەشمىسىدىن (ئۆسمى تارىم ـ ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا دەپ چۈشەندۈرگەن) بۇ پىكرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز[①]. شىنجاڭنىڭ نامدىكى پادىشاھى بولغان موڭغۇل خانىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى- ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىۋاتقان موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كىتىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ قالغانىدى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنى تېزلىتىپلا قالماي، موڭغۇللارنىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىگە كىرگەندىن كېيىن، 160 مىڭ موڭغۇل ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى داۋاملىق تارقاتقان. مەسىلەن، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا ئۆزى لەشكەر

① مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىرىنچى توم 175- بەتتە ئۆسمى تارىم دېگەن سۆزگە ئىزاھات بېرىلىپ، ئۆسمى تارىم، ھازىرقى تارىم دەرياسى. ئۇزاماندا كۇچانىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئاھالە ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغاچقا، ئىسلام دىنىغا تېخى كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈپ «ئىسلام ئېلى» دېيىلگەن.

تارتىپ، قارا قوچو بىلەن تورپاننى ئىشغال قىلىپ، شۇيەردىكى ئاھالىلەرنى مۇسۇلمان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇرايونلارمۇ مۇسۇلمان رايونى بولۇپ قالغان .

توغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆز قوۋمى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار شۇ دەۋردە يېزىلغان «ئىككى بەختىنىڭ قوشۇلۇشى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان«شەجەرئىي تۈرك» ، «تارىخىي رەشىدىيە زەيلى» قاتارلىق پارسچە، ئەرەبچە، چاغاتايچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئاساسەن ئوخشاش خاتىرىلەنگەن، بۇھال يۇقىرىقى تارىخى ۋەقەنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، توغلۇق تۆمۈرخان ئۆزقوۋمى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكى قوۋمىنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت كەتكەن. چۈنكى، موڭغۇللار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈرگەچكە، دەسلەپتە ئىسلام دىنىنىڭ پەرىزلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلالمىغان، دىنىي قائىدە- يوسۇنلارنى تولۇق بەجا كەلتۈرمىگەن. شۇڭا، ئەينى چاغدا مىرزا ھەيدەرگە ئوخشاش خېلى تەقۋادارئىسلام مۇرىتلىرىمۇ بۇ موڭغۇللارنى «ئىسلام دىنىغائېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئىسمى - جىسمىغالايىق مۇسۇلمان دېيىشكە بولمايدۇ» دەپ ھېسابلىغان . شۇچاغدا ئىسلام دۇنياسىدا ،ئىسلام دىنىگە كىرگەن موڭغۇللارنى مال بازىرىدىكى بىدىكلەرگەئوخشىتىپ ، بىدئەت ھېسابلايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان① . ئەمما موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە ئىسلاملاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى نەتىجىسىدە ، يالغۇز موڭغۇللارنىڭ ئىسلاملىشىش قەدىمى تېزلىتىلىپلا قالماي ، بەلكى شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلاملىشىش قەدىمىنىمۇ تېزلەتكەن . مەسىلەن ، توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى خىزىر

---

① تيەن ۋېيجاڭ : « يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋە روناق تېپىشى »« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەرتەتقىقاتى» 1987- يىلى ( ئىچكى ) 12- سان .

خوجا مىلادى1383- يىلى بەشبالىقتا ( جىمسساردا ) ھاكىمىيەت ئورنىغا چىققاندىن كېيىن ، مىلادى 1389- يىلى تۇرپان ۋە قاراغوجىغا قارىتا « غازات » ئېلىپ بېرىپ ، زوراۋانلىق بىلەن بۇددا دىنىنى يوقىتىپ ، بۇددا ساگرامىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، خەلقلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلغان . ئەمدى موڭغۇللارنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا كەلسەك ، خىزىر خوجىنىڭ تەخت ۋارىسى مەخمۇت خان « دۆلەتمەن شاھزادە ۋە ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىدى » . موڭغۇللارنى ئىسلام دىنىغە كىرگۈزۈش ئۈچۈن مەھمۇد خان تۈرلۈك مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللاندى . مەسىلەن ، سەللە يۆگىمىگەنلەرنىڭ بېشىغا ئات تاقىسى قاقتى ①.

قىسقىسى ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشى موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن ھەقىقى ئەمەلگە ئاشتى . بۇ دەۋرلەردە موڭغۇل خانلىرى زورلۇق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ، بەزى خانلار ھەتتا قانۇن — پەرمان چاكارلاپ ، ئېچىنىشلىق جازا قوللىنىپ ، ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمايدىغان ۋە ئىسلام ئادەتلىرىگە قارشىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى جازالىدى . بۇ خانلارنىڭ ئىزچىل تۈردىكى قاتتىق قول سىياسىتى نەتىجىسىدە 14- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئىسلام دىنى شەرقىي شىنجاڭدا كەڭ تۈردە ئەۋج ئېلىپ ، بۇددا دىنىنىڭ تارىخىغا خاتىمە بەردى . ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان سوپىزمچى ئاتالمىش « خوجىلار » نىڭ 15- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بۇخارادىن قەشقەرگە ئېقىپ كىرىشى بىلەن ، شىنجاڭدا دىنى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئوتتۇرىسىدا شىنجاڭ تارىخىدا تەخمىنەن 300 يىل داۋام قىلغان توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى خانىۋەيران قىلدى ، ئۇلارنىڭ يولسىز ئەقىدىلىرى شىنجاڭ خەلقىگە مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى كەلتۈردى .

---

① « تارىخى رەشىدى » خەنزۇچە تەرجىمىسى 2- قىسىم 233- بەت .

## تۆتىنچى باب

# خوجىلار دەۋرى ۋە غەيرىي ئىسلام ئەقىدىلىرى

### 1 - تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى

11- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ سوپىزىم (تەسەۋۋۇپ) ئىدىيىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تورده تارقىلىپ ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ئىچىدە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولۇشقا باشلىدى ۋە كۆپلىگەن سوپىزمچى « پىر» لار مەيدانغا كەلدى . سوپىزىم بىرخىل پەلسەپەۋى سىستېما ، بىر خىل ئېتىقاد، يەنى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى يەككە بارلىق ( ۋەھدەتى ۋۇجۇت ) چۈشەنچىسى بىلەن بايان قىلىپ بېرىدىغان دىنى ۋە پەلسەپەۋى ئېقىم بولۇشقا قارىماي ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ، ئوخشىمىغان « پىر» لار تەرىپىدىن ئۇنىڭ مەزمۇنى ، شەكلى كۆپ خىل تەرىقەت تۈسىنى ئېلىپ ، ھەر خىل تەرىقەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەخسۇس « مۇراسىم ۋە قائىدىلىرى » بارلىققا كەلدى . بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ساپ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلىنىپ، ئاتالمىش « پىر» لارنىڭ خەلقنى نادانلىق ، جاھالەتتە قالدۇرۇش بەدىلىگە شەخسىي بايلىق توپلىشى ۋە سىياسىي ئىمتىيازغا ئېرىشىشىدىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالدى .

تەسەۋۋۇپ سۆزىنىڭ قايسى تىلدىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت . تونۇلغان ئالىم ئابدۇلكېرىم قۇشەيرى « رىسالەئى قۇشەيرىيە » دىگەن ئەسىرىدە بۇ توغرىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :« بەزىلەر بۇ سۆزنى ئەرەبچە ‹ ساف › ياكى

《 سوٗففه 》 سوٚزلىرىدىن كېلىپ چىققان ، دەپ خاتا چۈشەندۈرۈپ ، تەسەۋۋۇپ ئەرەبچە 《 يۇڭ 》 مەنىسىنى بىلدۈردىغان 《 سۇف 》 سوٚزىدىن كېلىپ چىققان ، سوپىلار يۇڭلۇق كىيىم ( جەندە ) كىيگەنلىكلىرى ئۈچۈن ، ئۇلار بىرلىك بىلەن ئاتىغاندا 《 سۇفى 》 ، كوٚپلىك بىلەن ئاتىغاندا 《 سۇفىيە 》 دەپ ئاتالغان، دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە 《 سوف 》 يۇنانچە 《 سوفىيا 》 ( سوفۇس ـ ھىكمەت ) سوٚزىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، 《 پەيلا سوف 》 تىكى 《 سوف 》 نىڭ ئەينى . چۈنكى، پەيلاسوف 《 ھىكمەت سوٚيگۈچى ، ھەكىم 》 مەنىسىدە . مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاساسى ئاللاھ ، ئەڭ يۇكسەك بىلىم ئاللاھقا خاس . ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدىن بىرى 《 ھەكىم 》 دۇر . يۇنانچە سوفۇس ياكى سوفىيا ھىكمەت دېمەك بولىدۇ . تەسەۋۋۇپ بولسا ، ئەقىل يەتمىگەن ساھەلەرگە ، ھەقىقەتكە پەقەت قەلب كوٚزى، سەزگۈ كۈچى ، خىلۋەتتە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ھېسسىي يول بىلەن ئېرىشىشكە بولىدىغانلىقىنى قوللايدىغان پەلسەپەۋى ۋە دىنىي تەلىمات . بۇ ئىسلامىيەتتە تەسەۋۋۇپ ( سوپىلىق ) ، خىرىستىيانلاردا ئىستىمىزم دېيىلىدۇ » .

ئەمما مەيلى تارىخ ياكى ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ كوٚپىنچىسى بولسۇن، مەزكۇر ئېقىمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرىقەت يولى ، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىلىرى ھەم ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىبادەت جەھەتتىكى بەزى ئۇمۇمىيلىقى قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئالغان ھالدا 《 تەسەۋۋۇپ 》 ياكى 《 سۇف 》 دېگەن سوٚزلەرنى ئەرەبچىدە يۇڭ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان《 سۇف 》 سوٚزىدىن كېلىپ چىققان ، سوپىلار يۇڭلۇق كىيىم ( جەندە ) كەيگەنلىكلىرى ئۈچۈن ، ئۇلارنى بىرلىك بىلەن 《 سۇفى 》 ، كوٚپلىك بىلەن 《 سۇفىيە 》 دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان، دەپ قارىشىدۇ . بۇ خىل قاراش سوپىزمچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىر قەدەر ئۇيغۇن بولغاچقا كوٚپىنچە ئالىملارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن .

سوپىزم ئەرەبىستانلىق ئوبۇلھاشىم ، زۇنۇن مىسرىلەر تەرىپىدىن

8- ئەسىردە ئىجاد قىلىنغان . شام ئارقىلىق ئېرۇسالىم ، يەمەن ، مىسىر ، ئىران ، ئىراق ، مەككە ، مەدىنە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان . سوپىزم ئىدىيىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا ، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلار مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى روھانىلار توپلاشقان مەركەزگە ئايلىنىپ ، ئىسلام دۇنياسىدا تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان . جۈملىدىن ، ئۇنىڭ تەسىردە تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى شىنجاڭدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، شىنجاڭدىكى كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ مادىدى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئۆزىنىڭ جاھالەت تامغىسىنى باسقان . كېيىنكى باپتا تەسەۋۋۇپ توغرۇلۇق مەخسۇس توختىلىمىز . بۇيەردە بىز پەقەت تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ، ئاتالمىش تەسەۋۋۇپچى « خوجىلار » نىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان خەلقىگە كەلتۈرگەن مىسلىسىز ئازاب – ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدە نۇختىلىق توختىلىپ ئۆتىمىز .

خۇددى ئىسلام دىنىنىڭ قايسى دەۋردە شىنجاڭغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل قاراش بولغىنىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭمۇ قايسى دەۋردە شىنجاڭغا تارقالغىنى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت . بەزىلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان سوپى مەزھىپىنىڭ تارقاتقۇچىسى نىشاپۇرلۇق ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەت كاراماتىنىڭ ۋەز – نەسەھەتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ، شۇڭا سوپىزم سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىن باشلاپلا شىنجاڭدا تارقىلىشقا باشلىغان [1]دەپ قارىسا ، بەزىلەر 13- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سەئىد جامالىدىن دېگەن كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەرىقەت ئېقىمىنى تەشۋىق قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىرانلىق ھەبىب نەجمى دېگەن ئىشانلارمۇ شىنجاڭغا كېلىپ سوپىزمنى تەشۋىق

---

[1] جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخى مەجمۇئەسى « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » 1- توم .

قىلغان ، 1348- يىللىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان سەئىد جامالىددىننىڭ ئوغلى جالالىددىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ ، سوپىزمنىڭ قادىرىيە مەزھىپى قەشقەر ، خوتەن ، يەكەن ، ئاقسۇ ، بۈگۈر ، كورلا ، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ ، بۇ مەزھەب ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنى « ئىسلامىيە مەزھىبى » دەپ ئاتىۋالغان . ئۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ، خوراسانلىق ئىسلام شەيخ دېگەن كىشى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىشانلىق قىلىپ، سوپىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، بىرقىسىم خەلپىلەرگە ئىرشات بەرگەنلىكتىن ، ئۇلار ئۆزلىرىنى « ئىسلامىيە مەزھىبى » دەپ ئاتىۋالغان . ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ئەقىدە ۋە تەشەببۇسلىرى يەنىلا قادىرىيە مەزھىپىگە تەئەللۇقدۇر، دەپ قارىشىدۇ[1] . يەنە بەزىلەرئىرانلىق شەيخ ھەبىب نەجمى دېگەن كىشى 14- ئەسىردە قەشقەرگە كېلىپ سوپىي مەزھىپىنى تارقاتقان ، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، سوپىي مەزھىپىنىڭ تەسىرىمۇ ئاستا - ئاستا يوقالغان . 15- ئەسىردە خوجا ھۇسەيىن پەيزۇللا دېگەن كىشى قەشقەر ، يەكەن قاتارلىق جايلاردا سوپىزمنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان . 17- ئەسىردە ھىندىستاندىن كەلگەن خوجا مەخمۇد شىرىپ دېگەن ئىشان يەكەندە ئىشانلىق قىلىپ ، ئۆزىگە مۇرىت توپلاپ «خانىقا» لەرنى سالدۇرۇپ ، ئون يىلغا يېقىن ئىشان مەزھىپىنى ( سوپىچىلىق ) تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان، [2]دەپ قارايدۇ . يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر بولسا ، ئىشان مەزھىپى نەمانگانلىق شەيخ ئەخمەت كاسانى ( مەخدۇم ئەزەم ) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن شىنجاڭغا تارقالغان ، 16- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ، مەخدۇم ئەزەم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركمەنىستان ، قازاقىستان ، تاجىكىستان ، ئۆزبېكىستان قاتارلىق رايونلىرىدا

---

[1] ئا . سايىت :« سوپىزم ۋە بىرقانچە دىنىي مەزھەبلەر توغرىسىدا چۈشەنچە » شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى 1- توپلام

[2] « ئىشان مەزھىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە شىنجاڭغا تارقىلىشى » شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما .

ئىشان مەزھىپىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە بۇ مەزھەپ خېلى چوڭ تەسىرگە ئىگە بولغان . كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن خوجا ۋە ئىسھاق خوجىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئىشان مەزھىپى ئافغانىستانغا تارقالغان . ئىسھاق خوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا قەشقەر ، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئىشان مەزھىپىنى پائال تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان . مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى ، ئىلگىرى — ئاخىر بولۇپ ئىران ، ئىراق ، مەككە ، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بارغان . ئىيتىشلارغا قارىغاندا ، مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا قەشقەردە ئىشان مەزھىپىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەيتتە سەمەرقەنتتىن ئون سەككىز سوپى كەلگەن ، كېيىن بۇ سوپىلار مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا بىلەن بىرلىكتە قەشقەر ، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئىشان مەزھىپىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان[1] ، دەپ قارىشىدۇ . بۇنىڭدىن سۈپىزمنىڭ 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تا 16- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

## 2 . جالالىدىن خوجا ۋە ئەرشىدىن جەمەتى

14 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋلىيا مازارلىرىغا ئېتىقاد قىلىش كۆچەيدى . ئايرىم شەخسلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە تاۋاپ قىلىش ، ئۇلارنىڭ يولىدا قۇربان بولۇشقا ئوخشاش بىر قاتار ھەرىكەتلەر يېڭىچە شەكىلدە پەيدا بولۇشقا باشلىدى . جۈملىدىن ئۆز نەسەبلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلىگە باغلايدىغان نەقشىبەندىچىلەر بالىققا كېلىپ ، بۇ مەزھەپ كاتىباشلىرى « خوجا » دەپ ئاتالدى . ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ « خوجا »

---

[1] « ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى » ئىچكى ماتېرىيال .

لارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى . «جالالىددىن بۇخارى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر ، ئابدۇرېشىد خانلار توغرىسىدىكى تارىخىي قىسسە » دىكى بايانلارغا قارىغاندا ، شىنجاڭغا تۇنجى بولۇپ سوپىزمنى تارقاتقان كىشى بۇخارالىق جالالىددىن خوجا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن .

قىسسەدە رىۋايەت قىلىنىشىچە ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوشنا ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىپ « قەھرىمانلىق » بىلەن نام چىقارغان شاھىنشاھ قانخور چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى ، جۈملىدىن بۇخارانى بېسىۋېلىپ ، نۇرغۇن خەلقنى قىرغان ، بۇ قىرغىندا ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئالىملار ، سەنئەتكارلار قىرىپ تاشلانغان . قۇتۇلۇپ قالغانلار ئەتراپقا قېچىشقا مەجبۇر بولغان ، جۈملىدىن مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەبىس كىبىرنىڭ ئوغلى جالالىددىن بەلىخلىك شاگىرتى شەيخ شاھابىددىن بىلەن ئۆزىنى يوشۇرۇپ قېچىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىپ ، ئاخىر كېتەك شەھىرىگە ( شىنجاڭدىكى قارا قۇرۇم تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمىي شەھەر بولۇشى مۇمكىن . ئېلىمىزدىكى بەزى خەنزۇ تەتقىقاتچىلار ماقالىلىرىدە جالالىددىن تۇرپان بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەردىن بولغان لوپ چەتتەيي بازىرىغا پالانغان، دەپ نەقىل كەلتۈرىدۇ ) قېچىپ بارغان ۋە بۇ شەھەردە 15 كىشىنى مۇسۇلمان قىلغان . بۇ شەھەرنى قوم بېسىۋالغاندىن كېيىن ، ئاقسۇدىكى ئايكۆل يېزىسىغا ماكانلىشىپ ئەرشىددىن خوجا ئىسىملىك ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان . تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئىشى جالالىددىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىددىن خوجا ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان . كېيىن ئەرشىددىن خوجا كۇچاغا كۆچۈپ بېرىپ ، دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەيخ نىزامىددىننىڭ قىزى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇپ

ئىككى ئوغۇللۇق بولغان .

شەيخ جالالىدىن بىلەن ئوغلى ئەرشىدىن خوجا تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا يۈكسەك ئابروي تاپقان ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا دىنى جەھەتتە ئەڭ مەرتىۋىلىك ئائىلە بولۇپ قالغان . تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىدىن خوجا ئائىلىسىگە تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئىمامىلىق ئىمتىيازىنى بەرگەن ۋە ھەرىيلى ئىككى نەپەر بەگدىن رامىزاننىڭ پىتىرىسىنى ، مال ـ دۇنياسىنىڭ زاكىتىنى ئەۋەتىپ تۇرغان . ئەرشىدىن ئائىلىسىدىكىلەر ئۆز ئىمتىيازلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئاۋام پۇقرالاردىن مۇرىت يېتىشتۈرۈپلا قالماي ، خانلىق ئوردا خادىملىرىنىمۇ ئۆزلىرىگە مۇرىت قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن . نەتىجىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان باشلىق چوڭ ـ كىچىك ھۆكۈمدارلار ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتىغا ئايلىنىپ ، ئەرشىدىن خوجا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دىنىي داھىسى ( پىرى ) بولۇپ قالغان . ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا كۇچادا ۋالىدىيە مەدرىسىنى قۇرۇپ چىقىپ ، نۇرغۇنلىغان باللارنىڭ دىنى ساۋاتىنى چىقارغان ۋە ئوردا ئەھلىدىن تەركىب تاپقان خېلى زور ساندىكى سوپىزمغا سادىق ئىشانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ ، ئۇلارنى ئاقسۇ ، قاراشەھەر ، تۇرپان ، قەشقەر ، يېڭىسار ، يەكەن قاتارلىق جايلارغا سوپىزم ئەقىدىلىرىنى تارقىتىشقا ئەۋەتكەن . ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ تەسىردائىرىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن .

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، تۇغلۇق تۆمۈرخان جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغۇللىرى ۋە بەگلىرىگە ھەممە ئىشتا ئەرشىدىن خوجىغا ئىخلاس قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان ، ھەتتا كېيىنكى چاغلاردا خىزىر خوجىنى تەخت ۋارىسى قىلىش ، ۋەزىر ـ ھۆزرالارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئىشلىرىمۇ ئەرشىدىن خوجىنىڭ تەستىقىدىن

ئۆتكۆزۈلگەن. تۇغلۇق تۆمۈر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خىزىر
خوجىنى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمىر خۇدا
دوست 30 كىشى بىلەن 100 ئات، 500 كالا، 1000 قوي، 50 تۆگە،
15 قۇلنى ئېلىپ ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلگەن.
ئەرشىدىن خوجا ئۇلارنى كۇتىۋالغاندىن كېيىن، خىزىر خوجا تۇغلۇق
تۆمۈرخاننىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇش، ئەمىر خۇدا دوست ئۇنىڭغا ۋەزىر
بولۇش، ئىلياس خوجا ئاقسۇغا، چىن تۆمۈر خان بەربەرگە پادىشاھ
بولۇش توغرىسىدا خەت پۈتۈپ بەرگەن[1]. ئەرشىدىن خوجا
جەمەتىنىڭ بۇخىل دەخلى تەرۇزسىز ئىمتىيازى بۇ جەمەتنى ھەددى-
ھېسابسىز مال — دۇنياغا ئىگە قىلغان. «تارىخىي رەشىدى» دە
بايان قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈر خان ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى
ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرگە ئاقسۇ، تۇرپان، كۇچا قاتارلىق
جايلاردىكى نۇرغۇن يەرلەرنى ۋەخپە قىلىپ بەرگەن ۋە بۇ يەرلەرنىڭ
تېرىقچىلىقى ئۈچۈن قۇللارنى ئاجراتقان. ئەرشىدىن جەمەتى
جالالىدىنىنىڭ مازىرىغا كىشى قارىتىش بانىسى بىلەن ئاقسۇدىن 500
ئائىلىلىك دېھقاننى مەجبۇرىي ئايكۆل يېزىسىغا كۆچۈرۈپ، چەكسىز
كەتكەن قىشلاق بەرپا قىلغان ۋە بۇ دېھقانلار ئۇلارنىڭ قۇلىغا
ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنىڭ كۆلىمى شۇدەرىجىگە
يەتكەنكى، كۇچاردىكى يارىق ئۆستىڭى، ئوكانداۋاش ئۆستىڭى ۋە
تۇرپاندىكى ئۇستۇنجاي ئۆستەڭلىرى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان تېرىلغۇ
يەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بولغان.
ئۇنىڭدىن سىرت، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى كۆپلىگەن
تەقۋادار مۇسۇلمانلار بۇ جەمەتكە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئۇلارنى
ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنىڭ «دۇئاسىنى» ئېلىش ئۈچۈن
ئۆزلىرىنىڭ پۇل — پۇچەك، يەر ۋە مال — دۇنيالىرىنى سوۋغا
قىلىشقان. ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەربولسا ھەتتا مەسچىت ۋە

---

① «جالالىدىن بۇخارى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر، ئابدۇرېشىد خانلار توغرىسىدىكى تارىخىي قىسسە» شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار 1- توم.

مەدىرىسەلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىپ ، يېرى يوق دېھقانلارغا ئىجارىگە بەرگەن ۋە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كۆپلەپ هارام پايدىغا ئېرىشكەن[1] .

كېيىنكى چاغلاردا ، ئەرشىدىن جەمەتى ئىقتىسادى ئورنىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ خانلىقىنىڭ هاكىمىيەت ئىشلىرىغا هەددىدىن زىيادە چات كىرىپ، ئۇۋەيسخاننىڭ نارازىلىقى، هەتتا ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغان . نەتىجىدە ، ئۇۋەيسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ، ئۆز هاكىمىيىتىنى مۇستەهكەملەش ۋە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ هىمايىسىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقىشبەندىيە مەزهىپىنىڭ چوڭ ئۆلىماسى بۇخارالىق مەخىم كاساننى ئۆزىگە ئۇستاز بولۇشقا تەكلىپ قىلغان . بۇنىڭ بىلەن ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ دىنى تەسىرى ۋە ئورنى تۆۋەنلەپ ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دىنىي هوقۇقى مەخىم كاساننىڭ قولىغا ئۆتۈشكە باشلىغان . نىزامىدىن هۇسەيىننىڭ « يولسىز ئەقىدە ــ سويىزم شىنجاڭدا » ناملىق تارىخي ئوبزورىدا مۇنداق بىر بايان ئۇچرايدۇ : « مەخدۇم ئەزەم مىلادى 1456 ــ يىلى ئىمام مۇهەممەت پىزالىدىن تەرىپىدىن ئاقسۇدا تەشكىل قىلىنغان كوسەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ، كېيىنرەك ئاقسۇ ، يەكەنلەرنىڭ ، ئاخىرىدا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك هاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ ، مانا شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بۇخارا ئەتراپلىرىدىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى سۈپىتىدە بىر بۆلۈم سوپى ، دىۋانىلەر تۈركۈم ــ تۈركۈملەپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ ، كۆپىيىشكە باشلايدۇ . باشلىرىغا كۇلا، ئۇچىسىغا جەندە كىيىۋالغان ساپايىلىق دەرۋىش ، دىۋانە ــ قەلەندەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ هەممە شەهەر ، يېزا ــ قىشلاقلىرىغا يامىرىشىپ ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنىدا سوپىزمنىڭ يارىماس غايىلىرىنى تەرغىب ۋە

---

[1] ماپىنيەن : « شىنجاڭ دىن تارىخى »

تەشۋىق قىلىشىدۇ » [1] . بىزنىڭچە نىزامىدىن ھۈسەيىن« يولسىز ئەقىدە — سوپىزم شىنجاڭدا » ناملىق ماقالىسىدە مەخمۇ كاساننى خاتا ھالدا مەخدۇم ئەزەم دەپ يېزىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى، مەختۇم ئەزەم ( ئەخمەت كاسانى ) مىلادى 1461 — يىلى تۇغۇلغان بولۇپ ، سۇلتان ئابدۇرېشىدخان دەۋرىدە قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ مىلادى 1456 — يىلى ئاقسۇدا تەشكىل قىلىنغان كۇسەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس . پەقەت مەخمۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىنىڭ كاسانى بولغىنىغا قاراپلا ئۇنى مەخدۇم ئەزەم دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن . دىن تەتقىقاتچىسى ماپىنيەن ئۆزىنىڭ « شىنجاڭ دىن تارىخى » دېگەن كىتابىدا ئۇۋەيسخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق ماخما كاسانى دېگەن كىشىنى ئۇستاز تۇتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ماخما كاسانى بىلەن مەخمۇ كاسانى بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن . ئۇۋەيسخاندىن كېيىنكى خانلارمۇ ئوخشاشلا ئۇۋەيسخاننىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئۆز« پىر لىرى » نى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تەكلىپ قىلىشقا ئۆتكەن . بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئازدۇر — كۆپتۇر نام قازانغان نەقشىبەندىيچى سوپىلار ئايىغى بېسىلماستىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ — كېتىپ تۇرغان .

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، مىلادى 1521 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە تەرەپدارلىرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ بىننى ئابدۇللا يەكەنگە كېلىپ نەقشىبەندىيە ئېقىمىنى تارقىتىشقا باشلىغان . مىلادى 1525 - يىلى يەنە بىر داڭلىق نەقشىبەندىيىچى خوجا خاۋەندى يەكەنگە كەلگەن ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سەئىدخان باش قويۇپ ئۇنىڭ مۇرىتىغا ئايلانغان . مىلادى 1533 - يىلى سەئىدخان ئالەمدىن ئۆتۈپ

---

[1] نىزامىدىن ھۈسەيىن : « يولسىز ئەقىدە — سوپىزم شىنجاڭدا » ، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ( ئىچكى ژۇرنال ) 1985- يىلى 3- سان .

ئادۇرېشىدخان ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، نەقشىبەندىيە ئېقىمى ئالاھىدە جانلىنىشقا باشلىغان. سۇلتان ئابدۇرېشىدخان تەختتىكى مەزگىلدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيچىلەرنىڭ 5 - ئەۋلاد ئىمامى، نەمەنگانلىق خوجا — مەخدۇم ئەزەمنىڭ «ئەۋلىيا» لىق سۈپىتى بىلەن قەشقەرگە كېلىشى ھەمدە قەشقەرنى ئاساس قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يۇقىرى ئىمتىيازغا ئېرىشىشى كېيىنكى ئەۋلاد خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خەلقنى نادانلىق، جاھالەتتە قالدۇرۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەن.

## 3. خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋەيسىيە مەزھىپى

1543- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە تەرىقەتچىلىرىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن بولغان خوجا مۇھەممەد شېرىپ قەشقەرگە كېلىپ، ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىغا تاۋاپ قىلغان ھەمدە ئۇ يەردە بىرمەزگىل تۇرۇپ قالغان. ئۇ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئۇۋەيسىيە مەزھىپىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ مەزھەپنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئابدۇرېشىدخان بىلەن تونۇشقان. ئابدۇرېشىدخان بۇ زاتقا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇ زاتنىڭ شەرىپىگە ئۇن كۈن زىياپەت بېرىپ، خوجا مۇھەممەد شېرىپنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان ۋە يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كۆپلىگەن يەرلەرنى ئۇنىڭغا ۋەخپە قىلىپ بەرگەن. «خوجا مۇھەممەد شېرىپ تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنىشىچە، خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ پەقەت قاغىلىقتىلا 60 پاتمان ۋەخپە يېرى بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت، ئابدۇرېشىدخان ئۇنىڭ ئۈچۈن قاغىلىقتا مەخسۇس خانىقا سالدۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە 10 قۇل ئاجراتقان.

خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ ئابدۇرېشىدخان بىلەن تونۇشۇشى ۋە

ئۇنىڭ ئۇستازى بولۇشى بىردىنلا ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قەشقەر، يەكەندىكى مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ۋە يۇقىرى تەبىقە دىندارلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر، بەيئەت قىلغۇچىلار كۈنسايىن كۆپىيىپ، ئۇ سەئىدىيە خاندانلىقىدا مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان، بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئۇنى يەكەنگە ئەكىتىپ ئوردا ئىشلىرىغا مەسلىھەتچىلىككە قويۇشى ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

خوجا مۇھەممەدشېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سايرام دېگەن يېرىدە تاجىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، يەتتە ياشتا ئاتىسىدىن يېتىم قىلىپ، ئۇسمۇرلۇك چاغلىرىنى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزگەن ۋە ئانىسىنىڭ باپكالىق قىلىپ تاپقان ئازراق كىرىمىگە تايىنىپ، سەمەرقەنتتىكى ئۇلۇغبەگ مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، سوپىزمچى يەسەۋىنىڭ ئىلاھىشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ، تونۇلغان يەسەۋىچى سوپى بولۇپ قالغان ھەمدە ئۆز ئالدىغا سوپى تەربىيىلەش ۋە تەرىقەت ئېقىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى — ئىرشاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا نەچچە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ يېڭىچە تەرىقەت ئېقىمىنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئامالسىز قالغان. شۇڭا، ئۇ سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش نامى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر ئارىسىدا «بۇ مازاردىكى ئىلاھى قۇدرەتنى بىلىپ — بىلمەي كىشىلەرگە ئاشكارىلاپ قويدۇم. بۇ گۇناھىم ئۈچۈن مەككە، مەدىنىگە بېرىپ ئاللاھ تائالاھغا تۆۋە ئىستىغپار ئېيتىمەن»[1] دېگەنگە ئوخشاش گەپ — سۆزلەرنى تارقىتىپ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، يېڭىچە تەرىقەت ئېقىمىنى بەرپا قىلىش

[1] ماپىنيەن: «شىنجاڭ دىن تارىخى» 71 — بەت.

مەقسىتىدە ھەرجايغا قاتراپ، ئاجايىپ كارامەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ساددا مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئۆزىگە رام قىلغان ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىدخاننىڭ ھىمايىسىگە، ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى بايانلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ ۋە ئابدۇرېشىدخانلار توغرىسىدىكى تەزكىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، «خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەجدىن قايتىش سەپىرىدە داۋۇر دېگەن جايدا قونۇپ قالدى. ئەتىسى قايتماقچى بولغاندا، شۇ يەردە 300 يىل بۇرۇن دەپنە قىلىنغان بىر پەتىۋا بەرگۈچى (مۇپتى) نىڭ روھى ئۆزىنىڭ يالغان پەتىۋا يازغانلىق توپەيلى، بېشىدىن تىكەن ئۈنۈپ چىققانلىقىنى ئەرز قىلدى. خوجا شۇ يەرنى كولاپ تىكەننى ئېلىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ كولىماقچى بولغان يەر بىر تۇل خوتۇننىڭ يېرى بولۇپ، ئۇ خوتۇن: ‹يېرىمنى بۇزماڭلار!› دەپ تۇرۇۋالدى. پۇل تۆلەپ بېرەي دېسىمۇ ئۇنىمىدى، ئاقىۋەت خوتۇن ئابدۇرېشىدخانغا ئەرز قىلدى. ئابدۇرېشىدخان بۇ چاغدا ئوۋلاش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە كەلگەنىدى. ئابدۇرېشىدخان تۇل خوتۇننىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ، خوجا مۇھەممەد شېرىپكە خىزمەتچىلەردىن بىرنى ئەۋەتتى: ‹قانداق سۈپى ئىكەن ئۇ، بىراۋنىڭ يېرىنى بۇزمىسۇن› دېدى. خىزمەتچى كېلىپ خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزدى. خوجا ئۆزىنىڭ مەككىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ يەردە بىر ئالىم كىشى كۆمۈلگەن بولۇپ، پەتىۋانى خاتا يازغانلىقتىن بېشىدىن يانتاق ـ تىكەن ئۈنگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولغانلىقىنى سۆزلىدى. خىزمەتچى قايتىپ كېلىپ بۇ سۆزلەرنى خانغا يەتكۈزدى. ئابدۇرېشىدخان ئادەملىرى بىلەن كېلىپ خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراشتى. خان ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خوجا مۇھەممەد شېرىپنى ئۆزىگە دىن ۋە تەرىقەت ئۇستازى قىلماقچى بولۇپ بەيئەت قىلدى ۋە ئۇنى

شەھەرگە تەكلىپ قىلدى »[1] . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇكى ، خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۆزىنى« كارامەت » ئىگىسى قىلىپ كۆرسىتىپ ، سەئىدىيە خاندانلىقىدا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ ھەمدە خانلىقنى پارچىلاش ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش خىيالىدا بولىدۇ . مۇھەممەد شېرىپ خانلىقنىڭ « شەيخۇل ئىسلامى » لىق ئورنىغا ئىگە بولۇشى بىلەن ، پۈتۈن ئەلدە سوپى – ئىشانلىق ئەۋج ئېلىپ ، ئابدۇرېشىدخاننىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ، تەرەققىپەرۋەرلىك غايىلىرى بارا – بارا خوجا – ئىشانلارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ .

نىزامىدىن ھۈسەيىننىڭ « يولسىز ئەقىدە – سوپىزم شىنجاڭدا» ناملىق ماقالىسىدە قەيت قىلىنىشىچە ، مۇھەممەد شېرىپ ئابدۇرېشىدخاننىڭ خوتۇنى – مەشھۇر مۇقامشۇناس ئامانىسساخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازلىرى قىدىرخان قاتارلىق مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى « كۇپۇرلۇق » ئەيىبى بىلەن ئەيىبلەيدۇ . ئامانىسساخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پەتىۋا چىقىرىپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ . ئاخىرى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مۇھەممەد شېرىپ ئابدۇرېشىتخاننى جەدىتلىكتە ئەيىبلەپ ، ئۇنىڭ ئوغلى يېگەنسار ھاكىمى ئابدۇكېرىم خاننى ( ئابدۇكېرىم خان مۇھەممەد شېرىپنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ۋەلى ئىشانغا مۇرىت ئىدى ) ئۆز دادىسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ ، لېكىن بۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ . ئابدۇرېشىتخان كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، خوجا – ئىشانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ، بۆلگۈنچىلىكى ئەدەپ كېتىدۇ . ئابدۇرېشىدخاننىڭ ئوغۇللىرى ئىشانلارنىڭ قاتتىق تىزگىنلەشلىرى ئارقىسىدا بىر – بىرىگە قارشى ۋارىسلىق ماجىرالىرىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ . بۇ ماجىرالارنىڭ ئارقىسىدا

---

[1] « خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر ۋە ئابدۇرېشىد خانلار توغرىسىدا » « شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 1- توم .

بىردىن ئىشان « پىرلىق » قىلىدۇ ، خانلىق قىسمەن پارچىلىنىدۇ . خوجا ــ ئىشانلارنىڭ ھوقۇق ــ مەنپەئەت ئىگىلەش كۆرەشلىرى كۈچىيىپ كېتىدۇ ①. ئابدۇكېرىم خان مۇھەممەد شېرىپ خوجىنىڭ « ئۇۋەيسىيە » مەزھىبىنىڭ تەقۋادار مۇخلىسى ۋە لى سوپىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خانلىق تەختكە چىقىدۇ . مۇھەممەد شېرىپ خوجا مىلادى1565 - يىلى 95 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۇۋەيسىيە مەزھىپى يەكەن خانلىقىدا پەقەت مەھەللىۋى خاراكتېر- لىك مەزھەب بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى خانلىقنىڭ غەربىي قىسمى بىلەنلا چەكلىنىدۇ . ئابدۇكېرىم خان تەختكە ئولتۇرغان مەزگىللەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى ئىسھاق دادىسىنىڭ ئورنىنى بىسىپ سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە ئىشانلىق قىلىپ كېلىدۇ ، ئۇنىڭ قەشقەرگە كېلىشى خوجا ــ ئىشانلارنىڭ ھوقۇق ــ مەنپەئەت كۆرەشلىرىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ ۋە شىنجاڭ تارىخىدا 300 يىلغا يېقىن سوزۇلغان خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولۇپ ، شىنجاڭ خەلقىگە مىسلىسىز كۈلپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ .

## 4 . مەخدۇم ئەزەم جەمەتى ۋە خوجىلار مالىمانچىلىقى

مەخدۇم ئەزەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا شەيخلىق ئورنىنى تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىدۇ . بۇ كۆرەشتە مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالان يېڭىپ چىقىپ دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ ، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا دوست باش خەلىپە ( ئىشان كالاننىڭ جايلاردىكى ۋەكىلى ) بولىدۇ . مەخدۇم ئەزەمنىڭ 7- ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋە لى ھوقۇق تالىشىش كۆرىشىدە مەغلۇب بولۇپ ، ئۆز

---

① نىزامىدىن ھۈسەيىن : « يولسىز ئەقىدە ــ سوپىزم شىنجاڭدا » « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ئىچكى ژۇرنال، 1985- يىلى 3- سان .

ئالدىغا مەزھەپ قۇرۇپ مۇرىت توپلاش مەقسىتىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئافغانىستان ، ئىران قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەرغىبات ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدا ئىسھاقىيە مەزھىپىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ . دەل مۇشۇ پەيتتە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇكېرىم خان خانلىقتىكى چوڭ ـ كىچىك خوجا ـ ئىشانلارنىڭ تەسىرىنى پەسەيتىش مەقسىتىدە مىلادى 1580 - يىلى خوجا ئىسھاق ۋەلىنى يەكەنگە تەكلىپ قىلىدۇ ، بۇ ئىسھاق ۋەلى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى . چۈنكى، ئىسھاقنىڭ ئىسھاقىيە مەزھىپى ئەنئەنىۋى خۇپىيە مەزھىپىدىكى خوجا پەرەس ئىشانلارنىڭ قاراڭغۇ كېچىلەردە خۇپىيانە ئىستىقامەت قىلىش ئادەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇ مەزھىپى بۇخارادىكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى ، شۇڭا بۇخارا ھۆكۈمدارى ئەبەيدۇللاخان ئىسھاق خوجىنى بۇخارادىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . ئىسھاق خوجا قەيەرگە بېرىشىنى بىلەلمەي تۇرغان بۇنداق بىر پەيتتە ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئۇنى تەكلىپ قىلىشى ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولىدۇ . ئىسھاق خوجا يەكەنگە كېلىپ ئون نەچچە يىل ئىچىدىلا خانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 40 مىڭدىن كۆپرەك مۇرىت توپلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسھاقىيە مەزھىپى شىنجاڭدىكى مۇھىم مەزھەپلەردىن بولۇپ قالىدۇ ، نەتىجىدە ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ دىنى ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ . ئۇنىڭ يەكەن خانلىقىدا بۇنداق يۇقىرى ئىمتىياز ۋە شۆھرەت قازىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالاننىڭ قىزغىنىشىنى قوزغاپ ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ يەكەنگە كېلىپ بۇخارالىق بۇ ئاكا ئۇكىلارنىڭ ئىچكى ئارازچىلىقىنى شىنجاڭغا سۆرەپ كېلىشىگە ، يۇرتىمىزغا ئاپەت ئۇرۇقىنى چېچىشقا سەۋەب بولىدۇ . بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يولسىز ئەقىدىلىرى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ئەجدادلىرىمىزنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋېلىپ ،

سادىدا ئاممىنىڭ ئۇلارنىڭ گۇماشتىسىغا ئايلىنىپ ، بىگۇنا جانلارنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ .

تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنىشىچە ، مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالاننىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ ، 17- ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇلار دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارىدىغان جايلار مۇنداق بولۇنغان : چوڭ ئوغلى قاسىم ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخاراغا كۆچۈپ كەتكەن ؛ 2 - ئوغلى مۇسا ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مازار شېرىپنىڭ غەربىدىكى بەلخكە كۆچۈپ كەتكەن ؛ 3- ئوغلى مۆمىن ئاتا — بۇۋىسىنىڭ قەدەم جايى بولغان سەمەرقەنتنى ماكان تۇتقان ؛ 4 - ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ قەشقەرگە كۆچۈپ بېرىپ ، يەكەن خانلىقىدا مەزھەپ تارقاتقان [1] . مۇھەممەد يۈسۈپ ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد سەردارى بولۇپ ، مىلادى 1620 - يىلى ھەجدىن قايتىش سەپىرىدە شىنجاڭغا كەلگەن . ئەينى چاغدا ، يەكەن خانلىقىنىڭ دىنىي ھوقۇقى ئىسھاق گورۇھىنىڭ سەردارى خوجا شادىنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد يۈسۈپ يەركەنگە بارماي ئۇدۇل قەشقەرگە كېلىپ ئەنئەنىۋى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنى تارقىتىپ ، كۆپلىگەن ئىخلاسمەن مۇرىتلارغا ئىگە بولغان . بۇ ھال خوجا شادىنىڭ قىزغىنىشىنى قوزغاپ ، مىلادى 1622- يىلى مۇھەممەد يۈسۈپ ۋەكىللىكىدىكى ئىشان كالان گورۇھى بىلەن ئىسھاق گورۇھى ئوتتۇرىسىدا بىرقېتىملىق كەسكىن كۈرەشنىڭ يۈزبېرىشىگە سەۋەب بولغان .

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇھەممەت يۈسۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قوللىشى ۋە يەكەن خانى ئابدۇلەتىپ خاننىڭ خوجا شادىنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا مايىللىق قىلىشى سەۋەبلىك بىر مەھەل غەلبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىسھاق گورۇھىنىڭ خانلىققا قاتتىق

---

[1] ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ : « شىنجاڭ ئىسلام تارىخى » 264- بەت .

بىسىم چۇشۇرۇشى ئارقىسىدا ئابدۇلېتىپ خاننىڭ پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، مۇھەممەد يۇسۇپنى قەشقەردىن سۈرگۈن قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد يۇسۇپ ئۆزىنىڭ سۈرگۈنلۈك ھاياتىنى ئىسھاق ۋەلى گۇرۇھىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر ئاجىز بولغان قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن ئۆز تەرغىباتىنى داۋاملىق داۋاملاشتۇرۇپ، كەڭ ئامما ۋە ئىسىلزادىلەر ئارىسىدا خېلىلا زور ئىناۋەت تېپىپ، ئۇلارنى سادىق مۇرىتى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ ۋە قۇمۇللۇق دىنىي زات سوپىزىمچى زاھىت مىرزا سەئىد جەلىلى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ قىزى زىلەيخاغا ئۆيلىنىدۇ. 1625 - يىلى مۇھەممەد يۇسۇپ بىلەن زىلەيخادىن ھىدايىتۇللا، يەنى ئاپاق خوجا دۇنياغا كېلىدۇ.

مۇھەممەد يۇسۇپ قۇمۇلدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن 16 يىل جەريانىدا، يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە توختاۋسىز ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، خانلىق تەخت ئورنىدا بىرقانچە قېتىم يېڭىلىنىش بولىدۇ ۋە خوجا شادىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئاقسۇدا غەلىيان كۆتۈرگەن ئابدۇللا خان چالىش تۇرپان لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەكەننى ئىشغال قىلىپ، خانلىق تەختكە ئولتۇرىدۇ. «چوڭ خوجا تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد يۇسۇپ بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش پۇرسىتى كەلدى، دەپ قاراپ، بالا — چاقىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ ھەمدە ئىشان كالانىڭ قەشقەردىكى سادىق مۇرىتى ئابدۇرازاق ئارقىلىق يېڭى خان ئابدۇللا بىلەن تونۇشىدۇ. ئابدۇللا خان ئىشان كالان جەمەتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئەمدىلا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇھەممەد يۇسۇپ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەمدە ئوردىغا قاراشلىق قەشقەر ئاۋات كەنتىدىكى يېرىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىدۇ. خوجىلارنىڭ بۇ سەردارى قۇمۇلدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە ئۇلارنىڭ قەشقەردىكى مۇرىتلىرىغا

ئىشان كالاننىڭ شاگىرتى ئابدۇرازاق باشچىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ قەشقەر ئاھالىسىگە: «ئەي قەشقەرلىقلەر! بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىلەر ماڭا ئەگىشىپ كەلدىڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن پەقەتلا تەيەممۇم، تەيەممۇم دېگەن سۇ يوق چاغدىلا دۇرۇس بولىدۇ. ئەمدى دەريا بويىغا كەلدىڭلار، تەيەممۇمنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ھازىر بىزنى توغرا يولغا باشلايدىغان خوجا كەلدى. ئىقبالىمىزنى ئۆزگەرتىپ، بۇ خوجامغا ئەگىشىش بىزنىڭ بۇرچىمىز» دەيدۇ[①]. مۇھەممەت يۇسۇپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تېزدىن كۆپىيىپ، خانلىقتا مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇللا خاننىڭ چىڭ سۇلالىسى ۋە قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش تەشەببۇسى ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد يۇسۇپ ئاتا ــ بالا ئىككىيلەن دىققەت نەزىرىنى قەشقەرنىڭ ھاكىمى يولۋاسقا ئاغدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. يولۋاس ئابدۇللا خاننىڭ ئوغلى بولۇپ ئۇنىڭ خىيالى، خانلىقنى تارتىۋېلىش ئىدى، شۇ سەۋەبلىك بۇ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل تۇردە ياخشى بولماي كەلگەن. مۇھەممەد يۇسۇپ ئاتا ــ بالا ئىككىيلەننىڭ دىققەت نەزىرىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشىشى يولۋاسنىڭ بۇخىيالىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زور ئۈمىدلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. يولۋاس بۇ خوجىلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، مۇھەممەت يۇسۇپنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد يۇسۇپ بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا ئابدۇللا خان ۋە خوجا شادىغا قارشى بىرلىك سەپ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

مىلادى 1645- يىلى خوجا شادى ۋاپات بولۇپ ئىككى نارسىدە ئوغلى يېتىم قالىدۇ. بۇ مەزگىلدە خوجا شادىنىڭ پەرزەنتلىرى كىچىك بولغانلىقتىن، ئىسھاق مەزھىبىگە ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ

---

① «چوڭ خوجا تەزكىرىسى» «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 12- قىسىم.

چوڭ ئوغلى خوجا سەئىد مۇھەممەد باشچىلىق قىلىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ ئاتا - بالا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يولۋاسنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا مىلادى 1667 - يىلى نەچچە ئون مىڭلىغان غەلىيانچىلارنى تەشكىللەپ ئىسھاقىيە مەزھىپىگە قاشى توپىلاڭ ئۇيۇشتۇردۇ. ئابدۇللا خان بۇ غەلىيانچىلارغا تەڭ كېلەلمەي ئامالسىز خانلىق ئورنىدىن ۋازكېچىپ، ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئابدۇللا خان خانلىق ئورنىنى بوشىتىپ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، يولۋاس جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سەردارى قۇنتەيجى ۋە مۇھەممەد يۇسۇپ ئاتا ــ بالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز رەقىبلىرى ئۇستىدىن غالىب كېلىپ، مىڭ تەسلىكتە خانلىق ئورنىغا چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇ قىلچە ئويلىماستىن پۇقرالىرىمىزنىڭ ئىززەت ــ نەپسىنى دەپسەندە قىلىپ، قۇنتەيجىگە رەھمەت ئېيتىش يۇزىسىدىن قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ۋە خانلىق مۇرىنى ھەدىيە قىلغان بولسا، يەكەن خانلىقىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى مۇھەممەد يۇسۇپ ئاتا ــ بالىغا تۇتقۇزۇپ، سېپى ئۆزىدىن قورچاق خانغا ئايلىنىدۇ.

مۇھەممەد يۇسۇپ ئاتا ــ بالا يەكەن خانلىقىنىڭ ھوقوقىنى قولغا كىرگۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەرگە قارشى يەكەندە پاجىئەلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ، بۇيرۇق چۇشۇرۇپ، يولۋاس خان بىلەن خانلىق تەخت تالاشقان مۇھەممەد ئابدۇللا بىلەن ئاقسۇغا كەتكەن ئىسھاقىيەچى سوپىلارنىڭ بالا ــ چاقىلىرىنى، ھەتتا ئاياللار ۋە بالىلارنىمۇ قالدۇرماي قىرغىن قىلىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ ئاتا ــ بالىنىڭ ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى كەڭ ئاممىنىڭ كۇچلۇك نارازىلىقىغا، بولۇپمۇ ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ قاتتىق زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە مىلادى 1670 — يىلى ئىسھاقىيىچى خوجىلار قاغىلىق، پوسكام ۋە پامىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىدە ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى توپلاپ غەلىيان قىلىپ، مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا ۋە يولۋاس خانلارنى قەتلى قىلىدۇ. ئاقسۇ

ھۆكۈمدارى ئىسمايىل بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، يەكەنگە تېزدىن قوشۇن چىقىرىپ يولۋاس خاننىڭ قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، خانلىق تەختكە ئولتۇردى. بۇ جەڭدە ئىسھاقىيە مەزھىپىنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئابدۇللا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىك سەۋەبلىك ئىسمايىل خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ، ئىشان كالان مەزھىپىدىكىلەرگە قارشى قانلىق قىرغىن ئېلىپ باردى[1] .

بۇ ئىككى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى نەتىجىسىدە شىنجاڭدا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى چوڭ گۇرۇھ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالان تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنى « ئىشقىيە » دەپ ئاتىسا ، ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنى « ئىسھاقىيە ـ مەخدۇمزادىلەر » دەپ ئاتىشىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپىنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا ( ئاپاق خوجا ) بىلەن ئىسھاق ۋەلىنىڭ نەۋرىسى ( خوجا ئابدۇللانىڭ ئوغلى ) خوجا ئەبەيدۇللا دەۋرىگە كەلگەندە ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرىت تالىشىش كۈرىشى قانلىق كۈرەش پەللىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. ھىدايىتۇللا خوجا ئۆز مۇرىتلىرىنى ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ھەم ئۆز گۇرۇھىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن ئۆز مۇرىتلىرىنى ئاق تاقى ( ئاق دوپپا ) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە بۇ شەرتلىك بەلگىنى « ئىشقىيە » گۇرۇھىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتىدۇ. خوجا ئەبەيدۇللامۇ ئۆز مۇرىتلىرىنى مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالان تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قارا تاقى ( قارا دوپپا ) كىيىشكە بۇيرۇيدۇ ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى « ئىسھاقىيە » گۇرۇھىنىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالاننىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان رايونلارنىڭ خەلقلىرى ، يەنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىن تارتىپ كورلىغىچە بولغان جايلارنىڭ خەلقلىرى « ئاق

---

[1] مايىنيەن : « شىنجاڭ دىن تارىخى » 82 - بەت.

تاقلىقلار»). (يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى بويىچە «ئاق تاغلىقلار» بولۇپ قالغان) نىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويىلىدۇ، ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەسىرى چوڭراق بولغان يەكەن، قاغىلىق، خوتەن رايونلىرىغا قاراشلىق يېزا- قىشلاقلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى «قارا تاغلىقلار» نىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ قويىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ئىككى قاشقا بۆلىنىپ، ئىككى ئىشاننىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان «ئاق تاغلىقلار»، «قارا تاغلىقلار» كۈرىشى ئەۋجىگە چىقىدۇ[①]. نەتىجىدە، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا يۇرتلار ئارا دوستانە بېرىش- كېلىشكە چەك قويۇلۇپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشلار داۋام قىلىپ، ھەممە جايىنى جاھالەت قاپلايدۇ. بۇ خىل دۈشمەنلىشىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ئۇنتۇلماس قان تۆكۈلۈشلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئاپاق خوجا دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا ئۆلگەندىن كېيىن يەكەنگە كېلىپ دادىسىنىڭ جەسىتىنى ئوغۇرلۇقچە قەشقەرگە يۆتكەپ كېتىپ، قەشقەرنىڭ «ياغدۇ» دېگەن يېزىسىغا دەپنە قىلىدۇ ھەمدە ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياسىتىپ «ھەزرىتى مازار» دەپ نام بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاي «ئاق تاغلىق» خوجا تەرەپدارلىرىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان «مۇقەددەس زىيارەتگاھى» غا ئايلىنىپ، بەتبەشىرە، ئادەم سىياقىدىن چىققان ئەسكى كۆلا- جەندىلىك دەرۋىشلەرنىڭ زىكرى- ساما سىلىپ، خۇداغا سېغىنىدىغان ئاساسلىق سورۇنلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئاپاق خوجا دادىسىنىڭ ئىنناۋىتىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ مۇرىت توپلاش ئۈچۈن ئىسلامىيەتكە يات بولغان «خوجىلار دەرگاھىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىش يېرىم ھەج قىلغانغا باراۋەر، خوجىلار دەرگاھىغا كېلىپ مۇرىت

① نىزامىددىن ھۈسەيىن: «يولسىز ئەقىدە ـ سوپىزىم شىنجاڭدا» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژورنال، 1985- يىل 3- سان.

بولغۇچىلارنىڭ ھەرقانداق ئېغىر گۇناھى بولسىمۇ، گۇناھى ساقىت قىلىنىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتارقۇرۇق سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ نادان خەلقنى ئالدايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەسەبىيلەرچە مۇرىت توپلىشى «قارا تاغلىق» خوجىلار ۋە «قارا تاغلىق» خوجىلار ياردىمىدە خانلىق تەختكە چىققان ئىسمايىل خاننىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە ئىسمايىل خاننىڭ ئوغلى قەشقەر ھاكىمى باباق سۇلتان ئاپاق خوجىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

ئاپاق خوجا قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن كاسان، سەمەرقەنت، بەدەخشان، كەشمىر، شىزاڭ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئون نەچچە يىل سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ مىلادى 1680 - يىلى قىلچە تەپ تارتماي ئەينى چاغدا شىزاڭدا يۈكسەك ئابرويغا ئىگە دالاي لامانىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. بۇ توغرىدا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئاپاق خوجا تىبەتكە بېرىپ، بىر بۇتخانىگە چۈشتىلەر. بۇتخانىدىكىلەر سوئال بەردىكى، كىمدۇرسىز؟ قايسى تەرەپتىن كېلۇرسىز؟ ھەزرەت ئەيتتىكى، مەن مۇسۇلمان پىرقەلەرنىڭ ئالىم سەئىد زادىسىدۇرمەن. خوسۇسەن يەكەن، قەشقەر خەلقى مۇرىت، مۇخلىس ئەردى. ۋەھالەنكى، ئىسمايىل خان ئۇ يەرلەرنى مەندىن تارتىپ ئالدى ۋە مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلىدۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ، مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئېلىپ بەرگەيسىز. بۇرۇقمان (دالاي لاما) دېدىكى، بۇ يەردىن ئۇ يەرگە لەشكەر بارمىقى بەسى مۇشكۇل، دەپ قالماققا قارىتىپ خەت پۈتتى. «ئى بۇشودىخان، ئاباق بىسىيار ئۇلۇغ، ئۆز دىنىغا كامىل مۇكەممەل كىشىدۇر. قەشقەرنىڭ، يەكەننىڭ خوجىسى ئىكەن. ئىسمايىل خان دېگەن مۇنىڭ يېرىنى سويۇپ ئېلىپدۇر. كېرەككى، لەشكەر ئىبەرىپ يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسىز» [1].

---

[1] مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئىي ئەزىزان» 49 - بەت.

ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ خېتىنى ئېلىپ غۇلجىغا كېلىدۇ. بۇ چاغلاردا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى شىمالىي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىۋاتقان بولۇپ، غۇلجا جۇڭغار خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى. غالدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى بىر ئامال قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ئاپاق خوجىنىڭ خەتنى ئېلىپ كېلىشى غالداننى بەكمۇ خۇشال قىلىدۇ. غالدان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، 12 مىڭ لەشكەرنى ئاپاق خوجىغا قوشۇپ قويىدۇ. ئۇلار تۆشۈك تاغ ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىكى «ئاق تاغلىق» خوجا پەرەسلەرنىڭ ياردىمىدە قەشقەرنى تېزدىن ئىشغال قىلىدۇ ھەمدە يەكەنگە قارىتا زور كۆلەملىك ئۇرۇش باشلايدۇ. گەرچە بۇ ئۇرۇشتا ئىسمايىل خان قاتتىق جەسۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى بىلەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ سەردارى ئابدۇللا خوجا ھىندىستانغا قېچىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 168 يىل سەلتەنەت سۈرگەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىسى ئاپاق خوجىنىڭ «قورچاق ھاكىمىيىتى» دە مىسلىسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالىدۇ. ئاپاق خوجىنى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇدىن ئىبارەت تۆت شەھەرنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە قويىدۇ. ئاپاق خوجا ئۇلارنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە كۈمۈش، 15 مىڭ چارەك بۇغداي ئولپان تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئۆزىنىڭ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز نامىدىن ھەر يىلى 4000 تەڭگە كۈمۈش تاپشۇرۇپ خەلق ئاممىسىنى باج ـ سېلىق دەردىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدۇ. جۇڭغار

ئاقسۆڭەكلىرى ئاپاق خوجىنى كۆرۈنۈشتە خان قىلىپ تىكلەپ ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە ئۆز ئەمەلدارلىرىنى قويىدۇ. خوجىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاكىمىيەتنى تىكلەپ ، خوجىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، خەلققە خىلمۇ خىل سېلىقلارنى سالىدۇ. بۇ توغرىدا « تارىخىي ھەممىدىيە » دە مۇنداق دېيىلگەن : « قالماقلار خوجاملار بىلەن بىرلىشىپ، شېرىكلىك بىلەن يۇرتنى سورايدىغان بولدىلەر. بىر تۆرەنجە ( بىر نەسەپ ) قالماقلار بۇ شەھەردە تۇرىدىغان بولدى. خوجاملار باج - خىراج ئورنىدا ھەر يىلدا ئىلىغا خام چىقىرىپ تۇردىلەر ... خوجاملارمۇ قۇنتەيجى پەرمان ئىتائىتىگە بويسۇنۇپ ، ھەر يىلدا بىر ۋە ئىككى نۆۋەت تارتۇق پىش - كەش بىلەن چىقىپ كۆرۈنۈش قىلىپ ، جاۋاب بولغانلىرىدا يېنىپ كېلىپ ، ھەرقايسىلىرى ئۆز جايلىرىدا بەرقارار بولۇر ئىكەنلەر » .

ئاپاق خوجا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ، « تەركىدۇنياچىلىق » دىن ئىبارەت ئۆز تەرىقىتىنى قانۇن پەللىسىگە كۆتۈرۈپ ئاممىغا مەجبۇر تېڭىپ ، 300 مىڭدىن ئارتۇق مۇرىت قوبۇل قىلىپ ، ئۇلارنى سوپى - ئىشانلىقنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىش ، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. قەشقەردە « خان خوجا ئوردىسى » ، يەكەندە « ئالتۇنلىرىم » ، تۇرپاندا « ئەسھابۇلكەھف » ( تويۇق خوجام مازىرى ) ، ئىلىدا « قايىنۇق مازىرى » قاتارلىق مازارلارنى تەسىس قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ ، سوپىزىمنى تارقىتىدىغان ، كېڭەيتىدىغان سۇلۇك ( دەرۋىشلىك يولى ) تۇرلىرىنى بەرپا قىلىدۇ ھەم بۇلارغا ئۆز پىر — كامىللىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ ئىرشاتلىققا ئىگە بولغان خوجا - ئىشانلارنى باش قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئىلى ، قۇمۇل ، تۇرپانلاردا « ئاق داستارلار » ، « ئاق يارلار » سېپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. پۈتۈن شىجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زىكرى — سۆھبەت خانىقالىرىنى پەيدا قىلىپ ، جەرە ، ساما ، دۇئا — تىلاۋەت ، خەتمە — ئىستىغپارنى جانلاندۇرىۋېتىدۇ. ھەتتا ئاپاق خوجىنىڭ شەيخلىرى

«خوجام ئۇچۇن خامانىنىڭ چەشى ئايرىپ قويۇلمىسا، خاماندىن چىققان ئاش ھالال بولمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش پەتىۋالارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خەلق ئاممىسىنى قاقتى-سوقتى قىلىدۇ.

ئاپاق خوجا ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمى كەڭ ئاممىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغاش نەتىجىسىدە مىلادى 1692-يىلى ۋە 1695-يىللىرى كەينى-كەينىدىن قاغىلىق، پوسكام، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا «قارا تاغلىق» خوجىلار رەھبەرلىكىدە توپىلاڭ يۈز بېرىپ، قەشقەردىكى ئاممىنىڭ بىردەك قوللىشى بىلەن ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىپ تاشلاپ، ئاپاق خوجىنى جەھەننەمگە يولغا سالىدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ «قارا تاغلىق» خوجىلارغا ئۆتۈشىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈلپەتلىك قىسمەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە بۇ ئىككى گۇرۇھ ئىزباسارلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھوقۇق-مەپەئەت تالىشىش كۆرەشلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ، ئۇلارنى قورقۇنچاق، پىكىر-تەپەككۇر قابىلىيىتى تۆۋەن، زەئىپ، ئاجىز، ئىش خوشياقماس قىلىپ قويىدۇ.

قىسقىسى، تەسەۋۋۇپچى خوجىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. خالىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ نومۇسىنى ئاياغ ئاستى قىلىش، خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى قۇرال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىش خوجىلارنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ «ئەۋلىيا» نامىدىكى مەخدۇم ئەزەمنىڭ 3-ئەۋلادى بولغان ئاپاق خوجىدىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭ 9-ئەۋلادى بۇزرۇك خوجىغىچە قەدەر خوجىلار دەۋرىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش كۆچۈرۈشى ئېغىرلاشتى، بۇ ھال شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ، نەچچە ئون مىڭلىغان بىگۇناھ جانغا زامىن بولدى. خوجىلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە زۇلۇمى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، «خوجا جاھان بۇرھاندىن ئاكىسى بىلەن يەكەندىن قېچىش

ۋاقتىدا، يەكەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مال - مۈلكىدىن تۆت مىڭ سەر ئالتۇن ئېلىپ قاچقان. خوجىلار قېچىشتا خەلقنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغان ۋە خەلقنى قىرغىن قىلغان. مىلادى 1855 - يىلى ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، تۆت ئايلىق پاراكەندىچىلىك ئۇرۇشتا خەلقنى شۇ دەرىجىدە قىرغىن قىلغانكى، شۇ چاغدا كېسىلگەن باشلارنىڭ دۆۋىسىدىن مۇنار ھاسىل بولغان، بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىرگە يەتكەن. 1865 - يىلى بۇزۇرۇك خوجا ياقۇپ بەگ بىلەن بىرلىكتە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلارنى تاجاۋۇزچىلىق بىلەن بېسىۋالغان چاغدا ئۇيغۇر ۋە ھەر مىللەت خەلقىدىن 40 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى قىرغىن قىلغان. ئۇلارنىڭ زۇلۇمى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۇيغۇر ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەزىز پەرزەنتلىرىنى خالىغانچە تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى ۋەتىنىدىن ئايرىپ ‹ قۇل › ئورنىدا پەرغانە، بۇخارا، بەدەخشان، ئىستامبۇل، ھىندىستانلارغىچە ئاپىرىپ ساتقان » ①.

خۇلاسىلىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى بىر ئىنتايىن ئۇزۇن مەزگىللىك مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنى ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت بەلگىلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ، شۇ مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلانغان. بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

---

① ھاجى نۇر ھاجى: «تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىلى ئىچكى 5 - سان.

# بەشىنچى باب

## سۈننىي مەزھىپى

سۈننىي مەزھىپى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنىي تەشكىل ئەتكۈچى ئەڭ غوللۇق ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەنبەلەردە سۈننىيگەرى، ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەت ناملىرى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا مەزھەپ پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا سۈننىي مەزھىپى ئىسلامنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇنى ئىسلام تارىخىدىكى باشقا بارلىق مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنى كۆككەلەتكەن ئاساسىي غولغا ئوخشىتىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئىسلام تارىخىدا بارلىققا كەلگەن قايسى بىر مەزھەپ، پىرقە ياكى پەلسەپىۋى ئېقىم سۈننىي مەزھىپىگە نىسبەتەن ئەۋزەل بولغان تەشەببۇسلارغا ئىگە دېيىلسە، بۇنداق ئەۋزەللىك پەقەت مەلۇم بىر دىنىي مەسىلىدىكى ئەۋزەللىكلا بولۇپ، ئۇ ھېچ ۋاقىت دىنىي ئىدىئولوگىيەنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. ئىسلام تارىخىدىن شۇنەرسە ئايانكى، سۈننىي مەزھىپى ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئەنئەنىلىرىگە سادىقلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئىسلام دىنى ئىدىئولوگىيىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە خەلىپىلىك تۈزۈمىدىكى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ سىستېمىلىشىشىدا پەۋقۇلئاددە رول ئوينىغان ئەڭ غوللۇق مەزھەپتۇر. مەزكۇر مەزھەپ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيىتقاندا، مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلانغان ۋە كۈچلۈك دىنىي — پەلسەپىۋى ئاساسقا ئىگە تەشەببۇسلارغا ئىگە بولغاچقا، ئۇزاق تارىختىن بويان ئىسلام دىنىي تارقالغان رايونلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدىكى

ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىمۇ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

سۈننىي مەزھىپى تەرەپدارلىرى ياقىلايدىغان ئەقىدىلەرمۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن مەنىۋى ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇپ كەلگەن. سۈننىي مەزھىپى تەرەپدارلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىسلام تارىخىدا «كەلامىزم» نامى بىلەن ئاتالغان دىنىي ـ پەلسەپىۋى ئېقىمنىڭ تەشەببۇسلىرىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان ئىسلامغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەردە سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئۆزگىچە ئەقىدىلىرى بىلەن بىرگە كەلام پەلسەپىسىمۇ تولۇق نۇقتىلاردىن خېلى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلدى. بىز بۇ يەردە ئىسلام تارىخىغا ئائىت ئەڭ قەدىمكى مەنبەلەر ئاساسىدا سۈننىي مەزھىپىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى دىنىي ئەقىدىلىرى ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەڭ قەدىمكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر مەزھەپ تەرەپدارلىرى ئەبۇبەكر، ئۇمەر، ئۇسمان ۋە ئەلىنى خەلىپىلىكنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى دەپ قارايدۇ. شۇڭا بەزىدە ئۇلار چاھارىيارىيلار (تۆت يار) دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىسلامىيەتنىڭ سۈننىي ۋە شىئەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھىپىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاساسىي ئامىل خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپ ئىدى. شىئەلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا سۈننىيلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەلىپىلىككە (ئىماملىققا) ئائىت ھېچقانداق ۋەسىيەت قالدۇرمىغان، پەيغەمبەردىن كېيىنكى خەلىپىلەر (ئىماملار) جامائەتنىڭ رازىلىقى بىلەن ئىجمائ ئۇسۇلى (جامائەت مەجلىسى) ئارقىلىق قۇرەيش قەبىلىسىدىن سايلىنىشى كېرەك، دەپ

قـارايدۇ. مۇشـۇ قاراشـقا ئاساسـەن ئەھـلى سـۈننيلەر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكـى تـۆت خەلىپـىنى قانۇنـلۇق خەلىپىلەر دەپ ھېساپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگـە يەنە ئۇمەۋيلـەر ۋە ئابباسىيلار دەۋردىكــى خەلىپــىلەرنىمۇ ئېــتراپ قىــلىپ، ئۇلارنىــڭ خەلىپىلىكتىكى ئورنىــنىمۇ ئېــتراپ قىـلىدۇ. شىئە مەزھىپــى تەرەپدارلىرى بولسا، ئىجمـائ ئۇسـۇلىنى تامامـەن ئىنكار قىـلىپ، ئەلىــنى خەلىپىلىككە ۋارىسـلىق قىلىشــتا قايىــلا جەھەتــتىن بولمىسۇن قالغان ئۈچ خەلىپىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئارتۇقچىلىق ۋە ئەۋزەلـلىككە ئىگە، دەپ قـارايدۇ. چۈنكـى، ئـۇلار ئەلىـنى مەيلى قانداشلىق ياكى مەنىۋي جەھەتتىكى ۋارىسلىقتا بولسۇن، قالغان ئۈچ خەلىپىگە قارىغاندا پەيغەمبەرگـە يېقىنراق ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ھېسـابلايدۇ. مۇشـۇ مـەنىدىن ئـۇلار ئىجمـائ ئۇسـۇلى ئاساسـىدا خەلىپىلىككە سايلانغان ئەبۇبەكر، ئۆمەر ۋە ئوسماننىڭ خەلىپىلىك ھوقۇقىـنى قانۇنسىز دەپ قـاراپ، پەيغەمبەرنىڭ غەدىر دەرياسى بويىدا ئەلىـنى ئۆزىگـە ۋارىس دەپ ئـېلان قىلغانلىقىـنى ۋە پەيغەمبەردىن كېيىن پەقەت ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭلا خەلىپە بولۇش ھوقۇقىغا تولـۇق ئىگـە ئىكەنلىكىــنى تەكىتـلەيدۇ. شـۇ ئاساسـتا شـىئەلەر ئىمامەتكە ئائىت نەزىرىيىنى بارلىققا كەلتۈردى.

يەنـە بىــر قىســىم ئىسـلام ئەھـلى سـۈننىي ۋە شـىئەلەرنىڭ يۇقىرىدىكىدەك تالاش ـ تارتىشلىرىغا نىسبەتەن باشتىنلا بىتەرەپ مـەيداندا تـۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرى بويىچە ئېـتقاندا بـارلىق « بىمەنە غـەۋغا » لاردىـن ئۆزلىرىنى چەتكە ئـالىدۇ. ئـۇلار تارىختا مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ گـۇرۇھتىكىلەر كۆپىنچە ئىلاھىيەتشۇناسلىققا ئائىت مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ساھەدىكى خېلىلا مۇكەممەل بولغان نەزىرىيىۋي تەلىماتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتى.

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان تۆت خەلىپىدىن كېيىن خەلىپىلىكنىڭ ھاكىمىيىتى ئاۋۋال ئۇمەۋيلـەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئابباسىيلارنىڭ

قولىغا ئۆتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە ئىسلام تەلىماتلىرىنى ئاساسەن دەسلەپكى تۆت خەلىپە دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئەندىزىلەر ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇشتى . بۇ دەۋرلەردە سۈننىي مەزھىپىنى ياقىلىغۇچى فەقىھلار ئاساسىي دىققىتىنى بارلىق ھەدىسلەرنى يىغىپ ، ئۇلارنى مەلۇم تەرتىپتە رەتلەپ چىقىشقا قارىتىشتى . ئابباسىيلار دەۋرىدە مەدىنە ، ئىراق ۋە سۈرىيەدىكى فەقىھلەر ئارىسىدا ھەدىسلەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش، رەتلەش ئىشى ئەۋجىگە چىققتى . نەتىجىدە « قۇرئان كەرىم » دىكى « ناسىخ ئايەت » ۋە « مەنسۇخ ئايەت» لەرنى پەرقلەندۈرۈشتە ھەرخىل پىكىرلەر تۇغۇلدى، ( ‹ ناسىخ › ۋە ‹ مەنسۇخ › ئايەتلەرنىڭ سانى ئۈستىدە نۇرغۇن ئالىملار چوڭقۇر تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ۋە پىكىرلىرى ئوخشىمايدۇ . بەزىلەر 500 نەچچە ئايەت ئالماشتۇرۇلغان دەيدۇ ، بەزىلەر 21 ئايەتنىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى ئېتراپ قىلىدۇ . كۆپىنچە ئالىملار بەش ئايەت ئالماشتۇرۇلغان دەيدۇ ) .

« ناسىخ » دېگەن ئەرەبچە « كۆچتىن قالدۇرماق » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ « قۇرئان كەرىم » دە ئاللاھ يېڭى ئايەت نازىل قىلىپ ،بۇرۇن چۈشۈرگەن بەزى ئايەتلەرنىڭ رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى كۈچىدىن قالدۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ يېڭى ئايەتلەر ناسىخ ئايەتلەر دېيىلىدۇ . « مەنسۇخ » دېگەندە « قۇرئان كەرىم » دە ئاللاھ يېڭى نازىل قىلغان ئايەتلەر ئارقىلىق بەزى ئايەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ئايەت نازىل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى ئورنىغا يېڭى ئايەت نازىل قىلىنغانلار « مەنسۇخ ئايەتلەر » دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇتوغرىدا« قۇرئان كەرىم » دە مۇنداق دېيىلگەن :

**« قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق ، ( ئورنىغا ) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى**

**كەلتۈرمىز. ئاللاھنىڭ ھەرنەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن»** (1 - سۈرە، 106 - ئايەت).

ھەدىسلەرنى رەتلەشتىمۇ بۇنداق مەسىلىلەر كۆپ ئۇچرايتتى. شۇڭا ئەسھابى ھەدىس (ھەدىس ئەھلى) بۇ خاراكتېردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇققانىدى. سۈرىيە ۋە ئىراقتىكى فەقىھلەر دىنغا ئائىت بارلىق نەزىرىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرگە تايىنىشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، بەزى ئېنىقسىز مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يەنىلا مەنتىقىي قائىدىلەر ھەم دەلىل - ئىسپاتلاردىنمۇ كەڭ تۈردە پايدىلاندى. دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ مەلۇم دائىرىدە تەدرىجى ئومۇملىشىشى ۋە ئۇنى قوللانغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە ئەسھابى رەئىي (قىياس ئەھلى) بارلىققا كەلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىسلامدىكى نۇرغۇن مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە ئەقلىي نۇقتىدىن ياندىشىشنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

شۇنىڭ بىلەن سۈننەت ئەھلى نەزىرىدىكى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئىككى مەنبەسى - «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسكە يەنە ئىككى مەنبە — ئىجمائ ۋە قىياس قوشۇلۇپ، بارلىق دىنىي — نەزىرىيىۋى مەسىلىلەر مۇشۇ تۆت مەنبە ئاساسىدا ھەل قىلىنىدىغان بولدى. ئەسھابى ھەدىس (ھەدىس ئەھلى) دەسلەپتە ئىجمائ ۋە قىياسنى ئېتىراپ قىلىشمىغانىدى، ئەمما كېيىنچە ئۇلارمۇ بۇ ئىككى مەنبەنىڭ قېيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى رولىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار نۇرغۇن دىنىي مەسىلىلەر، شەرىئەتكە ئائىت قائىدىلەر، ھەتتا ئۆرپى ئادەتكە ئائىت نۇرغۇن قاراشلاردا ئەسھابى رەئىي (قىياس ئەھلى) تەرەپدارلىرى بىلەن توختىماي بەس — مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بېرىشتى. شۇ ئاساستا 9 - ئەسىرلەردە سۈننىي مەزھەپنىڭ ئىچكىي قىسمىدا نۇرغۇن پىرقىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇلاردىن تەسىرى چوڭ ۋە ھازىرغىچە

داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنى ھەنەفىيە ، مالىكىيە ، شافىئىيە ۋە ھەنبەلىيە قاتارلىقلاردۇر . بۇ پىرقىلەر گەرچە ئايرىم ناملار بىلەن ئاتالسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى ۋە پەرق ئۇنچە چوڭ ئەمەس ، ھەممىسى دېگۈدەك ئورتاق فىقھ مەنبەسىگە ۋە شەرىئەت پىرىنسىپلىرىغا ئىگە . ئۇلارنىڭ تۈپ سىستېمىسى ۋە ئاساسى ئەھكام — تۈزۈملىرىمۇ ئوخشاش بولۇپ ، ئۇلار تولۇقلىما خاراكتېرىدىكى شەرىئەت مەنبەسى ۋە كونكرېت بەلگىلىمە جەھەتتىلا بىر - بىرىدىن ئاز - تولا پەرق قىلىدۇ. ئۇلار ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى، يەنى تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى، ئەنئەنىلەردىن چەتنەپ كەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ . شۇڭا سۈننىي مەزھىپىدىكى ھەرقانداق بىر مۇئمىن ئەركىن ھالدا بىر پىرقىدىن يەنە بىر پىرقىگە ئۆتەلەيدۇ . ھەتتا بۇ پىرقىدا تۇرۇپ ، ئۇ پىرقىنىڭ بەزى ئوخشىمايدىغان ئائىنلىرىنى ( ئادەتلىرىنى ) قوبۇل قىلسىمۇ بولىدۇ .

تارىخىي مەنبەلەردە ئۇمەر ئىبنى ئەبدۇلئەزىز ، زەيد ئىبنى زەينۇلابىددىن ، ھەسەنى بەسرى قاتارلىقلار سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى نەزەرىيىچىلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە سۈننىي مەزھىپىنىڭ ھەرقايسى پىرقىلىرى تەلىماتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن ئەبۇھەنىفە ، ئىدرىس شافىئى ، ئەبۇھەسەن ئەشئەرى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇلھەسەن باھىلى بىلەن ئەبۇئەبدۇللاھ ئىبنى مۇزاھىد ، ئەبۇبەكر باقىلانى ، ئەبۇئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئەسفەرائىنى ، جۇۋەينى قاتارلىقلارمۇ يالغۇز ئۆزلىرى تەۋە بولغان پىرقىلەر تەلىماتىدىلا ئەمەس ، بەلكى سۈننىي مەزھىپى نەزەرىيىۋىي سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان شەخسلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى سۈننىي مەزھىپى كالام پەلسەپىسىگە ئاساس سالغان ۋە مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ سۈننىي مەزھىپى تەلىماتلىرىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەرگە قارشى بولغان كۆز قاراشلىرىنى رەد قىلىپ، كۆپلىگەن

ئەسەرلەرنى يېزىپ ، مەزكۇر مەزھەپنىڭ نۇپۇزىنى ساقلاشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر.

دىنىي تارىخچىلاردىن ئەبدۇلقاھىر باغدادى ( 1037 - قازا قىلغان ) سۈننىي مەزھىپىدىكى ئالىملارنىڭ ئۆز زامانىسىغىچە بولغان بارلىق ئەسەرلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ ، ئۇلارنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىلىرى ۋە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن ساھەلىرىگە ئاساسەن سەككىز بۆلەككە بۆلىدۇ. بۇ سەككىز بۆلەكتىن سۈننىي مەزھىپى تەلىماتى ۋە نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىش ھەم مۇكەممەللىشىش جەريانىنى خېلىلا ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ئابدۇلقاھىر باغدادى بىرىنچى بۆلەككە تەۋھىد ( يېگانىلىك ) ۋە نۇبۇۋۋەت ( مۆجىزەكارلىق، پەيغەمبەرلىك )، ۋەئدۇ ۋەئىد[①] ئىجتىھاد ( فىقھ ئىلمىدە مۇجتەھىدلەرنىڭ شەرىئەت مەنبەسىگە ئاساسەن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا دائىر شەخسىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ) ۋە ئىمامەت قاتارلىق جەھەتلەردە پىششىق سانىلىدىغان شەخسلەرنى كىرگۈزىدۇ. ئىككىنچى بۆلىكى ھەدىس ۋە قىياس ئەھلىگە تەۋە فەقىھلەردىن تەركىب تاپىدۇ، سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە ھەرقايسى پىرقىلەرنىڭ ئاساسچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ مۇشۇ بۆلەككە تەۋە قىلىنغان. ئۈچىنچى بۆلەك پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىگە قائىل ۋە شۇنىڭغا دائىر توغرا ياكى ناتوغرا مەسىلىلەرنى ئايرىپ شەرھلىيەلەيدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. تۆتىنچى بۆلىكىگە گىراماتىكىلىق مەسىلىلەرنى پىششىق ۋە تىل قانۇنلىرىنى شەرھلەشكە كامىل بولغان نەھۋىلەر ( تىل قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىلەر ) كىرگۈزۈلگەن. بەشىنچى بۆلىكى «قۇرئان كەرىم» نى سۈننەت ئەھلىنىڭ تەلەپلىرىگە لايىق ھالدا قىرائەت قىلالايدىغان

---

① ۋەئدۇ ۋەئىد ـ دىنىي ئىستىلاھدا ئەخلاقىي ئۇقۇم بولۇپ ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، ساۋاب ۋە گۇناھغا «قۇرئان» بىلەن ھەدىستىكى بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا بېرىلىدىغان جازا ۋە سازا توغرىسىدىكى قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، يەنى قانداق ياخشىلىقنى قانداق مۇكاپاتلاش ۋە قانداق گۇناھغا قانداق جازا بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

قارىيلاردىن تەركىب تاپىدۇ. پارسالىقنى ( پاكلىق ) ئىختىيار قىلغان سوپىلار ئالتىنچى بۆلەككە، شۇ دەۋرگىچە ئىسلام تارقالغان رايونلارنىڭ چېگرىلىرىنى ساقلىغۇچى لەشكەرلەر يەتتىنچى بۆلەككە تەۋە قىلىنغان. ئاخىرقى بۆلەككە سۈننەت ئەھلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان شەھەر ئاھالىسى كىرگۈزۈلگەن. ئابدۇلقاھىر باغدادىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا يوقىرىدىكى سەككىز تەبىقە بىرلىكتە سۈننەت ئەھلىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىيلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدا «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتىن باشقا يەنە ئۇسۇل[①] ۋە فورۇئ[②]نىڭ رولىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان.

سۈننەت ئەھلى نەزىرىدىكى ئۇسۇل ھوقۇق مەنبەلىرى، يەنى شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئاساسلىرى بولۇپ، فورۇئ بولسا، ئۇسۇل ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان ۋە شۇ ئاساستا ھەل قىلىنىدىغان بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سۈننەت ئەھلىدە ئۇسۇلنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ھەربىر روكنى ( ئاساسلىق ئامىل ) ھەم بۆلەكلىرىنى تولۇق بىلىش بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق بىر مۇئمىنىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، دەپ قارىلىدۇ. سۈننەت ئەھلى مۇشۇ ئۆلچەملەر ئاساسىدا ئۆز تەرەپدارلىرىنى سىناش ۋە تەربىيىلەشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلمايدىغان مۇخالىپلىرىنى يولدىن ئازغانلار، دەپ ئاتايدۇ.

مەنبەلەردە يەنە ئۇسۇلغا ئائىت تەبىرلەر ئۇخشىمىغان شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۆزى شافىئىيە پىرقىسىنىڭ تەرەپدارى بولغان ئابدۇلقاھىر باغدادى بۇ مەسىلىنى ئون بەش بۆلەككە بۆلۈپ تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرىدۇ: ئۇنىڭ قارىشىچە دىني ئۇسۇلنىڭ تۇنجى بۆلىكى ئەڭ ئاساسىي ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش ۋە ئىلاھىي ئىلىمدىن

---

① ئۇسۇل — ئەسل ( يىلتىز، مەنبە ) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، بۇ يەردە شەرىئەت قانۇنلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

② فورۇئ — فەرئ ( شاخ، بۆلۈنمە ) سۆزىنىڭ كۆپلىكى بولۇپ، شەرىئەتنىڭ كونكرېت ئەھكاملىرى سىستېمىسى دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ.

ئىبارەتتۇر. بۇنىڭغا ئاللاھنى تونۇشقا ئائىت مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. سۇننەت ئەھلىنىڭ نەزەرىدە ئىنسانلارنىڭ بىلىمى بەدىھى (ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم)، ھىسسىي ۋە ئىستىدلالى (دەلىللەنگەن، تەجرىبە ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلدە ھاسىل بولغان بولىدۇ. ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئاساسەن بەش خىل سېزىم ئەزاسى (كۆرۈش، ئاڭلاش، تېتىش، پۇراش ۋە تېگىش سېزىمى) ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى بىلىمنى سۇننەت ئەھلى نەزەرىيىچىلىرى نەزەرىيىۋى بىلىم دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ ھاسىل بولۇشىدا ئەقىل - ئىدراكنىڭ رولىنى كۆپرەك تەكىتلەيدۇ. ھېسسىي يوللار بىلەن ھاسىل بولىدىغان بىلىمنى سۇننەت ئەھلى نەزەرىيىچىلىرى مەئنى (ئاساسىي ئۇقۇم) دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۈزلۈكسىز خەۋەرلىنىپ تۇرۇش ھەقىقەتنى دەرك ئېتىش (بىلىش) نىڭ ئاساسلىق يولىدۇر. مەسىلەن، كىشى ئۆزى بېرىپ باقمىغان بىرەر شەھەر توغرۇلۇق باشقىلاردىن ئاڭلاپمۇ ئۇ شەھەرنىڭ قانداقلىقى توغرىلىق تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىز پەيغەمبەرلەر ۋە بۇرۇنقى پادىشاھلار توغرۇلۇق ئاڭلاش ئارقىلىق زۆرۈر بولغان بىلىمگە ئىگە بولالايمىز. بۇنداق بىلىملەرنىڭ توغرا - خاتالىقى ئادەتتە ئەقىل يولى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇسۇلنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى ئالەمنىڭ شەكىل ۋە ماددا سۈپىتىدە پەيدا بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۇننىي مەزھىپى نەزەرىيىچىلىرى ئالەمدە ئاللاھدىن باشقا ھەرقانداق مەۋجۇدىيەت شەكىل ۋە مەنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەزەلىي سۈپەتلىرىگە مەنسۇپتۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇسۇلنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى ئاللاھنىڭ ئەسلى ۋە سۈپەتلىرىنى تونۇشتىن ئىبارەت. سۇننىي مەزھىپى نەزەرىيىچىلىرى ھەرقانداق ھادىسە (مەۋجۇدىيەت) يارىتىلىشتىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، يەنى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار قەدەرىيەچىلەرنىڭ

هەرقانداق بارلىققا كەلگۈچىنىڭ ئەفئالى ( ئەمەلگە ئېشىشى ) دە فائىل ( ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ) نىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس، دېگەن قارىشىنى رەت قىلىپ ، ئۇلارنى دىنسىزلىكتە ئەيىپلەيدۇ. سۈننەت ئەھلى نەزىرىيىچىلىرى ئاللاھنى بارلىق ماددا ۋە شەكىللەرنىڭ ياراتقۇچىسى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاللاھ ئۆزى ئەزەلى - قەدىمىي ، ھەرقانداق چەكتىن خالىي ، ھېچقانداق چىرايغا ۋە تەنگە ھەم كۆرۈنۈشكە ئىگە ئەمەستۇر دەپ قاراپ ، رافىزىيەچىلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئارىلىق ، چەك توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ۋە مۇشەببىھىيەچىلەرنىڭ ئاللاھنى ئادەمگە ئوخشىتىدىغان قاراشلىرىنى رەت قىلىپ ، ئاللاھنى يەككە ھەم يېگانە ، ھېچنىمىگە ئوخشىمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇسۇلنىڭ تۆتىنچى قىسمى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك قاراشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. سۈننەت ئەھلىنىڭ ئەقىدىسىدە ئىلىم ۋە قۇدرەت ، ھايات ۋە ئىرادە ، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئەزەلىي سۈپەتلەر ۋە ئەبەدىي نېئمەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئەزەلىي سۈپەتلەرگە شەك كەلتۈرىدىغان قاراشلىرىغا قاتتىق قارشى چىققان. سۈننەت ئەھلى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى چەكسىز ۋە ئۇنىڭ ئىلمىنى مەيلى تەبىئەت ياكى جەمئىيەت ھادىسىلىرىدا بولسۇن، ئوخشاش قۇدرەتكە ئىگە،دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ئۆزلۈكنى بىلگۈچى دەپ قاراپ ، مۇئمىنلار ئۇنى قىيامەت كۈنى كۆرەلەيدۇ ، دەپ ھېسابلايدۇ. سۈننەت ئەھلىنىڭ قارىشىدا ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنماي بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە ۋۇجۇدقا كېلەلمەيدۇ ، ئاللاھ بارلىق روھىي ۋە ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ مەنبەئىدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ كالامى ئەزەلدىن مەۋجۇت ۋە ھېچقاچان يارىتىلمىغان، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۇسۇلنىڭ بەشىنچى قىسمىدا ئاللاھنىڭ سۈپەت ناملىرى توغرىسىدىكى قاراشلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىدۇ. سۈننىي مەزھەپكە تەۋە نەزىرىيىچىلەر ئاللاھنىڭ دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان

99 سۈپەتنى ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ؛ بۇلاردىن بىر قىسمى ( مەسىلەن، ۋاھىد ، غەنى ، ئەۋۋەل ، ئاخىر ، جەلىل ، جەمىلگە ئوخشاشلار ) نى ئاللاھنىڭ ئەسلى زاتىغا مەنسۇپ ، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ ئەزەلىي سۈپەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارايدۇ. بۇ خىلدىكى سۈپەتلەرگە ئادەتتە قادىر ، ئالىم ، سامىئ ( ھەممىنى ئاڭلىيالايدىغان ) قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ ھەر ئىككى قىسىمدىكى سۈپەتلەر ئاللاھنىڭ ئەزەلىي سۈپەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئۈچىنچى قىسىمنى تەشكىل ئەتكۈچى سۈپەتلەر ( مەسىلەن ، خالىق ، رەززاق ، ئادىلگە ئوخشاشلار ) ئاللاھنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىنغان ، ئىلگىرى بۇ سۈپەتلەر ئاللاھغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇسۇلنىڭ ئالتىنچى بۆلىكى ئىلاھىي ھىكمەتنى تونۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۇسۇل بويىچە خۇدا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا كۆرۈلىدىغان بارلىق ياخشىلىق ـ يامانلىق ، جىسىم ۋە شەكىل ، ئىش ۋە كەسىپنىڭ ئىجاتچىسى، دەپ قارىلىدۇ. يەنى ھەرقانداق بىر بەندە ئۆزى شۇغۇللىنىغان كەسىپنىڭ ئىجراچىسى ۋە ئاللاھ بولسا، ئۇنىڭ ئىجاتچىسى دەپ ھېسابلىنىدۇ. سۈننىيلەرنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئاللاھ ئىككى خىل رەۋىشتە ئۆز بەندىلىرىنى يېتەكلەيدۇ؛ بۇنىڭ بىرى، مۇئمىنلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ ، ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشىدۇر ، بۇ خىل ھىدايەت پەيغەمبەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئەقىدىنىڭ توغرىلىقىنى نەزىرىيىچىلەر كۆپىنچە ھاللاردا « قۇرئان كەرىم » دا ئاللاھ پەيغەمبەرگە « سەن ئادەملەرنى توغرا يولغا ، خۇدا تەرەپكە باشلىغىن » ( شۇرا سۈرىسى 52 ـ ئايەت ) دەپ ئېيتقان، دېگەن سۆز بىلەن ئىسپاتلايدۇ. سۈننەت ئەھلى نەزىرىدىكى ئىككىنچى خىل ھىدايەت يولى ئاللاھنىڭ ھىدايەت ئۇچقۇنىنى بەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە چۈشۈرۈشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭغا پەقەت يول تاپقانلارلا نائىل بولالايدۇ.

ئۇسۇلنىڭ يەتتىنچى بۆلىكىدە نۇبۇۋۋەت ( مۆجىزەكارلىق ) ۋە

رىسالەت ( پەيغەمبەرلىك ) كە ئائىت مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ . سۇننىي مەزھىپى ئەقىدىسى بويىچە رەسۇللار ئاللاھنىڭ بەندىلەرنى يېتەكلەشكە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ھېسابلىنىدۇ . پەيغام ( ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە يولايدىغان سۆزى ) پەرىشتىلەر ئارقىلىق رەسۇلغا ۋەھىي قىلىنىدۇ . سۇننىي مەزھىپى ئەقىدىسىدە نەبى رەسۇل ( ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ) دىن پەرقلىنىدۇ . بىرەرسىگە ۋەھىي نازىل بولغان بولسا ۋە ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدىغان مۆجىزە بولسا، ئۇ نەبى ھېسابلىنىدۇ . يۇقۇرىدىكى سۈپەتلەردىن باشقا يەنە ئۆزگىچە ئائىن ۋە شەرىئەت ئېلىپ كېلەلىگەن بولسا، شۇنداقلا ئىلگىرىكى شەرىئەتكە تەۋە بەزى ئەھكام - قائىدىلەرنى ئۆزگەرتەلىسە، ئۇ رەسۇل ھېسابلىنىدۇ . سۇننىي مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىدە نەبى ( كۆپلىگى ئەنبىيا ) لەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ، ئەمما رەسۇللار پەقەت 313 نەپەر بولۇپ ، ئاۋۋالقىسى ئەبۇبەشەر ( ئادەم ئەلەيھىسسالام ) بولسا ،ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر .

ئۇسۇلنىڭ سەككىزىنچى بۆلىكىدە مۆجىزە ۋە كارامەتكە ئائىت مەسىلىلەر سۆزلىنىدۇ . سۇننىي مەزھىپىدىكى نەزىرىيىچىلەر مۆجىزىنى ئادەتتىن ھالقىغان ۋە پەۋقۇلئاددىلىككە ئىگە ھەرىكەت دەپ ھېسابلاب ، ھەرقانداق پەيغەمبەرنى مۆجىزە يارىتىشقا قادىر ، دەپ قارايدۇ . ئۇلار كارامەت پەقەت ئەۋلىيالارغىلا خاس بولۇپ ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇلار كۆزگە كۆرۈنمەس قۇدرەتلىرىنى نامايەن قىلىش رولىغا ئىگە ، دەپ قارايدۇ ھەمدە مۆجىزە بىلەن كارامەتنى پەرقلەندۈرۈشتە ، مۆجىزە دېگەن ئۇنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلار ئۇنىڭ قانداقلىغىنى ئىزھارمۇ قىلالايدۇ ، ئەمما كارامەت ئىگىلىرى بولسا ئۆز كارامىتىنىڭ سىرىنى تولۇق چۈشەنمىگەچكە ، ئۇنى شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ ياكى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى ئاشكارىلىماي پىنھان ساقلايدۇ ، دەپ تەبىر بېرىدۇ .

ئۇسۇلنىڭ توققۇزىنچى بۆلىكى دىنىي ئەركانىنى تونۇش مەسىلىسىگە بېغىشلانغان بولۇپ ، ئىمان كەلتۈرۈش ، ناماز ، روزا ،

زاكات ۋە ھەج قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈننىي مەزھەپدىكىلەر بەش ۋاق نامازنى بارلىق مۆئمىنلار ئۈچۈن چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت دەپ قارايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئالتۇن ـ كۆمۈش، مال ـ چارۋا، مېۋە ـ زىرائەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇقىم دارامەت ئاساسىدا زاكات تاپشۇرۇشىنى ئۆتەشكە تېگىشلىك پەرزلەرنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. سۈننىي مەزھەپنىڭ ئەقىدىسىدە بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار، كېسەللەر، يولۇچىلاردىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى تەكىتلىنىدۇ. شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن شارائىتلارغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەجگە بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. سودا ـ سېتىق ئىشلىرى سۈننىي مەزھەپى نەزىرىدىن ۋاجىپ بولۇپ، پايدىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئاللاھ يولىغا ئاتاش جائىز، دەپ قارىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنى ياخشى، پايدىلىق ئىشلارغا رىغبەتلەندۇرۇش، يامان، ناشايان ئىشلاردىن توسۇشمۇ بۇ مەزھەپنىڭ مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم ئىشلاردىن بىرىدۇر. سۈننىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ شىئەلەر بىلەن بولغان پەرقىنىڭ بىر قىسمىمۇ دەل دىنىي ئەركانلار (ناماز قائىدىلىرى، روزا ۋە دىنىي مۇراسىملار) نى بەجا كەلتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇسۇلنىڭ ئۇنىنچى بۆلىكى ئەلئەمرو بەلمەئرۇف ۋەننەھى ئەنىل مۇنكەر (ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش) گە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈننەت ئەھلى بەندىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋاجىب، ھارام، مۇستەھەب[1]، مەكرۇھ[2]، مۇباھ[3]دىن ئىبارەت بەش قىسىمغا بۆلىدۇ. سۈننىي مەزھەپى ئەقىدىسىدە خۇدا ئىجرا قىلىشنى بۇيرىغان ۋە ئۇنى ئىجرا قىلماسلىق گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ۋاجىپ ئىشلار، دەپ قارىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنى سادىر قىلىشتىن توسقان ئىشلارنىڭ

---

[1] مۇستەھەب ـ ئورۇندىسا ساۋاب، ئەمما ئورۇندىمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىبادەتلەر.

[2] مەكرۇھ ـ نارەۋا، نەپرەت كەلتۈرگۈچى.

[3] مۇباھ ـ جائىز، راۋا.

ھەممىسى ھارام سانىلىدۇ. ھاراملىقىنى نەزەرگە ئالماي بۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلغۇچىلار دىنىي جەھەتتىن جازاغا ئۇچرايدۇ. ئىجرا قىلىنىشى ساۋاب بولىدىغان، ئەمما ئىجرا قىلمىسا ھېچقانداق گۇناھ ھېسابلانمايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇستەھەپ دەپ قارىلىپ، بۇنداق ئىشلار بىلەن كۆپرەك شوغۇللىنىش مۇسۇلمانلارغا تەۋسىيە قىلىنىدۇ. سۈننىي مەزھىپى ئەقىدىسىدە ساۋاپمۇ ياكى گۇناھمۇ ھېسابلانمايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇباھ، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇسۇلنىڭ ئون بىرىنچى بۆلىكى بەندىلەرنىڭ پانىي ئىكەنلىكى ۋە ئۆلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئائىت مەسىلىلەرگە بېغىشلىنىدۇ. سۈننىيلەر خۇدانى جاھاننى بار ۋە يوق قىلالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ۋە قىيامەت كۈنى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بارلىق جانلىقلارنى قايتىدىن تىرىلدۈرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. سۈننىيلەر دوزاخ بىلەن بېھىشنىڭ يارىتىلغانلىقى ۋە بېھىشتىكى نازۇ ــ نېمەتلەر بىلەن دوزاختىكى ئازاب ـ شىكەنجىلەرنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ، گۆر ئازابى، ھەۋزى كەۋسەر[①]، سىرات كۆۋرۈكى[②] مىزان (ئۆلچىگۈچ) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھەقىقەتەن مەۋجۇت دەپ قارايدۇ.

ئۇسۇلنىڭ ئون ئىككىنچى بۆلىكى خەلىپىلىك ۋە ئىماملىققا ئائىت مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈننىي مەزھىپى ئەقىدىسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى ئۆزىگە ۋارىس بولۇشقا ياكى ئىماملىققا كۆرسەتمىگەن، دەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ مەزھەپتىكىلەر خەلىپە (ئىمام) بولغۇچىلارغا قارىتا بىر قاتار شەرتلەرنى تۈزۈپ، خەلىپە (ئىماملار) نىڭ سايلىنىشىدا ئۆلچەم بېكىتىپ چىقىدۇ. بۇ شەرتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا خەلىپىلەر (ئىماملار) چوقۇم قۇرەيش قەبىلىسىدىن سايلىنىشى، ئىلىم ۋە

---

① ھەۋزى كەۋسەر ـ بېھىشتىكى ئەپسانىۋىي كۆل.

② سىرات كۆۋرۈكى (پۇلى «كۆۋرۈك»، سىرات) ــ دىنىي رىۋايەتلەردىكى ناھايىتى ئىنچىكە كۆۋرۈك بولۇپ، دوزاخنىڭ ئۈستىدىن بېھىشقا ئۆتۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

سىياسەتتە كامالەتكە يەتكەن بولۇشى، ئادالەتنى ياقىلايدىغان، شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ئىجتىھات قىلالايدىغان بولۇشى، ئادالەتپەرۋەر، ھۆكۈملىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئۆز دىنىغا سادىق، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلمىغان بولۇشى قاتارلىق تەلەپلەر قويۇلغان. سۈننىيلەرنىڭ خەلىپىلىككە (ئىمامىلىققا) ئائىت نەزەرىيىسىدە شىئەلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىسىدىن پەرقلەنگەن ھالدا خەلىپە بولغۇچىنىڭ ھەرقانداق گۇناھدىن خالىي، پاك بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. ئىسلام ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بارلىق تېررىتورىيىدە بىرلا خەلىپە بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەگەر، بىرەر رايون دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان بولسا ياكى بىرەر دۈشمەن دۆلىتى مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيەت جەھەتتىكى بىۋاستە مۇناسىۋىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ يەردە ئايرىم خەلىپىلىك تەسىس قىلىنسا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. سۈننەت ئەھلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنى ۋە دەسلەپكى ئىككى خەلىپىنىڭ خەلىپىلىكتە باشقا خەلىپىلەرگە نىسبەتەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلى بىلەن ئوسماننىڭ خەلىپىلىكتە قايسىسى ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن پىكىر يوق.

ئۇسۇلنىڭ ئون ئۈچىنچى بۆلىكىدە ئىمانغا ئائىت قاراشلار ئىپادىلىنىدۇ. سۈننەت ئەھلى ئەقىدىسىدە ئىمان دىلدا ئىشىنىش، تىلدا ئىقرار قىلىش، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئىپادىلەش دېمەكتۇر. سۈننىي مەزھىپى نەزەرىيىچىلىرى ئىنسانلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئىقرارى ۋە تائىتىنى ئىمان دەپ ھېسابلاش ياكى ھېسابلىماسلىق مەسىلىسىدە ئورتاق قاراش شەكىللەندۈرمىگەن بولۇپ، ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، جازاغا تارتىلغانلاردىن باشقىلارنى ئوخشاشلا مۆئمىن دەپ ھېسابلايدۇ. ئۈچ خىل ھالەتتە - دىندىن يۈز

ئۆرۈسە ، زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا ، باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولسا ، ئۇنداقلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، جازاسىنى بېرىشنى راۋا دەپ قارايدۇ.

ئۇسۇلنىڭ ئون تۆتىنچى بۆلىكى پەرىشتىلەر ۋە پەرھىزكار ئىمامىلارنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى قاراشلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. سۈننەت ئەھلى پەرىشتىلەرنى ھەرقانداق گۇناھدىن خالى ، دەپ قارايدۇ. بۇ مەزھەپ نەزىرىيىچىلىرىنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەرلەرنى پەرىشتىلەردىن ۋە نەبىلەرنى ئەۋلىيالاردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ ، ئەمما بۇنىڭدا بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق . ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئون نەپەر ساھابىسى - ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تۆت خەلىپە ، تەلخە ، زۇبەير ، سەئىد ئىبنى ۋەققاس ، سەئىد ئىبنى زەيد ، ئەبدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ۋە ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قاتارلىقلارنىڭ دوستلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېھىش ئەھلى، دەپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ قاتارىغا يەنە بەدر ئۇرۇشىدا ئۆزگىچە تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى، ئۇلار بىلەن جەڭگە قاتنىشىپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەمدە بولغان بىر نەچچە كىشىنىڭ نامىنىمۇ قوشۇپ تىلغا ئالىدۇ.

ئۇسۇلنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى ئىسلام دۈشمەنلىرىنى تونۇشقا بېغىشلانغان . سۈننىي مەزھىپى ئەقىدىسىدە ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمگە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان دۈشمەنلەر ، ئىككىنچى بۆلىكىگە ئىسلامىيەت دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن دۈشمەنلەر كىرگۈزۈلىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، بىرىنچى تۈركۈمگە بۇتپەرەسلەر ، قۇياشقا چوقۇنغۇچىلار ، شامان ۋە مانىيلار، سۇفەستائىيلار ، دەھرىيلەر، فەيسەغۇرىيلار قاتارلىقلار كىرگۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى بۆلىكىگە **بەيانىيە ، مۇغەييىرىيە ، مەنسۇرىيە ، جەناھىيە ، خەتتابىيە، ھولۇلىيە ، باتىنىيە ، مۇقەننەئىيە ، مۇھەممەرىيە ، تەناسۇخىيە ، خابىتىيە ، يەزىدىيە ، مەيمۇنىيە ، ئەزافىرىيە ، بابەكىيە ، كامىلىيە ، جارۇدىيە ، ھىشامىيە ، نەججارىيە ، جەھمىيە ،**

**ئىمامىيە ، قەدەرىيە ، مۇئتەزىلىيە ، بەكرىيە ، زۇرارىيە ، مۇشەببىھە** قاتارلىق پىرقىلەر كىرگۈزۈلىدۇ.

سۈننىي مەزھىپىنىڭ ھەنەفىيە فىقھە مەزھىپى ( ئادەتتە بەزى تارىخى مەنبەلەردە، سۈننىي مەزھىپىنىڭ تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپى پىرقە نامى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ ) تۇزۇپ چىققان ئۇسۇل سەككىز بۆلەكتىن ئىبارەت. ئۇلار: تەۋھىد ، ئەدل ، ئىمامەت ، ئەمرى مەئرۇف ( شەرىئەتتە راۋا دەپ قارىلىدىغان ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىش ) ، نەھيى مۇنكەر ( شەرىئەتتە چەكلەنگەن يامان ئىشلاردىن توسۇش ) ، تەۋەللا ۋە تەبەررا ( يېقىنلىشىش ۋە يىراقلىشىش ياكى سۆيۈنۈش ۋە بىزار بولۇش ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سۈننىي مەزھىپىنىڭ باشقا فىقھە مەزھەپلىرى تۇزۇپ چىققان ئۇسۇللارمۇ پەقەت تۈرلەرگە بۆلۈشتىكى قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن شافىئىيە ۋە ھەنەفىيە ئۇسۇللىرىنىڭ مەزمۇنىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

ئومۇمەن، سۈننىي مەزھىپى ئۆز ئەقىدىلىرىنى « قۇرئان كەرىم » ، ھەدىس ۋە يۇقىرىقى ئۇسۇللارغا ئاساسەن بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ ، ئەقىدە جەھەتتە شىئە مەزھىپى بىلەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ:

بىرىنچى ، خەلىپە مەسىلىسى. سۈننىي مەزھىپى تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى دەپ قارايدۇ؛ شىئە مەزھىپى بولسا ، ھەزرىتى ئەلىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنبىر ۋارىسلىق قىلغۇچىسى دەيدۇ. ئىككىنچى ، « قۇرئان كەرىم » نى چۈشىنىش مەسىلىسى. سۈننىي مەزھىپى شىئە مەزھىپىنى « قۇرئان كەرىم » نى بۇرمىلاپ چۈشەندى ، ئايەتلەردىكى تەنبىھلەرگە سەل قارىدى ، قۇرئانغا بىھۆرمەتلىك قىلدى، دەپ ئەيىبلىسە ، شىئە مەزھىپىمۇ سۈننىي مەزھىپىنى ئوخشاش ئەيىبلەيدۇ. ئۈچىنچى ، ھەدىسكە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى. سۈننىي مەزھىپى ئالتە ھەدىسلەر توپلىمىنى

ئىشەنچلىك ھەدىس دەپ قاراپ، ئۇنى قانۇن چىقىرىشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىدۇ؛ شىئە مەزھىپى بولسا، بۇ ھەدىسلەرنى ساختا دەپ قاراپ، ئۆزلىرى تۈزگەن ھەدىسنى ئاساس قىلىدۇ. ئۈچىنچى، دىنىي داھىيلارغا قاراش مەسىلىسى. سۈننىي مەزھىپى خەلىپىنى دىنىي داھىي، دەپ بىلىدۇ. شىئە مەزھىپى ئىمامنى دىنىي داھىي، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي داھىي توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئوخشىمايدۇ. سۈننىي مەزھىپى خەلىپىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي ئىشلارنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىسى، كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمەللىرىگە رىئايە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۇ ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، ھەربىي، دىنىي ئىشلاردا باشلىق بولىسمۇ، ئۇنىڭدا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» نى ۋە ھەدىسنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىغىلا ئىگە؛ ئىلگىرىكىلەرگە ئۇچراپ باقمىغان ئىشلار ئۇچرىغاندا، يەنە كېلىپ قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئۇ ھەقتە بايان تېپىلمىغاندا، خەلىپە ئىشلەپ چىقسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شىئە مەزھىپىدىكىلەر بولسا، ئىمام كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستازدۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئۇ نۇقسانسىز ئادەم بولۇپ، ئاللاھنىڭ قوغدىشىغا نائىل بولىدۇ، مەڭگۈ خاتالىق سادىر قىلمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، سۈننەت ئەھلىنىڭ ئۇسۇلىغا ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان تارىخىي شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بەزى ئۆزگەرتىشلەرمۇ كىرگۈزۈلدى. ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئەمەلىيەت چىقىش قىلىنغان ھالدا كونا قائىدىلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى قائىدىلەر دەسسىتىلدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە تۇرغۇزۇلغان مەزمۇنىغا چوڭ تەسىر يەتكۈزەلمىدى. سۈننىي مەزھىپى ئۇسۇلى ھازىرغىچە ئۆز رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە. ئىران، ئىراق، شۇنداقلا سۈرىيە، لىۋان ۋە يەمەننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىن باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدە سۈننىي مەزھىپى تەلىماتى

مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئىگە ۋە بۇ رايونلاردا سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئۇسۇلىمۇ دىنىي ئىدىئولوگىيىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەزەربەيجان، كافكازنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى، بەدەخشان ۋە شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كافكاز ۋە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسىي ئاھالىلارمۇ سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە بولۇپ، ئۇسۇل ئۇزاق تارىختىن بۇيان بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن قائىدىلەر ئاددىي خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگىچە ئۆزلىشىپ كەتكەن. ئەپسۇسكى، يېقىنقى زامانلاردىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇسۇلنىڭ قايسى بۆلەكلىرىگە كۆپرەك يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تەتقىق قىلىش ھازىرغىچە ئالىملارنىڭ دىققەت ئېتىبارىدىن سىرتتا قالماقتا.

# ئالتىنچى باب

## شىئە مەزھىپى

شىئە مەزھىپى ئىسلامنىڭ غوللۇق مەزھەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ مەزھەپ تەرەپدارلىرى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى خەلىپىلىكنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى، دەپ قارىشىدۇ. شىئە مەزھىپى دەسلەپتە 7 - ئەسىردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت يولىدىكى كەسكىن كۆرەشلەر جەريانىدا ئۇمەۋىيلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى بىر دىنىي - سىياسىي گۇرۇھ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئەرەبلەرنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەتكە ئاساسلىناتتى. ئەمما، ئىسلام جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىكلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى گۇرۇھلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرمۇ زورىيىپ باردى. بۇخىل يۈزلىنىش تەدرىجى ھالدا يېڭى ئېقىم ۋە پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تېزلەتتى. بولۇپمۇ ئوسمان خەلىپىلىكتە ئولتۇرغان دەۋرلەردە (644— 656) پۇقرالارنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان نارازىلىقى كۈچەيدى. چۈنكى، بۇ دەۋردە خەلىپىلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەسلىدىكى يەرلىك ھاكىم ۋە لەشكىرى قوماندانلار ئىشتىن بوشىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇمەۋىيلەردىن ھاكىم ۋە لەشكىرى قوماندانلار تەيىنلەنگەنىدى. خەلىپىگە ئوغلى مەرۋان بىلەن تاغىسى ئەبۇسۇفيانىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ھاكىمىيەتتىكى نۇرغۇن ئىشلار شۇلارنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە ھەل

قىلىناتتى . يەرلىك ئورۇنلاردا بولسا ئۇلار تەيىنلىگەن ھاكىملار
تۆرلۈك يوللار بىلەن مۇنبەت يەرلەرنى ئۆز چاڭگاللىرىغا
كىرگۈزۈۋېلىپ ، ئاددىي پۇقرالارغا بولغان زۇلۇمنى كۈچەيتتى . بۇ
خىل تەڭسىزلىكلەر ئاددىي خەلقنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان
نارازىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى . ئوسماننىڭ خەلىپىلىكتىكى قانۇنىي
ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىپ ؛ ئەلىنىڭ خەلىپىلىكنى
تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ناھايىتى
ياخشى پۇرسەت ئىدى . شۇڭا ، ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى تەشۋىقاتنى
كۈچەيتىپ ، ھاكىمىيەتتىن نارازى شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز
ئەتراپلىرىغا جەلپ قىلدى .

بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن ئەلىنى خەلىپىلىككە تەۋسىيە
قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قازا قىلغان كۈنلەردىلا ئوتتۇرىغا
قويۇلغانىدى . ئەمما، ئۇ چاغدا بۇ خىل تەشەببۇسقا جىددىيرەك
ئېتىبار بېرىدىغان شەخسلەر چىقمىغانىنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەد
پەيغەمبەرنىڭ يېقىنلىرىدىن تەلھە ۋە زۇبەير قاتارلىقلار بۇ خىل
تەشەببۇسقا قارشى ئىدى . كېيىن خەلىپىلىكتىكى سىياسىي
ۋەزىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشى بىلەن ئوسمان خەلىپىلىككە
ئولتۇرغان دەۋردە ئەلىنىڭ خەلىپىلىككە بولغان ۋارىسلىقىغا ئائىت
مەسىلىلەر قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، بۇ جەھەتتىكى تەشۋىق ۋە
تەرغىبات كۈچەيتىلدى . ئەلى تەرەپدارلىرىدىن ئەبۇزەرى غەففارى ،
مىقداد ئىبنى ئەسۋاد ، سەلمانى فارس قاتارلىقلار بارلىق كۈچى
بىلەن ئوسماننىڭ خەلىپىلىكتىكى ئورنىنىڭ قانۇنسىزلىقى ۋە
خەلىپىلىكنىڭ پەيغەمبەردىن كېيىن ئەلىگە مەنسۇپلىقىنى
ئىسپاتلاشقا تىرىشتى . ھەتتا ئەبۇزەر باغدات ۋالىيسىنىڭ ھۇزۇرىدا
مۇئاۋىيە ھاكىمىيىتىنى مەنسەپپەرەسلىك ۋە مال - دۇنياغا بولغان
ھېرىسمەنلىكتە ئەيىبلەپ ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قانۇنسىز ۋە
پەيغەمبەردىن كېيىن خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشتا پەقەت
ئەلىنىڭلا قانۇنىي ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاشكارە ھالدا ئېلان

قىلدى . ئۇ باغدات ۋالىسى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ، مەدىنەگە ئەۋەتىلگەندىمۇ ئۆز تەرغىباتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۇ يەردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى .

ئەلى تەرەپدارلىرى ئەلىنىڭ ئىماملىقىغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى قانۇنىي ئورنىنى دىنىي نۇقتىدىن ئىسپاتلاشقىمۇ تىرىشىپ ، بىر قاتار ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى . بۇ قاراشلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىچە، ئىماملىق ئاممىنىڭ سالاھىيىتىگە ( يەنى ئۇممۇمىنىڭ سايلىمىغا ) باغلىق بولماستىن ئۇ ئىلاھىي ئەمر ۋە ئىسلامدىكى ئۆزگىچە دىنىي ھوكۇمدۇر . شۇ نۇقتىدىن ئۇلار ئىجمائ ئۇسۇلىدىكى ئىمام سايلىمىنى تامامەن رەت قىلىپ ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ خۇمدىكى غەدىر دەرياسى بويىدا ئۆز ساھابىلىرىنىڭ ھوزۇرىدا ئەلىنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلەرگە قاراپ : « كىمكى مېنى مەۋلا ( ئىگە ) دەپ تونۇغان بولسا ، ئەلىنىمۇ مەۋلا دەپ تونۇشى كېرەك » دەپ ئېيتقانلىقىنى نەقىل كەلتۇرۇشىدۇ . ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە ئەگەر ئىماملىق ئەلى ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەگمەي باشقا بىرسىگە بېرىلىدىغان بولسا، بۇ زورلۇق ياكى قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ ، خالاس . شىئەمەزھىپىدىكىلەر شۇڭا ھازىرغىچە ھەر يىلى پەيغەمبەرنىڭ ئەلىنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ ئېلان قىلغان كۈننى « غەدىر ھېيتى » نامى بىلەن خاتىرىلەپ تۇرىدۇ .

« شىئە » سۆزى لوغەت مەنىسىدە « يول » ، « رەۋىش » ، « گورۇھ » دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ ، ئىسلام تارىخىدا بۇ سۆز دەسلەپتە « ئەلى تەرەپدارلىرى » دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەندى . ئەلى جەڭلەردىكى جاسارىتى ، مەردانىلىقى ۋە تۇرلۇك ياخشى پەزىلەتلىرى بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدىلا يۇقىرى ۋە تۆۋەندىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ، ئۆز كۆڭلىدە ئەلىگە قايىل بولغۇچىلارنىڭ سانى تەدرىجى كۆپىيىپ ، كېيىنچە ئۇلار تەسىرى خېلى زور بولغان بىر گورۇھقا ئايلانغانىدى .

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلىنىڭ ئۆزى بۇ گۇرۇھدىكىلەرنى ئۇمۇملاشتۇرۇپ ، مېنىڭ شىئەلىرىم ( يەنى مېنىڭ يولۇمنى تۇتقانلار ) دەپ ئاتىغان ئىكەن ۋە شىئە سۆزى شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ گۇرۇھدىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان . كېيىنچە ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى خەلىپىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى بىلەن ئۇمەۋىيە هاكىمىيىتىگە قارشى تەسىرى چوڭ بولغان بىر دىنىي - سىياسىي كۈچكە ئايلانغان .

ئەلى ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتى ۋە ئۈزلۈكسىز تېرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئوسمان قازا قىلغاندىن كېيىن خەلىپىلىككە تەيىنلىنىدۇ ۋە ئىززەت - ئېتىبارى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆسىدۇ . ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئەبدۇللاھ سەباھ قاتارلىقلار تەشۋىقات دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ، ئەلىنىڭ ھاياتىغا ئائىت نۇرغۇن ھېكايىلارنى تارقىتىپ ، ئۇنى كارامەت ئىگىسى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئورۇنىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى بەزى شەخسلەر بىلەن سۈرىيىدىكى ئۇمەۋىيە تەرەپدارلىرى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىگە قارشى چىقىپ ، ئۇنى ئوسمانغا قەست قىلىپ ، ئۇنى قەتلى قىلغۇزغان، دېگەن گۇناھ بىلەن ئەيىپلىشىدۇ . ئەلى ۋەزىيەتتىكى بۇ خىل كەسكىنلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوسماننىڭ قاتىلى بىلەن ئەبدۇللاھ سەباھنى ئۆزگۇرۇھىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، ئۆزىگە قارشى كۈچلەر بىلەن مۇرەسسەلىشىش يولىنى تۇتىدۇ . تەلھە بىلەن زۇبەيىر بۇ ۋاقىتتىكى قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، بەسرەنى ئىگىلىۋالىدۇ . ئەلى ئۇلارغا قارشى لەشكەر تارتىپ نۇسرەت قازىنىدۇ . كېيىندىنلا 657 - يىلى سىففىندە ئۇمەۋىيە تەرەپدارلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ ، ئۇلارغىمۇ قاتتىق زەربە بېرىدۇ . يېڭىلىش ئالدىدا ئىلاجسىز قالغان مۇئاۋىيە لەشكەرلىرى نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىغا « قۇرئان كەرىم » ۋاراقچىلىرىنى بېكىتىپ ،

سۈلھ تەلەپ قىلىشىدۇ. ئەلى ئۇلار بىلەن سۈلھ تۈزۈش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە رازىلىق بەرگەندە بىر قىسىم تەرەپدارلىرى بۇنىڭغا نارازىلىق قىلىشىپ، ئەبدۇللاھ ئىبنى ۋەھبىنىڭ باشچىلىقىدا شىئەلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇلار تارىختا خارىجىيە (خاۋارىجىيە - بۆلۈنۈپ چىققانلار) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ گۇرۇھدىكى كىشىلەر قارشى تەرەپ بىلەن سۈلھ تۈزۈشكە ئائىت ھېچقانداق ھۆكۈمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، ئەلى بۇ ئىشتا يېڭىلىشتى، چۈنكى ھۆكۈم ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر (لا ھوكمە ئىللەلاھى)، سۈلھقا رازى بولۇش ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىققانلىقتۇر، دەپ قارىشىدۇ.

ئەلى خارىجىيە (خاۋارىجىيە، خاۋارىج) تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن خەلىپىلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئۇمەۋىيە تەرەپدارلىرى بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ ۋە مەدىنەدە ئولتۇراقلىشىپ، ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ.

مۇئاۋىيە خەلىپىلىككە تەيىنلىنىپ، خەلىپىلىكنىڭ پايتەختىنى ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرى كۆپرەك بولغان دەمەشىق شەھرىگە يۆتكەيدۇ. بۇنىڭدىن نارازى بولغان مەدىنە ئاھالىسى ئۇمەۋىيەگە قارشى تۇرلۇك ھەرىكەتلەردە بولىدۇ. 680 - يىلى ئۇمەۋىيلەرنىڭ تۇنجى خەلىپىسى قازا قىلغاندا كۇفە دىكى ئاھالىلار ئەلىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ھۆسەيىنگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇمەۋىيلەرگە قارشى قوزغىلاڭغا تەييارلانغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ھۆسەيىن تەلەپكە بىنائەن يولغا چىقىپ كۇفەگە يېتىپ بارغۇچە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئۇمەۋىيە تەرەپدارلىرى كۇفەدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس باشچىلىقىدىكى ئۇمەۋىيە لەشكەرلىرى ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ھۆسەيىننىڭ ئالدىنى توسىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ كەربەلادىكى قانلىق ئېلىشىشىدا ھۆسەيىن قەتلى قىلىنىدۇ.

هۆسەين قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن شىئەلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇچىنچى ئىمامغا بولغان چوقۇنۇش باشلىنىپ ، تەدرىجى ئۇ بىر كۈچلۈك دىنىي مەزھەپكە ئايلىنىدۇ ۋە خەلىپىلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇمەۋىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى ئاشكارا كۆرەشلەرنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولىدۇ . كۇفەدە مۇختار ئىبنى ئەبۇئۇبەيد شىئە تەلىماتلىرى تەرغىباتىنى كۈچەيتىپ ، ئۆزىنى ئەلىنىڭ ئۇچىنچى ئوغلى – مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفى ( ئەلىنىڭ كەنىز ئايالىدىن تۇغۇلغان ) نىڭ ۋەكىلى دەپ ئېلان قىلىدۇ . شىئەلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنى ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلىشىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قوزغىلىڭى باشلىنىدۇ . بەسرەدە بولسا ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالىدۇ . شىئەلەر خەلىپىلىككە تەۋە باشقا شەھەرلەردىمۇ ئادەم توپلاپ ، ئۇمەۋىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلارنى تەشكىللەيدۇ . نەتىجىدە 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شىئەلەرگە تەۋە پىرقىلەردىن زەيدىيە تەرەپدارلىرى يەمەندە ، فاتىمىيە تەرەپدارلىرى شىمالىي ئافرىقا، مىسىر ۋە سۈرىيە قاتارلىق جايلاردا ، ھەمدانىيە تەرەپدارلىرى سۈرىيەنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى بىلەن ئەلجەزائىردا ، ئىسمائىلىيە ۋە قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى شەرقىي ۋە مەركىزىي ئەرەبىستاندا ، بۇۋەيھىيە تەرەپدارلىرى ئىران ۋە ئىراقتا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىدۇ . خەلىپىلىككە تەۋە قالغان رايونلاردىمۇ شىئە مەزھىپىنىڭ ئوخشىمىغان پىرقىلىرى ئۆز ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ .

تاجىكلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە شىئە مەزھىپىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرى بىر قەدەر ئەركىن تۈسكە كىرگەن بولۇپ ، مەزكۇر مەزھەپكە تەۋە ئوخشىمىغان پىرقىلەر خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا كەڭ دائىرىدە تارقىلىشقا باشلىغانىدى . قەرمەتىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغىچە شىئە مەزھىپىنىڭ ھەرقايسى پىرقىلىرى يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەرقايسى چوڭ –

كىچىك شەھەرلەردە نورمال پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەسىر دائىرىلىرىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتكەنىدى. سەفەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە شىئە مەزھىپى ئىراننىڭ رەسمىي دىنى دەپ ئېلان قىلىندى. ئىران خەلقلىرى خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشتا پەقەت ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭلا تولۇق ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىران خەلقلىرىنىڭ باشلىنىشتىلا شىئە مەزھىپىنى تاللىغانلىقىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆپلىگەن رىۋايەتلىك نەقىللەردىن پايدىلاندى. بۇ نەقىللەردە ئەلىنىڭ ئوغلى ھۆسەين ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ جىھاددا قولغا چۈشكەن ئاخىرقى شاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

دىنىي - تارىخىي مەنبەلەردە ئەبدۇللاھ ئىبنى سەبباھ شىئە مەزھىپى تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسچىسى، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئەسلى يەھۇدىي بولۇپ، كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە ئەلىنىڭ كۈچلۈك تەرەپدارلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشلىغان. ئۇ خىرىستىئان تەلىماتلىرىغىمۇ كامىل شەخسلەردىن بولۇپ، دەسلەپتە شىئە مەزھىپىنىڭ ئىماملىققا ئائىت تەلىماتلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ تەلىماتقا ئاساسەن ئىماملىق خۇدا بەندىلىرىگە شاپائەت تەرىقىسىدە بېغىشلىغان ئىلاھىي مەرھەمەتتۇر، دەپ قارىلىدۇ. ئەبدۇللاھ ئىبنى سەبباھنىڭ پىكرىچە، ئىماملىقمۇ خۇددى پەيغەمبەرلىككە ئوخشاش سايلام يولى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدىغان مەرتىۋە بولماستىن، بەلكى ئۇ قانداشلىق ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىنىدىغان، ئالدىنقى ئىمام ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېيىنكى ئىمامنى تەيىنلەيدىغان ئىلاھىي مەرھەمەتتۇر. مەزكۇر تەلىمات بويىچە ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئىمامسىز ياشىيالمايدۇ ۋە ئۆز ئىمامىنى تونۇمايدىغان ھەرقانداق شەخس جاھىل ھەم ناداندۇر. ئىمام پەيغەمبەرلەرنىڭ خەلقنى خۇدا يولىغا دەۋەت قىلىشىدىكى ۋە يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىشىدىكى ياردەمچىسىدۇر، دەپ قارىلىدۇ.

ئىماملارنىڭ ئىلاھىي مەرھەمەتلەردىن بەھرىمەن

بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ، شىئە ئەھلى ئىمام بولغۇچىلارنى ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك گۇناھلاردىن خالىي ، ھەممە جەھەتتىن پاك ۋە ئۆزگىچە پەۋقۇلئاددە سۈپەتلەرگە ئىگە، دەپ قارىشىدۇ. ھەرقانداق دىنىي ـ سىياسىي مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ دېگىنىنى توغرا ، ھېچقانداق بەس ـ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئىماملارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئىشەنمەي ، ئۇلارنى بېھىشتا مەڭگۈ تىرىك ياشايدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنەرسە ئايانكى، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىماملىقتا ئائىت قاراشلىرىدا ئىلاھىي نۇرنىڭ ئىمام بولغۇچىنىڭ تېنىگە روسۇخ (كۆچۈشى ) بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلىگە ئايلىنىشى ، ئۇلارنى ھېچقانداق ئىجمائ ياكى باشقا ئۇسۇللاردىكى دەستۇرلار ئارقىلىق سايلاپ بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان .

شىئە مەزھىپى تەلىماتلىرى دەسلەپكى دەۋرلەردە سۈننىي مەزھىپى تەلىماتلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى ، ھەتتا شىئە مەزھىپى ئۆز ئىچىدىن بىر نەچچە پىرقىگە بۆلۈنگەن دەۋرلەردىمۇ ئاساسىي پىرقىلەرنىڭ دىنىي ئۇسۇل جەھەتتىكى قاراشلىرىدا سۈننىيلەر بىلەن چوڭ پەرقلەر يوق دېيەرلىك ئىدى . بۇ جەھەتتە ھەر ئىككى تەرەپ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تۆت خەلىپە دەۋرىدە شەكىللەنگەن قاراشلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆز تەلىماتلىرىنى راۋاجلاندۇراتتى . كونكرېتراق ئېيتقاندا ، شىئەلەرنىڭ بىر قىسمى خۇددى سۈننەت ئەھلىگە ئوخشاشلا ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسماننىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشاتتى ، يەنە بىر قىسمى پەقەت ئوسماننىڭ خەلىپىلىكىنىلا ئىنكار قىلىشاتتى ، قالغان قىسىملىرى ئەلىدىن باشقىسىنى ئېتىراپ قىلىشمايتتى . ئەمما، كېيىنچە شىئە مەزھىپى تەلىماتىدا ئىماملىقتا ئائىت نەزەرىيىنىڭ شەكىللىنىشى ، پەيغەمبەرنىڭ ئەلى شەخسىيىتىدە قايتىدىن تىرىلىشى توغرىسىدىكى غايىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ

روھىنىڭ ۋارىسلىرىغا كۆچىدىغانلىقىدىن ئىبارەت « نۇرى مۇھەممەد » نامى بىلەن ئاتالغان تەناسۇخ نەزەرىيىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى شىئە بىلەن سۈننىي مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرىدىكى، بولۇپمۇ ئىماملىققا ئائىت قاراشلىرىدىكى پەرقنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى .

شىئە مەزھىپىنىڭ ئىلاھىي نۇر توغرىسىدىكى تەلىماتى بويىچە، ئىلاھىي نۇر ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇلۇغ كىشىلەر ئارىسىدا كۆچۈپ يۈرگەن ، كېيىن ئۇ پەقەت پەيغەمبەردىن پەيغەمبەرگە كۆچىدىغان بولغان . شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىلاھىي مەرھەمەت تۈپەيلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئەبدۇلمۇتەللىپنىڭ تېنىگە كۆچكەن ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلاھىي نۇر ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىر قىسمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئەبدۇللاھنىڭ تېنىگە ۋە ئۇنىڭدىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە روسۇخ ئېتىپ توختىغان . ئىلاھىي نۇرنىڭ يەنە بىر قىسمى ئەبدۇلمۇتەللىپتىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى، يەنى ئەلىنىڭ دادىسى ئەبۇتالىبغا ، ئۇنىڭدىن ئەلىگە كۆچكەن . ئەلىدىن يەنە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا كۆچىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇزاققىچە داۋام قىلىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ . شىئە مەزھىپىنىڭ بۇخىل تەلىماتى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇن ئوخشىمىغان پىكىر ئېقىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىپ ، كۆپلىگەن پىرقىلەرگە ۋە پىرقىلەرنىڭ يەنە ئۆز ئىچىدىن تارماقلارغا بۆلۈنۈشىگە سەۋەپ بولدى . بۇنداق پىرقىلەردىن ئالدى بىلەن **كەيسانىيە** بارلىققا كەلدى . مەزكۇر پىرقىمۇ يەنە ئىچكى جەھەتتىكى نۇرغۇن ئوخشىمىغان قاراشلارغا ئاساسەن كۆپلىگەن تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى . **ھەنەفىيە** تەرەپدارلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي يېتەكچىسىنى ئۈچىنچى ئىمام، دەپ ئېلان قىلىشتى . ئىمام مۇھەممەد باقىر دەۋرىدە **زەيدىيە** نامىدا يەنە بىر پىرقە مەيدانغا كەلدى . باقىرنىڭ قازاسىدىن كېيىنلا **جەئفەرىيە**نىڭ ئىدىئولوگىيە ئاساسىنى تەشكىل قىلغان **ئىمامىيە** پىرقىسى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى . جەئفەر سادىق قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى ئوتتۇرىسىدا

ئىماملىقنى تالىشىش كۈرىشى كەسكىن بىر تۈس ئالدى ۋە نەتىجىدە ئۇ **ئىسمائىلىيە** ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن پىرقىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى . شىئە مەزھىپىدىكى **غۇلات** ① پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە بۇنداق پىرقىلەرنىڭ سانى جەھەتتىن كۆپىيىشى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ تەلىماتىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىككە يۈزلىنىپ ، مۇرەككەپ بىر تۈس ئالدى ؛ تەناسۇخ ( روھنىڭ تەندىن — تەنگە كۆچىشى ) ، ھولۇل ( روھنىڭ تەن بىلەن بىرلىشىشى ) مۇشەببىھە ( ئانتراپومورفىزم ) گە ئوخشاش نەزىرىيىلەر بارلىققا كېلىپ ، بەزى پىرقە ئاساسچىلىرى ھەتتا خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى .

شىئەلەرنىڭ تۆتىنچى ئىمامى قازا قىلغاندىن كېيىن « غەيبەتى سۇغرا » ( بۇ دۇنيادىكى غايىبلىق ياكى كىچىك غايىبلىق ) تەلىماتى ۋە ئون ئىككىنچى ئىمام قازا قىلغاندىن كېيىن « غەيبەتى كۇبرا » ( قىيامەت كۈنىدىكى غايىبلىق ياكى چوڭ غايىبلىق ) تەلىماتى بارلىققا كەلتۈرۈلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىماملارنىڭ رىجئەت قىلىشى ( قايتىدىن قايتىپ كېلىشى ) غايىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بۇ خىلدىكى غايىلەر قەدىمكى گىرېك ۋە خرىستىيان پەلسەپىسىنىڭ نۇرغۇن تەشەببۇسلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ، ئىككى ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شىئە مەزھىپىنىڭ ھەرقايسى پىرقىلىرىدىن نۇرغۇن ئاساسچىلار مۇشۇنداق غايىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنى ئىمام ياكى ئاخىر زاماننىڭ مەھدىسى، دەپ ئېلان قىلىشتى . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئىماملار ئەمەس . شىئە مەزھىپىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئىماملار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت : ئەبۇھەسەن ئەلى ئىبنى ئەبىتالىب ( 661 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇمۇھەممەد ھەسەن ئىبنى

---

① غولات — ( چەكتىن ئاشقان ) ئىسلام تەلىماتلىرى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن مەزھەپ، پىرقىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى .

ئەلى ( 669 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇئەبدۇللاھ ھۆسەين ئىبنى ئەلى ( 680 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇمۇھەممەد ئەلى ئىبنى ھۆسەين ( 713 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ( باقىر لەقەبى بىلەنمۇ تونۇلغان ، 732 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇئەبدۇللاھ جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد سادىق ( 765 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇئىبراھىم مۇسا ئىبنى جەئفەر كازىم ( 799 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇلھەسەن ئەلى رىزا ( 818 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ( 835 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ( 868 - يىلى قازا قىلغان ) ، ئەبۇمۇھەممەد ھەسەن ئىبنى ئەلى ئەسكەرى ( 874 - يىلى قازا قىلغان ) ۋە ھۆججەت ياكى قائىمدىن ئىبارەت .

شىئە مەزھىپى تەرەپدارلىرىمۇ « قۇرئان كەرىم » ۋە ھەدىسنى ئوخشاشلا ئېتىراپ قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە « قۇرئان كەرىم » نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا ئەلىنىڭ ئىمامىلىقىغا ئائىت مەزمۇنلار بارئىدى . ئەمما، كېيىن زەيد ئىبنى سابىت تەرىپىدىن تەھرىرلەنگەندە ئەلىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قۇترانقۇلىقى بىلەن ئەلىگە ئائىت مەزمۇنلار چىقىرىۋېتىلگەن . شۇڭا،شىئەلەر « قۇرئان كەرىم » نىڭ مەتنىگە باشقىچە نەزەردە قاراپ ، ئۇنىڭدىكى بەزى سۆزلەرنى ئۆزگىچە ئىنتوناتسىيىدە ئوقۇيدۇ ۋە « قۇرئان كەرىم » نى ئۆزگىچە ئۇسۇلدا تەپسىرلەشنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ . مەسىلەن ، شىئەلەر ئەسلىدە ئەلا دەپ ئوقۇلىدىغان سۆزنى ئەلى ( يېزىلىشى ئوخشاش ) ، ئۇممە دەپ ئوقۇلىدىغان سۆزنى ئەئىممە ( ئىماملار ) دەپ ئوقۇشىدۇ . « قۇرئان كەرىم » گە ئۇلار مۇھەممەد ۋە ئەلى دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان « نۇرەين » سۈرىسىنى قوشۇپ كىرگۈزگەن بولۇپ ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ سۈننەت ئەھلىدىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم تەرەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا يەنە شىئەلەرنىڭ سۈننىتىمۇ سۈننىيلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ . شىئەلەر 10 - ئەسىردىن باشلاپ ئۆزگىچە سۈننەتنى رەتلەپ ، ئۇنى « ئەخبار »

نامى بىلەن ئىپلان قىلىنىشقان . « ئەخبار » غا كىرگۈزۈلگەن ھەدىسلەرمۇ سۈننىيلەرنىڭ ھەدىسلىرىدىن خېلى كۆپ جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ . « ئەخبار » دىكى ھەدىسلەر تامامەن باشقا مەنبەلەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن . ئۇلاردا پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ، ئەلى ۋە باشقا ئىماملارنىڭ ئۆزلىرىگىلا تەئەللۇق دەپ قارالغان رىۋايەتلىك نەقىللەر ئاساس قىلىنغان بولۇپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ساھابىلىرىگە تەئەللۇق بولغان نەقىللەر تامامەن ئىنكار قىلىنىدۇ . بۇنداق پەرقتىن باشقا يەنە « ئەخبار » دا شىئەلەرنىڭ سۈننىيلەردىن پەرقلەنمەيدىغان ، ھەر ئىككى مەزھەپكە ئورتاق بولغان بەزى ھەدىسلەرمۇ مەۋجۇت .

شىئە مەزھىپىنىڭ فىقھ ئىلمى مەزكۇر مەزھەپ تەرەپدارلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب كۇلەينى ، ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى قۇمى ، نۇئمان مۇھەممەد ئىبنى ھەييان ، نۇئمانى باغدادى قاتارلىق فىقھ ئىلمى ئالىملىرىنىڭ كوللىكتىپ ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، خېلى ئەتراپلىق تۈزۈلگەن ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ يەنە ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ ، مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئايلانغان . شىئە مەزھىپىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىرىمۇ مەزكۇر مەزھەپنىڭ ئۆزگىچە ئەھكاملىرىنى مۇكەممەل رەۋىشتە تۈزۈپ چىقىشقان .

شىئە مەزھىپىمۇ ئۇسۇل ۋە فورۇئىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شىئە مەزھىپىنىڭ ئۇسۇلى تەۋھىد ( يېگانىلىق ) ، ئەدل ، نۇبۇۋۋەت ( پەيغەمبەرلىك ) ، ئىماملىق ۋە قىيامەت ياكى مەئاد ( ئاخىرەت ) گە ئائىت مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بەش ئاساسىي ئۇسۇلدىن تۆتىدە شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەر ئارىسىدا قىسمەن پەرقلەرلا مەۋجۇت . مەسىلەن ، شىئە تەرەپدارلىرى شاھادەت سۆزىگە ئەلىنىڭ نامىنىمۇ قوشۇپ كىرگۈزىدۇ . ئەدل مەسىلىسىدە شىئەلەرنىڭ قارىشى **مۇئتەزىلە** تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە شىئەلەرمۇ ئىرادە ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ . شىئەلەر قىياس ئۇسۇلىنى رەت قىلىپ ، شەرىئەتكە دائىر مەسىلىلەردە ئىلمىي دەلىل ۋە ئەمەلىي

ئۇسۇل بولۇشىنى كۆپرەك تەكىتلىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىدە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشنى ياقىلىشىدۇ. شىئە مەزھىپىنىڭ تەۋھىدگە ئائىت قاراشلىرىدا ئىرفان پەلسەپىسىگە ئائىت مەزمۇنلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شىئەلەر ئىجمائ ئۇسۇلىنى سۈننىيلەر بىلەن ئوخشاش مەندە ئەمەس، بەلكى مۇجتەھىد[1]لەرنىڭ پەتىۋاسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىدۇ. شىئە مەزھىپىدە مۇجتەھىدنىڭ پەتىۋاسىسىز ھېچقانداق ھوكۇم قانۇنى كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ.

شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەرنىڭ ئاساسىي پەرقى يەنە مۇراسىم خاراكتېرلىك بەزى ئىشلاردا (ئەزان تۇۋلاش، رامىزاندىكى تەرابىھ نامىزى[2]، شېھىتلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش)، بەزى مەسىلىلەردىكى ئەقىدە جەھەتتە (ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى) ۋە فىقھ - ھوقۇقىي مەسىلىلەردە ئىپادىلىنىدۇ. دىنىي ۋە ئىمانغا ئائىت مەسىلىلەردە چوڭ پەرق يوق دېيەرلىك. شىئە مەزھىپى تەرەپدارلىرىمۇ مەككە، مەدىنە، نەجەف، كەربەلا، مەشھەد ۋە قۇمرا قاتارلىق شەھەرلەرنى مۇقەددەس دەپ قارىشىدۇ. شىئە مەزھىپى تەرەپدارلىرى «فاتىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى»، «ئاشۇرا» (ھۈسەين قەتلى قىلىنغان كۈن) ۋە ئىماملارنىڭ تۇغۇلغان، قازا قىلغان كۈنلىرىنى خاتىرىلىشىدۇ. خەلىپە ئۇمەر ئۆز ۋاقتىدا بىكار قىلغان ۋاقىتلىق نىكاھ (سىغە) غا يول قويۇشىدۇ. شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەر ئارىسىدا بەزى ئادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش جەھەتتىمۇ قىسمەن پەرقلەرنى مەۋجۇت.

ھازىرقى ۋاقىتتا شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، ھىندىستان، پاكىستان (ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 30 پىرسەنتى)، يەمەن، لىۋان (تەخمىنەن 750 مىڭ كىشى)، سەئۇدى ئەرەبىستان (تەخمىنەن 660 مىڭ كىشى)،

---

[1] مۇجتەھىد — دىنىي بىلىم ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ۋەھىيگە يەتكەن ئۆلىما دېگەن مەنىدە.

[2] تەرابىھ نامىزى - رامىزان كۈنلىرى كېچىدە ئوقۇلىدىغان مەخسۇس نامازلار.

سۇرىيە ( ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 40 % تى ) ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىگە تارقالغان . بۇلاردىن باشقا يەنە ئەزەربەيجاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋە جەنۇبىي تاجىكىستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى ئاھالىلارمۇ شىئە مەزھىپىگە تەۋە، ئىبلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى قىسمەن ئاھالىلار، يەنى تاجىكلارمۇ شىئە مەزھىپىگە تەۋەدۇر . يىغىپ ئېيتقاندا، دۇنيادىكى تەخمىنەن 800 مىليون موسۇلماننىڭ تەخمىنەن 80 مىليونى، يەنى 10 % تى شىئە مەزھىپىنىڭ يولىنى تۇتىدۇ .

## يەتتىنچى باب

# خارىجىيە ( خاۋارىج ) مەزھىپى

خارىجىيە مەزھىپى تارىخىي مەنبەلەردە خاۋارىجىيە ، خاۋارىجلەر پىرقىسى قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ ئىسلام تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلامنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە خېلىلا زور تەسىرگە ئىگە بولغان گۇرۇھ بولغانلىقى ئۈچۈن ، تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنى پىرقە ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل بىر مەزھەپ سۈپىتىدە تونۇپ ، مەنبەلەردە ئايرىم سەھىپىلەرنى ئاجرىتىپ تونۇشتۇرۇشقان . شۇڭا مەزكۇر كىتابىمىزدىمۇ بۇ گۇرۇھنى مەزھەپ دەپ ئاتاشنى توغرا تاپتۇق .

مەزكۇر مەزھەپنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان خارىجىيە سۆزى بۆلۈنۈپ چىققان دېگەن مەنىدە بولۇپ ، يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك دەسلەپتە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبىتالىب ( ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرچە تىل ــ يېزىقتا چىققان مەنبەلەردە ئەبۇ تالىپ ، دەپ ئېلىنىپ كەلگەن . ئەسلى ئوقۇلىشىغا ئاساسەن كىتابىمىزدا ئەبىتالىب ، دەپ ئېلىشنى توغرا تاپتۇق ــ ئا ) نىڭ شام ۋالىسى مۇئاۋىيەگە قارشى ئۇرۇشىدا ئەلىدىن كۆڭلى رەنجىپ بۆلۈنۈپ چىققان بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى كۆرسىتەتتى . بۇ گۇرۇھدىكى كىشىلەرنىڭ ھەزرىتى ئەلى بىلەن بولغان ئىختىلاپى سىففىن ئۇرۇشى ( 657 - يىلى ) دا يۈز بەرگەندى . بۇ ئۇرۇشتا ئەلىنىڭ لەشكەرلىرى مۇئاۋىيەنىڭ لەشكەرلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ. مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى يېقىنلاشقان ۋە ئەلىنىڭ نۇسرەت

قازىنىشى مۇقىملاشقان بىر پەيتتە مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرى قورال كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرالمىغان دۈشمەنلىرىگە سۈلھى تۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، قېيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيدۇ. بۇ ئىشتا ئۇلار ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ ھىيلىسى بويىچە بارلىق لەشكەرلەرنىڭ نەيزىسى ئۇچىغا «قۇرئان كەرىم» ۋاراقچىلىرىنى ئېسىپ، قارشى تەرەپنىڭ مۇقەددەس كىتابقا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرغان قوشۇننى ئۆڭايسىز بىر ھالەتكە چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توختىتىپ، مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىپ قالماقچى بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار يەنە بارلىق زىددىيەتلەرنى قان تۆكۈش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ كالامى ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىگە تايانغان ھالدا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ئەمىر ئىبنى ئاس ئويلاپ تاپقان بۇ خىل ئامال شۇ پەيتتە ھەقىقەتەن كارغا يارايدۇ. چۈنكى، ئەلىنىڭ ئەسكىرىي سېپىدە نۇرغۇن موللا، قارىيلارنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەلىگە بولغان تەسىرى كۈچىنىڭ خېلىلا زور ئىكەنلىكىنى قارشى تەرەپ ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدى. ئالدى بىلەن دەل مۇشۇ تەقۋادار كۈچلەر قارشى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ نەيزە ئۇچلىرىغا ئېسىلغان «قۇرئان كەرىم» ۋاراقچىلىرىنى كۆرۈپ، ئەلىنى سۈلھى تۈزۈشكە دەۋەت قىلىشىدۇ. ئەلىنىڭ ھەربىي مۇشاۋىرلىرىمۇ «قارشى تەرەپ بىزنى بارلىق ئىختىلاپلارنى ‹قۇرئان كەرىم› ئاساسىدا ھەل قىلىشقا چاقىرغان پەيتتە بىز شەمشەر كۆتۈرۈپ قان تۆكسەك ئادىللىق بولماسمىكىن» دەپ ئەلىنى سۈلھى يولىنى تۇتۇشقا ئۈندىشىدۇ. بۇ خىل تەشەببۇس ئەلىنىڭ ئەسكىرىي سېپىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەرىپىدىنمۇ قوللاشقا ئېرىشىدۇ. ئەلۋەتتە قوماندان ۋە ئەسكىرىي سەپتىكىلەردىن يەنە بىر قىسمى گۇمران بولۇش ئالدىدىكى مۇئاۋىيە قوشۇنىنىڭ ئاخىرقىي تەقدىرىنى ھەل قىلىپ، ھاكىمىيەتكە تەھدىت بولۇۋاتقان بۇ كۈچنى تامامەن يوقۇتۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ھەزرىتى

ئەلى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە قورۇلىدىغان مۇھاكىمە سوتى تەشكىللەشكە رازىلىق بېرىدۇ. بۇ سوتتا ئەبۇمۇسا ئەشئەرى ئەلىگە ۋەكىلىك قىلىدىغان ، ئەمر ئىبنى ئاس مۇئاۋىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىغان داۋەگەرلەر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

ئەلىنىڭ مۇرەسسەچىلىك يولىنى تۇتۇشى مۇئاۋىيە بىلەن سۇلھى تۈزۈشكە رازىلىق بەرمىگەن بىر قىسىم لەشكەر ۋە لەشكەرباشلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئەلىنىڭ لەشكەرلىرى كۇفەگە قايتقاندىن كېيىن سۇلھى تۈزۈشتىن نارازى بولغان بۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئەلىنىڭ سېپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ( شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خارىجىلەر ، خاۋارىجلار ـ سەپتىن چىقىپ كەتكەنلەر ، بۆلۈنۈپ كەتكەنلەر، دەپ ئاتىلىدۇ ) ، كۇفەنىڭ يېنىدىكى ھەرۇرا دېگەن يېزىغا توپلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇئاۋىيەنىڭ تەقدىرىگە قارىتا ئاللاھنىڭ ھۆكمى چىقىرىلىپ بولغان ۋە بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن ئۇ يېڭىلگەنىدى . ئەمما،ھەزرىتى ئەلى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قارشى يولنى تۇتۇپ ، خاتالىق سادىر قىلدى . چۈنكى مۇقەددەس كىتابىمىز« لا ھۆكمە ئىللەللاھى »( ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھېچقانداق ھۆكۈم مەۋجۇت ئەمەس ) دەپ ئېنىق يېزىلغان ، ئەلىنىڭ شۇنداق پەيتتە سۇلھى يولىغا مېڭىشى ئىلاھىي ھۆكۈمگە قارشى چىققانغا باراۋەردۇر.

ھەزرىتى ئەلى بىر قىسىم لەشكەرلەرنىڭ نارازى بولۇپ ، بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىدۇ ۋە نارازىلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلايدۇ. كەيىنىدىن ئۆز قارارىنىڭ خاتا ئەمەسلىكى توغرىسىدا پاكىت كەلتۈرۈپ ، ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما، ھەزرىتى ئەلى بۆلۈنۈپ كەتكەن ئون ئىككى مىڭ كىشىدىن پەقەت ئىككى مىڭنىلا قايىل قىلىپ ، ئۆز سېپىگە قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ. قالغانلىرى ئەلىنىڭ ئىلگىرىكى لەشكەر باشلىرىدىن بىرى بولغان ئەبدۇللاھ ئىبنى ۋەھبىنىڭ

باشچىلىقىدا ئەلىنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولماي، ئۇنىڭ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشىدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئاخىر باشقا ئىلاجىنىڭ قالمىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىدۇ. خارىجىيە تەرەپدارلىرى بۇ قېتىم ئۇرۇشتا قاتتىق زەربە يەپ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان ۋە ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ھايات قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر سىياسىي گۇرۇھ سۈپىتىدە تامامەن يوقۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كېيىنچە ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى ئىچىدىكى باشقا نارازى كۈچلەرمۇ تەدرىجى ھالدا خارىجىيە سېپىگە قېتىلىپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، كۈچلۈك تەرغىباتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ئۆز تەشەببۇسلىرىدا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغاچقا تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، قىسقىغىنە مۇددەت ئىچىدە بىر كىچىك سىياسىي گۇرۇھدىن تەرەققىي قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە تەسىرى خېلىلا زور بولغان كۈچلۈك دىنىي - سىياسىي ئېقىمغا ئايلىنىدۇ.

خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە ئىسلام دۇنياسىدىكى بارلىق تەڭسىزلىك ۋە ئاخىرى چىقمايدىغان تالاش - تارتىشلار، تىنچسىزلىقلارنىڭ مەنبىئى مۇئاۋىيە ۋە ئەلەۋىيە (ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى) نىڭ ئۈستۈنلۈك ئىگىلەپ تۇرغانلىقىدا دەپ قاراپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بىرگە سىففىندىكى سۈيىقەستنى پىلانلىغان ئەمر ئىبنى ئاسنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىشنى پىلانلاپ، ئىشەنچلىك ۋە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن قاتىللاردىن ئۈچىنى تاللاپ، ھەزرىتى ئەلى، مۇئاۋىيە ۋە ئەمر ئىبنى ئاسنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ. ھەزرىتى ئەلى كۇفە مەسچىتىدە بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا، خارىجىيە مۇرىتى ئىبنى مولجەم تەرىپىدىن سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدۇ. ئەمر ئىبنى ئاس شۇكۈنى بامدات

نامىزىغا بارمىغانلىقى ئۈچۈن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، مۇئاۋىيە يارىلىنىدۇ. خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى مۇئاۋىيەنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ ئۆز تەسىر دائىرىسىدىكى بارلىق رايونلاردا خارىجىيە تەرەپدارلىرىنى تۇتقۇن قىلىش، قەتلى قىلىشقا ئەمىر چىقىرىدۇ. قاتتىق باستۇرۇش نەتىجىسىدە، خارىجىيە تەرەپدارلىرى تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي ئافرىقىغا، بىرقىسمى ئىراقنىڭ قىسمەن رايونلىرىغا توپلىشىدۇ، يەنە بىر قىسمى خۇراسان، ئەرەب دېڭىز قولتۇقى تەرەپلەرگە قېچىپ بېرىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدا سىياسىي - ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەن دەۋرلەردە خارىجىيە تەرەپدارلىرى ئاساسەن خەلىپىلىكنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىگە قارشى تۇرۇشنى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەڭسىزلىكنى يوقىتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ كۆرەش نىشانى قىلىپ، ئاممىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇسمان خەلىپىلىك قىلغان دەۋردىن باشلاپ خەلىپىلىككە تەۋە رايونلاردا ئوردا ئەھلى ياكى ھۆكۈمران تەبىقە تولۇق ھالدا شەكىللىنىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاددىي خەلققە بولغان زۇلۇمى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. شۇڭا، ئۇمەۋىيەلەر خەلىپىلىكى دەۋرى خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئەڭ ئەۋج ئالغان ۋە ئۇلارنى قوللايدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئەڭ كۆپ بولغان بىر دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇلار ئىران، ئىراق، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر، ئەرەب يېرىم ئارىلى ( يەمەن، خەزرەمەۋت، ئۇمان )، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردا ناھايىتى يوقۇرى نوپۇزغا ئېرىشىدۇ.

خارىجىيە تەرەپدارلىرى تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش غايىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىستېلا قىلىنغان

رايونلاردا مۇسۇلمانلار غەيرى مۇسۇلمانلاردىن ئىبلىنىدىغان تۇرلۇك باج ـ سېلىقلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشى ۋە ئۆزلىرى بولسا باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشتىن ئازاد بولۇشى كېرەك . خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىماملىقتا (خەلىپىلىككە)ئائىت تەلىماتلىرىمۇ شىئە ۋە سۈننىي مەزھىپىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى تەلىماتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىمام (خەلىپە) سايلام يولى بىلەن تەيىنلىنىشى ۋە ئىمامىنىڭ سايلىمىغا جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى قاتنىشالايدىغان بولۇشى كېرەك . ئىمام پەقەت قۇرەيش قەبىلىسىدىن سايلىنىشى شەرت ئەمەس ، ھەتتا ئىمانى پاك بولغان بىر زەنگىمۇ ئەگەر لاياقەتكە ۋە جامائەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسا، ئىمام بولۇپ سايلانسا بولىۋېرىدۇ . خارىجىيە تەرەپدارلىرى ئىماملارغا ئىلاھىي خاسىيەت ۋە پەۋقۇلئاددە قۇدرەت نىسبەتلەشتۇرۇشنى خالىمايدۇ . ئۇلار سايلامدىن ئۆتكەن ئىماملارمۇ ئەگەر تەقۋادارلىقنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ، ئادالەت يولىدىن ئازىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىماملىقى بىكار قىلىنىشى ۋە ھەتتا بۇنداق ئىماملار قەتلى قىلىنىشى كېرەك، دەپ تەكىتلەيدۇ . خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتى بويىچە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئورۇندا ئىككى ئىمام سايلاپ تەيىنلەشكە بولىدۇ . ئۇلار ئەبۇبەكرى بىلەن ئۇمەرنىڭ خەلىپىلىكى (ئىماملىقى) نى ئېتىراپ قىلىدۇ . ئوسماننىڭ خەلىپىلىكىنى ( ئىماملىقىنى) تامامەن ئىنكار قىلىدۇ . ئەلىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تاكى سىففىن ئۇرۇشىغىچە توغرا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر خاتالىقلارغا يول قويغان، دەپ قاراپ ، ئەلى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىماملىقتا ۋارىسلىق قىلىشىغا قوشۇلۇشمايدۇ . ئۇمەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىلىگىنىمۇ تامامەن ئېتىراپ قىلمايدۇ . ئۇلار ئاھالىلىرى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىناق ياشايدىغان بىر غايىۋىي دۆلەت قۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلىپ تاللايدۇ .

خارىجىيە تەرەپدارلىرى « قۇرئان كەرىم » نى مەخلۇق ( يارىتىلغان ) دەپ

قارايدۇ ، ئىجمائ ۋە قىياسنى قوبۇل قىلىشمايدۇ . مەككىنى مۇقەددەس دەپ ھېسابلايدۇ . « قۇرئان كەرىم » دىكى « يۇسۇپ » سۈرىسىنى رەت ئېتىدۇ ، ئەۋلىيالارغا ئېتىقاد قىلىش ، چوقۇنۇشنى ناتوغرا دەپ قارىشىدۇ . ئەمما ، خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزلىرىنىڭ پېشۋالىرىغا چوقۇنۇش ئادەتكە ئايلانغان . خارىجىيە تەرەپدارلىرى دىنىي ۋە ئەخلاقىي پەرىزلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىشنى دائىم تەكىتلىشىدۇ ، چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنى كۇپۇرلۇقتا چىقىرىدۇ ، دىنىي ئەھكاملارغا تولۇق رىئايە قىلىشنى ئىماننىڭ بىر تەركىبى قىسمىي دەپ قارايدۇ . ئىماننى تەنھا ئېتىقاد دەپ قارايدىغان قاراشلارنى قوبۇل قىلمايدۇ . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئاللاھنىڭ يېگانىلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ ، دىنىي پەرزلەرنى بەجا كەلتۈرمەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ھېساپلانمايدۇ . ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاشلا دوزاختا ھۆكۈم قىلىدۇ . دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد ئېلىپ بېرىشنى راۋا دەپ قاراپ ، جىھاددىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلارنى موسۇلمان ھېسابلىمايدۇ . ئۇلار ئېتىقاد ۋە ئىماننىڭ پاكلىقىغا يوقۇرى تەلەپلەرنى قويۇپ ، مۇئمىنلەرنىڭ روھىي جەھەتتىن پاك بولۇشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە بىرلا ناتوغرا بېسىلغان قەدەم مۇئمىنلەرنى موسۇلماندارچىلىق يولىدىن ( بۇ يەردە خارىجىيە تەلىماتى تۇتقان يولدىن دېگەن مەنىدە ) ئازدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن . خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پىكرىچە، ھەرىكەتسىز ، ئۆز ئېتىقادىدا مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە بولمىغانلارنىڭ ئىماملىقى مەۋجۇت بولۇپ تورالمايدۇ . ئۇلار چېكىملىك چېكىش ، مەيخورلۇق ، مۇزىكا چېلىش ياكى ئاڭلاش ، ھەشەمەتكە بېرىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىماننىڭ پاكلىقىغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان قىلمىشلار دەپ قاراپ ، ئۆز تەرەپدارلىرى ئىچىدە قاتتىق چەكلىگەن . ئۇلار ئۆز

تەلىماتلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن باشقا پىرقە نەزىرىيىچىلىرى بىلەن دائىم كەسكىن مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارغان . ھەرقانداق نەرسە مەيلى موسۇلمان ياكى يەھۇدى ۋە مەسىھى ( خرىستىيانلار ) ئۈچۈن بولسۇن، ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر، دەپ ھېسابلايدۇ . ئىبادەتنى ئىچكى ( قەلبتىكى ) ۋە تاشقي تاھارەتتىن كېيىنلا ئاندىن جائىزدۇر، دەپ قارايدۇ .

خارىجىيە تەرەپدارلىرى يوقىرىدىكىدەك تەلىماتلىرىغا ئاساسەن ئۇمەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلماي ، ئۇلارنىڭ يوقىرى ـ تۆۋەندىكى ھاكىم ۋە ۋالىيلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىن يولىدىن ئاداشقانلار، دەپ ئاتىشىپ ، ئۇلارغا قارشى مۇقەددەس جەڭ ئېلان قىلىشقان . ئۇلار دىنىدىن تانغان ، باش تارتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇغان . ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى كېيىنچە ئىستېئراد نامى بىلەن دىنىي تەلىماتلارغىمۇ كىرگۈزۈلگەن .

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك ئىختىلاپلار تۇغۇلۇپ ، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈش باشلانغان . ئۇمەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئىسلام دىنى تارقالغان ھەر قايسى رايونلاردا خارىجىيەنىڭ ئوخشىمىغان پىرقىلىرى كەڭ دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى دىنىي تەلىماتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشقان . دىنىي تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى خارىجىيەگە تەۋە سەككىز پىرقە ( **ئەزرەقىيە ، نەجدىيە ، سۇفرىيە ، ئەجارىدە ، ئەبازىيە ، بەيھەسىيە ، سەئلەبىيە ۋە ھەفسىيە** ) ۋە بۇ پىرقىلەرگە تەۋە بىر قانچە تارماق توغرۇلۇق خېلى تەپسىلى مەلۇمات بېرىدۇ . ئابدۇلقاھىر باغدادى خارىجىيەنى يىگىرمە پىرقىگە بۆلۈنىدۇ ، دەپ قارايدۇ . تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپ قىسمى

خارىجىيە پىرقىلىرى ئىچىدە ئەزرەقىيەنى چەكتىن ئاشقان ۋە ئەبازىيەنى مۆتىدىل يول تۇتقان پىرقىلەردىن دەپ ھېسابلىنىدۇ. تەلىمات جەھەتتە خارىجىيەنىڭ بارلىق پىرقىلىرى ئىچىدە ئاساسىي مەسىلىلەردىكى قاراشلاردا چوڭ پەرقلەر كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن ئۇلار ئايرىم سىياسىي ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئوخشىمىغان قاراشلارنى ياقىلىشىدۇ.

ئۇزاق تارىخ جەريانىدا خارىجىيەگە تەۋە ھەر قايسى پىرقىلەر خەلىپىلىككە تەۋە ھەر قايسى رايونلاردا ئۇمەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلا ھاكىمىيىتىگە قارشى توختاۋسىز سىياسىي كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمان شەرقىدە زور تەسىرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىران ۋە ئىراقتىكى ئەبدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ۋە ئەبدۇلمەلىك ئۇمەۋىگە قارشى قوزغىغان قوزغىلاڭلىرى 13 يىلدىن ئارتۇق (684 - 697) داۋام قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار يەنە كۇفە ۋە بەسرەدىمۇ كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ تەشكىللەيدۇ. ئۇلار كېيىن كىرمان ۋە تەبەرىستان قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ تەسىرى زور بولغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرى ھەرقايسى پىرقە ئاساسچىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئاساسەن ئەرەبىستاننىڭ غەربىي قىسمى، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق رايونلاردا ئەۋجىگە چىقىدۇ. خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئالاھىدە ماھارەتلىك كۇچلىرى ئۇمان، خۇراسان، خۇزىستان، سىستان قاتارلىق رايونلاردا ئۇمەۋىيلەر، كېيىنرەك ئابباسىيلارنىڭ يەرلىك ھاكىملىرىغا قارشى كۇرەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق كۆرەشلەرگە ئاياللارمۇ پائال قاتناشقان. كېيىنچە خارىجىيەگە تەۋە ھەرقايسى پىرقىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پەرقلەرنىڭ زورىيىشى ۋە زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشى ئىسلام شەرقىدىكى سىياسىي سەھنىدە بىر مەزگىل ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە بولغان بۇ زور كۇچنى خورىتىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى تەدرىجى سۇسلاشتۇردى. خارىجىيە

مەزھەپى كىيىنكى دەۋرلەردە بىر دىنىي ـ غايىۋىي ئېقىم سۈپىتىدە بىر نەچچە ئەسىر مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىلەردىكى پائالىيەتچانلىقى ۋە كۈچلۈك تەسىرى كەلمەسكە كەتتى. خارىجىيەگە تەۋە پىرقىلەردىن پەقەت ئەبازىيە تەرەپدارلىرىلا ھازىرغىچە ئۇماندا ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى پادىشاھلىق، ئەلجەزاير، تۇنىس، لىۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئەبازىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئاز بىر قىسىم مۇرىتلىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

# سەككىزىنچى باب

## سوپىزم

سوپىزم ياكى تەسەۋۋۇپ ئىسلام تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بارلىق دىنىي - پەلسەپىۋىي ئېقىملار ئىچىدە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئەمەلىي ۋە نەزىرىيىۋىي جەھەتتىكى ئەقىدە - تەلىماتلىرىغا ئەڭ كۆپ ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن ، غەيرىي ئىسلام ئېلېمېنتلىرىنى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلغان مۇرەككەپ بىر ئېقىم بولۇپ ، ئۇ قايسىلا دەۋردە قانچىلىك ئۆزگەرتىشلەرگە دۇچ كەلمىسۇن ، ئۆزگىچە شەكىللەردە ئىنسانىنى ئۇلۇغلاشنى بارلىق تەشەببۇسلىرىدا ئاساسىي ئورۇندا قويغانلىقى ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ ، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەندى .

بۇ كىتابىنىڭ تۆتىنچى بابىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك تەسەۋۋۇپ سۆزىنىڭ قايسى تىلدىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت . بەزىلەر «سوف» يۇنانچە «سوفىيا» (سوفۇس - ھىكمەت) سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، «پەيلەسوف» تىكى «سوف» نىڭ ئەينى ، چۈنكى پەيلەسوف «ھىكمەت سۆيگۈچى ، ھەكىم» مەنىسىدە . سوپىزم ئەقىدىسى بويىچە مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاساسى ئاللاھ ۋە ئەڭ يۈكسەك بىلىم ئاللاھقا خاستۇر . ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدىن بىرى «ھەكىم» لىقدۇر ، شۇڭا ئاللاھ بىلەن روھىي جەھەتتىن بىرلىشىپ كېتىشنى ئىستىگۈچىلەر ھەكىم مەنىسىدىكى ئاشۇ سۆز بىلەن ئاتالغان، دەپ قارىشىدۇ . ئەمما، مەيلى تارىخ ياكى

هازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بولسۇن، مەزكۇر ئېقىمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرىقەت يولى ، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىلىرى ، ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىبادەت جەھەتتىكى بەزى ئومۇمىيلىقى قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئالغان ھالدا « تەسەۋۋۇپ » ياكى « سۇفى » دېگەن سۆزلەرنى ئەرەبچىدە يۇڭ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان « سۇف » سۆزىدىن كېلىپ چىققان ، سوپىلار يۇڭلۇق كىيىم ( جەندە ) كەيگەنلىكلىرى ئۈچۈن ، ئۇلارنى بىرلىك بىلەن « سۇفى » ، كۆپلۈك بىلەن « سۇفىيە » دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان، دەپ قارىشىدۇ . بۇ خىل قاراش سوپىزمچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىر قەدەر ئۇيغۇن بولغاچقا كۆپىنچە ئالىملارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن .

تەسەۋۋۇپ دەسلەپتە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ فېئوداللارغا ھەم جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئادالەتسىزلىكلەرگە بولغان ئېتىرازى ۋە قارشىلىقى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە بولغان قارشىلىق روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس مەقسەت قىلغانىدى . شەھەر ، قىشلاقلاردىكى باراۋەرسىزلىكلەردىن جاق تويغان خەلق ئاممىسى ۋە شۇ دەۋرلەردىكى ئاددىي خەلققە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر قىسىم زىيالىيلار تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسىي تەرەپدارلىرى ۋە قورغۇچىلىرى ئىدى . تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى پېشىۋالىرىمۇ ئاددىي خەلق ۋە ھۈنەرۋەنلەر تەبىقىسىدىن يېتىشىپ چىققانىدى . مەسىلەن ، ھەبىبى ئەجەمى ( سەنئەتكار) ، مالىكى دىنار ( قۇل ) ، مەئرۇف مەۋلى ( ئازات قىلىنغان قۇل )، جۇنەيد نەھاۋەندى ( باغدادى تەخەللۇسى بىلەنمۇ تونۇلغان ، 910 - يىلى قازا قىلغان ، كاسىب ) ، سىررى ( كونا ماللارنى ساتقۇچى ) ، جەملۇي ( مېيىت يۇيغۇچى ) ، ئەبۇلھافىز ( تۆمۈرچى ) ، مەنسۇر ھەللاجى ( 922 - يىلى قەتلى قىلىنغان ، كاسىپ ــ ھەللاج① ) ، يۇسۇف

---

① ھەللاج ــ مەخسۇس سايمانلار بىلەن پاختىنى چىگىتتىن ئايرىپ ، تازىلايدىغان كەسىپ .

ھەمەدانى ( 11 - ئەسىر ، مۆزدۆز) قاتارلىقلار . شۇ ئاساستا ئوخشاش پىكىردىكىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، تەدرىجى ھالدا دەرۋىشلەرنىڭ ئۆز نىزامنامىلىرىگە ئىگە قېرىنداشلىق جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ ، ئومۇمىي خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئورتاق غايىلىرى ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ قويۇقلاشقانىدى .

تەسەۋۋۇپنىڭ سېپىگە يەنە تەدرىجى ھالدا قەدىمكى دىنلارنى ياقىلايدىغان بەزى شەخسلەر ، ئەرەبلەر ئىستېلا قىلغان رايونلاردىكى مىللىي ئازادلىق تەرەپدارلىرى ، ئومۇمەن مىستىك ئۇسۇللاردا فىئودالىلىق زۇلۇم ۋە خەلىپىلىكنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىگە قارشى تۇرۇشنى ئىختىيار قىلغان كۈچلەرنىڭ ھەممىسى كىرىلىپ قوشۇلغانىدى . شۇ مەنىدىن تەسەۋۋۇپ پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا ئۇنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبىي كۈچلەر بىر خىل ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، تەسەۋۋۇپنى ئالدىراپ تامامەن فىئودالىلىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن ، دېيىشكە ياكى ئۇنى تامامەن خەلقنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى بوغۇپ قويىدىغان ، تەركىدۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىدىغان پىكىر ئېقىمى ، دەپ خۇلاسىلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ . چۈنكى ، سوپىزم پەيدا بولغان دەسلەپكى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ بارلىق تەشەببۇسلىرىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، خەلىپىلىكنىڭ بىر قىسىم شەھەر ، رايونلىرىدا زور تەسىرگە ئىگە بولغان ۋە ھەتتا ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن بولغان كۈرىشى ئۆتكۈرلىشىپ ، بەزى جايلاردا كەڭ دائىرىلىك خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغانىدى . مەسىلەن ، مەنسۇر ھەللاج ۋە شەمس تەبرىزى قاتارلىقلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى دەل يۇقىرىدىكى پىكىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر . خەلىپە ھاكىمىيىتى ۋە ئىسلامنىڭ رەسمىي روھانىيلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆكتىچىلىق مەيدانى ۋە شۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ ، ئۇنىڭدىن خەۋپ ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى . بۇ دەۋرلەردە

تەسەۋۋۇپنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن ئەبايەزىدى بەستامى ( 874 - يىلى قەتلى قىلىنغان ) ، ئىراقتىكى تەسەۋۋۇپ پېشىۋالىرىدىن مەنسۇر ھەللاج ، شىھابىدىن سۇھرەۋەردى (1155 - 1191) قاتارلىقلارنىڭ ئىسلام قازىلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى بۇ ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ .

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن تەسەۋۋۇپ بىلەن خەلىپىلىك ۋە ھاكىمىيەتتە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان ئىسلامنىڭ رەسمىي روھانىيلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ . تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى قەتلى قىلىنغان پېشىۋالىرىنى دەستەك قىلىپ ، ھاكىمىيەتكە قارشى تەشۋىقاتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ بىر ئېقىم سۈپىتىدە تېخىمۇ يامراپ ، جەمئىيەتتە ئۇستۇنلۈككە ئۆتىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قېلىش ناھايىتى قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىدۇ . ئىسلام روھانىيلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ يولىنى پەقەت ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىگە تەن جازاسى بېرىش، قەتلى قىلىش ئارقىلىقلا توسۇپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، ئاخىر بۇ پىكىر ئېقىمىنى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى ( تۇتقان ئەمەلىي يولى ۋە نەزەرىيىۋىي تەلىماتلىرى ) دىن يوچۇق ئىزلەپ ۋەيران قىلىش قارارىغا كېلىشىدۇ . بۇ ئىشتا داڭلىق ئىدىيالىست پەيلەسوپ مۇھەممەد غەززالى ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسىتىدۇ . ئۇ «كىميايى سەئادەت» ناملىق ئەسىرىدە تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيىۋىي ئاساسلىرىنى ئىسلامنىڭ رەسمىي تەلىماتلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەسلىدىكى غايىلىرىنى سۇسلاشتۇرۇپ ، ئىسلامغا بېقىندۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپنى ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ، دەپ ئېلان قىلىپ ، بۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى زورۇر شەرتلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ . غەززالىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يۇغۇرۇلما نەزەرىيىسىدە دەرۋىشلەر ـ سوپىلار ئۈچۈن قىرىق شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت باسقۇچلۇق ئۆتكەل

بېكىتىلىدۇ. بۇنىڭدىمۇ شەرىئەت تۈنجى باسقۇچقا تەئەللۇق قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوپى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇسۇلمان بولۇش زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ ۋە تەسەۋۋۇپنىمۇ ئىسلامغا قارشى ئېقىم دەپ قاراشمايدىغان بولىدۇ. غەززالى ئىسلامغا كۆرسەتكەن بۇ خىزمىتى بىلەن ئەينى دەۋرلەردە كاتتا شۆھرەت قازىنىپ، ھەتتا بەزىلەر تەرىپىدىن ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەنمۇ سۈپەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئېتىقادلىرىغا شەك كەلتۈرگۈچىلەر بىدئەتچىلىكتە ئەيىبلىنىپ، قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى.

11 - ئەسىردىن باشلاپ ئەمەلىي ( تۈرلۈك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ) تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پائالىيەتچانلىقىنى خېلى زور دەرىجىدە يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا تەسەۋۋۇپنىڭ نەزەرىيىۋى ياكى ئىلمىي تەرىپى تەدرىجى كۈچىيىپ، ئىسلامنىڭ كالام پەلسەپىسى بىلەن بولغان تۈرلۈك تېمىلاردىكى مۇنازىرىلەر، تەسەۋۋۇپنىڭ بەزى ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى ئىسلام تەلىماتلىرىغا سىڭدۇرۇش، بەزى مەخسۇس مەنىگە ئىگە ئاتالغۇلارنى شەرھىيلەش قاتارلىق مەسىلىلەر تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرى كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاساسىي مەسىلىلەر بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەرنى تەركىدۇنيالىققا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ئىلىم – مەرىپەتكە قارشىلىق قىلىدىغان بەزى مەزمۇنلار دەل مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ تەسەۋۋۇپنىڭ ئەقىدىلىرىدە خېلىلا روشەن ھالدا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

11 - ئەسىردە تەسەۋۋۇپ ئەقىدىلىرى يۈسۈپ ھەمەدانى ( 1141 - يىلى قازا قىلغان ) تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ دائىرىدە تارقىتىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەرۋى شەھىرىدىكى خانىقاسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوپىلارنىڭ تەلىمات مەركىزى ھېسابلىناتتى. بەزى ماتېرىياللاردا سۆزلىنىشىچە، يۈسۈپ ھەمەدانى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىلىرىگە سادىق شەخسلەردىن بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرىنى دائىم ھالال مېھنەتكە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر سوپىلاردىن شائىر سەنائى، ئەھمەد

يەسەۋى ( 1166 - يىلى قازا قىلغان ) ، خاجە ئەبۇلخالىق غىژداۋانى ( 12 - ئەسىر ) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈف ھەمەدانىنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ ، ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرلەردە كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەن .

11 - 12 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەھەرلەردىكى نىسبىي تەرەققىياتلار ، تىجارەتنىڭ بىرمەزگىل گۈللىنىشى ، يېزا - قىشلاقلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جانلىنىشى قاتارلىق ئامىللار تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىكى بەزى تەركىدۇنيالىققا ئائىت مەزمۇنلارنى سۇسلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈچلۈك زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ خىلدىكى مەزمۇنلار كىشىلەرنىڭ ماددىي نېمەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش يولىدىكى پائالىيەتلىرىگە توسقۇن بولۇپ قالغاچقا ، ئۇنى ئورۇنداشتىن باش تارتىدىغانلارنىڭ سانى ئېشىپ بارغانىدى . شۇڭا، بۇ دەۋردە تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىكى بەزى جەھەتلەرنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىپ ، ئىسلاھ قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ . بۇ جەھەتتىكى پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسەۋۋۇپ نەقشبەندىيە ۋە جەھرىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ .

نەقشبەندىيە « خۇفىيە » نامى بىلەنمۇ ئاتىلاتتى . ئۇ تەسەۋۋۇپنىڭ شەھەر ۋە يېزا - قىشلاق ھاياتىغا ماسلاشتۇرۇلغان بىر تارمىقى بولۇپ ، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىدا تەركىدۇنيالىق ۋە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش زۆرۈر شەرتلەردىن ھېساپلانمايدۇ . مەزكۇر تارماق تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى ئەمەل ئادەملەرنىڭ ماددىي نېمەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ ، قەھەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىشىغا سەۋەب بولىدۇ . شۇڭا، ئۇلارنى بەجا كەلتۈرۈش زۆرۈر ئەمەس . نەقشبەندىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ خىل ئەقىدىلىرىنى ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى تۆت شوئارى ياكى تەشەببۇسلىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن : 1 ) ھوش دەر دەم ، 2 ) نەزەر بەر قەلەم ، 3 ) سەفەر دەر ۋەتەن ، 4 ) خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن . « ھوش دەر دەم » ( ھەر نەپەستە

هوشيار بولۇش ) قالايمىقان سۆزلىمەسلىك ۋە بىلىپ سۆزلەشنى تەلەپ قىلىدۇ . « نە زەر بەر قەلەم » ( قەلەمگە نەزەر ) ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ئۆزىگە ھېساب بېرىش ، تۇرمۇشتا قەدىمىنى بىلىپ بېسىش ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن تەنقىدىي باھا بېرىش قاتارلىقلارنى تەقەززا قىلىدۇ . بۇلار ئاساسەن تەربىيىۋى خاراكتېرگە ئىگە تەشەببۇسلاردۇر . « سەفەر دەر ۋەتەن » ( ۋەتەندە سەپەر ) ئىبتىكاپتا ئولتۇرماي ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇش ، سەپەر قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ . « خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن » ( توپ ئىچىدىكى خىلۋەتلىك ) دائىم ئادەملەر ئارىسىدا بولۇشنى ۋە ئىبتىكاپتا ئولتۇرمايمۇ ھەرقانداق جايدا ئاللاھنى تونۇشقا بولىدىغانلىقىنى تەلقىن ئېتىدۇ . بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە « دىل با يار ، تەن بە بازار » ( دىل يار بىلەن ، تەن بازاردا ) ، « دىل با يار دەست بە كار » ( دىل يار بىلەن ، قول ئىشتا ) قاتارلىق تەشەببۇسلاردىمۇ ئاللاھنى ئىبتىكاپتا ئولتۇرمايمۇ ، تەركىدۇنيا بولمايمۇ تونۇغىلى ، ئۇنىڭغا يېتىشكىلى بولىدۇ، دېگەن ئەقىدىلەر ئىپادىلىنىدۇ . تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلگىرىكى تەشەببۇسلىرىدا ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش مەنئىي قىلىنغان بولسا ، نەقشىبەندىيەدە ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش ئەكسىنچە تەرغىپ قىلىنىدۇ . خاجە ئىسمەت ، ئابدۇرەھمان جامى ، دەۋلەتشاھ ۋە ناۋائى قاتارلىق ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك پېشۋالىرى دەل سوپىزمنىڭ نەقشىبەندىيە تارمىقىنىڭمۇ يېرىك ۋەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا، تەسەۋۋۇپقا باھا بەرگەندە بۇ ئېقىمغا تەۋە تارماقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇتقان يوللىرىغا دىققەت قىلىشقا ، ئۇلارنىڭ پەرقىنى ھېسابقا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ .

يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى نىسبەتەن زور تارماقلىرىدىن بىرى جەھرىيە ئىدى . ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىدا نەقشىبەندىيەگە ئوخشىمىغان ھالدا

تەركىدۇنيالىق ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ، ھاكىملارغا قارشىلىق قىلماسلىق ، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ۋە ئىلىمگە بېرىلمەسلىكتەك مەزمۇنلار ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى . بۇ تارماقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندىكى پارس تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى يىرىك ۋەكىللىرى ئابدۇلقادىرى گىلانى ( 1166 - يىلى قازا قىلغان ) ، نەجمىددىن كۇبرا ( 1220 - يىلى قازا قىلغان ) قاتارلىقلار ئىدى . شۇڭا، ئۇ تارىختا كۇبرەۋىيە ۋە قادىرىيە ناملىرى بىلەنمۇ ئاتالغان . مەزكۇر تارماقنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى يىرىك ۋەكىلى ئەھمەد يەسەۋي بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەقىدىلىرى « ھېكمەت » ناملىق ئەسىردە خېلى تەپسىلى بايان قىلىنغان .

12 - ئەسىردىن كېيىنكى تەسەۋۋۇپ بىر تەرەپتىن غەززالى تەرىپىدىن ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئىسلامغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ، غايىۋي جەھەتتىن ئۆزگەرتىشى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى پىكىر ئىختىلاپلىرى تۈپەيلى تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشى سەۋەبلىك ئىلگىرىكى تەشكىلچانلىقى ۋە مەنىۋي جەھەتتىكى قۇدرىتىنى يوقىتىپ ، بارغانسېرى كۆرۈنۈشتە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، ئەمەلىيەتتە بولسا چېچىلاڭغۇ بولغان بىر دىني ئېقىمغا ئايلىنىپ قالغانىدى . نۇرغۇن ئابرۇيلۇق شەيخلەر باشقىلارغا تەركىدۇنياچىلىقنى ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ، روھىي جەھەتتىن ئۆزلىرىنى پاكلاشتۇرۇپ ، ئالىي ھەقىقەتكە يېتىشنى تەلقىن ئەتسىمۇ ، لېكىن ئۆزلىرى مال - دۇنيا توپلاشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى . مەسىلەن ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق شەيخلەردىن بىرى بولغان خاجە ئەھرارنىڭ سەمەرقەند ، بۇخارا ، قەرشى ، چاچ ( تاشكەنت ) ، پەرغانە قاتارلىق جايلاردا ھېسابسىز تېرىلغۇ زېمىنى بولۇپ ، پەقەت قەرشىدىكى تېرىم يېرىدىلا 300 جۈپتىن ئارتۇق ئۆكۈز بىلەن تېرىقچىلىق قىلىناتتىكەن . ئۇ پەقەت ئاشلىقتىن كىرگەن كىرىمىدىن تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتىگە ئۆشرە ( ئوندىن بىر ) سۇپىتىدە

80 مىڭ مەن[1] ئاشلىق باج تاپشۇرىدىكەن . ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ سانى يۈز مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ ، بۇ مۇرىتلەر قول قاتارىدا ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىگىلىكلىرىدە ئىشلەيدىكەن . قانچىلىك چارۋا - مالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى خاجە ئەھرارنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن . ئۇ قول ئىلكىدىكى مال - دۇنيا ۋە مۇرىتلىرىغا تايىنىپ بەزىدە تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتىگىمۇ مۇداخىلە قىلىدىكەن . بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن بىرلىشىپ ، تۈرلۈك تەرەققىيپەرۋەر پىكىر ئېقىملىرى ، ھۆرلۈككە ئىنتىلگۈچى كۈچلەر ۋە ئىلىم تەرغىباتچىلىرىغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇپ ، ئاۋامنى جاھالەتتە قالدۇرۇشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشىدىكەن . شۇ دەۋرىدىكى ئىلىم پېشىۋالىرىدىن ئۇلۇغبەك مىرزا (1394 - 1449 ) ۋە شائىر ھىلالى ( 1536 - يىلى ) قاتارلىقلار دەل خاجە ئەھرار ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەسلەكداش ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىغۋاسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنىدى . ئەمما، خاجە ئەھرار باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن دائىم دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، قول ئىلكىدىكى بايلىقلارغا ئەسلا قىزىقمايدىغانلىقىنى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن .

ئېنىقكى، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا شەيخلەرنىڭ مال - دۇنيا توپلىشى چەكلەنگەن بولسا ، 12 - ئەسىردىن كېيىن تەدرىجى ھالدا بۇ خىل خاراكتېر ئۆزگىرىپ ، نۇرغۇن شەيخلەر ھېساپسىز مال - دۇنيانىڭ ئىگىلىرى بولۇپ قالغان . تەسەۋۋۇپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئاساسىنى تەشكىل ئەتكەن ئوخشىمىغان تەبىقىلەردىن بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئاۋام سۆيەر كۈچلەر بۆلۈنۈپ چىقىپ ، فېئوداللىق زولۇمغا ۋە ھەم تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان تەشەببۇسلىرىغا قارشى ئۆكتىچى كۈچكە ئايلانغانىدى . بۇنداق

---

[1] مەن — ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ ، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بىر مەن ، يەنى بىر شەرئىي مەن 846 گرام غا تەڭ .

ئۆكتىچى كۆچىلەر تارىختا دەرۋىشلىك ، رىندلىق ، قەلەندەرلىك قاتارلىقناملار بىلەن ئاتالغان .

سوپىزىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان كۆپىنچە ئالىملار ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان بۇ دىنىي - پەلسەپىۋىي ئېقىمنىڭ 12 - 13 - ئەسىرلەردە ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىلىرىدىكى بەزى ئومۇمىي خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ ، ئۇنى ئالتە تارماقتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ : 1 ) يەككە بارلىق ( ۋەھدەتى ۋۇجۇد ) دەۋاسى قىلغۇچىلار ، يەنى مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئېتىقادلىرىنى ياقىلاپ ، شەخسلەرنىڭ خۇدا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشىنى تەۋسىيە قىلغۇچىلار . 2 ) ئىشق يولىغا ماڭغانلار ، تەركىدۇنيالىقنى ۋە رىيازەت چېكىشنى ئىلاھىي ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى، دەپ قارىغۇچىلار . 3 ) ئىلاھىي نۇرنىڭ يۈزى نۇر ۋە نار ( يالقۇن ) پەردىلىرى ئارقىلىق توسۇلۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغۇچىلار ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، نۇر پەردىسىگە بارلىق ياخشى سۈپەتلەر ، جۈملىدىن شەۋق ، تەسلىم ( بويسۇنۇش ) ، رىزا ( قانائەتمەنلىك ) ، تەۋەككۇل ( خۇداغا ئىشەنچ باغلاش ) ، مۇراقىبە ( كۆڭۈلنى خۇداغا باغلاپ ، بۇ دۇنيانىڭ تەئەللۇقاتلىرىدىن يىراقلىشىش ) ، ئۇنس ( ئۇلپەتلىشىش ) ، ۋەجدۇ ھالەت ( لەززەتتىن ئۆزىنى ئۇنتۇش ) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەئەللۇقتۇر . ئەكسىنچە شەھۋەت ، بۇزۇقچىلىق ۋە ھېرىسمەنلىككە ئوخشاش شەيتانلارغا خاس بولغان ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى نار پەردىسىگە تەئەللۇقتۇر . 4 ) ئۆزلىرىنى ۋاسىل بولغانلار ( قوشۇلۇپ كەتكەنلەر ) دەپ ئاتاپ ، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن پەرزلەر - ناماز ، روزا ، زاكات ۋە ھەج قاتارلىقلارنى ئىنكار قىلغۇچىلار . ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقكە ۋاسىل بولغانلار ، ھەرقانداق گۇناھدىن خالىي دەپ، قارىشىدۇ . بۇ گۇرۇھتىكى تەسەۋۋۇپچىلار شەرىئەتتىكى پەرزلەرنى بەجا كەلتۈرۈشنى پەقەت تېخى ھەقنى مەرىپەت قىلىش ئۇلارغا نېسىپ بولمىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى پاكلىشىدا بەجا كەلتۈرىدىغان رەسمىيەتلىرى، دەپلا قارىشىدۇ . 5 )

ئىلىمنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمانى ۋە بارلىق قىلمىشلىرىنى ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغان، دەپ قارىغۇچىلار. ئۇلارنىڭ پىكرىچە شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ئىلىم يولى ياكى كەسپىي ئارتۇقچىلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى شەيخلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە توختىماي تەلقىن قىلىنىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاخىرەتتىكى سائادەت تىرىشچانلىق، رىيازەت چېكىش مۇرشىدلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. 6) تائام، ئۇسسۇل، ناخشا - مۇزىكا قاتارلىقلارغا بېرىلىپ، خۇشال ۋە توق يۈرۈشنى ئىزدىگۈچىلەر، شەھۋەتنى ياقتۇرغۇچىلار.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىچكىي تارماقلىرى يەنە بەزى يىرىك شەخسلەر-تەرىقەت يېتەكچىلىرىنىڭ نامى بىلەنمۇ تۆۋەندىكىدەك تەرىزدىمۇ ئۇچرايدۇ: 1) تەيفۇرىيلەر — ئەبايەزىدى بەستامى (835 - 874) نىڭ ئەسلى نامى تەيفۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر يوقۇرىدىكى نام بىلەن ئاتالغان. 2) جۇنەيدىيلەر — جۇنەيدى باغدادى (910 - يىلى قازا قىلغان) نىڭ تەرەپدارلىرى. 3) قادىرىيان — ئابدۇلقادىرى گىلانى (1165 - يىلى قازا قىلغان) نىڭ تەرەپدارلىرى. 4) كۇبرىيلار- شەيخ نەجمىددىن كۇبرا (1121 - يىلى قەتلى قىلىنغان) نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى. 5) سۇھرەۋەردىيلەر — شىھابىددىن سۇھرەۋەردى (1234 - يىلى قازا قىلغان) تەرەپدارلىرى. چىشتانىيلار- مۇئىنىددىن سەنجەر چىشتى (1142 —1235) نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى. 7) نەقشبەندىيلەر — بەھائۇددىن نەقشبەندى (1388 - يىلى قازا قىلغان) تەرەپدارلىرى قاتارلىقلار.

تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئەقىدىلىرىنى مەلۇم قانۇنىيەتلەر بويىچە شەرھلەپ بېرىش، ئۇلاردىن ئومۇمىي خۇلاسىلارنى چىقىرىش 10 - 11- ئەسىرلەردىلا دەۋرنىڭ ئىلغار تەرەققىيات يۆلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. شۇ جۈملىدىن ئىبن سىنامۇ تەسەۋۋۇپ ئەقىدىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ «كىتابۇل ئىشارەت ۋە ئەل تەنبىھات» ناملىق ئەسىرىدە سۇپىلار —

ئارىپلار ۋە زاھىتلارنىڭ تۇرلۇك ئەقىدىلىرىنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن خېلى تەپسىلىي شەرھىيلەيدۇ. ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇتەسەۋۋىپلەر ئىچىدە مەنسۇر ھەللاجى، ئەبۇلھەسەن خەرەقانى (1033 - يىلى قازا قىلغان)، ئەبۇسەئىد مېھەنى (967-1049)، ئابدۇللاھ ئەنسارى (1003 —1087)، يۇسۇف ھەمەدانى، ئابدۇلخالىق غىژداۋانى قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر ئىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ نەزىرىيۋىي پىرىنسىپلىرى يوقىرىدىكىلەر ۋە شۇلارغا ئوخشاش بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەسەرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە شەرھلىنىدۇ. دەسلەپتە ھالال مېھنەت بىلەن ياشاش، فېئودال مال ئىگىلىرى، دىن ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ مال - مۈلكىنى ھارام دەپ قاراش، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچنىمە ئالماسلىق، دەرۋىشلىك، قېرىنداشلىق جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز - ئارا ياردىمىگە تايىنىپ ياشاش دېگەندەك خېلىلا ئاددىي شوئارلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ئېقىم كېيىنكى تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە خېلى مۇكەممەل بولغان پەلسەپىۋىي قاراشلار ۋە ئىدىئولوگىيە سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭدا يۇنان پەيلەسوپلىرىدىن تارتىپ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي پەلسەپىۋىي قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى خۇدا ياكى روھ دەپ ئاتىلىدىغان يەككە بارلىق (مەۋجۇدىيەت)گە بولغان ئېتىقاد ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، باشقا بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ خىلمۇ خىل شەكىللەردە ئىنكاس قىلىنىشى ياكى تەجەللىسى دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ئەقىدە تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ سۆزى بىلەن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تەلىمات بويىچە ماددىي ھايات پەقەت مۇتلەق روھ (خۇدا) نىڭ ئىنكاسى ياكى تەجەللىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەم (يوقلۇق) قا نەزەر سېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

بۇ خىل قاراش ماتېرىيالىزمغىلا زىت بولۇپ قالماستىن، بەلكى

ئىسلامنىڭ ماددىي ئالەمنى ئاللاھ ياراتقان دېگەن ئەقىدىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيالىستىك قاراشتىكى باشقا پەلسەپۋىي ئېقىملىرىنىڭ ئىدىيىلىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق نەرسە ئۆز تەرەققىياتىدا ئەسلىگە قايتىش (روھقا قوشۇلۇش) ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما، ئەسلىگە قايتىشتا تەنھا تىرىشچانلىق بىلەن ئارزۇ كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شەخس (مۇرىت ياكى سوپى) تەسەۋۋۇپتا كۆرسىتىلگەن بىر نەچچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك. بۇ باسقۇچلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) مەقسەت (خۇدا) غا يېتىش يولىدىكى تەلەپ ياكى ئىزدىنىش باسقۇچى.

2) ئىشق باسقۇچى. بۇ خۇداغا كۆڭۈل باغلاش، ئىلاھىي ئىشقىنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن قورقماسلىق، ئۇنىڭ تۈرلۈك ئازابلىرىغا چىداش، ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى، پاكلىقى ۋە توغرىلىقىغا شەك كەلتۈرمەسلىك، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يامان گۇمانلاردا بولماسلىق، ناشايان سۆزلەرنى ئېغىزدىن چىقارماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) مەرىپەت، يەنى ئاللاھنى تونۇش باسقۇچى.

4) ئىستىغنا، يەنى قانائەت قىلىشنى ۋە تەمەگەرلىكتىن ساقلىنىشنى ئۆگىنىش باسقۇچى.

5) تەۋھىد، يەنى ھەممە نەرسىدە ئۆزىنى كۆرەلەيدىغان بولۇش باسقۇچى.

6) ھەيرەت باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا سوپى ئۆزىنىڭ ئىلاھىي سىرلاردىن تېخى ھېچنېمىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىنى بىلىپ ھەيرانلىق ھېس قىلىدۇ.

7) فەنا، يەنى شەخسىيەتنىڭ يوقۇلۇش، نابۇت بولۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا سوپى خۇداغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ ۋە «مەن بىلەن سەن» نىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمايدۇ.

تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ «مەن سەن بولدۇم، سەن مەن بولدۇڭ» دېگەن شوئارى دەل مۇشۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ باسقۇچ فەنافىللاھ، يەنى ئاللاھ ئالەمىدە يوق بولۇش، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سالىك بۇ باسقۇچتىن كېيىن «بەقا» (ئەبەدىيەت) كە ئۆتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ روھى ئاللاھنىڭ ئەبەدىي روھى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ باسقۇچقا يەتكەن سوپىلار «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقدۇرمەن، مەن خۇدادۇرمەن) دەپ ئېيتالايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەنسۇر ھەللاجى دەل مۇشۇ سۆزنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغاندى.

تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى قاراشلىرىدا سوپىلار بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك باسقۇچلار ئىسلام تەلىماتلىرىغا زىت ئىدى؛ ئىسلام تەلىماتى بويىچە بەندىلەر خۇدالىق دەرىجىسىگىلا ئەمەس، بەلكى ھەتتا پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگىمۇ يېتەلمەيدۇ. خۇدالىق ياكى پەيغەمبەرلىك دەۋاسىدا بولۇش چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، دەسلەپكى دەۋرلەردىكى بەزى تەسەۋۋۇپچىلار ئىسلام تەلىماتىغا زىت ھالدا ھەممىنىڭ رىيازەت چېكىش، بارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق خۇدالىق دەرىجىسىگە يېتەلەيدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا ئىنسان تەسەۋۋۇپتا بەلگىلەنگەن باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى روھ ئالەمىگە كىرىپ كېتىدۇ، شۇڭا، بەزى دىنىي رەسمىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، تەسەۋۋۇپ تەلىماتى نۇرغۇن جەھەتتىن ئىسلام تەلىماتلىرىغا زىت ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭدىكى بىر ئارتۇقچىلىق ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيالىستىك ۋە مىستىك ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە جەمئىيەت ھاياتىنىڭ نورمال رەۋىشتە راۋاجلىنىشىغا نىسبەتەن تېخىمۇ زىيانلىقدۇر. چۈنكى،

ئۇنىڭدا ئىنسانلارنى بەزى دىنىي ئەھكاملارغا قارشى چىقىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، تەركىدۇنيالىقنى تەلقىن قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى سىياسىي كۆرەشلەردىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ.

غەززالى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى غايىۋي ئىنتىلىشلىرىنى سۇسلاشتۇرغاندىن كېيىن، تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىكى دىنىي تۈس ئەسلىدىكى ئىسلام تەلىماتلىرىدىنمۇ قويۇقلاشتى. غەززالى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئىسلامغا ۋە سۈننەتكە مۇخالىپ كەلمەيدىغانلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ئەڭ ئالدى بىلەن ئاللاھ يولىدا ماڭغانلارنىڭ سوپىلار ئىكەنلىكى ماڭا ئايان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ گۈزەل تۇرمۇش، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى ئەڭ توغرا ئۇسۇل، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ئەڭ ساپ پەزىلەتدۇر. تەسەۋۋۇپنىڭ يولى (تەرىقەت) دا ساپلىق ئەڭ ئالدىنقى شەرتلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ قەلبنى ئۇلۇغ ئاللاھدىن باشقا بارلىق نەرسىدىن پاك تۇتۇش دېگەنلىك. بۇ ئۇسۇل ئىبادەت قىلغاندىكى نامازنىڭ ئاشكارا ھەرىكەتلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچلۇق يېرى، قەلب پۈتۈنلەي ئاللاھنى خىيال قىلىش ئىچىگە غەرق بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولسا ئاللاھدا فەنا بولۇشتىن ئىبارەتتۇر». بۇ تەلىمات بويىچە ئاللاھنى تونۇش سوپىلارنىڭ مەرىپەت يولىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت تەرىقەت يولى ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ. تەرىقەت يولىنى بېسىپ ئۆتۈش ناھايىتى مۇشكۇل بولۇپ، بۇ يولغا كىرگەن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئۇنىڭ ئاخىرىغا يېتەلەيدۇ.

تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتىدا، مەزكۇر دىنىي - پەلسەۋىي ئېقىمنىڭ تەرىقەت باسقۇچلىرىنى شەرھلەشتە قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، بەزى ئەسەرلەردە تەسەۋۋۇپتىكى ھەققە يېتىش يولى شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىفەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىدە بۇ ئەسەرلەردە تەرىقەت بىلەن ئىرادەتتىن ئىبارەت ئىككى

ئۇقۇم ئارلاشتۇرىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن . تەرىقەت ھەققە يېتىشنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇمۇمىي ئۇقۇمدۇر . شۇڭا، داڭلىق شەرقشۇناسلاردىن ئى. ئې. بېرتېلس، ئا. ئې. بېرتېلس، ئا. ن. بالدىرېۋ، ئى. س. براگىنىسكىي قاتارلىقلارنىڭ شەرھلىشىدە، تەرىقەت شەرىئەت ، ئىرادەت ، مەرىپەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت تۆت چوڭ دەۋر ( باسقۇچ ) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تۇنجى باسقۇچى - شەرىئەت باسقۇچىغىلا مەنسۇپ، دەپ قارىلىدۇ . بۇ باسقۇچ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ، مەۋجۇتلۇقىغا ، سۈپەتلىرى ۋە ماھىيىتىگە ئېتىقاد قىلىش ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزسىز ئورۇنداش قاتارلىق ئون شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئىرادەت باسقۇچىدا سالىك مۇرشىدغا قول بېرىپ ، ئۇنىڭ مۇرىتىغا ئايلىنىدۇ . بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشلىرىدىن تامامەن قول ئۈزۈپ ، مۇرشىدنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بويىچە ئىش قىلىشنى ئۆگىنىدۇ . بۇ باسقۇچتا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە شەرتنى ئورۇنداش تەقەززا قىلىنىدۇ : پۇشايمانلىق ، ئەپسۇس ۋە نادامەت چېكىش ، پىرغا قول بېرىش ، خۇداغا سىغىنىش ۋە ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە ئۈمىد باغلاش ، ئەيش - ئىشرەت ۋە شەھۋەتتىن يىراق بولۇش ، پىرغا خىزمەت قىلىش ، پىرنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش ، ئۇنىڭ پەند ۋە نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ، دۇنيانى تەرك ئېتىش ، دەرۋىشلىك قاتارلىقلار .

مەرىپەت باسقۇچىنىڭ شەرتلىرى مۇنۇلار : فەنافىللاھ دەرۋىشلىكنى قوبۇل قىلىش ، بارلىق ئازابلارغا چىداش ، پاك خىسلەتلەرنى ئىزلەش ، ئاللاھنى تونۇش ، شەرىئەت ۋە تەرىقەتنىڭ بارلىق قائىدىلىرىگە سۆزسىز رىئايە قىلىش ، بۇ دۇنيادىن قول ئۈزۈش ، ئاخىرەتتىكى ھاياتنى ئەۋزەل، دەپ قاراش ، ۋەجد ( ھاياجانلىنىش ، شادلىق ھېس قىلىش ) دەرىجىسىگە يېتىپ ، ھەقىقەتنىڭ سىرلىرىغا نائىل بولۇش قاتارلىقلار .

ئاخىرقى باسقۇچ ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ياخشى ۋە يامانني پەرقلەندۈرۈش، ۋىجدىنىڭ سىرلىرىنى پىنھان تۇتۇش، شەرىئەت، تەرىقەت ۋە مەرىپەتنىڭ بارلىق قائىدىلىرىگە داۋاملىق بويسۇنۇش قاتارلىقلار.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەت مەسىلىلىرىدىكى تەلىماتلىرىمۇ ئىدىيالىستىك ماھىيەتكە ئىگە بولۇپ، تەرەققىيپەرۋەرلىك نوقتىسىدىن ئۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تامامەن زىت ۋە زىيانلىق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا ئىلىم ۋە بىلىمنىڭ رولى تامامەن ئىنكار قىلىنىپ، مۇراقەبە (كۆڭۈلنى ئاللاھقا باغلاپ، جىمجىتلىقتا ئويلىنىش) ئۇسۇلى ئاساسىدىكى ھېسسىياتنىڭ رولى كۈچەپ تەرغىب قىلىنىدۇ. سوپىلارنىڭ پىكرىچە، مەرىپەتتە (خۇدانى تونۇشتا) ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى (ئەقلىي ئىقتىدارى) ۋە كىتاب دىگەندەكلەرنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ ئىچكىي ھېسسىياتى بىلىم مەنبىيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار يەنە ئالىي ھەقىقەتنى دەرك (بىلىش) ئېتىشتا زاھىرى (ئاشكارە) ئىلىم كۇپايە قىلمايدۇ، دەپ قاراپ، دەسلەپتە «قۇرئان كەرىم» ۋە فىقھ ئىلمىنى ئىنكار قىلىشقا ئورۇنۇشقانىدى، كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئىلىم دىگەن ئۇقۇمى پەقەت تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە بېغىشلانغان تۇرلۇك بىلىملەر ۋە پەلسەپىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

تارىختا، بولۇپمۇ 11 - ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدا يارىتىلغان ئەسەرلەر ۋە بۇ ئېقىم ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىلەرگە ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەر سالىدىغان بولساق، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم شەيخ ۋە ئىشانلارنىڭ باشچىلىقىدا ئاۋام خەلقنىڭ ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ۋە نەتىجىدە ئاۋامنىڭ مۇرىتلىق يولى بىلەن شەيخ ۋە ئىشانلارغا ئىقتىسادىي ۋە ماددىي جەھەتتىن باغلىنىپ، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ كۈچىيىشىگە ئاساس بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك

كىشىلەر تەسەۋۋۇپ تېرمىنلىرىنى باشقا مەنىلەردە ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىنسان سۆيەرلىك ئىدىيىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە بولغان تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشتىكى قورالغا ئايلاندۇرغان ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا، ئىنسانپەرۋەرلىككە ھىدايەت قىلغان. شۇڭا، تەسەۋۋۇپنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەسەرلىرى بىلەن ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىلىرىنى مەلۇم بىر قېلىپقا كىرگەن، ئوخشاش تەشەببۇسلارنى ياقىلىغان، دەپ قاراشقا ۋە ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئەكسىنچە تەسەۋۋۇپ ناھايىتى مۇرەككەپ، خىلمۇخىل شەكىل، مەزمۇن ۋە تەشەببۇسلارغا ئىگە بىرخىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىدۇر. بۇ گورۇھ بىرىنچىدىن، سىياسىي سەۋەبتىن شەكىللەنگەن سۇننىيلەرگە، شىئەلەرگە ۋە خاۋارىجلارغا ئوخشىمايدۇ. ئىككىنچىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەزھەپلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ تارمىقىمۇ ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، ئۇ فىقھە جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن فىقھە مەزھەپلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. تۆتىنچىدىن، تارىختا ئۆتكەن ئىلمى كالام ئېقىمىغا، يەنى مۇئتەزىلە، مۇرجىئە ئېقىمى ... قاتارلىقلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىر دىنىي - پەلسەپىۋى گورۇھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئومۇمىي ئورتاقلىق بىلەن بىرگە يەنە بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىدىيىلەر، تەشەببۇسلار ۋە سىياسىي كۈچلەرنىڭ كەسكىن كۈرەشلىرى ھېچقاچان توختاپ قالغان ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ۋە ئوخشىمىغان ماكاندا ئوينىغان رولىمۇ ئۆز-ئارا زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

# توققۇزىنچى باب

## ئىسمائىلىزم ( ئىسمائىلىيە )

شىئەلەرنىڭ يەتتىنچى ئىمامى ئىسمائىل ئىبنى جەئفەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ پىرقە ( كېيىنچە ئۇ بىر قەدەر مۇكەممەل تەلىماتلىرى بىلەن دىنىي ــ پەلسەپىۋىي ئېقىم سۈپىتىدىمۇ تونۇلغان) شىئە مەزھىپىگە تەۋە پىرقە ـ ئېقىملار ئىچىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى نىسبەتەن چوڭ ، تەلىماتلىرى بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە پائالىيەت دائىرىسى خېلىلا كەڭ بولغان پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 8 ـ ئەسىردە شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچكىي قىسمىدا ئىماملىقتا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە دەسلەپتە بىر سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھەرىكەت سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ھەم خېلىلا مۇكەممەل بولغان ئۆزگىچە تەلىماتلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا خېلى يۇقىرى نوپۇزغا ئېرىشىپ ، تەسىرى نىسبەتەن چوڭ بولغان بىر دىنىي ـ پەلسەپىۋىي ئېقىمغا ئايلاندى .

شىئەلەرنىڭ ئىماملىقتا ۋارىسلىق قىلىشتىكى زىددىيىتى مۇنداق يۈز بېرىدۇ : ئالتىنچى ئىمام جەئفەر سادىق (702 - 765) ئىماملىقتا ۋارىسلىق قىلىشتىكى بىرلىككە كەلگەن قائىدىگە ئاساسەن ، دەسلەپتە چوڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ئىماملىقتا ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تاللاپ ، جامائەتكە ئۇنى ئۆزىدىن كېيىن شىئەلەرنىڭ يەتتىنچى ئىمامى بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ . ئەمما، ئىماملىق تېخى ئىسمائىلغە ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەيلا ، ئۇ دادىسىدىن بۇرۇن قازا قىلىدۇ .

بۇنداق ئەھۋالدا ئىمام جەئفەر سادىق ھېچ بولمىغاندا ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەدنى ۋارىس قىلىپ تاللىشى كېرەك ئىدى . ئەمما، ئۇ باشقىلار كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، كەنجى ئوغلى مۇسا كازىم (745 ـ 799) نى ئىماملىقنىڭ ۋارىسى، دەپ ئېلان قىلدۇ . بۇ ھال ئىماملارنى ئۆزگىچە پاراسەتكە ۋە ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە، دەپ قارايدىغان شىئە مەزھىپى تەرەپدارلىرى ئىچىدە قاتتىق غۇلغۇلا قوزغايدۇ . ئىمام جەئفەر سادىق قازا قىلغان ( 765 ـ يىلى ) دىن كېيىن ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئىچىدە ئىماملىق مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىپ ، بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ . ئۇلاردىن بىر قىسمى جەئفەر سادىقنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسمائىلنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىپ ، ئىماملىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ . ئۇلار ئالتىنچى ئىمام جەئفەر سادىق دەسلەپتە ئىسمائىلنى ۋارىسلىققا تاللاپ ، ئۇنى يەتتىنچى ئىمام، دەپ ئېلان قىلغانىدى . ئىمام كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىشى ۋە چىقارغان ھۆكۈملىرىدىن يېنىۋالماسلىقى كېرەك ئىدى . ئەمما، ئۇ ئىماملىقتا داۋاملىشىۋاتقان قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئىككىنچى قېتىم يەنە ۋارىس تاللىدى . ئىمامنىڭ تۇنجى تاللىشىنىلا ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ ۋە ئىماملىق قېرىنداشتىن-قېرىنداشقا ئۆتمەيدۇ ، دەسلەپتە ئىسمائىل يەتتىنچى ئىمام، دەپ ئېلان قىلىنغانىكەن ، ئۇنىڭغا ئىنىسى ئەمەس، پەرزەنتلىرى ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك، دەپ قارىشىدۇ . بۇ گۇرۇھدىكىلەر جەئفەر سادىقنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئىمام دەپ ئېلان قىلغان كىچىك ئوغلى مۇسا كازىمنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلماي ، ئىسمائىلنىڭ ئىماملىقىدا چىڭ تۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن ، ئىسمائىلىيە ( ئىسمائىل تەرەپدارلىرى ) دەپ ئاتىلىدۇ .

ئەكسىنچە ، شىئەلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى يۇقىرىدىكىلەرگە زىت ھالدا جەئفەر سادىقنىڭ كىچىك ئوغلى مۇسا كازىم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىشىپ ، ئىماملىقنى ئۇن

ئىككىگە يەتكۈزۈدۇ. ئۇلار تارىختا ئون ئىككى ئىماملىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قالغان بىر قىسىملىرى جەئفەر سادىقنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەدنى ئىمام دەپ ئېلان قىلىپ، ئايرىم بىر تارماق بولۇپ تەشكىللىنىدۇ.

ئاددىيلا سىياسىي زىددىيەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە بۆلۈنۈپ چىققان ئىسمائىلىيە پىرقىسى كېيىنچە بۇ پىرقىنىڭ دەسلەپكى پىشۋالىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن قەدداھنىڭ پائالىيەتچانلىقى بىلەن تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەدرىجى ھالدا شۇ دەۋردە مەۋجۇت بولغان بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگىمۇ مۇداخىلە قىلىدىغان ۋە تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئەۋج ئالغان خەلىپىلىكنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا خېلىلا كۆپ قوللىغۇچىلارغا ئىگە بولغان بىر دىنىي - سىياسىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن قەدداھ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى جەريانىدىلا ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئالدى بىلەن خەلىپىلىكنىڭ چەت - ياقا رايونلىرىدىكى ھاكىمىيەتتىن كۆڭلى سوۋۇغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تېزرەك ياقىدىغانلىقى ۋە بۇنداق رايونلاردا راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، مەزكۇر پىرقىنىڭ تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە ئالدى بىلەن شىمالىي ئافرىقىغا بارىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ ئىشتا قەرمەت تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان شاگىرتى ھەمدان ئىبنى ئەشئاس ۋە كۈيئوغلى ئەبدان قاتارلىقلار ھەمدەمدە بولىدۇ. بۇ دەل شىمالىي ئافرىقىدىكى بەربەرلەرنىڭ بىرەر ئىمامنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇھتاج بولۇپ تۇرۇشقان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن قەدداھ ئۆزىنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىلنىڭ نەۋرىسى ۋە ئاخىر زاماننىڭ مەھدىسى[1] دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ يەردە

[1] مەھدىي - (ئاللاھ تەرىپىدىن توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى) شىئە تەلىماتىدا مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى غايىب بولغان ۋە زامانى ئاخىردا قايتىپ كېلىپ، يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان ئىمام، يولباشچى (پەيغەمبەر).

ئۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قوللىغۇچىلارغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر تەرغىبات ئاپاراتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلىنىۋاتقان تەلىماتلىرىنى ئەتراپقا تەشۋىق قىلىشىدۇ. نەتىجىدە ئالدى بىلەن مىسىردا ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ۋە ئەلىنىڭ ئايالى بولغان فاتىمەنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دەسلەپكى ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت يېرىم ئەسىر ئىچىدە زورىيىپ، فاتىمىيلەر خەلىپىلىكى نامى بىلەن قۇدرەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلىنىدۇ ۋە 968-يىلىدىن باشلاپ قائىرەنى پايتەخت قىلىپ، تەخمىنەن ئىككى ئەسىر (909–1171) مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. فاتىمىيلەر خەلىپىلىكى شۇ دەۋردە مىسىردىن باشقا يەنە ماراكەش، لىۋىيە، سۈرىيە، پەلەستىن، ھىجاز قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە مەزكۇر خەلىپىلىك مىسىر ۋە ماراكەشتىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ، يەمەننى ئۆز مەركىزى قىلىپ تاللايدۇ. ئەمما، ئىسلام ئەللىرىدە ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالغان سىياسىي كۈرەشلەر ۋە بۇ رايونلارنىڭ بىر قىسمىدا ئېلىپ بېرىلغان يات ئەللەرنىڭ ئىستېلالىرى نەتىجىسىدە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى بىر نەچچە ئەسىر تەقىپكە ئۇچراپ، پاراكەندىچىلىك ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. 17-ئەسىردە ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتى قايتىدىن جانلىنىپ، ھىندىستاننىڭ گۇجەرات شەھىرىدە قايتىدىن ئىسمائىلىيە مەركىزى بەرپا قىلىنىدۇ.

فاتىمىيلەر بىلەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەر مەۋجۇت ئىدى. فاتىمىيلەر شىمالىي ئافرىقىدىن تارتىپ ھىندىستانغىچە، ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىن تارتىپ خۇزىستانغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە قارشى كۆپلىگەن مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئۆز تەلىماتلىرىنى تەرغىب قىلىش بىلەن بىرگە ئابباسىيلار

خەلىپىلىكگە قارشى تۈرلۈك تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۆز تەشۋىقاتلىرىدا تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ تۈرلۈك مەنپەئەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغاچقا، بۇ خىل تەشكىلاتلار ھەر قايسى جايلاردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئابباسىيلار ھاكىمىيىتىگە زور خەۋپ بولۇپ قالدى، ھەتتا خەلىپىلىكنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىدىن نارازى ياكى ھاكىمىيەتتىن ئازار يېگەن يوقىرى تەبىقىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچلەرنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. تەشۋىقاتنىڭ تەسىرى خۇراسان ۋە ماۋرائۇننەھرنىمۇ سىرتتا قالدۇرمايدۇ. مۇئەييەد فىددىن شىرازى، ھەسەن سەباھ ۋە ناسىر خۇسراۋ قاتارلىق ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پېشۋالىرىمۇ دەسلەپتە خۇراسان ۋە ماۋرائۇننەھردىن مىسىرغا بېرىپ، فاتىمىيلەرنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە بۇ ھاكىمىيەت ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ ھاياتى ھەم ئىسمائىلىيەنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرى تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە كاتتا شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى بىلەن ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرى 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا خۇراسان، خۇزىستان، ئىراق، بەھرەيىن ۋە يەمەن قاتارلىق جايلاردا كەڭ دائىرىدا تارقىلىپ، نۇرغۇن ئاھالىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئىسمائىلىيە تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەردىن بىرى بولغان ھەسەن سەباھ ئىراندا ئەلەمۇت قەلئەسىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇت قارارگاھىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرى تەرغىباتىنى قانات يايدۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئىراننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا جىددىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئەلەمۇت قەلئەسىنى مەركەز قىلىپ، ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى

(1090 — 1256) بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەمما، شەرقتىن بالايىئاپەتتەك يېتىپ كەلگەن موڭغۇل ئىستىلاسى ئىسمائىلىيە دۆلىتىنىڭ تەرەققىيات ئىقتىدارىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى بولغان ئەلەمۇت قەلئەسى نەچچە قېتىم مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ، قانلىق ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. دەسلەپتە موڭغۇللارغا ئۇنۇملۇك قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەلەمۇت قەلئەسى ئاخىر ئالدىنىپ، موڭغۇللار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى موڭغۇللارغا قارشى كۆرەشلىرىنى ئۆز ئىلكىدىكى دامغان قاتارلىق باشقا قەلئەلەردە يەنە نەچچە يىل داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تاغلىق رايونلاردىكى بۇ ئاخىرقى پاناھگاھى موڭغۇل خانى ئەبۇ سەئىد دەۋرىدە يوقۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلەمۇت قەلئەسىنى مەركەز قىلغان ئىسمائىلىيە دۆلىتى تەرەپدارلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، بىر قىسمى بەدەخشانغا، قالغان بىر قىسمىلىرى ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلار ۋە ئۇدۇل كەلگەن تەرەپلەرگە بېرىپ پاناھلىنىدۇ.

بۇ دەۋردە ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىغا تەقىيە نامىدا يېڭى مەزمۇن قوشۇلىدۇ. تەقىيەدە بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەردە ھەرقانداق بىر ئىسمائىلىيە تەرەپدارى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، سۈننىيلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى سۈننىي، دەپ ئاتىسا، ۋە شىئەلەر ئارىسىدا ئۆزلىرىنى شىئە دەپ ئۇلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئورۇندىسا بولىۋېرىدۇ، ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرى تەشۋىقاتىغا پايدىسىز بولغان خەتەرلىك رايونلاردا تەرغىباتىنى توختىتىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. نەتىجىدە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى بىرنەچچە ئەسىرگىچە ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىي ئاپاراتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدۇ. 18 - ئەسىردە مەزكۇر دىنىي - پەلسەپىۋى ئېقىمنىڭ پائالىيەتلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. 1804 يىلى ئىراندا توغۇلغان ھەسەن ئەلىشاھ 13 يېشىدا ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىماملىقىنى ئۈستىگە

ئالغاندىن كېيىن ئىراننىڭ شۇ دەۋردىكى كەجەر خاندانلىقىنىڭ شاھى فەتھ ئەلىشاھنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى قايتىدىن جانلىنىشقا يۈزلىنىدۇ. ھەسەن ئەلىشاھ ئىران شاھى فەتھ ئەلىشاھنىڭ سەرۋى ناملىق قىزىنى ئەمرىگە ئېلىپ شاھلىق بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە 1830 - يىلى ئىران شاھى ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ 46 - ئىمامى بولغان ھەسەن ئەلىشاھقا ئاغاخان دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرىنچى ئاغاخان دەپ ئاتىلىپ، ئاغاخانلار ۋارىسلىقىدىكى ئىماملىق يولغا قويۇلىدۇ. كەجەر خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا مۇھەممەد شاھ چىققاندىن كېيىن ئىمام بىلەن شاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت توغۇلۇپ قالىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن تەڭلىكتە قالغان ھەسەن ئەلىشاھ 1843 - يىلى ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ مەركىزىنى ئىراندىن ھىندىستانغا كۆچۈرىدۇ. مەركەز دەسلەپتە 1846 — يىلى ھىندىستاننىڭ گۇجرات دېگەن شەھىرىدە تەسىس قىلىنىپ، 1848 — يىلى بومباي شەھىرىگە كۆچۈرۈلىدۇ. ھەسەن ئەلىشاھ 64 يىل ئىماملىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، 1881 — يىلى قازا قىلىدۇ. بومبايدا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسكەن ئىككىنچى ئاغاخان شاھ ئەلىشاھ دادىسىنىڭ ئىماملىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ 47 - ئىمامى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇ پەقەت تۆت يىللا ئىماملىق قىلغاندىن كېيىن 1885 - يىلى قازا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى سۇلتان مۇھەممەدشاھ 8 يېشىدا ئىماملىققا تەيىنلىنىدۇ. ئۈچىنچى ئاغاخان بولغان سۇلتان مۇھەممەدشاھ ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ 48 - ئىمامى بولۇپ، 72 يىل ئىماملىق قىلغاندىن كېيىن 1957 - يىلى جەنۋەدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. سۇلتان مۇھەممەدشاھنىڭ شاھزادە سەدرىدىن ۋە شاھزادە ئەلىخان ناملىق ئىككى ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شاھزادە ئەلىخان ناملىق ئوغلىدىن بولغان نەۋرىسى شاھ كەرىم ئەل ھۈسەيىنىنى ئۆزىگە ۋارىس

قىلىپ تاللايدۇ. ئۇ 1936 – يىلى تۇغۇلغان، 1959 – يىلى ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ( Harvard ) ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. تۆتىنچى ئاغاخان شاھ كەرىم ئەل ھۆسەينى يىگىرمە يېشىدا ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئىسمائىلىيەنىڭ 49 - ئىمامى بولغان تۆتىنچى ئاغاخان شاھ كەرىم ئەل ھۆسەينى بىزنىڭ زامانىمىزدا ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ھېچ قايسى دۆلەتكە تەۋە بولمىغان دىنىي تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، ھازىر ئىمام ( تىرىك ئىمام ) نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا قىلچە مۇداخىلە قىلماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، كونكرېت دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا دىنىي ئۇنۋان بېرىش، دىنىي ئىشلاردىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش ۋە تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن باشقا ھەرقايسى دۆلەتلەردە تەسىس قىلىنغان ئۆز ئىلكىدىكى مۇقىم دارامەتكە ئىگە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات فوندلىرىغا تايىنىپ، ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا خالىس ياردەم قىلماقتا.

ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتلىرى دەۋەت نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى تەرغىبات ئىشلىرىغا دائىيلار[①] مەسئۇل قىلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ فاتىمىيلەر دەۋرىكى بىرلىككە كەلگەن تەلىماتلىرى تارىختا «دەۋەتى قەدىم» ( كونا دەۋەت ) نامى بىلەن ئۇچرايدۇ. كېيىنچە ئۇ ھەسەن سەباھ تەرىپىدىن قايتا تولۇقلىنىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ، شۇ دەۋردىكى ئېھتىياجغا تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇلغان. ھەسەن سەباھنىڭ قايتا

---

[①] دائىي — ( دەۋەت قىلغۇچى، تەرغىباتچى ) ئىسمائىلىيە پىرقىسىدا دىنىي مۇلازىملارنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، فاتىمىيلەر دەۋرىدىكى ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىدا ئۇ ئىمام، سامىت، ناتىق ۋە ھۇججەتتىن كېيىن تۇرىدىغان بەشىنچى ئورۇندىكى ئۇنۋان ئىدى.

ئىشلىشى بىلەن يولغا قويۇلغان دەۋەت «دەۋەتى جەدىد» (يېڭى دەۋەت) نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. بۇ دەۋەتلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى ۋە ماھىيىتى مەخپىي تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت باتىنىي (يوشۇرۇن) تەلىماتلارنىڭ سىرلىرىدىن تولۇق ئاگاھ كىشىلەرلا توغرا دەرك ئېتەلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ دىنىي - پەلسەپۋىي ئېقىمنىڭ ئەزاسىغا ئايلانغۇچىلار ئالدى بىلەن قەسەم ئىچىپ، ئۆزىنىڭ ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بارلىق تەلىماتلىرىغا مەڭگۈ سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. قەسەم يات قىلغانلار ئاۋۋال ئىسمائىلىيە تەلىماتىدىكى يەتتە ئىمامغا ئائىت ئاساسىي قاراشلار، «قۇرئان كەرىم» نىڭ يوشۇرۇن مەنىلىرى، بەزى دىنىي مەسىلىلەرگە بېرىلىدىغان سىمۋوللۇق تەبىرلەر ۋە بەزى ئايەتلەرگە ئائىت ئۆزگىچە شەرھلەرگە ئوخشاش ئاساسىي ئۇسۇللار (پرىنسىپلار) بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنى ئۆگىنىشنى باشلايدۇ. مەزكۇر ئېقىمنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە ئائىت تەلىماتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىگىلەش پەقەت ئازبىر قىسىم كىشىلەرگىلا مۇيەسسەر بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

مەنبەلەردە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى دىنىي ئۇنۋانلار ئارقىلىق دەرىجە بەلگىلەش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، ھەر قايسى رايونلاردىكى دىنىي تەرغىبات ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلىرى ئۇلارنىڭ دىنىي ئۇنۋانلىرى بويىچە تەڭشىلىدۇ، تۆۋەن دەرىجىدىكىلەر ئۆزلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىگە ئىگە بولغانلارغا سۆزسىز بويسۇنىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمما، مەيلى تارىخىي ماتېرىياللار ياكى دىنىي تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى يولغا قويغان ئۇنۋان - دەرىجىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي سانى، يەنى بۇ دەرىجىلەرنىڭ قانچە بالداققا بۆلۈنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق

مەلۇمات يوق . ئىسمائىلىيە ئېقىمىنىڭ داڭلىق تەرغىباتچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋە ئۆزى ھۆججەتلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ناسىر خۇسراۋ ئۆزىنىڭ «كەلامى پىر» ( پىرنىڭ سۆزى ) ناملىق ئەسىرىدە دىنىي ئۇنۋانلارنىڭ سانىنى يەتتە دەرىجىگە بۆلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ توققۇز دەرىجىگە بۆلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ. تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ناھايىتى ئىشەنچلىك دەپ قارايدىغان ھەمىدۇددىن كىرمانىنىڭ مەلۇماتىدا، ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ دىنىي ئۇنۋانلىرى ئون دەرىجىدىن تەركىب تاپىدۇ، دېيىلىپ ، ئۇنى ئۆز تەرتىپلىرى بويىچە تۆۋەندىكى ناملار بىلەن ئاتايدۇ : ناتىق ، ئاساس ، ئىمام ، باب ، ھۆججەت ، دائىيى بالىغ ، دائىيى مۇتلەق ، دائىيى مەھدۇد ، مەئزۇنى مۇتلەق ، مەئزۇنى مەھدۇد. ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتى بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەلى ناتىق ۋە ئاساسلاردۇر. ھەسەن ، ھۈسەيىن ، ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن ، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ، جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى جەئفەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىماملاردۇر. ھەر بىر ئىمام ئون ئىككى ھۆججەتكە ئىگە بولۇپ ، ھەر بىر ھۆججەت ئۆز نۆۋىتىدە مەلۇم بىر كونكرېت رايوننىڭ دىنىي ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى ھېسابلىنىدۇ. ھۆججەتلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن رايونلار جەزىرە ( ئارال ) دەپ ئاتىلىدۇ، مەلۇم ئارالدىكى دىنىي تەرغىبات ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھۆججەتلەر ساھىبجەزىرە ( ئارال ئىگىسى ) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ساھىبجەزىرىلەر ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان رايونلاردا يەنە ئوتتۇز دائىي تەيىنلەپ ، شۇلار ئارقىلىق تورلۇق دىنىي تەرغىبات ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ھەربىر دائىي يەنە ئۆزلىرىگە تەۋە مەئزۇنلار[1]غا ئىگە بولىدۇ. ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ خىل دىنىي ئۇنۋان دەرىجىسى بويىچە باشقۇرۇش - باشقۇرۇلۇش ئۇسۇلى ۋە دىنىي

---

[1] مەئزۇن - مەلۇم ئىشنى بېجىرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلەر.

ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش سىستېمىسى ئاشكارا يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئوخشىمىغان جەزىرەلەردە قىسمەن پەرقلەرمۇ مەۋجۇتتۇر. مەسىلەن، ھەسەن سەباھ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلاردا دىنىي ئۇنۋانلارنىڭ نامىدىمۇ قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت. ئۇلار «دەۋتى جەدىد» نىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغاچقا، دىنىي ئۇنۋان دەرىجىلىرىنگىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، سۇس، دائىيى كەبىر، رەفىق، لاسىق، فىدائىي دېگەندەك ناملارنى قوللىنىدۇ.

ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ دىنىي - پەلسەپىۋىي تەلىماتلىرى خېلىلا مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىدا قازى نۇئمان ئىبنى ھايۇن تەمىمى، ھەمىدۇددىن كىرمانى، ئەبۇيەقۇب سىجىستانى، ناسىر خۇسراۋ قاتارلىق شەخسىيەتلەر مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ تەلىماتلاردا ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە ئائىت ئاساسىي مەسىلىلەردە بىرلىككە كەلگەن قاراشلار ئوتتۇرا شەرق، بولۇپمۇ ئىران خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي پەلسەپىۋىي قاراشلىرى ۋە قەدىمكى يونان پەيلاسوپى ئەپلاتۇننىڭ ئالەم قاراشلىرى بىلەن ئۆز - ئارا يۇغۇرۇلۇپ، ئىسلامنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئۆتكۈر مەسىلىلەر ئۆزگىچە نۇقتىلاردىن شەرھلەنگەن. ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرى بويىچە تەۋھىد (ئاللاھنىڭ يېگانىلىقىغا بولغان ئېتىقاد)، خىلقەت (مەۋجۇدىيەتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى قاراش) كە ئوخشاش دىنىي ئەھكاملار ۋە ناماز، روزا، زاكات، ھەجگە ئوخشاش دىنىي پەرزلەر ئىسلامنىڭ زاھىرى (ئاشكارا) تەرەپلىرى بولۇپ، ئۇلارنى بىلىش ۋە بەجا كەلتۈرۈش بارلىق مۇئمىنلار، جۈملىدىن ئىسمائىلىيەنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى مۇرىتلىرى ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. ئەمما، ئىسلامدىكى ئەھكام ۋە پەرزلەرنىڭ زاھىرى تەرىپىدىن باشقا يەنە باتىنى (يوشۇرۇن) تەرىپىمۇ ئىسمائىلىيە ئىلاھىيەتشۇناسلىقىدا ئۆزگىچە يوللار بىلەن شەرھلىنىدۇ.

ئىسمائىلىيە تەلىماتىدا ئاللاھ ۋۇجۇدى روھانىي ( روھىي بارلىق ) مۇئەمەس ، ۋۇجۇدى جىسمانىي ( جىسمانىي بارلىق ) مۇئەمەس ، ئۇ ھېچقانداق سۈپەتكىمۇ ئىگە ئەمەس . ئۇنىڭ قانداقلىقىنى دەرك ئېتىشكە ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى يېتىشمەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ . ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى تەلىماتىدا ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقى ئىنكار قىلىنمايدۇ . ئامما، ئۇ كونكرېت تۈس ئالغان مەۋجۇدىيەتنىڭ ۋاستىلىق ياراتقۇچىسى، دەپ قارىلىدۇ . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئاللاھ ئەقلىي كۇل[1]نى ياراتقان ۋە ئەقلىي كۇل ئۆز نۆۋىتىدە نەفسى كۇل[2]نى بارلىققا كەلتۈرگەن ، نەفسى كۇلدىن كائىناتتىكى جىمى مەۋجۇدىيەتلەر يارالغان . ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىنىڭ يارالمىشقا ئائىت قاراشلىرىدا مەۋجۇدىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلىنىدۇ . بۇ باسقۇچلارنىڭ تەرتىبىدە ۋاھىد[3] ، ئەقلىي كۇل ، نەفسى كۇل ۋە تەبىئەت دېگەندەك ئۇقۇملار ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . نەفسى كۇل بولسا ھاياتلىقنىڭ مەنبىيى سۈپىتىدە ھەيۇلا ( كونكرېت ماددىلار ) نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ، يەنى ئۇ مەلۇم ماكان ھەم زاماندا كونكرېت تۈس

---

[1] ئەقلىي كۇل - ئەقلىي كۇل - ( كامىل ئەقىل ) ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئۇقۇملارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئېيتىلىشىچە بۇ سۆز گويا ۋەھيي تەرىقىسىدە ئاللاھدىن جەبرائىل ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەن . بۇ ئۇقۇم ئىسلامنىڭ ھەرقايسى پەلسەپىۋى ئېقىملىرىدا كېيىنچە پەرقلىق مەنىلەردە قوللىنىلىدىغان بولغان . مەسىلەن، ئۇ تەسەۋۋۇپتا يارالمىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە تەلىماتىدىمۇ ئاللاھ دەسلەپتە بىۋاستە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بارلىق بولۇپ ، كېيىنچە باشقا مەۋجۇداتلار ئەقلى كۇلدىن يارالغان، دەپ قارىلىدۇ .

[2] نەفسى كۇل - ( كامىل روھ - جان ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە دۇنياۋىي روھ ) ئىسلام پەلسەپىسىدە ئالەمنىڭ يارىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت نۇقتىسى ، يۇقىرى ۋە تۆۋەندىكى ئالەمنىڭ مۇناسىۋەتنى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم بولۇپ ، يارالمىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، يەنى ماددا ، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پەيدا بولۇش باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ بارلىق جانلىقلارنىڭ ھايات مەنبىيىدۇر . مەسىلەن، ئادەمنىڭ روھى ( جېنى ) نەفسى كۇلنىڭ بىر زەررىسى ( ناھايىتى كىچىك بىر بۆلىكى ) دۇر .

[3] ۋاھىد — ( يەككىلىك ، تەنھالىق ، بىرلىك ) ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىدا مەۋجۇدىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى مەنبە ( يارىلىش مەنبەسى) نىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى كۆرسىتىدىغان ئۇقۇم .

ئالغان ئاسمان جىسىملىرى ، ئەناسىر ( تۆرلۈك ماددىلار ) قاتارلىق بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي مەنبەدۇر ، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەر نەفسى كۈلدىن يارالغاچقا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق بولىدۇ ، ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە جانسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . شۇنداقلا نەفسى كۈلنىڭ ئاساسىنى ئەقلى كۈل تەشكىل قىلغاچقا ، ئەقلى كۈلمۇ بارلىق مەۋجۇداتلاردا ئۆز ئەكسىنى تاپقان بولىدۇ . دەل ئەقلىي كۈلنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ۋوجۇدىدىكى شارائىتىدىن ھەرقانداق جانلىقنىڭ ھەرىكىتى تەرتىپسىزلىكتىن خالىي بولۇپ ، مەلۇم قانۇنىيەتكە ئىگىدۇر ۋە شۇ ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ ۋايىغا يېتىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ . ئۇلار يوقىرىدىكىدەك قاراشلارغا ئاساسەن ئىنسانلارنىمۇ ئاللاھ بىۋاستە ياراتقان بولماستىن ، بەلكى ئۇ ۋاستىلىك يارىتىلغان ، يەنى ئىنسانلارمۇ ئەقلىي كۈل بىلەن نەفسى كۈلدىن بارلىققا كەلگەن ، ئەگەر ئاللاھ ئىنسانىنى بىۋاستە ياراتقان بولسا ، ئۇ ھالدا ئىنسان ھازىرقىدەك ناكامىل بولۇپ قالماس ئىدى ۋە ھەرقانداق گۇناھدىن خالىي ، كامالەتكە يەتكەن ، كەم - كۈتىسىز بولغان بولاتتى ، دەپ قارايدۇ . ئىسمائىلىيە تەلىماتى بويىچە ئالەم ئەبەدىيلىككە ئىگە ۋە يوقۇلۇشچانلىقتىن خالىي بولۇپ ، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئۇنىڭ جەۋھەر ( ھەممە نەرسىنىڭ ئەسلى ) ئىكەنلىكىدىندۇر . كونكرېت جىسىملار يوقۇلۇشچانلىققا ئىگە ، ئەمما ئالەم مەڭگۈلۈكتۇر . كونكرېت جىسىملارنىڭ ماكانى ۋە زامانى مەلۇم چەككە ئىگە ، جىسىملار شۇ چەك ئىچىدىلا كونكرېت شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولالايدۇ . ئەمما ، ئالەم بۇنداق چەكتىن خالىيدۇر . جىسىملارنىڭ ھالەت ئۆزگىرىشى ماكان ۋە زامانغا بېقىنغاچقا ، شۇنداقلا ئالەم ئۆزگىرىشچانلىقتىن خالىي بولغاچقا ، ماكان ۋە زامان چۈشەنچىسىنىمۇ بىر پۈتۈن ئالەمگە تەتبىقلاشقا بولمايدۇ ، دەپ قارىلىدۇ . شۇ تەرىزدە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ يارالمىشقا ئائىت قاراشلىرىدا ئاللاھدىن تاكى ھەيۇلاغىچە يەتتە تەجەللىي

( جىلۋىلىنىش ، كۆرىنىش ) باسقۇچى يۇز بېرىپ ئۆتىدۇ . بۇ يەتتە باسقۇچ بۇ ئالەمدىكى يەتتە پەيغەمبەر ۋە ئىمام ( ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ، نۇھ ، ئىبراھىم ، مۇسا ، ئەيسا ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل[①] ) غا تاناسىپلىشىدۇ، دەپ قارىلىدۇ .

شىئە مەزھىپى پەيدا بولغان دەسلەپكى دەۋرلەردىلا بۇ مەزھەپ تەرەپدارلىرى ئەلى ۋە فاتىمەنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بىر مەخپىي ئىلىمنى ئۆگىنىۋالغانلىقى ۋە بۇ ئىلىمغا كېيىنچە پەقەت ئەلەۋىيلەر ( ئەلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ) لا ۋارىسلىق قىلالايدىغانلىقىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلىپ ، شۇ ئارقىلىق ئەلەۋىيلەرنىڭ ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىشتا باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ جەھەتتىن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشتى . بۇ خىل قاراش ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋە ئىماملىق ، « قۇرئان كەرىم » ۋە شەرىئەتكە ئائىت تەلىماتلىرىدىمۇ مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ . ئالدى بىلەن ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى « قۇرئان كەرىم » ۋە شەرىئەتنىڭ زاھىر (ئاشكارا ) ۋە باتىن (يوشۇرۇن ) دىن ئىبارەت ئىككىي قاتلامدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى ۋە ئاددىي مۇئمىنلارنىڭ « قۇرئان كەرىم » ۋە شەرىئەتنىڭ زاھىري تەرەپلىرىدىنلا بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ باتىنىي تەرەپلىرىنى توغرا دەرك ئېتىش بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مىراسقا ئالغان « مەخپىي ئىلىم » نىڭ شارا پىتى بىلەن پەقەت ئەلەۋىيلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگىلا تولۇق نىسىپ بولىدىغانلىقىنى كۆچەپ تەكىتلىشىدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى ئۆز تەلىماتلىرىنى « دىنىي ھەق » نامى بىلەن ئاتايدۇ .

ئىسمائىلىيە تەلىماتى بويىچە ئىسلام ( بويسۇنۇش ، ئىتائەت قىلىش ) زاھىر تەرەپ بولۇپ ، ئىمان ئۇنىڭ باتىنىدۇر . ئىسلام

---

[①] بۇ يەردە جەئفەر سادىقنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

ئىقرار بولۇپ ، ئىمان ئىقرارنىڭ مەرىپەت بىلەن بىرلىشىشى . شەرىئەتمۇ ئوخشاشلا زاھىر ۋە باتىندىن ئىبارەت ئىككى قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭ زاھىر تەرىپى مۆئمىنلەرگە مەلۇم بولسا ، باتىن تەرىپى پەقەت مەخپىي ئىلىمنىڭ بىلگۈچىلىرى بولغان ئەلەۋىيلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگىلا ئاشكارىدۇر . شەرىئەت - ئىماننىڭ زاھىري ئىپادىلىنىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ باتىنىدە ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئىلىم يوشۇرۇنغان . شەرىئەت بىلەن ھەقىقەتنىڭ مۇناسىۋىتى زاھىر بىلەن باتىن ۋە ھىس بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر . زاھىر - ئاددىي مۆئمىنلەرگە ئاشكارا بولمىغان ماھىيەتنى - ھەقىقەتنى يېپىپ تۇرغۇچى پەردىدۇر . شەرىئەت زامان ۋە تارىخي تەرەققىياتقا زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ ، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . ئەمما ، ھەقىقەت بىر خىل ئىلاھىي قۇدرەت بولۇپ ، زامان ۋە تارىخ تەرەققىياتى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق . بۇ ھەم ئەبەدىي ئەقىلنىڭ ئۆزگىچە سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر . شۇڭا ، ھەقىقەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى شەرىئەت كەلتۈرگۈچى بىرەر پەيغەمبەرنىڭ نامى بىلەن باغلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ . ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۈيۈك بۇرچى شەرىئەتنى پەردە قىلىپ يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ ، ئۇنى بارلىق مۆئمىنلەرگە تونۇتۇش ۋە كىشىلەرنى ھەقىقەت تەرەپكە يېتەكلەشتىن ئىبارەتتۇر ، دەپ قارىلىدۇ .

شەرىئەت بىلەن ھەقىقەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز - ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ، شەرىئەتنى ھەقىقەتكە يېقىندا ئورۇنغا قويىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، شەرىئەت بىز ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈۋاتقان زېمىندا يارىتىلغان بولىدۇ . ئۇ زامان چەكلىمىسىگە ئىگە بولۇپ ، مەلۇم بىر دەۋردە ئەمەل قىلىنغاندىن كېيىن ، ھەقىقەتكە ئورۇن بوشىتىدۇ . ھەقىقەت بولسا ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتىشىدۇر . شەرىئەت دىنىي

ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەرنى يامان يوللاردىن توسۇش، ئىشرەتپەرەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى زورۇر قائىدە - نىزاملارنىڭ توپلىمى بولۇپ، پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. ھەرقايسى پەيغەمبەرلەر ياشىغان دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەلەپلەر ئوخشىمىغاچقا، پەيغەمبەرلەر ئۆز دەۋرلىرىدىكى زورۇرىيەتلەرنى چىقىش قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەن شەرىئەت قائىدىلىرىدىمۇ نۇرغۇن پەرقلەر بولىدۇ. ئەمما، ھەربىر پەيغەمبەر ياراتقان شەرىئەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان ھەقىقەت ئوخشاش ۋە پەرقسىز بولىدۇ. بۇ خۇددى دېھقان يەر ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇق چاچقاندا ھوسۇل ئېلىشنى ئالدىن كۆڭلىگە پۈككەن ۋە ئۇنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانغا ئوخشايدۇ. پەيغەمبەرلەرگە يېقىن بولغان ئىماملار شەرىئەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەزمۇنلارنى - ھەقىقەتنى ئەڭ توغرا مەرىپەت قىلالايدىغان ۋە ئۇنى تولۇق، توغرا شەرھلەپ بېرەلەيدىغان شەخسلەردۇر. بۇ گويا مېۋە يېگەندە تېتىش سېزىمى ئارقىلىق مېۋىنىڭ تەمىنى تېتىپ، ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرەلىگەنگە ئوخشايدۇ. شۇڭا مەخپىي ئىلىمدىن خەۋەردار ئىماملارنىڭ يولىنى تۇتقان ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى شەرىئەتنىڭ باتىنىدىكى ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەنگۈچىلەردۇر، دەپ قارىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدا بىرلىككە كەلگەن پەرزلەرنى بەجا كەلتۈرۈشتىمۇ ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىسلامنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە جىھاد قاتارلىق پەرزلەر مۆئمىنلەر ئۈچۈن بىر خىل ۋاستە بولۇپ، ئۇنى شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى بويىچە تولۇق ئورۇنداش ئاخىرەتتە ئۆز روھلىرىنى دوزاختىن قۇتقۇزۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلامدىكى بۇ پەرزلەرمۇ ھەقىقەتكە يېتىشتە ئۆتكۈنچىلىك رول ئوينايدىغان شەرىئەت باسقۇچىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ زېمىندا يارىتىلغان، ئۇ ئىلاھىي بەلگىلىمە ئەمەس. تېخى ھەقىقەتنى دەرك ئېتىش باسقۇچىغا يەتمىگەن

مۆئمىنلەر، جۈملىدىن ئىسمائىلىيەنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇرىتلىرى ئۈچۈن ئۇنى بەجا كەلتۈرۈش شەرتتۇر. ئەمما، ھەقىقەتنى دەرك ئېتىشكە نائىل بولغان، يەنى شەرىئەت باسقۇچىدىن ھەقىقەت باسقۇچىغا ئۆتۈپ بولغان ئىسمائىلىيە ئىماملىرى ۋە مۇرىتلىرى ئۈچۈن بۇ پەرزلەرنى شۇ شەكىلدە بەجا كەلتۈرۈشكە ھاجەت قالمايدۇ. ھەقىقەت باسقۇچىدىكى پەرزلەر يېڭى مەنىگە ۋە شەكىلگە ئىگە بولغان بولىدۇ، ھەقىقەت باسقۇچىدىكى تاھارەت - نامازدىن ئىلگىرى ئاددىي سۇ بىلەن ئۆز جىسمىنى تازىلاش بولماستىن، بەلكى مەرىپەت سۈيى بىلەن ئۆز ئەقىدىلىرىنى پاكلاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. ناماز- يەردە يۈكۈنۈپ سەجدە قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر دەرك ئېتىشكە ئىنتىلىش ۋە بۇ مەقسەتتە ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ يەنە مەخپىي ئىلىمگە ئىگە، مۆئمىنلەرنى ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان ئىماملارغا بولغان ساداقەت ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى نەزىرىدىكى ھەقىقەت باسقۇچىدىكى ھەج شەرىئەت باسقۇچىدىكىگە ئوخشاش مەككىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق گۇناھدىن ساقىت بولۇش بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىكى باشقا دىنلار ۋە مەزھەپلەرنىڭ بارلىق تەسىرىنى تازىلاش، ئېتىقادىنى ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق گۇناھدىن خالىي بولۇش ۋە ئىمام بىلەن دىدارلىشىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ باسقۇچتىكى روزا بولسا قوياش نۇر چاچقان مەزگىلدە غىزالىنىشتىن ساقلىنىش بولماستىن، بەلكى «دىنىي ھەق» (ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرى) نى، جۈملىدىن ئۆز ئېتىقادىنى غەيرىي ئەقىدىلەرنىڭ بۇلغىشىدىن ساقلاش، گۇناھ سادىر قىلىشتىن پەرھىز قىلىش قاتارلىق مەنىلەردە شەرھىلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتىدا زاكات تامامەن باشقا مەنىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەقىقەت باسقۇچىغا ئۆتكەن مۆئمىنلەر ئۈچۈن ماددىي بايلىقلارنى ئومۇمنىڭ نامىدا تارتۇق قىلىش ھەقىقىي مەنىدىكى زاكات

ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق مۆئمىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ مەلۇم ماددىي بايلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا، شەرىئەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مۆئمىنلەرگە ئەڭ زۆرۈر بولغىنى ماددىي بايلىق بولماستىن، بەلكى ھەقىنى تونۇش يولىدىكى مەرىپەتتۇر. ھەقىقەت باسقۇچىغا يەتكەنلەر ئۆزلىرى ئىگىلىگەن - ئېرىشكەن مەرىپەت مېۋىلىرىنى شەرىئەت باسقۇچىدىكى مۆئمىنلەرگە زاكات تەرىقىسىدە تارتۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ زاھىردىن باتىنغا ئۆتۈپ، ھەقىقەتنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشىگە ياردەمدە بولۇشى ھەقىقەت باسقۇچىدىكى زاكاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر، دەپ قارىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى تەلىماتلىرىدا ئىسلامنىڭ باشقا مەزھەپلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى پەيغەمبەر ۋە «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭغا ۋەھىي قىلىنغان، دېگەن ئەقىدىلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل (جەئفەر سادىقنىڭ نەۋرىسى) نى ئاخىرقى پەيغەمبەر، دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىدا مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل كىشىلەرگە يېڭى شەرىئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇ شەرىئەت باسقۇچىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەقىقەت باسقۇچى - ئىلىم ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت تەنتەنە قىلغان باسقۇچنى باشلايدۇ. بۇ دەۋر ئادالەتسىزلىك تامامەن يوقىتىلغان ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ھەر جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلغان بىر باسقۇچ بولىدۇ، دېيىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى ھەسەن ساباھنىڭ باشچىلىقىدا ئەلەمۇت قەلئەسىنى مەركەز قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان دەۋرلەردە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنى يوقىرىدىكىدەك روھىيەتتە تەربىيىلەپ، 1164 - يىلى بارلىق دىنى ھەق (ئىسمائىلىيە) تەرەپدارلىرى ئۈچۈن شەرىئەت دەۋرى ئاخىرلاشتى ۋە ھەقىقەت دەۋرى باشلاندى، دەپ ئېلان قىلىشقانىدى.

ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى تەلىماتىدا ئىنسانلار جەمئىيىتىمۇ

تەبىئەتنىڭ مەلۇم بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەدرىجى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بەربەرىيەتتىن ( ۋارۋار، ياۋايىلىق ) دۆلەتلەر قۇرۇلۇپ مەدەنىيەتلىك دەۋرگە كىرگۈچە بىر نەچچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن، دەپ قارىلىدۇ.

غەرب تەتقىقاتچىلىرى ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىنى جاھالەت ئەۋج ئالغان شەرقتىكى روشەن پىكىرلىك تەلىمات، دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىدا ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىك، ئەركىنلىك غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغان ۋە دىنىي مەسىلىلەر پەلسەپە نۇقتىسىدىن شەرھلەنگەن. ئىسمائىلىيە كۆرۈنۈشتە دىنىي تارماقتەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر پەلسەپىۋى ئېقىمدۇر.

ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۆز ئەقىدىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ئاساسەن ئافغانىستان، تاجىكىستان، ئىران، ئەزەربەيجان، ئىراق، سۈرىيە، ئومان، ھىندىستان، پاكىستان، كېنىيە، تانزانىيە، ھىندونېزىيە، كانادا ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ( شىنجاڭدىكى تاجىكلار ) قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئومۇمىي سانى يىگىرمە مىليوندىن ئاشىدۇ.

# ئونىنچى باب

## پىرقىلەر ، ئېقىملار ۋە تارماقلار

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قازا قىلغۇچە ئىچكى جەھەتتە ھېچقانداق چوڭ ئىختىلاپلار بولمىغانىدى. بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئەتراپقا تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ ، تەسىرى كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئىسلام دىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن بىر زىددىيەتلىك تەرەققىيات دەۋرگە قەدەم قويدى . بۇنداق زىددىيەتلەر دەسلەپتە گەرچە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىلىك ھاكىمىيىتىدىكى ئورنىغا كىم ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە يۈز بېرىپ ، سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنۈشكىلا سەۋەب بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بارماي شەرىئەت ، فىقھە ، ئىرپان ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىقتەك ئىسلامنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىپ ، ناھايىتى مۇرەككەپ بىر تۈسكە كىردى .

خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي زىددىيەت دەسلەپتە مەزھەپلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا ، ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ ئۆز تەلىماتلىرىنى يارىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلەردىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى مەزھەپلەرنىڭ يەنە ئۆز ئىچىدىن پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى . پىرقىلەر ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا يەنە چوڭ ـ كىچىك ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن تارماقلارغا بۆلۈندى . شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى ، ئىسلامنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق بىر يېڭى پىكىر ياكى تەشەببۇس بىرەر پىرقە ياكى تارماقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغانىدى . بەزى پىرقە ـ تارماقلار

تارىخىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدا بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان بولسا ، يەنە بەزىلىرى ئىسلامنىڭ ئۇزاق تارىخىدا ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ساقلاپ ، دەۋرىمىزگىچە داۋاملىشىپ كېلەلىدى . گەرچە نۇرغۇن دىنىي مەنبەلەردە ئىسلام 73 مەزھەپ ۋە پىرقىدىن تەركىب تاپىدۇ، دەپ كۆرسىتىلسىمۇ ، ئۇنىڭ ئەمەلىي سانى بۇنىڭدىن خېلىلا ئارتۇق . شۇڭا بۇ پىرقە ۋە تارماقلارنىڭ ھەر بىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش ئېغىر ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۇل بىر خىزمەت بولغانىنىڭ ئۈستىگە كىتابىنىڭ ھەجمىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىدۇ . شۇڭا بىز شىنجاڭنىڭ تارىخىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغان ۋە ھازىرمۇ بۇ يەردىكى ئاھالىلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مۇھىم مەزھەپ ، پىرقە ۋە ئېقىملانى ئايرىم بابلار بويىچە تونۇشتۇردۇق . كىتابىنىڭ ھەجمى چەكلىمىسى تۈپەيلى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مەلۇم ئىز قالدۇرغان ، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە مۇھىم ھېسابلانمايدىغان پىرقە ، ئېقىم ۋە تارماقلارنى بىرلا بابتا تونۇشتۇرۇشنى لايىق كۆردۇق . ئۇلارنى پەيدا بولغان دەۋرى ، تارقالغان رايونى ، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىلىرى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈش ئىمكانىيىتى يوق . چۈنكى، بەزىلىرى ناھايىتى ئاددىي بىر مەسىلىدىكى ئوخشىمىغان قاراش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خېلىلا مۇرەككەپ تەلىماتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . شۇڭا، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىشتا ئاساس بولالىغۇدەك بىرەر ئورتاق خۇسۇسىيەت تېپىش ناھايىتى تەس . بىز كىتاب قورۇلمىسىدا قالايمىقانچىلىقنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ۋە كىتابخانلارغا چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزلەپ ، ئۇلارنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە تونۇشتۇرۇشنى توغرا تاپتۇق .

**ئابدىيە ــ كەررامىيە**دىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۆلۈنۈپ چىققان تارماقلاردىن بىرى . ئۇنىڭ ئاساسچىسى ئوسمان ئابدى بولۇپ ،

ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى مەسلەكداشلىرى بىلەن بولغان ئاساسىي ئىختىلاپى ئىلاھىي خاسلىق ۋە ئۇنىڭ ئەبۇئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى كەررام بىلەن بولغان ئورتاق ماكاندىكى مەۋقەسى مەسىلىسىدە يۈز بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ بىلەن ئەبۇئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى كەررام ئولتۇرغان تەختنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق ماكان مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇلاردىن يەنە بەزىلىرى ئاللاھ، ئەرش ۋە تەخت ئارىلىقىدا پايانسىز بوشلۇقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە بىرقاتار يېڭى تەلىماتلار، جۈملىدىن مەۋجۇدىيەت تەلىماتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئابدىيە ئۆزلىكىدىن يوقۇلۇشقا يۈزلەنگەن.

**ئادلىيە** — ئېتىزال ئەھلى (مۇئتەزىلە) نىڭ «بەش ئاساسىي نىگىز» تەلىماتىنىڭ بىرى ئىلاھىي ئەدل (ئىلاھىي ئادىللىق) بولغاچقا، ئۇلارتارىختا ئەدلىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. تەپسىلاتىنى **مۇئتەزىلە**دىن كۆرۈڭ.

**ئازرىيە** — **نەجدىيە**گە قاراڭ.

**ئەبباسىيە** — ئەبۇ ھۇرەيرى راۋەندى ئاساس سالغان شىئە مەزھىپىنىڭ پىرقىلىرىدىن بىرى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاباسىيلارغا ئىماملىق ئەبۇ ھاشىمنىڭ ۋەسىيىتى تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى قانداشلىق نەتىجىسىدە بېرىلگەن. شۇڭا، ئۇلار ئەبباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پەيغەمبەرگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە ئىمتىيازى جەھەتتە باشقىلارغا قارىغاندا ئۈستۈنرەك ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ پىرقە تارىختا راۋەندىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان.

**ئەبازىيە** — **خارىجىيە** (خاۋارىجىيە)نىڭ مۆتىدىل تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا ئىبازىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان، ئابدۇللا ئىبنى ئەباز ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ئەباز ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ تەلىمات ئىماملار تەرىپىدىن خېلى كەڭ دائىرىدە تارقىتىلغان. ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقىدىلىرىنى ياقلاش

يولىدىكى تۈنجى يېغىلىقى مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد دەۋرىدە ئابدۇللا ئىبنى يەھيا ۋە ئەبۇ ھەمزە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار سەنئا ۋە مەدىنە شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مەككە شەھرىنى تارتىۋالالمىغان. ئابباسىيلار ئۇلارنىڭ ئۇمماندا جۇلەندى رەھبەرلىكىدىكى يېغىلىقىنىمۇ (مىلادى 751—752) خېلى تىزلا بېسىقتۇرۇۋەتكەنىدى. 8 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدە ئەبازىيە يەنە شىمالىي ئافرىقىدا ئەبازىيە ۋە سۇفرىيە ناملىرى بىلەن تارقىلىشقا باشلىغان. تەرەبلۇس (ترىپولى) دىكى ئەبازىيە تەرەپدارلىرىغا ئەبۇلخەتتاب ۋە ئەبۇھاتەم دېگەن كىشىلەر رەھبەرلىك قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ 8 - ئەسىردىكى يېغىلىقتا ئوينىغان رولىمۇ چوڭ ئىدى. تاكى ماراكەشتە فاتىمىيلەر دۆلىتى قۇرۇلغانغا قەدەر ئەبازىيە تەرەپدارلىرى تۇرلۇك جانلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلىشتى. فاتىمىيلەر دۆلىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پائالىيەتچانلىقى تەدرىجى سۇسلىشىپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى تۇنىس، ئەلجازائىر ۋە لىۋىيە سەھرالىرىغا تارقىلىپ كېتىشكەن.

ئەبازىيە تەرەپدارلىرى سۇننەت ئەھلىنىڭ «ئىجمائ» دىن باشقا بارلىق تەلىماتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئىمامنىڭ سايلىمى شەيخلەر ۋە قىياس ئەھلىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ مەخپىي ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەبازىيە تەرەپدارلىرى جەننەت بىلەن دوزاخنى مەڭگۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە خۇدا گۆدەكلەرنىڭ، ۋايىغا يەتمىگەنلەرنىڭلا گۇناھىنى سورۇشتۇرمەيدۇ. ئەگەر، چوڭلار گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، چوقۇم خۇدادىن گۇناھىنى تىلىشى لازىم. ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى پىكىردىكىلەرنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلار، دىندىن يىراقلىشىپ كەتلەنلەر، دەپ قارىشىدۇ. قارشى پىكىردىكىلەرنى مۇشرىكمۇ، مۇئمىنمۇ ئەمەس، ئۆلۈمگە لايىقلاردۇر، دەپ قارىشىدۇ.

ئەمما ، قارشى تەرەپنىڭ ئاياللىرى بىلەن ئەر - خوتۇنلۇق بولۇشنى راۋا كۆرۈشىدۇ . كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەبازىيە تەرەپدارلىرى ( تائەت ئەھلى دەپمۇ ئاتالغان ) ئېتقىدار ۋە دەۋەتنىڭ كۈچىنى ھەرىكەتتە ، ھەرقانداق ئېتقىدار ۋە تەسىرچانلىق ئەمەلىي ھەرىكەتسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ،دەپ قارىغان . شۇڭا، ئۇلار تائەتنىڭ كۈچى تەۋپىق، تەسدىق ، پەزىلەت ، نېئمەتتە ۋە كوپۇرلۇقنىڭ كۈچى ئازغىنلىق ، يامانلىق ، گۇناھ ئۆتكۈزۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىللەتلەردە كۆرۈلىدۇ، دېگەننى تەرغىپ قىلىدۇ .

ئەبازىيە تەرەپدارلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە **ھەفسىيە** ، **ھارىسىيە** ، **يەزىدىيە** ۋە **ئەھلى تائەت** قاتارلىق تۆت تارماققا بۆلۈنۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى ياقلىغۇچى بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرمۇ ئومان ، ئەلجەزائىر ، لىۋىيە قاتارلىق جايلاردا ئۆزگىچە پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ جايلاردىكى ئەبازىيە جامائەلىرى ھېلىھەم قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بەزى ئۆزگىچە پەرقلەر بىلەن خەلەفىيە ، نەكارىيە ۋە نەفاسىيە دېن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دىنىي - سىياسىي گورۇھقا بۆلۈنگەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئەلجەزائىردىكى ئەبازىيە تەرەپدارلىرىلا ھازىرغىچە سۈننەت ئەھلىگە قوشۇلۇپ كەتمەي ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي تەلىماتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە .

**ئەبۇ مۇسلىمىيە** ــــ خۇراساندا ئەبۇ مۇسلىم رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ــ سىياسىي ھەرىكەت تەرەپدارلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ ، تارىختا **مۇسلىمىيە** ، **بەركوكىيە** ناملىرى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . ئۇلار مۇئاۋىيەنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە ئاbباسىيلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان . ئەبۇ مۇسلىمنىڭ دادىسى مەرۋىي شەھىرىدىن بولۇپ ، ئۇ ئۆزى ئەزەربەيجاندا تۇغۇلغان . ئېيتىلىشلارچە ، ئەبۇ مۇسلىم مەككىدە ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئاbباسىي بىلەن تونۇشۇپ ، نۇرغۇن سەپەرلەردە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىكەن . مۇھەممەد ئاbباسىي ئۇنى 746 – يىلى

خوراساننىڭ دائىي (دىنىي تەرغىباتچى) لىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئەبۇ مۇسلىم خوراساندا ئۇمەۋىيەگە قارشى تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئادەم توپلايدۇ ۋە 747 - يىلى خىلافەتكە قارشى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوزغايدۇ ھەم ناھايىتى تېزلىكتە مەرۋىي، نىشاپۇر قاتارلىق شەھەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئۇمەۋىيەنىڭ خوراساندىكى ۋالىسى نەسىر ئىبنى سەييار لەيسى ھاكىمىيەتنى تاشلاپ، قېچىپ كېتىدۇ ۋە ئەبۇ مۇسلىم خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا (745—755) تەيىنلىنىدۇ. ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر مەككىدە تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ خوراساندىكى نوپۇزىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىدۇ ۋە 755 - يىلى قەتلى قىلىدۇ. ئەبۇ مۇسلىمگە ئەگىشىپ كەلگەن دىنىي تەرغىباتچىلار ۋە باشقا تەرەپدارلىرى شۇنىڭدىن كېيىن خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، ئۆز ئىمامەتىنى تىكلەش تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىدۇ.

ئەبۇ مۇسلىم تەرغىباتلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئىران خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋي ئەقىدىلىرى بىلەن باغلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئۇ «ئەرەبلەر ئىران خەلقلىرىگە قارىغاندا ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە» دېگەندەك ئەقىدىلەرگە قارشى تۇرۇپ، بەنى ئۇمەيەچىلەرنى ئىسلام پەيغەمبىرى خاندانىنىڭ خائىنلىرى دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ بۇ خىل تەرغىباتلىرى ئىران قان سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدە نۇرغۇن ياقلىغۇچىلارنى ئۆزىگە قارىتىدۇ ۋە ناھايىتى تېزلىكتە خوراسان بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇستۇنلۇك قازىنىدۇ. ئەبۇ مۇسلىم قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىدىن ھاشىم ئىبنى مۇقەننەئ، ئىسھاق قاتارلىقلار ئەبۇ مۇسلىم نىشاپۇر ۋە مەرۋىدە سالدۇرغان مەسچىتلەردە ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق ۋە تەرغىپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز تەشۋىقاتلىرىدا ئەبۇ مۇسلىمنى تېخى ھايات ۋە رەي تېغىدا غايىپ بولغان، دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. ئۇلار يەنە ئاللاھنىڭ روھى ئەبۇ

مۇسۇلمىنىڭ جىسمىغا سىڭىپ كىردى ، ئۇ پەرىشتىلەردىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا بولۇپ ، ئاخىر بىر كۈنى زېمىنگە قايتىدۇ، ئەبۇجەئفەر مەنسۇرنىڭ ئۆلتۈرگىنى ئەبۇ مۇسلىم بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان شەيتاندۇر ، ئەبۇ مۇسلىم تېخى هايات، ئۇ ئاخىر بىر كۈنى يەر يۈزىگە قايتىپ كېلىپ ئادالەت ئورنىتىدۇ ، دەپ تەكىتلىشىدۇ . ئەبۇ مۇسلىمنىڭ كېيىنكى ئەگەشكۈچىلىرى نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ ، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ئىماملىقىنى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن دەلىللەپ چىقىدۇ . ئەبۇ تاهىر مۇسا تۇستەرىنىڭ « ئەبۇ مۇسلىمنامە » ناملىق ئەسىرى شۇلارنىڭ بىرىدۇر .

**ئەۋفىيە — ئەۋنىيە** نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ بەيھەسىيەنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، كېيىنچە ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن . بىرىنچى بۆلىكى هىجرەت سارىيى ( خارىجىيە تەرەپدارلىرى توپلانغاي ئورۇن ) دىن قايتىپ چىقىپ ، جىهاددىن تامامەن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغان كىشىلەردىن ئىبارەتتۇر . يەنە بىر بۆلىكى گەرچە يوقۇرىدىكىدەك ئاشكارا هالدا جىهاددىن باش تارتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەمەلىنى توغرا هېسابلىغۇچىلاردۇر . هەر ئىككى بۆلەكتىكىلەر ناماز ۋە شەرىئەتنىڭ باشقا قائىدىلىرىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزگەن مەستلىكنىلا كۇپۇرلۇق ، دەپ هېسابلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئىمام ئەگەر دىنسىز بولۇپ قالسا ، ئۇنىڭغا تەۋە بولغان هازىر ۋە غايىپ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ هەممىسى دىنسىز بولۇپ كېتىدۇ . باشقا تەشەببۇسلاردا ئۇلار ئىلگىرىكى مەسلەكداشلىرى بولغان بەيھەسىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتىدۇر .

**ئەزەلىيە — بابىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئاساسچىسى سۇبهى ئەزەل تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان مىرزا يەهيا مىرزا ئاباس (1830 — 1912) دۇر . سەيىد ئەلى مۇهەممەد باب شىرازى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى بابنىڭ ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىپ ، ئۇنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىدۇ . مىرزا يەهيا مىرزا ئاباس

پۈتۈن ئۆمرىنى بابىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىپ كەڭ دائىرىدە تارقىتىش، بابىنىڭ ئىدىيىلىرىنى تەرغىپ قىلىش ۋە تەلىم بېرىش ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ. نەسرۇددىنشاھغا سۇيىقەست قىلىنغاندىن كېيىن مىرزايەھيا مىرزائابباس باغداتقا قېچىپ بېرىپ، ئون يىل شۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ باردۇ. بۇ دەۋرلەردە باغدات ئەزەلىيە تەرەپدارلىرى (بابچىلار) نىڭ مەركىزي بولۇپ قالدۇ. 1861 — مىرزا يەھيا مىرزا ئاباس بىلەن ئىنىسى بەھائۇللاھ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ. ئوسمانىلار ھۆكۈمىتى قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ جەڭگى- جېدەللەرنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر ئىككىسىنى ئەدەرنە (ئەتەرنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا پالىۋېتىدۇ. ئۇ يەردە ئەزەلىيە تەرەپدارلىرى ئەزەلىيە ۋە بەھائىيە نامى بىلەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. ئوسمانىلار ھۆكۈمىتى مىرزا يەھيا مىرزا ئابباسنى پۈتۈن تەرەپدارلىرى بىلەن قوشۇپ قۇبرۇسقا، بەھائۇللاھنى بارلىق تەرەپدارلىرى بىلەن ئەككا (پەلەستىندە) گە پالىۋېتىلىدۇ. مىرزا يەھيا مىرزا ئابباس قۇبرۇستا 45 يىل سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، 82 يېشىدا شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھېلىھەم شۇ يەردە مەۋجۇت. مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى يەنە بەھائىيە ۋە بابىيەدىن كۆرۈڭ.

**ئەزافىرىيە — ئەزاقىرىيەگە قاراڭ.**

**ئەزاقىرىيە** — ئەزاقىر ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى شەلمەغانى (10 — ئەسىر) ئاساس سالغان پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ، تارىختا ئەزافىرىيە، شەلمەغانىيە ناملىرى بىلەنمۇ ئاتالغان. ئۇ 933 - يىلى باغداتتا ئۆز جىسمىغا ئىلاھىي روھنىڭ ھۇلۇل قىلغانلىقى (كۆچۈپ كىرگەنلىكى) بىلەن ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغان.

ئەزاقىرىيەنىڭ تەلىماتىدا ئەگەر ئىلاھىي روھ بىرەر تەنگە ھۇلۇل قىلسا (كۆچۈپ كىرسە)، ئۇنىڭدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇدرەت ۋە مۆجىزە يۈز بېرىدۇ ھەم بۇنداق تەن خۇدا بىلەن بىۋاسىتە ئۇلىنىپ

كېتىدۇ. بۇنداق ھادىسە ئىلگىرى ئىدرىس، نۇھ، ھارۇن، داۋۇد، سۇلايمان، ئىسا، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب قاتارلىقلارنىڭ جىسمىدىمۇ يۈز بەرگەن، ئەلىدىن كېيىن ئىلاھىي روھ پەقەت ئەلى شەلمەغانىنىڭ جىسمىغىلا ھولۇل قىلدى. بۇنداق ۋاقىتتا ھەرقانداق پىنھان سىرلار ھولۇل قىلىنغۇچىنىڭ قەلبىدە ئاشكارىلىنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بەزى دىنىي تارىخچىلار ئەزاقىرىيەنى يوقىرىدىكىدەك تەلىماتلارغا ئاساسەن **ھولۇلىيە**نىڭ ئاخىرقى پىرقىلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەزاقىرىيە تەرەپدارلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سۇلايمان، ئەھمەد ئىبنى مۇنەججىم ۋە باشقىلار بەزى دىنىي تۇسى كۈچلۈك بولغان تەلىماتلاردىن يۈز ئۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ كىمگىلا ئېھتىياجى كۈچلۈك بولسا، شۇ كىشىلەرگە خۇدا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، شۇڭا ھەر قانداق ئادەم ۋەھدەت ( بىرلىك ) كە يېتەلەيدۇ، دەپ تەكىتلەشكەن.

ئەزاقىرىيەچىلەر ھەسەن بىلەن ھۈسەيننى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا مەنسۇپ دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار مەلائىكەلەرنى ئۆز نەپسىنى يىغىۋالغان ۋە ھەقىنى تونۇيدىغان بويىتاق شەخسلەردىن ئىبارەت، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەزاقىرىيە تەرەپدارلىرى بېھىشقا ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا قايىل ئەمەسلەر دوزاخقا كىرىدۇ. ئەزاقىرىيە تەرەپدارلىرى ناماز، روزا ۋە غۇسلى قىلىشنى تەرك ئېتىشنى راۋا ھېسابلايدۇ. شەلمەغانىنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ زىددىيەتنى، قارمۇ قارشىلىقنى ئۆزىگە مۇخالىپ كۈچلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ياراتقان. شۇڭا، ئەزاقىرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ نەزىرىدە زىددىيەت ۋە قارمۇقارشىلىقنىڭ ئورنى ئەنبىيالارنىڭ ئورنىدىنمۇ ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەزاقىرىيە تەرەپدارلىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقىمۇ، بەنى ئەبباسقىمۇ ئوخشاشلا نەپرەت بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى ۋاجىپ ھېسابلىغان. ئەزاقىرىيە ھازىر بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بارمايدۇ.

**ئەزرەقىيە** — ئەبۇرەشىد نافىئ ئىبنى ئەزرەق ( 7 - ئەسىر )

ئاساس سالغان خارىجىيەنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تارىختا ئەزارىقە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. 682 - يىلى بەسرەدە ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرىدىن بولغان ۋىلايەت ھاكىمى ئۇمۇمەن ئۇمەۋىيە خاندانىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش تۈپەيلى چوڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئويۇشتۇرىدۇ. يىغىلىش كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، ئەھۋازغىچە كېڭىيىدۇ. ئۇمەۋىيە خاندانى نەچچە قېتىم لەشكەر ئاجرىتىپ جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بېسىقتۇرالمايدۇ. بەسرەدىكى ھاكىم ھارىس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىشەنچلىك سەرلەشكىرى مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇسۇفرەنى نۇرغۇن لەشكىرى كۈچ بىلەن جازا ئۇرۇشىغا ئەۋەتىدۇ. 12 يىل داۋام قىلغان بۇ قېتىملىق قانلىق ئېلىشىشتا ئاخىر ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرى يېڭىلىپ، نافىئ ئىبنى ئەزرەق 686 - يىلى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ماھۇز ۋە قۇترى ئىبنى فۇجائە قاتارلىقلار ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرى ئافرىقىدىكى نىگىر قۇللارنىڭ قوزغىلاڭلىرىغىمۇ قاتنىشىدۇ. فۇجائە قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى توختاپ قالىدۇ.

ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرى ئەلى ئىبنى ئابۇتالىب، ئوسمان ۋە باشقا نۇرغۇن ساھابىلارنى دىنسىز ۋە دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيگۈچىلەر، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار جەڭگە ناھايىتى ماھىر بولۇپ، جەڭدە قوربان بولغۇچىلارنى شەھىت دەپ ناھايىتى قەدىرلەيدۇ. جىھادنى ياقتۇرمايدىغانلارنى ئوخشاش دىندىكىلەر بولسىمۇ دىنسىز، دەپ تونۇيدۇ. ئىش - ھەرىكەتتە ئاشكارا بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ خوتۇن، باللىرىنى قەتلى قىلىشنى راۋا، دەپ قارايدۇ. يەھۇدىيلەر ۋە خرىستىئانلارغا قارىتا بىتەرەپ مەيداندا تۇرىدۇ. ئۇلار چوڭراق گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرنى دىنسىز دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە خۇدا شۇنداق بىر پەيغەمبەرنى يەر يۈزىگە ئەۋەتىدۇكى، ئۇ ئەۋەتىلگۈچە ياكى كارامەت كۆرسەتكۈچە دىنسىز

بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرى پۈتۈن ئەزالارنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ . خەلىپىلىككە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشنى زۇرۇر ئىشلاردىن بىرى، دەپ ھېسابلىشىدۇ . ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى دىنسىزھېسابلىشىدۇ .

ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرى گۇناكارلارنى چالما ـ كېسەك بىلەن ئۆلتۈرۈشنى راۋا كۆرمەيدۇ ، ئەمما ئۇلار ئوغرىلارنىڭ پۇت ـ قولىنى كېسىۋېتىشنى توغرا ھېسابلىشىدۇ . ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ساداقىتىنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە سىنايدۇ . بۇنىڭدا كۆپ ئىشلىتىدىغان ئۇسۇل ئەسىرلەرنى تۇتۇپ كېلىپ سىنالغۇچىغا ئۆلتۈرگۈزۈش، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن باش تارتسا ساداقەتسىز سانىلىپ ، ئەسىرگە قوشۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ . ئەزرەقىيە ھازىرقى ۋاقىتتا بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى تەلىماتلىرى خارىجىيەنىڭ ئەقىدىلىرى تەركىبىدە ھىلىھەم مەۋجۇت .

**ئەينىيە — زەممىيەگە قاراڭ .**

**ئەلى ئىلاھىيان** — شىئە مەزھىپىنىڭ خېلى غۇلۇق تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، 15 ـ ئەسىردە ئىراندا پەيدا بولغان . بۇمەزھەپنىڭ ئىسمى تارىختا ئەلى ئاللاھىيان ، ئەھلى ھەق ناملىرى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ . ئەلى ئىلاھىيان تەرەپدارلىرى شىئەلەرنىڭ تۇنجى ئىمامى ۋە تۆتىنچى خەلىپە ئەلىگە چوقۇنىدۇ . دەسلەپتە ئىراندا پەيدا بولغان بۇ پىرقە ئالدى بىلەن ئەزەربەيجان ۋە كەيىندىنلا تۈركلەر ئارىسىغا تارقىلىپ ، تېزلىكتە كېڭىيىدۇ . ئىراندا ئەلى ئىلاھىيان نامى بىلەن ئاتالغان بۇ پىرقە كېيىنچە يەنە ئۆز ئىچىدىن بىر نەچچە ئۇششاق تارماقلارغا بۆلۈنۈپ ، ئوخشىمىغان يەرلەردە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ: تۈركىيىدە « قىزىلباشلار » ، ئەزەربەيجاندا « قەراقويۇنلۇ ۋە گارېبىلېر » ، رىزائىيەدە « ئابدۇلبەئىي » ، قەزۋىندە « كەكاۋېند » ، مازانداراندا « خوجاۋېند » دېگەنگە ئوخشاش . ھازىرقى ئىراندا ئەلى ئىلاھىياننىڭ تەرەپدارلىرى خېلىلا كۆپ . ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنى رەسمىي شىئە دەپ كۆرسىتىشىپ ، ئەلى

ئىلاھىيان تەرەپدارلىرى ئىككەنلىكلىرىنى مەخپىي تۇتىشىدۇ. بۇ پىرقە تەرەپدارلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى دېھقانلار، كۆچمەنلەر ۋە شەھەرلەردىكى كاسىپلار تەشكىل ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەركىزي كىرمانشاھ شەھىرى. ئەلى ئىلاھىيانچىلارنىڭ تەلىماتلىرىدا ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ نۇرغۇن تەشەببۇسلىرىنىمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەلى ئىلاھىيان تەرەپدارلىرى تەلىماتىدا ئالەم ۋە ئادەم ئىلاھىي يارالمىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئاللاھ بىلەن ئەلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە مۇناسىۋەت مەۋجۇت، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ئەلىنى يالغۇز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، بەلكى نۇھ، ئىبراھىم، ئېيسا، مۇسا، مۇھەممەدئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر، ئىماملار ۋە ئەۋلىيالارنىڭمۇ تەجەسسۇمى ھېسابلىشىدۇ. ئەلى ئاللاھىيان تەرەپدارلىرى ئىنساندا ئىككى مەبدەئ — ئەقىل بىلەن روھ تەڭ مەۋجۇت، جەننەت بىلەن دوزاخ دانالىق بىلەن جاھىللىقنىڭ سىمۋولى، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار روھنىڭ كامىللىشالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار «سەرەنجام» (باش — ئاياغ) نى ئەڭ مۇقەددەس كىتاب، دەپ قارىشىدۇ، ھەربىر تارماقنىڭ ئۆز ئالدىغا پىرلىرى بار، ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە دائىم دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىشىدۇ. ئىبادەتلىرىدە ئىسلامنىڭ باشقا مەزھەپ ھەم پىرقىلىرىنىڭ، ھەتتا باشقا دىنلارنىڭ تەسىرلىرىنى ھەم ئوچۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ھەر يىلى روزىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى «خۇداۋەندىگار» بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇلار كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى ۋە تالاقنى جائىز دەپ قارىمايدۇ. ئىبادەت ۋاقتىدا شەرئىي نان ۋە شاراپ ئىستېمال قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بىر تۈرلۈك ئۆزىنى ئۆرۈپ ئوينايدىغان ئۇسۇلى بار. مۇقەددەس كىتابلىرىنى سۈننەت ئەھلى ۋە ئىماملىق شىئەلەردىن مەخپىي تۇتىشىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا تۈركىيىدىكى شىئەلەرنىڭ %90 نى، ئافغانىستاندىكى شىئەلەرنىڭ %15 نى، ئىراندىكى شىئەلەرنىڭ %8 نى ئەلى ئاللاھىيان تەرەپدارلىرى ئىگىلەيدۇ. غەربتىكى بەزى

تەتقىقاتچىلار قىسمەن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئەلى ئاللاھىيانىنى نۇسەيرىيە بىلەن ئوخشاش دەپ قارىشىدۇ. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ تەلىماتلىرىدا نۇرغۇن پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا ئورتاق بولغان بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئەلى خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

**ئەلىئەۋىيە** — **زەممىيەگە** قاراڭ.

**ئەمەلىيە** — شىئە مەزھىپى **مۇشەببەھە** پىرقىسىنىڭ تارماقلىرىدىن بىرى.

**ئەمارىيە** — **شىئە** مەزھىپىنىڭ ئەبۇلفەزل ئەممار ئىبنى مۇسا ساباتى ئاساس سالغان پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ پىرقىنىڭ نامى تارىختا فۇتۇھىيە، ئەفتەھىيە ناملىرى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلار باشقا پىرقىلەر ( **رافىزىيە**، **ئىمامىيە** ) گە ئوخشاشلا ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبتىن جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدگىچە بولغان ئىماملىقنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار جەئفەر ئىبنى مۇھەممەددىن كېيىن ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ «ئەفتەھ» ( كەڭ تاپان ) لەقەملىك چوڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنى ئىمام دەپ قارىشىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر دائىم دادىسىنىڭ ۋەز مەجلىسلىرىگە ئىشتىراك ئەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىگە مۇخالىپ ئىدى. «فىرەقۇش ـ شىئە» ناملىق كىتاب ئاپتورىنىڭ مەلۇماتىچە، ئۇ ئاكا ـ ئىنىلىرىنى ھۆرمەتلىمەي، دادىسى تېخى ھايات ۋاقتىدىلا **ھەشۋىيە** ۋە **مۇرجىيە** قاتارلىق پىكىر ئېقىملىرىغا بېرىلىپ كېتىدۇ ۋە دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىماملىق دەۋاسى قىلىدۇ. ئەممار ئىبنى مۇسا سەباتى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ ئىماملىقىدىن يۈز ئۆرۈپ، مۇسا كازىمنىڭ ئىماملىقىغا كىرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىمامەتنىڭ قېرىنداشتىن قېرىنداشقا ئۆتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمارىيە تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئىمامەتنىڭ رىجئەت ( قايتىش ) مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، بىر نەچچە

جامائەگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. زۇزارىيە ( ياكى تەيمىيە ) شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەمارىيە بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرى خارىجىيەنىڭ تەلىماتلىرىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**ئەمرىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** ئەمر ئىبنى ئۇبەيد ( 762 - يىلى قازا قىلغان ) ۋەكىللىكىدىكى تارماقلىرىدىن بىرى. ئۇبەيد ھەدىس ساھەسىدە كاتتا شۆھرەت قازانغاچقا شۇ ۋاقىتتىكى خەلىپە مەنسۇر بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن. ئۇ مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان بولۇپ، «تەفسىر»، «رەددى قەدەرىيان» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇ دەۋردە يوقىرى باھاغا ئېرىشكەن. ئۇ ۋاسىل ئىبنى ئەتا بىلەن مۇئتەزىلەنىڭ دىنىي - پەلسەپۋي ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ چىققان ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى، ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئوخشاش شۇ زامانىدىكى نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەرنى يېشىچە مەنىلەردە شەرھلەپ، تالاش - تارتىشتىكى نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەرنى مۇئتەزىلە تەلىماتلىرى ئاساسىدا يېشىپ بەرگەن. تەپسىلاتىنى مۇئتەزىلەگە قاراڭ.

**ئەسۋارىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** ئەسۋارى ۋەكىللىكىدىكى بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ئۆز مەسلەكداشلىرى بىلەن بولغان بەزى ئىختىلاپلار تۈپەيلى نەززامىيەنىڭ قىسمەن تەلىماتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقان.

**ئەسامىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** ئەبۇبەكر ئىبنى ئەسام ( 816 - يىلى قازا قىلغان ) ئاساس سالغان بىر تارمىقى. ئەسام مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ بەسرەدىكى ۋەكىلى بولۇپ، ياشلىقىدا دوراپۇرۇشلۇق بىلەن شوغۇللانغان بولسىمۇ، پەلسەپە ئىلمىگە ئىشتىياقى كۈچلۈك بولغاچقا جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق مۇئتەزىلە پىرقىسى تەلىماتىنى تولۇق ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، سورۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ زاماندىكى ئاكتىۋال دىنىي - پەلسەپۋي مەسىلىلەر ئۈستىدە بەس - مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردۇ. كېيىن ئۆز تەلىماتلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، «كىتابۇل ئىمام» ۋە «كىتابۇ

ئىقتىراقىل ـ ئۆمىمە ۋە ئىختىلافىش شىئە » ( ئىماملار ئارىسىدىكى پەرىقلەر ۋە شىئەلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار )نامىلىق ئەسەرلىرىدە بايان قىلىدۇ . ئەسام ئىماملىق توغرىسىدا مۇستەقىل كۆزقاراشقا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرى كېيىنچىرەك « ئىمامەتى مەدفۇل » نامى بىلەن تونۇلىدۇ . ئۇ ئەبۇبەكىر ، ئومەر ۋە ئوسمان خەلىپىلىككە ( ئىماملىققا ) ۋارىسلىق قىلىشتا ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا قارىغاندا ئۇستۇنلۈككە ئىگە ، دەپ قارايدۇ . ئۇ ئەلىنىڭ ئىماملىقىنى ئىجمائ ( ئومۇمنىڭ ماقۇللىقى ) دىن ئۆتمىگەن ، دەپ قاراپ ، ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئەلى پىتنە ـ پاسات تارقالغان ۋە ھېچ قايىسى ساھابە ھازىر بولمىغان بىر شارائىتتا قەسەم ئىچكەن ، شۇڭا ، ئۇ ساھابىلار ۋە ئوخشىمىغان تائىپىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا سەۋەپ بولغان . ئەسامنىڭ ئوخشىمىغان كۆزقاراشلىرىدىن يەنە بىرى ئۇنىڭ مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ جەننەت بىلەن دوزاخ تېخى يارىتىلمىغان ، دېگەن تەلىماتىغا قارشى چىققانلىقىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ . ئەسامنىڭ تەشەببۇسلىرى 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەردە خېلىلا كەڭ تەسىر پەيدا قىلىپ ، نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەرنى ئۆزىگە قىزىقتۇرغان بولسىمۇ ، كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۆزىنىڭ تەسىرى كۈچىنى يوقىتىپ ، تەدرىجى يوقىلىپ كەتكەن .

**ئەفتەھىيە — ئەممارىيەگە قاراڭ .**

**ئەخنەسىيە — سەئلەبىيەنىڭ** ئەخنەس ئىبنى قەيس ئاساس سالغان بىر تارمىقى . ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئىمامغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاشنى ۋە كوپۇرلۇقنى كەچۇرۇم قىلىشنى تەرغىپ قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قاتىللىق ، ئوغرىلىق قاتارلىق جىنايەتلەرگە بېرىلىدىغان جازا مەسىلىسىدىكى كۆزقاراشلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ .

**ئەشائىرە — ئەشئەرىيەگە قاراڭ .**

**ئەشئەرىيە** — ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئىسمائىل ئەشئەرى (873—941) ئاساس سالغان دىنىي ـ پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇپ ،

تارىختا ئەشائىرە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان . ئەشئەرى باغداتتا تۇغۇلغان . ئۇ مەشھۇر فىقھە ( شەرىئەت قانۇنلىرى ) ئالىملىرى ئەبۇئىسھاق مەرۋەزى ۋە ئەبۇئەلى جۇببائىلەردىن تەلىم ئالغان ، ياشلىقىدا مۇئتەزىلە ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلغان . 40 ياشلارغا كىرگەندە مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، مۇئتەزىلەدىن قول ئۈزۈپ ، ئۆز تەلىماتلىرىنى تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن . كېيىنچە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئەشئەرىيە نامى بىلەن كەڭ تارقالغان .

ئەشئەرى ئىسلام ئىلاھىيەت تەلىماتلىرى سىستېمىسىغا شۇ دەۋردە ھەرقايسى ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ تېمىسى بولۇپ قالغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئالغان ھالدا مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ دەلىللەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ، يېڭى بىر دىنىي - پەلسەپىۋى تەلىماتنى يارىتىدۇ ، ئۇنىڭ تەلىماتى كېيىنچە سۈننىي مەزھىپىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ قالىدۇ . ئەشئەرىنىڭ بۇ تەلىماتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى سۈننىي مەزھىپى جەبەرىيە ئېقىمىنىڭ ئەقىدىلىرىنى مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى نەزەرىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، كۆپلىگەن ئابستراكىت مەسىلىلەردە ئىزچىل قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى ئېقىم تەڭ قوبۇل قىلالايدىغان بىر تەلىماتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىدى . ئالدى بىلەن ئۇ مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنى رەد ئېتىپ، بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يازىدۇ ۋە « مەقالاتۇل - ئىسلامىيىن ۋە ئىختىلافۇل - مۇسەللىيىن » ، « كىتابۇل - ئىبانە » گە ئوخشاش بىر قاتار ئەسەرلىرىدە سۈننىي مەزھىپى تەلىماتلىرىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى تەپسىلى شەرھلەپ، ئۇنى مۇئتەزىلە ئېقىمى « ئەقىل گەرا » ( ئەقىلگە تېۋىنغۇچىلار ) تارمىقىنىڭ قاتتىق ھوجۇمىدىن ساقلاپ قالىدۇ . ئۇ ئۆز تەشەببۇسلىرىدە ئەقىلگەرالارنىڭ ھەممە نەرسىنى ئەقلىي پائالىيەتكە باغلىۋالىدىغان بىر تەرەپلىمىلىكىنى ئىنكار قىلغانغا

ئوخشاش ئەخبار ئەھلىنىڭ شەكىلپەرەسلىكىگىمۇ قاتتىق زەربە بېرىدۇ. مەسىلەن، ئەشئەرى جەھمىيە تارمىقىدىكىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ قىلمىشى ۋە بارلىق پائالىيەتلىرىنى پەقەت ئاللاھغىلا باغلىنىۋالىدىغان بىر تەرەپلىمە نەزەرىيىسىنى رەد قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر قاتار يېڭى تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئىنسان خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان پائالىيەتلىرىنى بەلگىلەشتە ساھىب ئىختىياردۇر، خۇدا ئىنساننىڭ قۇدرىتى ۋە بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىنسانلارنى ئۆز پائالىيەتلىرىدە مۇستەقىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش ۋە ئۇنى دەلىللەيدىغان مۇھاكىمىلەر كۆرۈنۈشتە يېڭى ۋە قىزىقارلىقتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەبەرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ «ئىلاھىي ئىرادە» گە ئائىت قاراشلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇنداق قاراش ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەقدىرى ۋە پائالىيەتلىرىدىكى ھەقىقىي مۇستەقىللىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا، ئەشئەرى كۆپلىگەن پەيلەسوپلار ۋە ھەرقايسى ئېقىم ۋەكىللىرىنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى ئەشئەرىنىڭ بارلىق بايانلىرىنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقىنى ئوچۇقتىن كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىن ئۆز تەلىماتلىرىنى ئىسپاتلاشقا كەلتۈرگەن نەقىللىرىنى بارلىق مەنتىقىي دەلىللىرى بىلەن قوشۇپ «تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى» نى يېڭى شەكىل بىلەن ھىمايە قىلىشقا ئۇرۇنغانلىق، دەپ ئاتايدۇ. يەنى مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى ياخشى ئىشلارنى خۇدادىن، يامان ئىشلارنى بەندىنىڭ ئۆزىدىن دەپ قارىغان بولسا، ئەشئەرى ياخشى - ياماننىڭ ھەممىسىنى خۇدانىڭ ئەمرىگە باغلاپ قويىدۇ. مۇئتەزىلەچىلەر ئىماننى قەلب (كۆڭۈل) دىكى ئېتىقاد، ئېغىزدىكى سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتتە تەڭ ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارىسا، ئەشئەرى ئىماننى ئالدى بىلەن قەلبتە تەستىق قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ، دەپ تەرغىپ قىلىدۇ.

مۇئتەزىلەچىلەر شەيئىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە شەكلىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېچقانداق شەرئىي قائىدىلەرگە باغلاشتۇرمايدۇ. ئەشئەرى بولسا، مەسىلىلەرنى ئەقلىي نۇقتىدىن كۆزىتىشنى، ئەقلىي ئىقتىدارنى دىننى خاراپلاشتۇرغۇچى نەرسە دەپ قارايدۇ.

ئەشئەرىنىڭ تەلىماتلىرى كېيىن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئەبۇبەكىر باقىلانى (1013 - يىلى قازا قىلغان)، ئەبۇل ئىسھاق ئەسفەرائىنى، ئابدۇلمەلىك جۇۋەينى، مۇھەممەد غەززالى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى. شافىئىيە مەزھىپى ئەشئەرىيە تەلىماتلىرىنى تولۇقى بىلەن ئۆزلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىپ تاللاپ، 10 - ئەسىردە ئىراندا ناھايىتى زور تەسىر قوزغايدۇ. ئەشئەرى تەلىماتلىرىدىكى نۇرغۇن مۇھىم نۇقتىلار فەخرىددىن رازى، مۇھەممەد شەھرىستانى، ئەزدۇددىن ئىجى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پەلسەپىۋى تۈس ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ لايەتەجەززا (بۆلۈنمەس) خۇسۇسىيەتتە يارىلىشى ھەققىدىكى نەزەرىيىسى ئاساسىدا «خەلقى جەدىد» (يېڭىدىن يارىلىش، ماددىنىڭ زەررىلەردىن تەركىب تاپىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاتوم نەزەرىيىسى) بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ نەزەرىيە بويىچە ئالەمنى تەركىب ئەتكەن زەررىلەر دائىم ئۆلۈپ تۇرىدۇ ۋە يەنە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن يېڭىدىن يارىتىلىپ تۇرىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئەشئەرىيە تەرەپدارلىرى خېلىلا مۇكەممەل بىر نەزەرىيە سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، سۈننىي مەزھىپى تارقالغان كەڭ زېمىندا، جۈملىدىن ئىراندىكى ئىمامى شافىئىي مەھىپىدىكىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئومۇم بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىلاھىيەت سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. پەقەت سالجۇق تۈركلىرىدىن توغرۇلبەك (1038 - 1063 ھۆكۈمرانلىق قىلغان) زامانىسىدا ئەشئەرىيەنى مۇلھىدلىق (ئاللاھنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق) دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇ خېلى چوڭ دائىرىدە چەكلىمىگە

ئۇچرايدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ شەرقتىكى كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئەشئەرىيە تەلىماتلىرىنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ، روناق تاپقۇزۇش ھەركەتلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

**ئەسھابى ئەھۋائ** — بۇ بىر گۇرۇھ ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئەھلى ئەھۋا نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ قىسمەن ئوخشىمىغان كۆزقاراشلىرى بىلەن ئەسلى ئىسلام تەرەپدارلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا سۈننىي مەزھىپىنىڭ نەزىرىيىچىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى دىنىي ئېتىقادلاردىن يىراقلاشقان تەركىبلەرگە ئىگە دەپ قارىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە مەزھەپ ۋە پىرقىلەرنى ئايرىشتا ئۆلچەم قىلىنغان. ئەشئەرىيە تەرەپدارلىرىدىن تونۇلغان ئىلاھىيەتشۇناس ئابدۇلقاھىر باغدادى (1037 - يىلى قازا قىلغان) ئەسھابى ئەھۋائىنىڭ قاتارىغا رافىزىيە، خارىجىيە، مۇئتەزىلە، شىئە قاتارلىق تۆرت مەزھەپ، پىرقىلەرنىمۇ كىرگۈزىدۇ. مۇھەممەد شەھرىستانى (1153 - قازا قىلغان) «ئەل مىلەل ۋەن نىھەل» ناملىق ئەسىرىدە يېزىشىچە، ئەسلى ئىسلام تەرەپدارلىرىمۇ ئەسھابى ئەھۋائىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە سادىق ياكى ئەمەسلىكىنى بېكىتىشتە ئىختىلاپقا يولۇققان. چۈنكى، ئۇنىڭچە بولغاندا، تەكفىر (دىنسىز دەپ قاراش) شەرىئەتكە ئاساسلانغان ھۆكۈم ۋە تەسۋىب (ماقۇللاش، تەستىقلەش) بولسا ئەقلىي ھۆكۈمدۇر. ئۆز ئەقىدىسىدە مۇتەئەسسىپ كىشىلەر دائىم قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى تەكفىر قىلىپ، ئۇلارنى غەيرىي مۇسۇلمانلار (قەدەرىيەنى مۇغلار بىلەن، رافىزىيەنى مەسىھىيەت بىلەن) ئوخشاش، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۆز پىكرىنى توغرا، دەپ تونىغان قارشى تەرەپمۇ ئۆزلىرىگە يات بولغان ھەرقانداق ئەقىدىنى چەتكە قاقىدۇ.

**ئەسھابى مەئنى** — ئىسلام ئىلاھىيەتشۇناسلىرىدىن بىر گۇرۇھنىڭ نامى بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى (مەنىسىنى) ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەسلىدىلا پەلسەپىدە

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان تالاش-تارتىش قىلىنىپ كەلگەن بۇ مەسىلە ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي پەلسەپىسىدىمۇ قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ، مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن خېلى تەپسىلى تەتقىق قىلىنغان. ئەسھابى مەئنى تەرەپدارلىرىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسلىرى مۇئەممەر ئىبنى ئەببادنىڭ «كىتابۇل-مەئنى» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان.

**ئەسھابى رەئىي — سۈننىي** مەزھەپىدىكى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن فىقھلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار قانۇن ۋە ئىلاھىيەتكە ئائىت چىگىش مەسىلىلەرنى يېشىشتە دائىم رەئىي (قىياس) تىن پايدىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى فىقھ ئىلمىنىڭ سۈرىيە ئېقىمى تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئىراق (كۇفە، بەسرە ۋە باغدات قاتارلىق جايلار) دىكى سانىمۇ ئاز ئەمەس. تارىخىي خاتىرىلەردە ئەبۇھەنىفە — مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن، ئەبۇ يۈسۈف مۇھەممەد قازى، زۇفەر ئىبنى ھۇزەيل، ھۈسەين ئىبنى زەيدى لۇئلۇئىي، ئەبۇ مۇتىئ بەلخى، بىشرى مەرىسى قاتارلىقلار ئەسھابى رەئىينىڭ يىرىك ۋەكىللىرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان.

ئەسھابى رەئىي تەرەپدارلىرى بىرەر مۇھىم مەسىلىگە «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتىن تىگىشلىك جاۋاب تاپالمىغان ھالقىلىق پەيتلەردە قىياس ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەنتىقىي خۇلاسىلەرنى چىقىرىدۇ. ئۇلار ئەقىلگەرا (ئەقىلغە تېۋىنغۇچى) لارنىڭ مەسىلىلەرگە باھا بېرىشتىكى ئۇسۇللىرىنى ناھايىتى تار بىر دائىرىدە ئازدۇر-كۆپتۇر ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە بەزىدە «قۇرئان كەرىم» تېكىستىدىكى ئايرىم جايلار ۋە ھەدىسلەردىكى بەزى نۇقتىلارنى ئەقلىي نۇقتىدىن شەرھلەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەسھابى رەئىي تەرەپدارلىرى دەلىلى بار قائىدىلەردىن دەلىلى بولمىغان ئوخشاش خاراكتېردىكى ئىشلاردىمۇ قىياسەن پايدىلانغان. مەسىلەن، بىر غەيرى مۇسۇلمان ئىسلام دۆلىتىگە كېلىپ گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئۇنى قانداق جازالاش كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشاش

مەسىلىلەر توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ھېچقانداق بەلگىلىمە تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق مەسىلىلەر دائىم مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ھالەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنى مەنپەئەتى غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىنىشى كېرەكمۇ؟ قىياسچىلار دەل مۇشۇنداق دەلىلى بولمىغان ئىشلارنى ئوخشاش خاراكتېردىكى دەلىللەنگەن ئىشلارغا قىياس قىلىپ ھەل قىلغان. شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئوغرىلىق قىلغان مۇسۇلماننىڭ قولى كېسىلىدۇ. شۇڭا غەيرى مۇسۇلمان بولغان بىرسى ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئوخشاشلا قولى كېسىلىشى كېرەك. يەنە بىر مىسال «قۇرئان كەرىم» بويىچە ئورۇش غەنىمەتلىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى خەلىپە ـ ئىمامغا ئاجرىتىلىشى كېرەك. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىمۇ شاھلارغا تەئەللۇق، دېگەن قائىدە قىياسەن بېكىتىلگەن.

**ئەسھابى تەناسۇخ ـــ تەناسۇخىيەگە قاراڭ.**

**ئەسھابى تەفسىر ـــ بەيھەقىيە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھلىرى توغرىسىدا بېرىلىدىغان ھەرقانداق شاھىد (گۇۋاچى) لىقنىڭ تەپسىلاتى ۋە شاھىدنىڭ ئەھۋالى ئەتراپلىق تەفسىرلىنىشى (شەرھلىنىشى) كېرەك. ئەبۇھەسەن ئەشئەرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەسھابىي تەفسىر تەرەپدارلىرى ئاساسەن ھەكەم ئىبنى مەرۋاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بىرەر مۇئمىننىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا تۆت غەيرى مۇسۇلمان شاھىد (گۇۋاھ) لىق بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئەگەر ئەتراپلىق تەفسىرلەنمىسە كۆچكە ئىگە بولالمايدۇ.

**ئەسھابى ھەدىس ـ سۈننىي** مەزھىپىنىڭ ئىككى چوڭ فەقىھچىلەر گۇرۇھىدىن بىرى بولۇپ، ئىش بېجىرىشتە پەقەت ھەدىس (خەۋەر) دىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار تارىختا ئىسلامغا ئائىت تۆرلۈك ئەسەرلەر، بايانلار ۋە تارىخىي رىۋايەتلەرنىڭ

نەقىللىرى ( بايانچىلىرى ) دەپمۇ نام ئالغان. ئۇلار ئۇممەۋىيە ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلىشىپ ، ئىجتىمائىي ، قانۇنىي ۋە شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا پەقەت ئىلاھىي سۆزلا، يەنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسلەرلا ئاساس بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

سۈننەت ئەھلى ئەقىدىسىدە ھەدىس ياكى خەۋەرلەر مۇتەۋاتىر ( ئارقىمۇ - ئارقا ) ، فەردى ( يەككە ، تەنھا ) ۋە مۇستەفىز ( تارقىلىشچان ) دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ بىرىنچى خىلدىكى خەۋەرلەرنى يالغان ياكى توقۇلمىغا چىقىرىۋېتىش ناھايىتى تەس ، چۈنكى ئۇلاردىن كىشىلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار توغرىسىدا مەلۇماتلارغا ( خۇددى بىر نەچچە كىشىدىن ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر شەھەر توغرىسىدا ھېكايە ئاڭلىغاندەك) ئېرىشەلەيدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى ھەدىس ھەقىقەتكە يېقىنراق ( خۇددى شاھىتنىڭ قازىلار ھۆكۈم چىقارغاندا ئاساسلىنىدىغان گۇۋاھلىقىغا ئوخشاش ) بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ھەدىسلەرنى فەقىھلار شەرىئەت ھۆكۈملىرى ( ئىبادەت ، مۇئامىلىلەر ، ھالال ۋە ھارام قاتارلىقلار ) نى ئايرىشتا ئىشلىتىدۇ. ئۈچىنچى تۈردىكى ھەدىس يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك ھەدىسنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەم نەزىرىيىۋىلىككە ، ھەم ئەمەلىيلىككە ئىگە. مەسىلەن ، بىرەرسىنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا خەۋەر بەرگىنىگە ئوخشاش ، يەنى نەتىجىسى ئېنىق بولغان ۋە ھېچكىم ئۇنى ئىنكار قىلىۋېتەلمەيدىغان ھەدىسلەر مۇستەفىز ھەدىس ، دەپ قارىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر ياراتقان مۆجىزىلەرمۇ خىلدىكى ھەدىسكە كىرىدۇ. ئەسھابى ھەدىسچىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرى خېلىلا مۇرەككەپ بىر سىستېمىغا ئىگە. تارىختا ھەدىس ( خەبەر ) ئۇقۇمىغا بېرىلگەن تەبىرلەردىمۇ نۇرغۇن ئىختىلاپلار مەۋجۇت.

**ئەترافىيە — ئەجارىدەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، تەرەپدارلىرى

مۇئتەزىلە ئېقىمىدىكى ھەمزە ئىبنى ئەترافىنىڭ قەدەر ( تەقدىر ) تەلىماتىنى ياقىلىشىدۇ . ئۇلار ئەتراپىكى خەلقلەرنىڭ ئۇقۇشماسلىق بىلەن ئىسلامدا بەلگىلەنگەن پەرىزلەر ۋە شەرىئەت قانۇنلىرىنى تەرك ئېتىشى ياكى ئۇنى لايىقىدا بەجا كەلتۈرمەسلىكتەك گۇناھلىرىنى ئەپۇقىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ . ئىسلام قائىدىلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشنى ئاقلانسىلىق ، دەپ ھېسابلايدۇ . غالىب شازىل سىجىستانى بۇ پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى ۋە يىرىك ۋەكىلىدۇر . **مۇھەممەدىيە** تەرەپدارلىرىمۇ ئۇلارنىڭ بۇخىل تەلىماتىنى قوبۇل قىلىشقان . ھازىرقى ۋاقىتتا ئەترافىيە بىر مۇستەقىل پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس .

**ئەخبارىيە — ئىمامىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئەخبار ئۇلارنىڭ تەلىماتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلاتتى . دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئىمامىيە تەرەپدارلىرى ئىمام‌لارنىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىشاتتى ، ئەمما كېيىنچە بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ تۇغۇلدى ۋە ئۇلاردىن مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى بىلەن ئادىلىيان ( ئادىلىلىق تەرەپدارلىرى ) بۆلۈنۈپ چىقتى . كېيىنچە ئۇلار يەنە تەفزىلىيە ۋە بەئىدىيە بىلەن ئەخبارىيەدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى . ئالدىنقىسى ئەئىەنە پەرەسلەر بولۇپ ، دىنىي ۋە قانۇنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا « قۇرئان كەرىم » ۋە سۈننەتنى ياقلىسا، كېيىنكىسى بۇنداق ئىشلاردا ئەقلىي ۋە نەزىرىيىۋىي دەلىللەرگە تايىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

**ئەھلى تائەت — ئەبازىيە** ئەقىدىدىكى ئىختىلاپلار تۈپەيلى تۆت تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئەھلى تائەت شۇلارنىڭ بىرىدۇر . ئۇلار ئاللاھىنى تونۇمايدىغان بىر خىل تائەتكە ئېتىقات قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، شۇنداق تائەتمۇ مەۋجۇتكى ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاللاھنى دەرك ئەتمەيدۇ . مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىدىن ئەبۇھۇزەيلى ئەللافمۇ مۇشۇنداق كۆز قاراشنى ياقلىغان . ئەھلى تائەتتىن بىر قىسمى ئاللاھنىڭ يېگانىلىقى

توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل يوق ، تەنھا بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە خەۋرلەرگىلا ئىشارە قىلىش يېتەرلىك ئەمەس ، ئۇنىڭغا پەقەت ئىنسانىنىڭ ئەقلىلا يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ. يەنە بىر قىسمى ناماز، ھەجگە بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا پەرزلەر ئىنسانغا ۋاجىپ ئەمەس ، ۋاجىپ بولغىنى پەقەت شۇ پەرزلەرگە بولغان تائەتتۇر، دېگەننى ياقلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئوغرىلىق ياكى زىنا قىلغانلار ئالدى بىلەن شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرى بويىچە جازاغا تارتىلىشى كېرەك ، جازادىن كېيىن ئۇلارنى تەۋبە قىلدۇرۇش زۆرۈر. گۇناھكار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە تەۋبە قىلسا بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ، ئەگەر تەۋبە قىلمىسا ئۇنى قەتلى قىلىش كېرەك . مەنبەلەردىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، تائەت ئەھلىنىڭ ئىسلام پەرزلىرى توغرىسىدىكى مەساللىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىسىدە دېگۈدەك ۋاستىلىك تائەت تەرغىپ قىلىنغان .

**ئەھمەدىيە** — 1889 - يىلى ھىندىستان ( پەنجاپ ۋىلايىتى، ھازىر پاكىستان تەۋەسىدە ) دا پەيدا بولغان دىنىي ئېقىملارنىڭ بىرى، ئاساسچىسى مىرزا غۇلام ئەھمەد قادىيان (1835 — 1908 ) بولغانلىقى ئۈچۈن قادىيانىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان . ئۇ 1889 - يىلى ئۆزىنى « مەھدى»[①] دەپ ئېلان قىلىپ ، 19 - ئەسىردىكى دىنىي ساھەنى ئىسلاھ قىلغۇچى شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە « ئەنجۇمەنى ئەھمەدىيە » تەشكىلاتىنى قۇرىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن مىرزا ئەھمەد ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن نەبى ( پەيغەمبەر ) دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى ئىسلام ، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنىدىكىلەرگە ئورتاق بولغان « مەھدى » دەپ قارىشىدۇ.

مىرزا ئەھمەدنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىسلام ، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ھىندىستاندا بىر يېڭى دىن ئىجات قىلىش

---

① مەھدى —( ھىدايەت قىلىنغۇچى ) ئىسلامدا غايىب بولغان ۋە ئادالەت ئورنىتىش مەقسىتىدە ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدىغان ئىمام دېگەن مەنىدە .

بولۇپ ، ئىسلام ئاساسىدا پەيدا بولغان بۇ ئېقىمنىڭ تەرەپدارلىرى ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئەھكاملىرىدىن ۋەھدەت ( يېگانىلىك ) نى ، ئاللاھنى كۆرۈپ بولمايدىغانلىقنى ۋە ئادەملەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە كۆرەشنى ئىنكار قىلىدۇ . ھەممىنى تىنىچلىقتا دەۋەت قىلىپ ، ئەجنەبىلەرگە قارشى جىھاد قىلىشنى رەد ئېتىدۇ . بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئېتىقادىچە، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى مىرزا ئەھمەد بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ، ئىسا پەيغەمبەر ۋە كرىشنانىڭ تەجەسسۇمى بولۇپ ، ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق كۇپۇرلۇقتۇر . كېيىنچە بۇ ئېقىمدىكىلەر قادىيانى ( ئەھمەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇچىلار ) ۋە لاھورى ( ئۇنى پەقەت ئىسلام دىنى ئىسلاھاتچىسى دەپلا قارايدىغانلار ) دىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ .

ئەھمەد ئىسلام پەلسەپىۋي تەلىماتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئۈچ مۇستەقىل بۆلەك ( جىسمانىي ، ئەخلاقىي ۋە روھانىي ) گە بۆلۈنىدۇ، دەپ قارايدۇ . بىرىنچى بۆلەكتە ئۇ شەرئىي مەسىلىلەرنى ، ئىككىنچى بۆلەكتە روھىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيە مەسىلىلىرىنى ، ئۈچىنچى بۆلەكتە روھىي تاكامۇللۇققا ئائىت بولغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ . ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۈچىنچى باسقۇچتا پەيغەمبەرلىككە خاس قابىلىيەت ۋە ئىستىداتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەھلىل قىلىنغان مەسىلىلەر ئىسلامنىڭ ئومۇمىي تەلىماتلىرىدىن چەتنەپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن كونكرېت مەسىلىلەرنى شەرھلەش ۋە يېشىشتە ئەھمەد تەلىماتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن .

ئەھمەدىيە تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر قاتار مەتبۇئاتلىرىغا ئىگە بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى Reviewotreligions ( 1906 - يىلىدىن تارتىپ نەشىر قىلىنغان ) ژۇرنىلىدۇر . بۇ ئېقىمنىڭ جىھادنى ئىنكار قىلىشى ئىسلام فەقىھچىلىرىنىڭ قارشىلىقىنى

قوزغاپ، ئەھمەدىيەنى كۆپۈرلۈكتا ئەيىبلەشكە سەۋەپ بولىدۇ. ئەھمەد قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ھافىز مىرزا ناسىر ئەھمەد ئېقىمىنىڭ باشچىلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تەخمىنەن 1947 - يىللىرى ئەھمەدىيەنىڭ مەركىزى پاكىستاننىڭ رەبۇئەخ شەھرىگە ئورۇنلىشىدۇ. 1974 - يىلى زۇلفىقار ئەلى بىخۇتتا ( پاكىستاندىكى بىر شەھەر ) ئەھمەدىيە تەرەپدارلىرىنى غەيرىي مۇسۇلمان، دەپ ئېلان قىلىدۇ ۋە كەينىدىنلا زىياھۇلھەق ئۇلارنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ بارلىق مەتبۇئاتلىرىنى تاقايدۇ. ئۇزۇن مۇددەت تەقىپكە ئۇچرىغانلىقتىن ئەھمەدىيەنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى مىرزا تاھىر ئەھمەد ئەنگلىيەدە پانالىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ « ئىسلامئاباد » ىنى تەشكىللەيدۇ. ھەر يىلى ئۇ يەرگە ئەھمەدىيە تەرەپدارلىرىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بېرىپ ئۈچ كۈندىن مېھمان بولۇشۇپ كېلىشىدۇ. ئەھمەدىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى پاكىستان ( 600 مىڭدىن ئارتۇق ) ۋە ھىندىستاندا ياشايدۇ. ئافغانىستان ۋە ئىراندىكى يەرلىك ئاھالىلار ئىچىدىمۇ بىر قىسىم ئەھمەدىيە تەرەپدارلىرى بار. غەربىي ئاسىيا ( ئافغانىستان، ئىران، ئىسرائىلىيە، ئىئوردانىيە، لىۋان، سۈرىيە ) دىكى ئەھمەدىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىمۇ يۈز مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇلار ماۋرىتانىيە، نىگېرىيە، گانا، سېنېگال، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە تارقالغان.

**ئەجارىدە — خارىجىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئەجرەدىيە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسچىسى ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەجرەد بولۇپ، دەسلەپتە ئۇ ئەتىيە ئىبنى ئەسۋەدى ھەنەفىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرى بولغان. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئازارلىشىپ قېلىپ، ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئەجارىدە تەلىماتلىرىنىڭ كۆپلىگەن مەزمۇنلىرى **نەجدىيە** تەلىماتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق بىر ئۆسمۈر بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئىسلامنىڭ پەرزلىرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك،

بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئىسلام ئەقىدىلىرىگە كۆپ يېقىنلىشىشقا بولمايدۇ. ئۇلار مۇشرىكلار (غەيرىي ئېتىقادتىكىلەر) نىڭ پەرزەنتلىرىنى دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرى بىلەن بولغان ئىختىلاپى كۆچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئۇخشىمىغان ھالدا قارشى تەرەپتىكىلەرنى قەتلى قىلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج ئېتىشنى راۋا، دەپ قارايدۇ. چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلارنى دىنسىزلىقتا ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دە ئىشقىي مەزمۇنلار بولماسلىقى كېرەك، دەپ قاراپ «قۇرئان كەرىم» دىكى يۇسۇپ سۈرىسىنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ.

كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بەزى ئىختىلابلار يۈز بېرىپ، نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئابدۇلقاھىر بەغدادى «فەرق بەينەل فىراق» دا، ئەشئەرى «مەقالات» دا، مۇھەممەد شەھرىستانى «ئەل مىلەل ۋەن نىھەل» ناملىق ئەسىرىدە **سەلتىيە، مەيمۇنىيە، ھەمزىيە، خەلەفىيە، ئەترافىيە، شۇئەيبىيە، جازىمىيە، سەئلەبىيە، رەشىدىيە، شەيبانىيە** قاتارلىق پىرقە - تارماقلارنى ئەجارىدەدىن بولۇنۇپ چىققان دەپ قارىشىدۇ. ئەجارىدە ھازىرقى ۋاقىتتا بىر مۇستەقىل ئېقىم سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما شىئە مەزھىپى تەلىماتلىرىدا ئۇلارنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرى ساقلىنىپ قالغان.

**بەيانىيە — شىئە** مەزھىپىنىڭ غۇلات پىرقىلىرىدىن بىرى. ئاساسچىسى بەيان ئىبنى سەمئان تەمىم (727 - يىلى قازا قىلغان) بولۇپ، بۇپىرقە تارىختا بەنانىيە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. بەيان دەسلەپتە ئەبۇھاشىم ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ ئەگەشكۈچىسى ۋە ئورۇنباسارى بولغان، كېيىن رايىنى ئۆزگەرتىپ، ئەلىنى يەر يۈزىدىكى خۇدا، دەپ ئاتايدۇ. ئۆز ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىشقا كۆپ ئەجىر قىلىدۇ ۋە خېلى كۆپ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئىراق ۋالىسى خالىد ئىبنى ئابدۇللا قۇسرى بەيان ۋە ئۇنىڭ

بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرىنى دىنسىز ، دەپ ئېلان قىلىپ، كۇفە مەسچىتىدە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى.

بەيانىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىمامىلىق مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەدىن ئوغلى ئەبۇ ھاشىمغا ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئاخىرىدا بەيانگە ئۆتكەن. بەيان ئەلىگە ئىلاھىي روھ سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭدا ئىلاھىي خۇسۇسىيەت تەجەسسۇم بولغان، شۇڭا ئۇ ئالەمدىكى جىمى سىرلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا دائىم غالىب، ھەرقانداق كۆرەشتە دائىم نۇسرەت قازىنىدۇ، دېگەن قاراشتا قاتتىق تۇرىدۇ. بەياننىڭ قارىشىچە، ئەلىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساماۋىي قۇدرەت زۇلمەتتىكى مەشئەلدەك بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىلاھىي نۇر خۇددىي مەشئەلدىكى نۇرغا ئوخشايدۇ. بەيان ئەلىنىڭ بەزىدە بۇلۇت شەكلىدە زوھۇر قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، چاقماق ئەلىنىڭ ئاۋازى، چاقماقنىڭ يالقىنى ئەلىنىڭ تەجەسسۇمى، دەپ قارايدۇ. كېيىن بەيانمۇ ئىلاھىي روھنىڭ ئۆز تېنىگە كۆچۈپ كىرگەنلىكىنى، ئىمام ۋە خەلىپە بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. ھەتتا ئىسمىنىڭ «قۇرئان» نىڭ «ھەززە بەيان لىنناس ...» (ئالى ئىمران سۈرىسى 138 - ئايەت) دا تىلغا ئېلىنغانلىقىنىمۇ داۋراڭ سالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەقەت ئىلاھىي نۇرنىڭ ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام تېنىگە كۆچۈشى بىلەنلا مەلائىكەلەر ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشقان. بەيان خۇدانى ئادەم شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇنىڭ سۈرىتىدىن باشقا بارلىق ئەزالىرىنى فانى ھېسابلايدۇ. كېيىنچە بەيانىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پېشۋالىرى توغرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى بەياننىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشسا، يەنە بىر قىسمى ئىلاھىي نۇرنىڭ ئۇنىڭ تېنىگە ھولۇل قىلغانلىقىغا (كۆچۈپ كىرگەنلىكىگە) ئىشىنىدۇ.

مۇھەممەد شەھرىستانى «ئەل مىلەل ۋەن نىھەل» ناملىق

ئەسىرىدە بەيانىيەنى غەيرى ئىسلام پىرقىسى دەپ تونۇپ ، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىدا قەدىمكى تەسەۋۋۇرلار ۋە ئىسلامغىچە بولغان باشقا دىنلار ( مانىي دىنى ) نىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ . بەيانىيە ھازىرقى ۋاقىتتا بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىدىكى بەزى مۇھىم نۇقتىلار ( تەناسۇخ ، رىجئەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ) شىئە مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرىدا ساقلانماقتا .

**بەيھەسىيە — خارىجىيە**نىڭ ئەبۇبەيھەس ھەيسەم ئىبنى جابىر ئاساسىنى تىكلىگەن بىر تارمىقى بولۇپ ، تارىختا بەيھەشىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ . ئەبۇ بەيھەس ئىراقتىن بولۇپ ، ھەججاج ئىبنى يۈسۈفنىڭ تەقىبىدىن قېچىپ مەدىنىگە بېرىۋالىدۇ . مەدىنە ھاكىمى ئۇسمان ئىبنى ھۆسەين ئۇنى تۇتۇپ ، ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن 713 - يىلى ئۇنى قەتلى قىلىدۇ . ئەبۇبەيھەسنىڭ تەلىماتلىرى مەزمۇن ۋە ماھىيەت جەھەتتىن **ئەزرەقىيە** ، **سۇفرىيە** ۋە **ئەبازىيە**نىڭ تەلىماتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . شۇڭا ، تەتقىقاتچىلار بەيھەسىيەنى يوقىرىدىكى پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر پىرقە، دەپ قارايدۇ . بەيھەسىيە تەلىماتلىرى بويىچە خۇدانى مەرىپەت قىلىش ( تونۇش ) بىلەن شۇغۇللىنىپ ، « قۇرئان كەرىم » نىڭ نازىل بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ، خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىدىن يىراقتا تۇرۇپ ، ئەۋلىيالارغا ھامىلىق قىلىدىغان ، ئىسلامنىڭ بارلىق قائىدە- قانۇنلىرىغا شەرتسىز بويسۇنىدىغان شەخسنىلا مۆئمىن، دەپ ئاتاشقا بولىدۇ . ھالال ۋە ھارامنى « قۇرئان كەرىم » دە كۆرسىتىلگەن بويىچە قوبۇل قىلىپ ، بۇلار توغرىسىدا تەبىر ۋە چۈشەنچە بېرىشنى جائىز، دەپ قارىمايدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىلمىگەن نەرسىلەر توغرىسىدا سەبر ۋە تەھەممۇلنى ساقلىماق زۆرۈردۇر ، چۈنكى مەرىپەت ئىلمىسىز ھاسىل بولمايدۇ . ئەبۇ بەيھەس **ۋاقفىيە** تەرەپدارلىرىنى چەكلەنگەن نەرسىلەر مەسىلىسىدە دىنسىز، دەپ ئېلان قىلىشقان . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىمان ھەقىقەت ۋە

يالغانچىلىقنى تونۇشتا، پەرزلەرگە ئىتائەت قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بىر قىسىم بەيھەسىيە تەرەپدارلىرى ئىمامنىڭ كۆپۈرلىشىشى بىلەن ئۇنىڭ بارلىق ئىتائەتچىلىرىمۇ دىنسىز بولۇپ كېتىدۇ، دېگەننى تەرغىپ قىلىشقان. بۇۋاقىلار مەسىلىسىدە بەيھەسىيە تەرەپدارلىرى خۇددى **سەئلەبىيە** تەرەپدارلىرىغا ئوخشاشلا غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ بۇۋاقلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇۋاقلىرىنىمۇ مۇسۇلمان سانىشىدۇ. ئۇلار شاراپنى ھالال، مەستلىكتىكى قىلغان ـ ئەتكەنلەرنى كەچۈرۈشكە بولىدىغان ئىشلار، دەپ قارىشىدۇ. ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە بەيھەسىيە تەرەپدارلىرى خۇددى قەدەرىيەچىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانلارنى ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئەركىنلىككە ئىگە دەپ قاراپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئاللاھقا بولغان بېقىندىچىلىكىنى رەت قىلىدۇ. ئۇلار شاھادەتسىز زىنانى كوپۇرلۇق، دەپ قارايدۇ. كېيىنچە بەزى شەرىئەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، ئۇلارمۇ بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇنداق تارماقلارنىڭ بىرى ئەۋفىيە بولۇپ، ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلىكى ھەج ۋە جىھادىن باش تارتقانلارنى ئۆزلىرى بىلەن مەسلەكداش ھېسابلىمايدۇ. ئىككىنچى خىلى ئۇلارغا ئوخشىمىغان ھالدا يوقىرىدىكىدەك قىلمىشلارنى جائىز، دەپ قارايدۇ. ئەۋفىيە تەرەپدارلىرى شاراپ ۋە مەستلىكنى كوپۇرلۇق ھېسابلايدۇ. ئەسھابى تەفسىرمۇ بەيھەسىيەنىڭ بىر تارمىقى دۇر. ھازىرقى ۋاقىتتا بەيھەسىيە ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت ئەمەس.

**بەيھەشىيە — بەيھەسىيەگە** قاراڭ.

**بەكرىيە** — بەكر ئىبنى ئۇختىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنى پەقەت روھدىنلا ئىبارەت دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار ئۆز تەلىماتلىرىدا **نەززامىيە** تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپلىگەن تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار خۇدا قىيامەت كۈنى ئۆزى ياراتقانلارنىڭ سۈرىتىدە زېمىنگە چۈشۈپ، بەندىلىرى بىلەن

سۆھبەتلىشىدۇ. گۇناھكار مۇسۇلمانلارنى مۆئمىن بولغىنى ۋە ناماز ئۆتىگىنىگە قارىماي شەيتانغا چوقۇنغۇچىلار قاتارىدا دوزاخقا تاشلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى مەڭگۈلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما، نەزىرى چۈشكەن بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشكە لايىق، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، خۇدا بەدر[1] ئەھلىگە نۇر چېچىپ، شۇنداق دېگەنكەن: «نېمە قىلغۇڭلار بولسا شۇنى قىلىڭلار، چۈنكى سىلەرنى كەچۈرىدىغىنى مەندۇرمەن». بەكرىيە تەرەپدارلىرى يەنە بۆشۈكتىكى بوۋاقلار ھېچقانداق ئازابنى ھېس قىلىشمايدۇ، پۇت - قوللىرىنى كېسىپ كۆيدۈرگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار ھېچنىمىنى سېزىشمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يىغا - زارلىرى ئۇلارنىڭ لەززەتلىنىۋاتقانلىقى ۋە خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر، دەپ تەكىتلىشىدۇ. بۇ ئېقىم ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**بەنانىيە** — بەيانىيەگە قاراڭ.

**بەركۈكىيە** — ئەبۇمۇسلىمىيەگە قاراڭ.

**بەھائىيە** — بابىيەنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، بەھائۇللاھ تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان ھۆسەين ئەلى نۇرى (1817 — 1892) تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان. بۇ ئېقىم ئالدى بىلەن ئىراقتا ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىراندا پەيدا بولغان. بەھائۇللاھ تەخمىنەن ئوتتۇز يېشىدا بابىيە تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى بابنىڭ ئەڭ سادىق مۇرىتلىرىدىن بىرى، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ دەسلەپ تېھراندا شاھقا سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇنغان، دېگەن گۇنا بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن باغداتقا بېرىپ، سۇلەيمانىيەدە ئولتۇراقلىشىدۇ ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بەھائىيەگە ئاساس سالىدۇ. 1863 - يىلى ئۇ ئۆزىنى بابنىڭ رىجئەت قىلىشى (قايتىپ كېلىدىغانلىقى) توغرىسىدا ئالدىن خەۋەر بەرگەن پەيغەمبەر مەندۇرمەن، دەپ ئېلان قىلىدۇ. بەھائۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن

---

[1] بەدر — مەككە بىلەن مەدىنەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر يەرنىڭ نامى.

ئۇنىڭ ئابدۇبەھار لەقەملىك ئوغلى ئەبباس دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردۇ.

بەھائىيە تەلىماتلىرى بەھائۇللاھنىڭ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىش مەقسىتىدە يازغان «كىتاب ئۇل ئەقدەس» ۋە «ئىقان» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئەتراپلىق بايان قىلىنىدۇ. بۇ خىل تەلىماتلاردا بابىيەدىكى قىسمەن تەشەببۇسلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى قاراشلىرى رەت ئېتىلىپ، ئەمدىلا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەھائىيە تەرەپدارلىرى باركۆچى بىلەن دىنىي ۋە ئىنسانلار باراۋەرلىكى غايىلىرىنى تەرغىپ قىلىشىدۇ. بەھائۇللاھ تەلىماتلىرىدىكى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ تىللىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ھەم ئورتاق بىر دىنغىلا ئېتىقاد قىلىدىغان دۇنياۋىي دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنى كۆچەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەھمەد ئەھسا تەلىماتلىرىدىن ئۇزۇقلانغان بەھائۇللاھ ئۆز تەشەببۇسلىرىنى ئەگەر كەڭ دائىرىدا تارقىلالىسا، ئۇ چوقۇم باشقا دىنلارنىڭلا ئورنىنى ئىگىلەپ قالماستىن، بەلكى دۆلەت، مىللەت ۋە باشقا ھەرقانداق ئىجتىمائىي توساقلارنىمۇ سۈپۈرۈپ، تاشلىيالايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ دىنى مۇتەئەسسىپلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ باشقا دىنلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشىنى تەكىتلەيدۇ، ئىسلام ئەھكاملىرىنى قوغلىشىدىغان ئىدىيىلەرنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا، بەھائىيە تەرەپدارلىرىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئىلاھىيەتشۇناسلارمۇ بەھائىيەنى يېڭى دىن دەپ ئاتاشقان. بەھائىيە تەرەپدارلىرى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئازار بېرىشىگە، زولۇم ۋە ئىستىبداتلىققا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنى ئۆز-ئارا مېھرىبان بولۇشقا، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بەھائىيە تەرەپدارلىرىدا بابىيەگە ئوخشاش مەنسەپ ۋە مەرتىۋە مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، بارلىق ئىشلارنى مەجلىس ئەزالىرى ئەركىن

كېڭىشىش ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش نەتىجىسىدە باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەجلىس ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ «بەيتۇلئەدل»[①] دە ياشايدۇ. قانۇنىي مەسىلىلەرنى بابىيەنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، زۇلۇم، زورلۇق قىلىش ئۇسۇللىرىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. كېيىنچە بەھائىيە تەلىماتلىرى مىسىر، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقالغان. بۇ جايلاردىكى بەھائىيە تەرەپدارلىرى ئىنسانلارنى بىرلەشتۈرۈش غايىلىرىنى تەرغىپ قىلىنىشىپ، ئۆز تەلىماتلىرىنى خەلقارا تۇسكە كىرگۈزدى. بەزى مالۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، چىكاگو شەھرىدە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئىبادەتخانىسى (مەسچىتى) مەۋجۇت. بۈگۈنكى دەۋردە بەھائۇللاھنىڭ نەۋرىسى شەۋقىي رەببانى بەھائىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

**بەھشەمىيە** — جۇبائىيەگە قاراڭ.

**بىدئەتىيە** — سەئلەبىيەدىن بۆلۈنۈپ چىققان يەھيا ئىبنى ئەسدەم تەرەپدارلىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار تۈنجى قېتىم ئاشكارا ھالدا «بىز شۇنى ماقۇللايمىزكى، بىزنىڭ ئائىنلىرىمىزغا ئەگەشكەنلەر چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ. بىز ئەگەر خۇدا خالىسا جەننەتكە كىرىمىز، دەپ ئېيتمايمىز. چۈنكى، بۇ ئالىلقاچان دىنغا شەك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئېيتىشقان. ئۇلارنىڭ نېگىزلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئۆز تەرەپدارلىرىنى شەكسىز ھالدا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشتۇر. بۇ ئېقىم ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**بىشرىيە** — مۇئتەزىلەدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر تارماق بولۇپ، ئاساسچىسى بىشر ئىبنى مۇئتەمىر ئەبۇسەھل ھىلالى (825 - يىلى قازا قىلغان) دۇر. ئۇ ئەسلى كۇفەدىن بولۇپ، شېئىرىيەتتە يۇقىرى

① بەيتۇلئەدل — ئادالەت قەسرى.

ئىستىبداتقا ئىگە ئىكەن ، ئۇنىڭ تارىخچىلار تىلغا ئالغان يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەسىرىنىڭ كۆپ قىسمى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان . نەسرىي ئەسەرلىرى بولسا مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ ، كۆپىنچىسى كەلامىزمىنىڭ خارىجىيە ، جەبەرىيە ۋە باشقا ئېقىملىرى بىلەن بولغان دىنىي ، شەرىئەت مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇنازىرىلەرگە بېغىشلانغان .

بىشر ئىبنى مۇئتەمىر ھارۇن نۇررەشىد خەلىپىلىك قىلغان دەۋردە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن رافىزىلىقتا[1] ئەيىبلەنگەن . مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ باغداتتىكى مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ تۇنجى رەھبىرى بولغان . قەدەرىيە تەرەپدارلىرى شەرىئەتكە ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرىنى رەت قىلىشقان . مەسىلەن ، ئۇنىڭ ئەگەر غەيرىي مۇسۇلمان ئۆز مەيلىگە ئاساسەن ئىمانغا كېلىپ ، تائەتنى ئىختىيار قىلسا ، خۇدامۇ ئۇنىڭغا لۇتپ كۆرسىتىدۇ، دېگەندەك كۆز قارىشى قەدەرىيەچىلەر تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان . بۇنداق ئىختىلاپ بىشر ئىبنى مۇئتەمىر ۋە بەسرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ يۈز بەرگەن ھەمدە بىشرىيەنىڭ مۇئتەزىلەدىن ئايرىلىپ ، مۇستەقىل بىر تارماق بولۇشىغا سەۋەب بولغان . دىنىي تارىخچىلار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلارنى تۆۋەندىكىدەك شەرھلىشىدۇ؛ بىشر ئىبنى مۇئتەمىر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، 1 ) مۇئمىن ئىمانى بولغىنى ئۈچۈنلا دوست ،غەيرىي مۇسۇلمان ئىمانسىز بولغىنى ئۈچۈنلا دۈشمەن بولۇپ قالمايدۇ. 2 ) ئىنسان رەڭ ، تەم ، پۇراق ، ئاڭلاش ، كۆرۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىدراك ئەزالىرىنى توغۇلۇشىدىلا تولۇقلىغان بولىدۇ. 3 ) خۇدا بەندىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۇ قايتا شۇ گۇناھنى سادىر قىلسا ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ. 4 ) خۇدا

[1] رافىزلار — شىئەلەر، ئالدىنقى ئۈچ خەلىپە ( ئەبۇبەكىر، ئۆمەر ۋە ئوسمان ) نى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ، سۈننىيلار تەرىپىدىن رافىزلار ( ئۆز سەردارلىرىنى تەرك ئەتكەنلەر ) دەپ ئاتالغان .

بىرەر نارسىدىگە ئازاب بۇيرۇسا، شۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۇنى ئاقىل بولۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈش ۋە مۇكاپاتقا سازاۋەر قىلىش ئۈچۈندۇر.
5) خۇدانىڭ ئىرادىسى ھەقىقەت ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرى ھەقىقى ماھىيەتلىك سۈپەتلىرىنىڭ بىر تەركىپىدۇر. ئالدىنقىسى بەندىلەر تائىتىنىڭ يىغىندىسى، كېيىنكىسى خەلقتە بولىدىغان سۈپەتتۇر.
6) ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئاۋالقى ياكى كېيىنكى ماكانغا بېقىنمىغان ھالدا ئۆزلىكىدىن مەلۇمدۇر. ھەرىكەت توغرىسىدا پەيلاسوپلار بىلەن مۇئتەزىلەچىلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇئتەزىلەچىلەر بىشرىيەچىلەرنىڭ ھەرىكەت توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكىدەك قاراشلىرىنى مەنتىقى ۋە نەزىرىيۋى جەھەتتىن زىددىيەتلەرگە تولۇپ كەتكەن، دەپ قاراپ رەت ئېتىدۇ.
**بابەكىيە** — خۇررەمىيەگە قاراڭ.
**بابىيە** — باب لەقىمى بىلەن تونۇلغان سەيىد ئەلى مۇھەممەد شىرازى (1819—1850) ئاساس سالغان بىدئەتچى ۋە ئىسلاھات تەلەپ قىلغۇچى پىرقىلەردىن بىرى. بۇ پىرقىنىڭ نامى تارىختا ئەھلى بەيان نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ پىرقە 19- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرى ئەتراپىدا جەنۇبى ئىراندا تەسىس قىلىنىپ پائالىيەت باشلىغان. باب ئەرەب تىلىدا «بەيان» ناملىق بىر كىتاب تەييارلاپ، ئۇنى خۇدادىن ئۆزىگە نازىل بولغان، دەپ ئېلان قىلغان بولۇپ، كىتاب نۇرغۇن يېڭى كۆزقاراشلار ۋە ئىسلاھات ئىدىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شىئە ئۆلىمالىرى بابنى كاپىر دەپ ئېلان قىلىپ، نەسرۇددىنشاھ زامانىسىدا ئۇنى نىيىتى بۇزۇلغانلار قاتارىدا قەتلى قىلىدۇ. ئەمما، باب ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئەگەشكۈچىلىرىگە نامە قالدۇرۇپ، باشقا بىر پېشۋانىڭ زوھۇر قىلىپ، ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ.
بابنىڭ ھەرىكىتى ئىراندا ئۇنىڭغا ياخشى بىر شارائىت ھازىرلانغان ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىدۇ. كاچارىيلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمى ۋە شاھقا قارشى ئەۋج ئالغان قورالىق قارشىلىقلار بابچىلارنىڭ

ھەرىكىتىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتىدۇ. شۇ مەنىدىن بۇ پىرقىنىڭ ئىشلىرىنى باتىنىيە ۋە ئىسمائىلىيەگە ئوخشاشلا ئالاھىدە بىر خىل دىنىي - ئىجتىمائىي ھەرىكەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

بابىيە تەلىماتلىرىدا ئاللاھنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى قاراشلار ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، ئالەمنى ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ئادەملەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تەرغىب قىلىپ، مال - مۈلۈكتىمۇ باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغاچقا ناھايىتى تېزلا كەڭ دائىرىدە تارقىلىدۇ. بابىيەچىلەر ئەسلىدىكى ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنىمۇ تەلەپ قىلىشىدۇ.

بابىيە تەرەپدارلىرى 19 دېگەن ساننى مۇقەددەس ھېسابلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسابى بويىچە بىر يىل 19 ئاي ۋە ھەر ئاي 19 كۈندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر يىل 361 كۈنگە تەڭ. بۇ پىرقە جامائىتىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ 19 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن مەجلىسى باشقۇرىدۇ. شەرىئەتكە ئائىت مەسىلەرنى ئۇلار ئۆزگىچە ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىشىدۇ. 11 ياشقا توشقانلارغا توي قىلىشقا ئىجازەت بېرىلىدۇ، تالاق مەنئىي قىلىنىدۇ. تۇل خوتۇنلار ۋە بويتاقلار پەقەت دىيە① تۆلىگەندىن كېيىنلا قايتا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشالايدۇ. بابىيەچىلەر «بەيان» دىن 19 پارچە ئوقۇپ، ئاللاھ نامىنى 361 قېتىم زىكىر قىلىشنى پەرىز، دەپ قارىشىدۇ. دەپنە قىلىنىدىغان مېيىتلارنىڭ ئوڭ قول بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىپ قويۇشىدۇ.

بابنىڭ ئىدىيىلىرىنى كېيىن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن سۇبھى ئەزەل، بەھائۇللاھ ۋە باشقىلار داۋاملاشتۇرۇدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچەپ تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلىشى نەتىجىسىدە بابىيە تەلىماتلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىراننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېزلىكتە تارقىلىپ،

---

① دىيە — بىرخىل تۆلەم.

يېغىلىقلارنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان: مازەنداراندا (1848 — 1849)، زەنجان ۋە نەيرېز قاتارلىق جايلاردا (1850) ئارقا - ئارقىدىن يېغىلىقلار يۈز بېرىدۇ. يېغىلىق قاتناشچىلىرى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ھاكىم سىنىپلارنىڭ بارلىق خىراجەتلىرى ۋە ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. كاچارىيلار روھانىيلارنىڭ ياردىمىدە يېغىلىقلارنى بېسىقتۇرىدۇ. بابىيە تەرەپدارلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى بەزى ئىچكى ئىختىلاپلار تۈپەيلى كېيىن ئۇ ئەزەلىيە ۋە بەھائىيەدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى خۇراسانغىلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا، ياۋروپاغىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ كېتىدۇ.

**باتىنىيە — ئىسمائىلىيە**گە تەۋە پىرقىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلار زاھىرىيە تەلىماتلىرىغا قارشى ھالدا «قۇرئان كەرىم» نىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ياقلاشنى تەرغىپ قىلىشىدۇ. بەزىلەر باتىنىيەنى ئىسلامدىكى بىر مۇستەقىل ئېقىم، دەپمۇ قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ **تەئلىمىيە**، **سەبئىيە** قاتارلىق پىرقىلەرغا ئوخشاشلا ئىسمائىلىيەگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۆز تەرەققىياتى ۋە بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئىسمائىلىيەنىڭ ئەسلىدىكى تەلىماتلىرىدىن ھالقىپمۇ كېتىدۇ. باتىنىيە ھەرقانداق شەرىئەت ھۆكمىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مەنىگە (ھەرقەنداق ئاشكارا شەيئىي يوشۇرۇن مەنىگە ۋە ھەرقانداق بىر تەفسىر تەنزىلگە① ) ئىگە، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، روزىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى مەزھەپنى مەخپىي تۇتۇپ ئاشكارىلىماسلىقتا، ھەجنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ئىمانغا يېتىشتە ۋە نامازنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ئىمامغا خىزمەت قىلىشتا، دەپ شەرھلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاشكارا مەنىنى شاكالغا ۋە يوشۇرۇن مەنىنى مېغىزغا ئوخشىتىشىدۇ.

---

① تەنزىل — ۋەھيي، يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن دېگەن مەنىدە.

باتىنىيە تەخمىنەن 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇستەقىل بىر پىرقە بولۇپ شەكىللەنگەن. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ نوپۇزى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە خېلىلا ئاشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرى «قۇرئان كەرىم»غا قايتا تەفسىر ۋە شەرھلەرنى يازىدۇ. مۇشۇنداق شەخسلەردىن بىرى ھەسەن سەباھ بولۇپ، مىسىردا نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرى بولغان. خۇراسان، ئىراق، شام ۋە ئىراندا باتىنىيە تەرەپدارلىرى ئۆز دائىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كەڭ دائىرىدە تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئىدىيىلىرىنى تەشۋىق قىلىشىدۇ. ئۇلار تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنى ساھىب جەزىرە (ئارال ئىگىسى) ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغانلارنى مۇستەجىب (قوبۇل قىلىنغانلار)، دەپ ئاتىشىدۇ. ناسىر خۇسراۋ ۋە ھەسەن سەباھ ئارال ئىگىسى بولۇپ تونۇلىدۇ. ئەبۇئابدۇللاھ خادىم ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ئەبۇسەئىد شىرازى باتىنىيەنىڭ خۇراساندىكى دەسلەپكى دائىيلىرىدىندۇر. 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ دائىيلار ھەرقايسى ئىسلام شەھەرلىرىدە ئۆز تەلىماتلىرى تەرغىباتىنى باشلىۋېتىشىدۇ. ئىراقتا ئىسمائىلىيە مەركىزى قۇرۇلىدۇ. بۇيەردىكى ئىشلارغا مەسئۇل دائىيلار ھەمدانى قەرمەت ۋە ئەبداندۇر.

مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، باتىنىيە تەرەپدارلىرى ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان: ئىراقتا ئۇلارنى باتىنىيان، قەرمەتىيان، مەزدەكىيان؛ خۇراساندا تەئلىمىيان، مۇلھىدان دەپ ئاتاشقان. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆزلىرىنى ئىسمائىلىيە دەپ ئاتىشىپ، پەقەت مۇشۇ نام بىلەن شىئەدىكى باشقا پىرقىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقلىرىنى تەكىتلەشكەن. «تەلبىسى ئىبلىس» ناملىق ئەسەردە باتىنىيە سەككىز پىرقە (باتىنىيە، ئىسمائىلىيە، سەبئىيە، بابەكىيە، مۇھەممىرىيە، قەرمەتىيە، خۇررەمىيە ۋە تەئلىمىيە)گە بۆلۈنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ پىرقىلەرنى مۇنداق ئورتاق قاراش بىر-بىرىگە

باغلاپ تۇرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاساسىي ماھىيىتىنى پەقەت ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئۇنىڭ ئەسھابىلىرىلا بىلەلەيدۇ ۋە بۇنداق ئىلمىي ئىقتىدار ئىمامغا ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىرسىي تەرىزدە ئۆتكەن. شۇڭا ھەرقانداق يېڭى ئۆزگىرىش ۋە ھادىسىلەر، ھەتتا ئىنسانىنىڭ تەقدىرىمۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق سىرلارنى يېشىشقا قادىر بولغان ھازىر ئىماملارنىڭ قولىدىدۇر، پەقەت ئىماملارلا ئۆزگە قاراشلىق ھۆججەت[1]لەر ۋە دائىيلار ئارقىلىق ئاۋامنى ھاياتتىكى توغرا يولغا باشلىيالايدۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەت.

ھەربىر ئېقىم شۇ دەۋر ئىدىئولوگىيىدىكى مەۋقەسى ۋە غايىۋىي قاراشلىرىغا ئاساسەن يەنە بەزى پەرقلىق تەشەببۇسلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقان. مەسىلەن، ئىسمائىلىيە ئېقىمىدىكى باتىنىيلەر چەكتىن ئاشقان شىئە ئېقىمىدىكى باتىنىيلەردىن، كېيىنكى دەۋرلەردىكى باتىنىيلار تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى باتىنىيلاردىن پەرقلىنىدۇ. فاتىمىيلەر ئۆز تەلىماتلىرىدا ھەم زاھىر ۋە ھەم باتىن ئۇقۇمىنى تەڭلا قوبۇل قىلىشقان، لېكىن ئۇلار زاھىر ئۇقۇمىدا ئاۋامغا چۈشىنىشلىك بولغان تەلىماتلار ۋە باتىن ئۇقۇمىغا خاس ۋە تاللانغان بىر قىسىم كىشىلەرگىلا چۈشىنىشلىك بولغان تەلىماتلارنى ئىپادىلىگەن. فاتىمىيلەرنىڭ زاھىرى ئەقىدىلىرى شىئەلەرنىڭ تەلىماتلىرىدىن (پەقەت يەتتىنچى ئىمام مۇسا كازىمنىڭ ئورنىدا مۇھەممەد ئىسمائىلنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن غايىب ئىمامنى ئېتىراپ قىلغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ناھايىتى ئاز پەرقلىنىدۇ. ئۇلارمۇ شەرىئەتتىكى بارلىق رەسمىيەتلەرنى (بىر قىسىم خاسلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچ، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن (باتىنىي) تەلىماتلىرى ئۆزگىچە بايان ۋە ھەقىقەت (پەلسەپىۋىي ۋە ئىلاھىي

---

[1] ئىسمائىلىيە پىرقىسىدا تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان دىنىي ئۇنۋان.

بىلىملەرنىڭ ئومۇمىي تەرتىپى ) تىن تەركىب تاپىدۇ .
فاتىمىيلەرنىڭ باتىنىيە تەلىماتلىرى يېڭى ئەفلاتونىزمىنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەنتىق دەۋرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى نۇرغۇن خرىستىئان ۋە يەھۇدى ئاپتورلارنىڭ ئەقىدىلىرىنىمۇ ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ . تەتقىقاتچىلار يەنە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىدا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئىراننىڭ ئەقلىي ۋە مەدەنىي ئەنئەنىلىرىنىڭمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ساقلانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ . مەسىلەن ، ئابدۇلقاھىر بەغدادى باتىنىيەنىڭ ئاساسچىلىرىنى قەدىمكى ئەنئەنىلەرنى تولۇق بىلىدىغان ئەھلى مەجۇس ( ئاتەشپەرەسلەر ) دەپ ئاتايدۇ . ئۇنىڭ تەبىرىچە، ئۇلار ئىسلامنى كېيىنرەك قوبۇل قىلغانلار بولۇپ ، « قۇرئان كەرىم » نى ئۆزگىچە شەرھلەش ئارقىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى يېڭى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن بېيىتقان ۋە ئىسلامدا ئەركىن پىكىر قىلىشقا كەڭ يول ئاچقانىكەن . شۇڭا، بۇنىڭدىن خەۋەر ھېس قىلغان ئەسلىي ئىسلام ۋەكىللىرى باتىنىيە تەرەپدارلىرىنى ئىلھاد ( دىندىن قايتقانلار ) ، دىنسىز ۋە زەندەقە ( زەردۇشتقا چوقۇنغۇچىلار ) دېگەندەك ناملار بىلەن ئەيىبلىگەن .
**باقىرىيە** — شىئەلەردىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر پىرقە بولۇپ، باقىر لەقىمى بىلەن تونۇلغان ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ( 736 - يىلى قازا قىلغان ) تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان . ئۇلار ئىماملىقنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبتىن ئىمام باقىرگىچە يەتكۈزۈپ ، ئۇنى كەلگۈسىدە قايتىپ كېلىدىغان مەھدى ( غايىب ئىمام )، دەپ ئېلان قىلىشىدۇ . ئۇلار بۇ خىل قاراشلىرىنى ئاساسلاش ئۈچۈن بىر قاتار رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقىرىدۇ . بۇ خىل رىۋايەتلەردە ئۇلار پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ساھابىسى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى ئارقىلىق باقىرگە پەيغام ( خەۋەر ) ئەۋەتىدۇ، دەپ سۆزلىنىدۇ ۋە ئۇنى باقىرنىڭ مەھدىلىكىنىڭ دەلىلى قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ . شەھرىستانى « ئەل مىلەل ۋەن نىھەل » دېگەن ئەسىرىدە بۇ خىل

قاراشنى ئىنكار قىلىپ ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ باشقىلار ئارقىلىق پەيغام ئەۋەتىشى مەھدىلىككە ئاساس بولالمايدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق باقىرنىڭ بارلىق مۇراجىئەتلىرىنى رەت قىلىدۇ . ئۇ جەئفەرىيە تەرەپدارلىرىنىمۇ مۇھەممەد باقىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى جەئفەر سادىق ( 765 - يىلى قازا قىلغان ) نىڭ ئەسھابلىرى قاتارىغا كىرگۈزىدۇ . شەھرىستانىنىڭ مەلۇماتىچە، ئۇلار دەسلەپتە ھەر ئىككى ئىماملىقنى ئېتىراپ قىلىشقان بولۇپ ، كېيىنچە بەزىلىرى مۇھەممەد باقىرنىڭ ئىماملىقىدا ، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئوغلى جەئفەر سادىقنىڭ ئىماملىقىدا توختاپ قېلىشقان . كېيىنچە جەئفەرىيە تەرەپدارلىرى ئەسلى ئىسلامنىڭ بەشىنچى مەزھىپى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ ، باشقا تۆت مەشھۇر پىرقە ( ھەنەفىيە ، شافىئىيە ، مالىكىيە ۋە ھەنبەلىيە) بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇلغان . باقىرىيە ھازىر بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ ، لېكىن تەشەببۇسلىرىدىكى مۇھىم نۇقتىلار شىئە تەلىماتلىرىدا ھازىرمۇ ساقلانماقتا .

**بۇزەيئىيە — بۇزەيغىيە** گە قاراڭ .

**بۇزەيغىيە — خەتتابىيە**دىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماقلارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇزەيغ ئىبنى يونۇس ( مۇسا ) تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان . تارىختا يەنە بۇزەيئىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان . بۇ پىرقە تەرەپدارلىرى خۇدا جەئفەر سادىق شەكلىدە زېمىنگە چۈشتى، دېگەن پەتىۋا بىلەن ئۇنى خۇدا دەپ قاراپ ، بۇزەيغنى ئۇنىڭ رەسۇلى، دەپ ئېلان قىلىشقان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدە نىمىلا يۈز بەرمىسۇن ، ئۇ خۇدانىڭ ۋەھىيسى بىلەن بولىدۇ . ئۇلار ئۆز تەرەپدارلىرى ئارىسىدا جەبرائىل ، مىكائىل ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەردىنمۇ ياخشىراق ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنى ، ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن مەلەكۇت ئالىمىگە كۆتىرىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشقان . بۇزەيغىيەچىلەر « قۇرئان كەرىم » دىكى نۇرغۇن سۈرىلەرنى ئۆز مەنپەئەتىگە

ماسلاشتۇرۇپ شەرھلەشكەن. ھازىر بۇ پىرقە مەۋجۇت ئەمەس.

**بۇرغۇسىيە — نەججارىيەدىن** بۆلۈنۈپ چىققان بىر تارماق بولۇپ، بۇرغۇس لەقەملىك مۇھەممەد ئىبنى ئەيسا (855 - يىلى قازا قىلغان) بۇ پىرقىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلىدۇر. ئۇلار ئۆز تەلىماتلىرىدا نەججارىيە تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، بەزى مەسىلىلەردە ئۇلار بىلەن پىكىردە بىرلىككە كېلىشەلمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھنىڭ كەلامى ھەرگاھ ئوقۇلغاندا ئۇ شەكىل ۋە ھەرگاھ يېزىلغاندا ئۇ جىسىمدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىنى رەت ئېتىپ، ئىنسانلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە باغلىق بولغان ئەمەللا خالاس، دەپ قارىشىدۇ.

**بۇترىيە — خارىجىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەسەن ئىبنى سالىھ ئىبنى ھەي بىلەن بۇتر لەقەملىك قاسىر ئىبنى ئىسمائىل نەۋا ئاساسچىسىدۇر. سالىھ ئىبنى ھەي زەيدىيە قارىشىدىكى ئىلاھىيەتشۇناسلاردىن بولۇپ، ئۇ كۇفەدە يەمەنلىك يوقىرى تەبىقىدىكى جەمەتتە توغۇلغان. ئۇ ئىماملىقنى ئەلى ۋە فاتىمە ئەۋلادلىرىغا قانۇنلۇق، دەپ ھېسابلايدۇ ھەم مۆئمىنلەرنىڭ قانۇنسىز ئىماملارغا ئەگىشىپ ناماز ئۆتىشىنى راۋا ئەمەس، دەپ قارايدۇ. قاسىر ئىبنى ئىسمائىلى نەۋامۇ داڭلىق فەقىھلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى «كىتابۇل جامىئ فى فىقھ» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ.

بۇترىيە تەلىماتلىرى نۇرغۇن جەھەتتىن سۇلەيمانىيەنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەبۇبەكىر ۋە ئۆمەرنىڭ بەيئىتى (ۋەدىسى) خاتا ئەمەس، ئۇسماننىمۇ دىنسىز، دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ، ئىماملىقنىڭ ئىچىدە ئەلىنىڭ ئىماملىقى ئەڭ ياخشىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە تۆت خەلىپىلىك ئەلىنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولغان. بۇ نۇقتىدا بۇترىيەچىلەرنىڭ مەيدانى مۆئتەزىلەچىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى ئۇلار قالغان ئۈچ خەلىپىنى قانۇنسىز، دەپ قارىمايدۇ. شۇڭا، سۈننەت ئەھلى ئىچىدىمۇ

بۇ پىرقىنى قوللايدىغانلار ئەينى ۋاقىتتا خېلى كۆپ بولغان. مۇھەممەد شەھرىستانى بۇترىيەنى سالىھىيە بىلەن ئوخشاش بىر پىرقە دەپ قارايدۇ.

**تەييارىيە — شىئە** مەزھىپىنىڭ غۇلات پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، جەئفەر تەييار تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان. تارىخىي مەنبەلەردە بۇ پىرقىنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەنمىگەن.

**تەمىمىيە —** زۇرارىيەگە قاراڭ.

**تەناسۇخىيە —** ئۆلۈمدىن كېيىن روھنىڭ كۆچىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر خىل پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، تەناسۇخ تەلىماتلىرى ئەسلىدە قەدىمكى ھىندىلارنىڭ ئاساسىي ئېتىقاتلىرىدىن ئىكەن. ئۇلار روھنى خۇددى يومىلاق پەلەك (يەر شارى) دەك ماددىي ئالەمنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ ۋە بىر قېلىپتىن يەنە بىر قېلىپقا كۆچۈپ تۇرىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان. بۇ خىل قاراش كېيىنچە يونان پەلسەپىۋىي سىستېمىسىغا، جۈملىدىن پىفاگور ۋە سوقرات تەلىماتلىرىغا، شۇنداقلا مانىي دىنى پەلسەپىسىگىمۇ قوبۇل قىلىنغان. ئىسلام تارىخىدا شىئە مەزھىپىنىڭ بەزى پىرقىلىرى، بولۇپمۇ غۇلات پىرقىلىرى تەناسۇخنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئىسلامدا تەناسۇخ كەڭ مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭغا روھ بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك بىر خىل ئىشقىمۇ مەۋجۇت دېگەندەك يېڭى مەنىلەرمۇ قوشۇلغان.

تەناسۇخچىلار روھنىڭ كۆچۈشىنى نەسخ، مەسخ، رەسخ، ۋە فەسختىن ئىبارەت تۆتكە بۆلىدۇ. بەزى پىرقىلەر ھەر تۆت خىل تەناسۇخنى، يەنە بەزىلىرى بىر ياكى ئىككى خىلىنىلا ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار روھ بىر ئادەمنىڭ تېنىدىن چىقىپ يەنە بىر ئادەمنىڭ تېنىگە كۆچكەن بولسا، ئۇنى نەسخ دەپ، ئادەمدىن ئايرىلغان روھ ھايۋانلارنىڭ بەدىنىگە كۆچسە مەسخ دەپ، دەرەخ ۋە

ئۆسۈملۈكلەرگە كۆچسە رەسخ ، زىيانلىق ھاشارەتلەرگە كۆچسە فەسخ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ روھى قايسىلا شەكىلدىكى تەناسۇختا بولمىسۇن، ئەنبىيا ۋە رەسۇللارنىڭ يول كۆرسىتىشىدە ئالەمنى كېزىدۇ. ئالەمنىڭ ئايلىنىشىمۇ روھنىڭ بىر جىسىمدىن يەنە بىر جىسىمگە كۆچۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ. روھنىڭ بەدەننى تەرك ئېتىشى ھەقىقىي قىيامەتتۇر. ئەگەر ئىنسان خەيرلىك ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ روھىمۇ خەيرلىك بىر تەنگە كۆچىدۇ، ئەكسىنچە بولغاندا، ئۇنىڭ روھىمۇ گۇناھكار بىر جىسىمغا كۆچۈرۈلىدۇ.

مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ مەلۇماتىچە، خابىتىيە تەرەپدارلىرىمۇ ئاللاھ مەخلۇقاتىنى دەسلەپتە ھازىرقى ئالەمدە ئەمەس، بەلكى باشقا بىر ئالەمدە خەلق قىلغان (ياراتقان)، كېيىن ئاللاھقا تائەتتىن باش تارتقانلار گۇناھلىرىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ ئوخشىمىغان سۈرەتلەردە — ئىنسان ۋە ھايۋاناتلار شەكلىدە بۇ دۇنياغا ئەۋەتىلگەن. ئۇلار تا گۇناھلىرى يۇيۇلغىچە توختىماي بىر شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە ئۆزگىرىپ تۇرىشىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىمۇ روھنىڭ تەناسۇخ قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ، ئەمما ئۇلار ئىنسان روھىنىڭ ھايۋاناتلار تېنىگە كۆچىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جەسەت (تەن) نىڭ ھاياتى پانى بولۇپ، روھ ئۇنىڭ ئەكسىچە مەۋجۇدىيەت ۋە يوقلۇق ئالىمىدە تاكى ئىمامىنى تونۇپ، نۇر ئالىمىگە ئۆرلەپ چىققۇچە ھەرىكەتچان شەكىلدە ساقلىنىپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئەھمەد ئىبنى ھائىت ۋە فەزلىي ھەدەسىي قاتارلىقلار تەناسۇختا بىر خىل چەكتىن ئاشقان يولنى تاللاپ، بوۋاقلارنىڭ قىينىلىشى ۋە ئازابلىنىشىنىڭ سەۋەبى دەل ئۇلارغا تەناسۇخ قىلغان روھنىڭ ئىلگىرى گۇناھكار مەلۇم شەخسنىڭ تېنىدا بولغانلىقى ھەم شۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتقانلىقىدىندۇر، دېگەن قاراشنى تەرغىپ قىلىشقان.

تەناسۇخىيەنى ئادەتتە ھائىتىيە، ھىمارىيە ۋە تارىيەدىن ئىبارەت

ئۈچ پىرقىگە بۆلىدۇ؛ ئالدىنقىسى ئەھمەد ئىبنى ھائىت قەدەرىنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىككى خۇدالىق، يەنى ئاللاھ ۋە ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئىبتىقات قىلىشىدۇ. ئىككىنچىسى ئەكسەر ۋە مۇكرەمى مۇئتەزىلىنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئىنسانلارنى ھايۋان شەكىللىرىدىن يارالغان، دەپ قارىشىدۇ. ئۈچىنچىسى ئىنسان روھىنىڭ ئايلىنىپ يۈرۈش ۋاقتى توغرىسىدىكى قاراشلاردا ئوخشىمىغان پىكىرگە ئىگە. ئۇلاردىن بەزىلىرى روھنى ئون ئىككى مىڭ يىل، يەنە بەزىلىرى يەتتە مىڭ يىل ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، تازىلىنىپ ئاندىن تاكامۇللىشىدۇ ۋە ئۇ دۇنياغا ئۆرلەپ كېتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. نۇسەيرىيە تەرەپدارلىرى بۇ مەسىلىدە چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنىڭ روھى پاكلىنىش ئۈچۈن قايتا مۇسۇلمان، يەھۇدى، نەسرانى ۋە كاپىرلار ( ئەلىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار ) نىڭ تەنلىرىگە، ھەتتا توگە، ئېشەك، ئىت ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تەنلىرىگىمۇ كۆچۈپ كىرىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتىچە، تەناسۇخ يەتتە باسقۇچقا ئىگە بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ روھى مۇشۇ يەتتە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىدۇ. بۇخىل قاراش شىئە مەزھىپىگە تەۋە نۇرغۇن غۇلات پىرقىلەردە ھولۇلىيە ( باشقا شەكىلگە كىرمەك ) غايىلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. چەكتىن ھالقىغان بەزى شىئە پىرقىلىرى بۇنىڭغا ئاساسەن ئىلاھىي ئەسل ( خۇسۇسىيەت ) ياكى ئۇنىڭ مەلۇم تەركىبلىرىنىڭ ئىنسانلار ( ئىماملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ) غا ھۇلۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىماملىققا ئائىت نەزىرىيىلىرىنى غايىۋىي ئاساسلارغا ئىگە قىلىشقان.

سۈننەت ئەھلى تەناسۇخنى قوبۇل قىلمايدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە تەناسىخىيە مەسىلىسى پەلسەپە ساھەسىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. مەشائ ئېقىمىنىڭ نۇرغۇن ۋەكىللىرى بۇخىل قاراشنى ئېتىراپ قىلماي ئۇنى قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ، مۇئتەزىلەچىلەرمۇ ئوخشاش پوزىتسىيە

تۇتىدۇ. شىئە مەزھەپچىدىكى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ئىدىيىۋىي سىستېمىسىدا تەناسۇخىيە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

**تەرائىقىيە — كەررامىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار كەررامىيەچىلەرنىڭ بارلىق تەلىماتلىرىنى ياقىلىسىمۇ، لېكىن شەرىئەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەردە ئۇلار بىلەن ئوخشىمىغان قاراشتا بولغانلىقى ئۈچۈن تەرائىقىيە دىن بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.

**تەفزىلىيە — ئادىلىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئادىلىيە بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، پەقەت شەرىئەتكە ئائىت قىسمەن مەسىلىلەردىكى ئۆزگىچە ئىدىيىلىرى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ ھەم ۋەئىدىيە بىلەنمۇ قارشىلىشىدۇ.

**تەئلىمىيە — ئىسمائىلىيەنىڭ** يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، ئىمامى زامان (تېرىك ئىمام) ئەقىدىلىرىگە ئائىت تەلىمنى تەلقىن ئېتىشىدۇ. كۆپلىگەن مەنبەلەردە باتىنىيە، ئىسمائىلىيە ۋە تەئلىمىيە ئوخشاش بىر پىرقە، دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئەمما، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇلارنىڭ قىسمەن پەرقلەرگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكلىرىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئۇلار ئىسمائىلىيە تەلىماتىدا تەئۋىل (تەپسىرلەش) مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ تەلىماتلارنى ياقىلىغۇچىلاردىن ئەتراپلىق ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋىي بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇش قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ، پەقەت ئىسمائىلىيەنىڭ دائىيلىرى (تەرغىباتچىلىرى) لا باتىنىيە تەلىماتلىرىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ ۋە «قۇرئان كەرىم» نى شەرھلىيەلەيدۇ، باشقىلارغا خالىغانچە «قۇرئان كەرىم» نى شەرھلەشكە يول قويۇلمايدۇ ۋە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلار دىنسىزلىكتە ئەيىبلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى «قۇرئان كەرىم» شەرھىسىدە بىرەر خاتالىق كېلىپ چىقماسلىق ۋە ھەممىنىڭ بۇ ئىشقا قول تىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس دائىيلارنى تەربىيىلەيدىغان مەركەز تەسىس قىلىشقان، بۇ مەركەزدە ئىمامى مەئسۇم (خاتالىقتىن خالىي ئىمام) تەلىم

ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئالىدۇ، شۇڭا بۇ پىرقە تەئلىمىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغاندى.

ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇخىل ھەرىكىتى كەلام تەرەپدارلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. بۇ ھال مۇھەممەد غەززالىنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇنازىرىلىرىدە ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ.

**تۇمەنىيە — مۇرجىئەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، مەنبەلەردە تەۋمەنىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇپىرقىگە ئەبۇ مەئاز تۇمەنى تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان. ئۇلار ئىمان ئادەملەرنى كۇپۇرلۇقتىن ساقلايدۇ، ئۇ تۇرلۇك خاسىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىغان ھەرقانداق ئىنسان دىنسىز بولۇپ كېتىدۇ، ئىنسان ئەگەر چوڭ ياكى كىچىك گۇناھ ئۆتكۈزسە، ئۇ بۇ قىلمىشى ئۇچۇن كەفارەت[1] تۆلىشى كېرەك. ئەمما، گۇناھكارنىڭ ئۆزى پاسىق (ئەخلاقسىز) ھېسابلانمايدۇ، پەقەت خۇدانىڭ توغرا يولىدا بېشى قايغان سانىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەبۇ مەئاز خۇدانى تونۇش، ئۇنىڭ ھەقىيقىلىقى، ئىلاھىي مۇھەببەت، ئۇنىڭ بىرلىكى (يېگانىلىقى) ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىقرار بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى خاسىيەتلەر يىغىندىسى — ئىمانغا تەئەللۇق، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە پەرزلەرنى تەرك ئېتىش ھەقتىن قايتقانلىقتۇر، كىمكى ناماز ۋە روزىنى تەرك ئەتسە ياكى ئۇنىڭغا ياقتۇرماسلىق، بىھۆرمەتلىك قىلىشتەك پوزىتسىيىدە بولسا، سۆزسىز دىندىن چىقىپ كېتىدۇ، ئەمما سەۋەبسىزلا ۋاقتىنچە قازا نىيىتىدە بولغانلار دىنسىز ھېسابلانمايدۇ. كىمكى پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرسە ياكى ئۇنىڭغا بىرەر توسقۇنلۇق پەيدا قىلسا ئۇ پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەر قاتارىدا دىنسىز ھېسابلىنىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئەبۇ مەئازنىڭ بۇخىل قاراشلىرىنى ئىبنى راۋەندى ۋە بىشر مەرىسى قاتارلىقلارمۇ قوللايدۇ. ئۇلار ئىماننى قەلب (يۈرەك) ۋە زاماندىكى تەستىق، دەپ قاراپ،

---

① كەفارەت — مەلۇم گۇناھ بەدىلىگە تۆلىنىدىغان تۆلەم.

كۆن ۋە ئاي ، بۇت ۋە سەنەمگە باش قويۇشنى كوپۇرلۇقنىڭ ئالامىتى دەپ ھېسابلايدۇ. ئەبۇمەئاز ئىمانىنىڭ كۆچىيىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ئاجىزلايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**تۇنىيە — كەررامىيەدىن** ئەھمەد تۇنى كۇھىستانىگە ئەگىشىپ بۆلۈنۈپ چىققانلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ ، ئۇلار ئۆز ئېتىقادلىرىدا كەررامىيە تەلىماتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن شەرىئەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى مەسىلىسىدە ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەسلەكداشلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان.

**جارۇدىيە — زەيدىيەنىڭ** بىر بۆلىكى بولۇپ ، بۇپىرقىگەئەبۇلجارۇد زىياد ئىبنى مەنزىر ( 766 - يىلى قازا قىلغان ) تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر نامىدىلا ئەمەس، بەلكى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ تۇرۇپ ئەلىنى ئورۇنباسارلىققا كۆرسەتكەن . شۇڭا ، مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن ئەلى خەلىپە بولۇشى كېرەك ئىدى ، ئەمما خەلق بۇ ئىشتا يېڭىلىشىپ ، ئەبۇبەكرى خەلىپىلىككە تەيىنلەندى،دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەلىدىن كېيىن ھەسەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىندىشى ھۇسەيىن ئىمامدۇر. ئەمما، كېيىنچە ئىماملىقنى توختىتىش ياكى ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسىدە بۇ ئېقىم تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ ، ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئابدۇلقاھىر باغدادىنىڭ مەلۇماتىچە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەسەن ۋە ھۇسەيىندىن كېيىن ئىماملىق كېڭەش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلۈشى ۋە كىم دانا، شۇنداقلا پەرھىزكار بولسا ، شەمشەر كۆتۈرۈپ دىنىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى قوغدىيالىسا ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرالىسا شۇ ئىمام بولۇپ سايلىنىشى كېرەك ، دەپ قارايدىكەن. يەنە بىر بۆلىكى پەيغەمبەر ئەلىدىن كېيىن پەقەت ھەسەن بىلەن ھۇسەيىننىلا ئىماملىققا

كۆرسەتكەن ،دەپ قارىشىدىكەن . مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئالدىنقى بۆلەك ئىماملىقىنى ھەسەن ۋە ھۇسەيندىن كېيىن يەنە ئەلى ئىبنى ھۇسەين ۋە ئۇنىڭ ئوغلى زەيد ئىبنى ئەلى ، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقىچە يەتكۈزگەن . كېيىن يەنە جارۇدىيە تەرەپدارلىرى، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ئىماملىقىنى ياقلايدىغانلار ئارىسىدا ئىماملىقنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى داۋاملاشتۇرماسلىق مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىپ ، يەنە ئۆز ئىچىدىن بۆلىنىش كېلىپ چىقىدۇ . ئۇلاردىن بىر قىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنمەي ، ئۇنى خۇددى مۇھەممەدىيە تەرەپدارلىرىغا ئوخشاشلا كەلگۈسىدە قايتىپ كېلىدىغان غايىب ئىمام ( مەھدى )، دەپ قارىشىدۇ . يەنە بىر قىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ، مۇھەممەد ئىبنى قاسىمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتىدۇ . يەنە بىر قىسمى كۇفەدە ئىسيان كۆتۈرۈپ قەتلى قىلىنغان يەھيا ئىبنى ئۆمەرنىڭ قايتىشىنى كۈتىشكەن . بەزى مەنبەلەردە جارۇدىيە پىرقىسى سۇرخۇبىيە ( ئەبۇلجارۇد سۇرخۇب دېگەن جايدىن بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان ) نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ پىرقە ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان .

**جازىمىيە — ھازىمىيەگە** قاراڭ .

**جاھىزىيە — مۇئتەزىلە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، جاھىز لەقىمى بىلەن تونۇلغان ئەبۇ ئوسمان ئەمر ئىبنى بەھر ( 869 - يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . ئۇ بەسرەدە تۇغۇلغان بولۇپ ، مەنبەلەردىكى مەلۇماتلاردىن ئۇنىڭ دىن ، پەلسەپە ، مەنتىق ، جۇغراپىيە ، ھايۋانشۇناسلىقتا ئوخشاش ساھەلەردە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم . بۇلاردىن بىزگە مەلۇم بولغىنى «كىتابۇن نىسا » ، «كىتابۇل بەيان ۋەت تەبيىن » ، «ھىلۇل لۇسۇس » ، « غەشۇس سىنائات » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

تارىخچىلار ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە ئىبنى مۇقەففە ۋە سەھل ئىبنى هارۇنلارغا ئوخشاش بىر خىل ئۇسلۇب قوللىنىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئىبنى مەئمۇن جاھىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنى ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپمۇ قىلغانىكەن. مۇئتەسىم خەلىپىلىك قىلغان دەۋردە ئۇ بىر مەزگىل ئوردا خىزمىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

جاھىز ئالدى بىلەن مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە جاھىز ھەدىس، تەفسىر ۋە ھېكمەت ئىلىملىرىنىڭ يېتۈك ئالىمى، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇ ياشلىقىدا ئەبۇ يۇسۇف ۋە نەززام دېگەن ئۇستازلاردىن تەلىم ئالغان بولۇپ، بەس — مۇنازىرىلەردە پەلسەپىۋى ئەقىدىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشتەك قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەن. دىنىي ۋە شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەردە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ مەيدانىنى ياقلايدىكەن. باشقا مەسىلىلەردە ئۇ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئۇ ھەرقانداق بىلىم ۋە مەرىپەت ئىنساندا تەبىئىي زۆرۈرىيەتكە ئاساسەن پەيدا بولىدۇ، ئىرادە بولسا ئۇنىڭغا ئازراق تەسىرلا كۆرسىتىدۇ، ئىنساننىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرىكىتى تەبىئىي رەۋىشتە باشلىنىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ.

جاھىز ھەرقانداق جىسىم بارلىققا كەلگەندىن كېيىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، خۇدا پەقەتلا يارىتىش قابىلىيىتىگىلا ئىگە، يوقىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ مەنىدە بېھىش ۋە ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنى، دوزاخ ۋە ئۇنىڭدىكى رەنجۇ — كۈلپەتلەرنى مەڭگۈ يوقالمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

جاھىز جىسىملارنىڭ تەبىئىي سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىگە قايىل بولسىمۇ، لېكىن خۇدانىڭ سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى رەت قىلىدۇ. تارىخچىلار جاھىزنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىنىڭ تىبائىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىشىدۇ. جاھىز بالاغەتكە يەتكەن ئادەم خۇدانى تونۇيدۇ، ئاللاھ ھېچقانداق

ئادەمنى بېھىش ياكى دوزاخقا يوللىمايدۇ، بەلكى دوزاختىكى ئوت تەبىئىي ھالدا دوزەخىيلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ. لېكىن ئۇلار دوزاختا ئەبەدىي قالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. جاھىز ياخشىلىق ۋە گۇناھ مەسىلىسىدە مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن ئوخشاش قاراشنى ياقلايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، كىمكى خۇدا جىسىم ئەمەس، كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئادالەتنىڭ كۆرۈنۈشى ( ئادالەتتە بىلىنىدۇ ) دېگەننى ئېتىراپ قىلسا شۇ ھەقىقىي مۇسۇلماندۇر. ئەكسىنچە بۇنداق خۇسۇسىيەتلەرنى رەت ئەتكۈچىلەر، خۇدانى نېمىلەرگىدۇر ئوخشاتقۇچىلار مۇشرىكلاردۇر.

جاھىزنىڭ تەلىماتى تۆت قىسىم — ئاللاھ، پەيغەمبەرلىك، ئىماملىق ۋە مەرىپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسىدا ئاللاھنىڭ ئەسلى ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئىككىنچىسىدە پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھ بىلەن ئىنسانلار مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق رولى سۆزلىنىدۇ. ئۈچىنچىسىدە خەلىپىنىڭ تەيىنلىنىشى ۋە شۇنىڭغا ئائىت مەسىلىلەر سۆزلىنىدۇ. ئاخىرقىسى مەرىپەت مەسىلىسى تەھلىللىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئاقىلانە مۇناسىۋەتلىرى راۋا دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئېقىم ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان.

**جەبرىيە** — ئەبۇ مەھرەز جەھم سەفۋانى تېرمىزى ( 745 - يىلى قازا قىلغان ) ۋەكىللىكىدىكى دىنىي - پەلسەپىۋى ئېقىم. ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئىنسانلار ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئەركىنلىككە ئىگىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ بارلىق قىلغان - ئەتكەنلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلىنەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە بۇ تالاش تارتىشلارنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى تېخى ئاجىز بولغاچقا تەقدىرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگۈلىنىدىغانلىقى ھەممە بىردەك ئىشىنىدىغان، ھېچكىمنى ئويلاندۇرمايدىغان بىر ئۇقۇم

ئىدى. شۇڭا، ئىنسانلار ئۆز پائالىيەتلىرىدە ھېچقانداق ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەس، ئۇلار تەقدىرىگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنداق ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇردۇر، ئۇلار ئىلاھىي پەرماننىڭ ئىجراچىسىلا خالاس، دەپ قارىلىپ، بۇ خىل قاراش تاكى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان (646 — 705) دەۋرىگىچە داۋام ئېتىدۇ. شۇ دەۋردە مەئبەد ئىبنى ئابدۇللاھ جۇھانى (675 — 705) بۇ خىل قاراشقا رەددىيە بېرىپ، ئىنسانلار ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئەركىن ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىگىمۇ ئۆزى مەسئۇل دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىمۇ بۇ خىل قاراشنى مەلۇم دائىرىدە ياقلايدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرنىڭ كۆپىنچىسى جەبەرىيەنى بىر مۇستەقىل ئېقىم سۈپىتىدە تونۇشتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەقدىر توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى تېزلىكتە تارقىلىپ، نۇرغۇن ئېقىم — پىرقىلەرنىڭ ئورتاق قارىشىغا ئايلانغان. پەقەت مۇھەممەد شەھرىستانى ئۇنى ئايرىم ئېقىم سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇپ، كېيىنچە ئۇنىڭ **جەھمىيە**، **نەججارىيە**، **زىرارىيە** قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. مەزكۇر ئېقىمنىڭ ئاساسچىسى جەھم ئىبنى سەفۋانى خوراسانلىق بولۇپ، ئاۋۋال ئۆز تەلىماتلىرىنى تېرمىزدا تارقىتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا ئېقىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ئىنساننىڭ ھەملى (ھامىلدارلىقى) نى روھلار ئالىمىدە يارىتىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرگۈزگەن. بۇ خۇددى يەردە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك ئاسماندىن ياغىدىغان يامغۇر سۈيى بىلەن ياشىنىغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولۇپ، ئىنسان ئۆزى ئۇنىڭ جەريانىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. جەھم ئىبنى سەفۋاننىڭ خۇدانىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرى مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن بىردەك بولۇپ، تەقدىردىكى مەجبۇرلۇق مەسىلىسىدە ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلار **جەھمىيە** ، **بوكرىيە** ، **زىرارىيە** قاتارلىق بىر نەچچە پىرقىلەرنىمۇ جەبەرىيەنىڭ تارماقلىرى، دەپ قارىشىدۇ . ئالدىنقىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىدىكى قۇدرىتى ۋە ئەركىنلىكىنى تامامەن ئىنكار قىلىدۇ ، ئىمانىنى ئاللاھنى تونۇغانلىق ، كوپۇرلۇقنى بولسا، نادانلىق ھېسابلايدۇ . بوكرىيە تەرەپدارلىرىمۇ ئاساسەن يۇقىرىدىكىدەك كۆز قاراشلارنى ياقلىشىدۇ . زىرارىيەچىلەر بولسا، بەندىلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە قۇدرىتىنى تامامەن رەد قىلىدۇ .

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بايانلارنى خۇلاسىلىغاندا، جەبەرىيەنى خالىس ۋە ئوتتۇرا يولنى ياقلىغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈش بىر قەدەر ئومۇمىيلاشقان قاراش . كۆپلىگەن دىنىي تارىخچىلار، جۈملىدىن سەئىد شەرىفى جۇرجانى ھادىسىلەردە مەلۇم ئۆلچەم بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان بىر قىسىم مۇئتەزىلەچىلەرنىمۇ جەبەرىيەچىلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ . مۇھەممەد شەھرىستانى يۇقىرىدىكى ئىككى بۆلەكنى ھەقىقىي جەبەرىيەچىلەر ۋە مۇتەدىل جەبەرىيەچىلەر دېگەندەك باشقا بىر خىل ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ ، ئالدىنقىسىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان كىشىلەرنى ، كېيىنكىسىگە ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلىنىپ بولغان ، بەندىلەر پەقەت ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان پائالىيەتلەردە ئۆزىگە ئۆزى مەسئۇل بولالايدىغان كىشىلەرنى كىرگۈزىدۇ .

جەبەرىيە تەلىماتلىرى خەلىپىلىك دەۋرىدە بەزى غايىۋى خاھىشقىمۇ ئىگە بولغان، ئۇ بىر تەرەپتىن خەلىپىلىكنىڭ كېڭەيمىچىلىك مەقسىتىدىكى ئۇرۇشلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى قورالى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ شەكسىز ھالدا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە خەلىپىلىككە بويسۇنۇشى كېرەكلىكى تەرغىب قىلىنغان . ئۇلارنىڭ تەلىماتى بويىچە ئۇمەۋىيلەرنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولۇپ ، ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق ،

قارشىلىق قىلىش ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماسلىق، دەپ قارالغان . شۇڭا، خەلىپىلىكمۇ بۇ ئېقىمنى بار كۈچى بىلەن يۆلەپ ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەلىماتلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشىگە كەڭ يول ئاچقان . جەبەرىيەچىلەر ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە يېڭى ھەدىسلەرنى توقۇپ چىقىرىپ ، شۇ زاماندا ئۆزلىرى بىلەن كۆز قاراش جەھەتتە قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان قەدەرىيەچىلەرنى ئاتەشپەرەسلىككە، ھەتتا خۇدانىڭ دۈشمىنىگە چىقىرىۋېتىدۇ .

مۇئتەزىلەچىلەردىن جەبەرىيەگە مايىل بولغان يېڭى ئېقىملارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قەدەرىيەچىلەر بىلەن بولغان مۇنازىرىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ . ئاخىر بۇ ئىككى ئېقىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىلەر پەلسەپە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ، نۇرغۇن پەيلەسوپلار بۇ مۇنازىرىلەردىكى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشقا كىرىشىدۇ . جۈملىدىن، نەسىرۇددىن تۇسى « جەبر ۋە ئىختىيار» نامى بىلەن مەخسۇس ئەسەر يېزىپ ، بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى پەلسەپە نوقتىسىدىن شەرھلەيدۇ . تارىخىي مەلۇماتلاردا يەنە بىر قىسىم ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ بۇ ئىككى ئېقىمنى ياراشتۇرۇشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىمۇ مەلۇم . بۇنداق تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ھەر ئىككى تەرەپ تەلىماتلىرى يۇغۇرۇلۇپ ، يېڭى بىر نەزىرىيە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈپ ، تارىختا « ئۇدۇل » ( ياكى « ئەمر بەينەل ئەمرەين » ) نامى بىلەن ئاتالغان . ھازىرقى ۋاقىتتا سۈننىي مەزھىپىنىڭ بىر قىسىم پىرقىلىرى يەنىلا جەبەرىيە تەلىماتلىرىنى ساقلاپ ، ئۇنى يېڭى مەزمۇنلاردا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە .

**جەررىيە ــ** سۇلەيمانىيەگە قاراڭ .

**جەناھىيە ــ** شىئەنىڭ زۇجەناھەين لەقىمى بىلەن تونۇلغان ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيە ئاساس سالغان غۇلات پىرقىلىرىدىن بىرى . ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىبنى سەئدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ، كۇفەدىن مەدىنىگە كېلىپ ،

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. كېيىن ئۇلار كۇفەگە قايتىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيەنى خۇدا ۋە رەسۇل دەپ ئېلان قىلىپ، تەناسۇخ نەزىرىيىسى (روھنىڭ كۆچىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزىرىيە) نى قوبۇل قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ روھى (جېنى) ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال پەيغەمبەرلەرنىڭ تېنىگە كۆچۈپ كىرگەن، كېيىن تەندىن تەنگە ئۆتۈپ ئاخىرى ئەلى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تېنىگە، ئەڭ ئاخىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ تېنىگە ھولۇل قىلغان.

بۇ ئېقىم تەرەپدارلىرى بېھىش بىلەن دوزاخقا ئىشەنمەيدۇ. شاراب ئىچىش، زىنا ۋە باشقا مەھرەملىكنى راۋا بىلىشىدۇ. ئىبادەتنى ۋاجىپ، دەپ قارىمايدۇ. ئالەمنى پانى ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ قەلبىدە ئىلىم خۇددى باياۋاندا ئۆسۈملۈك كۆكلىگەندەك كۆكلەيدۇ. ئۇ ئۆلمىدى ۋە ئۇ مەھدى (قىيامەت قايىمدە قايتىپ كېلىدىغان غايىب پەيغەمبەر) بولۇپ كەتتى،دەپ قارىلىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلاردا بۇ ئېقىم توغرۇلىق نۇرغۇن رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ ئېقىم ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**جەئفەرىيە (1) — شىئە ئىماملىقىنىڭ غوللۇق پىرقىلىرىدىن** بىرى بولۇپ، شىئەلەرنىڭ بەشىنچى ئىمامى جەئفەر سادىق (765 — يىلى قازا قىلغان) ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پىرقە تەرەپدارلىرى ئالدىنقى ئىككى خەلىپە (ئەبۇبەكرى ۋە ئۇمەر) نىڭمۇ خەلىپىلىكتىكى ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغاچقا ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى تارىخچىلار مەزكۇر پىرقىنى سۇننىي مەزھىپى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ تونۇشتۇرىدۇ. شۇ جۈملىدىن مۇھەممەد شەھرىستانىمۇ بۇ پىرقىنى ۋاقىفىيە نامى بىلەن ئاتاپ، ئۇنى باقىرىيە تەرەپدارلىرى بىلەن بىرگە تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى پىرقە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككىسى مۇھەممەد باقىر ئىبنى ئەلى زەينۇلئابىدىن ۋە جەئفەر سادىقنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

ئىمام جەئفەر دىنىي ۋە پەلسەپە ئىلىمگە پىشقان پېشۋالاردىن بولۇپ، مەدىنىدىكى ۋاقتىدا ئەگەشكۈچىلىرىگە دائىم دىنىي ۋە پەلسەپە مەسىلىلىرىدىن دەرس ئۆتۈپ تۇرغان. كېيىن ئۇ ئىراققا كېلىپ، شۇ زاماندىكى بارلىق ئىلىملەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىدۇ. قانداشلىقتا ئۇ دادا تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئانا تەرەپتىن ئەبۇبەكرى سىددىقىقا تۇتىشىدۇ. ئىراقتىكى جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ئۇ شىئە مەزھىپىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىدىن يېنىپ، بۇ مەزھەپنىڭ بەزى ۋەكىللىرىگە نەپرەت ياغدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ رافىزىيەنىڭ ئىماملارنىڭ غائىپ بولۇشى ۋە قايتىپ كېلىشى، تەناسۇخ ۋە ھولۇل قىلىنىش، ئوخشىتىش (ئاللاھنى) قاتارلىق بىر قاتار تەلىماتلىرىنى رەد ئېتىدۇ. جەئفەر سادىق ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى مۇنداق تەكىتلىشىدۇ: ياراتقان ئاللاھ بىزگە نېمىلەرنىدۇر ئاتا قىلدى ۋە بىزدىن نېمىلەرنىدۇر كۈتىدۇ. ئۇ بىزگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى بىزدە زاھىر قىلىپ بولدى ۋە بىزدىن كۈتىدىغان نەرسىلەرنى بىزگە ئاشكارىلىدى. ئەمما، بىز قانداقمۇ ئۇ بىزدىن كۈتكەن نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا بىزگە ئاتا قىلغان نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللىنالايمىز؟!

ئىمام جەئفەر قازا قىلغاندىن كېيىن تەرەپدارلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ: بىر قىسمى مۇسا ئىبنى جەئفەرنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ئەۋلادلىرى بويىچە تاكى ئۇن ئىككىنچى ئىمام ـ مۇھەممەد ئەسكەرىگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوغلى مۇھەممەدنىلا ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار قېرىنداشلارنىڭ ئىماملىققا بولغان ۋارىسلىقىنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. تەپسىلاتىنى ئىسمائىلىيەدىن كۆرۈڭ.

**جەئفەرىيە (2) ـ مۇئتەزىلەگە** تەئەللۇق پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، جەئفەر ئىبنى مۇبەششىرى سەقەفى (848 - قازا قىلغان) ۋە جەئفەر ئىبنى ھەربى ھەمەدانى (850 - قازا قىلغان) ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى تارىخچىلار بۇ پىرقىنى

مۇتەكەللىملەرگە مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ. مۇبەششىر سەقەفىنىڭ «تەسنىف» ناملىق ئەسىرىدە بۇ پىرقىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ پىرقىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىسلام جامائەتچىلىكىدە ئاتەشپەرەسلەر ۋە بۇتپەرەسلەردىنمۇ ئۆتە بىر قىسىم پاسىقلار مەۋجۇتدۇر. ئۇلار پەيغەمبەر يارانلىرىنىڭ شاراب ئىستىمال قىلىشىنىڭ چېكى توغرىسىدىكى ئىجمائىلىرىنى دۇرۇست ئەمەس، دەپ ھېسابلاپ، شۇنداق تەكىتلىشىدۇكى، ساھابىلەر بۇ مەسىلىدە بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ رايىنى ھېسابقا ئالمىغان، چۈنكى بەزى مۇسۇلمانلار ئالما ۋە خورمىدىن تەييارلانغان شارابنى ھارام ھېسابلاشمايدۇ. ھاشىمىيە بۇ مەسىلىدە خارىجىيەنىڭ تارماقلىرىدىن بولغان نەجدىيە بىلەن ئوخشاش قاراشتىدۇر. ئىبنى مۇبەششىر يەنە ھەرقانداق ئادەم بىر دانچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بىر نەرسىنى ئوغۇرلىسا، ئۇ بۇ قىلىقى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك دوزاختا مەھكۇم ئېتىلىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ گۇناھكارلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈلۈك قېلىشىنى ئەقىلگە مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ، گۇناھنى گۇناھى كەبىر (چوڭ گۇناھ)، گۇناھى سەغىر (كىچىك گۇناھ) دەپ، ئىككىگە بۆلىدۇ. زىنا ۋە ئاياللارنىڭ توي ھەققى (كابىن، مەھر)، ئەرلەرنىڭ بالاغەت چېكى مەسىلىلىرىدە فەقىھچىلەر بىلەن جەئفەرىيە تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بۆلۈنۈش ۋە زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ ئېقىم مەۋجۇت ئەمەس.

**جەۋابىرىيە — مۇشەببەھىيەنىڭ** داۋۇدى جەۋابىرى ئاساس سالغان بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىق دىنىي ۋە شەرئىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىلگىرىكى مەسلەكداشلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھنى ئادەمگە ئوخشىتىشتا مەسلەكداشلىرىنىڭ قارىشىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغان. داۋۇد جەۋابىرىنىڭ قارىشىچە، ياراتقۇچى ئاللاھ ئادەملەرگە ئوخشاشلا تۇرلۇك ئەزالارغا ئىگە، ئۇنىڭ جىسمى، تېنى ۋە قېنى بار؛ بەدەن ئەزالىرى — قول، پۇت، باش، تىل، بىر جۈپ قۇلاق، بىر جۈپ كۆزگە ئىگە.

ئەمما، بەدىنى ۋە قېنى باشقا ئەزالىرىغا ئوخشاشلا ئىنسان بەدىنىگە، ئومۇمەن ئۇ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ بەدىنىگە ئوخشىمايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئۇ بۇخىل قاراشنى ھىشام جەۋالەيقىدىن قوبۇل قىلغانىكەن.

**جەۋالەيقىيە — ھىشامىيەگە قاراڭ.**

**جەۋزىيە — ھەشۋىيەنىڭ** ئىسمائىل ئىبنى جەۋزى ( 815 - يىلى قازا قىلغان ) ۋەكىللىكىدىكى بىر تارمىقى بولۇپ، ئاساسەن باغداتقا توپلاشقان. ئۇلار دىن ۋە شەرىئەتتىكى ئاساسلىق مەسىلىلەردە ھەشۋىيەچىلەر بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولسىمۇ، ئىمامىلىقتا ئائىت مەسىلىلەردە ئۆزلىرىگە خاس قاراشقا ئىگە بولۇپ، ئەلىنىڭ ئىماملىقىنى رەد ئېتىدۇ. بۇ ئېقىم ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**جەھمىيە — مۇرجىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، جەھم ئىبنى سەفۋانى ( 746 - يىلى قازا قىلغان ) تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان. بۇ ئېقىمدىكىلەر مۇتلەق ئىقتىدار تەلىماتىنى ياقلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىدىكى ئىرادە ئەركىنلىكىنى ئىنكار قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ياخشى - يامان ئىشلىرى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە باغلىقتۇر. ئىنساننىڭ ئۆزى ھېچنىمىگە قادىر ئەمەس، خۇدا ئۇنىڭغا خۇددى باشقا مېۋىلارنىڭ يارىلىشىغا تەسىر قىلغاندەك تەسىر قىلىدۇ. بىرەر ئىشنى ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ، دەپ قاراشقا توغرا كەلسە، ئۇ خۇددى قۇياشنىڭ پېتىشى، تۇگمەن تېشىنىڭ چۆرگىلىشى، دەرەخنىڭ مېۋە بەرگىنىگە ئوخشاش بىرخىل كۆرۈنۈشتىكى مەنسۇپلۇقتۇر، خالاس. چۈنكى، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆز ئىشىدا ھەقىقىي مۇستەقىللىققا ئىگە ئەمەستۇر. جەھمىيەچىلەر مۇرجىيە تەرەپدارلىرىغا ئوخشاشلا ئىمان ئاللاھنى تونۇش، «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلنى ئېتىراپ قىلىشتۇر، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىمان تىلدا ئەمەس، قەلبتىدۇر. شۇڭا، ئۇلار ئاللاھنى قەلبىدە تونۇپ، تىلدا ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ دىنسىز ھېسابلىمايدۇ،

ئاللاھنىڭ ئىلمىنى يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئاللاھ نەرسىلەرنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئاۋۋال بىلىپ ئاندىن ياراتسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىلمى بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. ئۇلار يەنە دوزاخ بىلەن جەننەتنى پانىي دەپ قاراپ، جەننەتتىكىلەرنى جەننەتتە، دوزاختىكىلەرنى دوزاختا مەڭگۈلۈك قالىدۇ، دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلىشىدۇ. ئاللاھنىڭ بىر نەچچە سۈپەتلىرى (قادىر، خالىق، فائىل دېگەندەك) دىن باشقا سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى رەد ئېتىشىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر كېيىنكى دەۋرلەردە ئەشئەرىيە تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، سۈننەت ئەھلىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

**جۇببائىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** جۇببائىي لەقىمى بىلەن تونۇلغان ئەبۇئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھاب (850—915) ئاساس سالغان تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا بەھشەمىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. جۇببائىي مۇئتەزىلەنىڭ شۇ دەۋردىكى يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. تارىخچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى بەسرەدە، يەنە بەزىلىرى خۇزىستاننىڭ جۇببا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، دەپ يېزىشىدۇ. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئەبۇيەئقۇپ شەھھامدىن تەلىم ئالغان، كېيىن ئۇ ئەبۇلھەسەن ئەشئەرىنىڭ ئۇستازى بولغان. كېيىنچە شاگىرتى ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپلىگەن دىنىي ۋە شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، ئۇلار ئايرىلىپ كەتكەن.

بۇ تارماق تەرەپدارلىرى دىن ۋە شەرىئەتتىكى ئاساسلىق مەسىلىلەردە مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، قىسمەن مەسىلىلەردىلا ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم تەشەببۇسلىرىنى ياقلىشىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئاللاھ تەرىپلەنگەن سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدە پەيدا بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇلار بارلىق مەۋجۇداتلارنى جەۋھەر (ئەڭ كىچىك زەررە) ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشراق نەرسە، دەپ ھېسابلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىن

ئۇلارشۇ زاماندىكى بەزى پەيلەسوپلار بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولغان. ئۇلار قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ ئۆز جامالىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى رەد ئېتىشىپ ، ئىنسانلارنى ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئەركىنلىككە ئىگە، دەپ قارىشىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، تائەت ۋە گۇناھ ، گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە باغلايدۇ. شەكىلنى مەنانى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسىي شەرتى، دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئۇلار ئەقىل بىلەن بىلىشكە بولىدىغان دىنىي قائىدىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىماننى تەرىپلىنىدىغان سۈپەتلەرنىڭ يىغىندىسى دەپ قاراپ ، شۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلارنىلا مۆئمىن، دەپ ھېسابلايدۇ. كىمكى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزسە ئۇنى دىنسىزمۇ ئەمەس ، مۆئمىنمۇ ئەمەس، بەلكى پاسىق ( گۇناھكار ) دەپلا قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئادەملەر ئۆلۈمىدىن ئىلگىرى تۆۋە قىلمىسا، دوزاخ ئوتىغا ئەبدى مەھكۇم قىلىنىدۇ.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇبائىي ئۆز ئوغلى ئەبۇھاشىم ئابدۇسالام بىلەنمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەردە مۇنازىرىلىشىپ قالغان. ئۇلار ئۆز - ئارا تالاشقان مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: خۇدانىڭ سۈپەتلىرى ، ۋە ھالەتلىرى ، ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى دېگەن سۈپەتلەرنىڭ مەنىلىرى قاتارلىقلار. جۇبائىي ئاللاھنى ئۆز زاتىدا ئالىم ۋە ھەممىگە قادىر، دەپ قارايدۇ. ئوغلى بولسا ياراتقۇچى شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگىدۇركى ، ئۇلاردا ئۇنىڭ ئالىملىقىغا ئىشارە قىلىنىدۇ ، ئۇنىڭ ۋەزلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەقىل بولسا بىر نەرسىنى چۈشىنىشتە ، مەلۇم شەيئىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشتە ئايرىغۇچىلىق رولىغا ئىگە، دەپ تەكىتلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى دېگەن سۈپىتى مەسىلىسىدىمۇ ئاتا - بالا ئوخشىمىغان قاراشقا ئىگە : جۇبائىي ئاللاھنىڭ كۆرگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچى بولۇشى ئۇنىڭ پاكلىقىنىڭ ئىپادىسى دىسە ، ئوغلى ئاللاھنىڭ كۆرگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچى بولۇشى

ئۇخشىمىغان ھالەتلەردۇر ، بۇ ھەرئىككى سۈپەت ئۇنىڭ ئالىملىقى ( ھەممىنى بىلىدىغانلىقى ) دىن پەرقلىنىدۇ ،دەپ قارايدۇ . جۇببائىي ئاللاھنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى يەنىمۇ ئاشىدۇ ،دەپ تەكىتلىسە ، ئوغلى ئاللاھ لۈتپ ئەيلىمىگەنلەرنى مەرىپەتكە سازاۋەر قىلمايدۇ ، دەپ قارايدۇ .

ئىماملىقتا ( خەلىپىلىككە ) ئائىت مەسىلىلەردە باغداتتىكى مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن بەسرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى . جۇببائىي ۋە ئوغلى بۇ مەسىلىدە سۈننەت ئەھلىنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان ، ئۇلار ئىجمائىغا قايىل . ئۇلار ئەۋلىيالارنى كارامەت ئىگىسى، دەپ قارىمايدۇ . پەيغەمبەرلەرنى چوڭ گۇناھلاردىن خالىي، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ . چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى دىنسىز ياكى مۇئمىنمۇ ئەمەس ، بەلكى پاسىق، دەپ قارايدۇ . باشقا مەسىلىلەردىكى قاراشلىرى مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن ئوخشاش . بۇ تارماق ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان.

**خابىتىيە — قەدەرىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئەھمەد ئىبنى خابىت ۋە فەزل ئىبنى ھەدەسى ئاساس سالغان . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى دەسلەپتە نەززامىيە تەرەپدارلىرىدىن ئىدى . كېيىن يولدىن ئازغانلار قاتارىدا بۇ پىرقىدىن چەتلەشتۈرۈلىدۇ . ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، شۇڭا يوقىرىدىكى نام بىلەن ئايرىم بىر تارماق بولۇپ ئويۇشىدۇ . بۇ تارماقنىڭ تەلىماتلىرى يەنىلا نەززامنىڭ ئەقىدىلىرىنى ساقلاپ قالغان . خابىت ئۇنىڭغا يەقەت ئۈچ يېڭى مەزمۇنلا قوشىدۇ : 1 ) تەۋھىد ۋە ئەيساغا ئائىت ئىلاھىي ئەھكاملاردىكى مەلۇم بىر ھۆكۈم توغرىسىدىكى ئىسپات . ئەينى چاغدا بەزىلەر مەۋجۇداتلارنىڭ ئىككى مەنبەئى بار : بىرى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئاللاھ ۋە يەنە بىرى مەخلۇق ( يارىتىلغان )-ئەيسا ئىبنى مەريەمدۇر، دېگەن قاراشتا بولغان . خابىتىيە تەرەپدارلىرى ئەيسا ئاللاھنىڭ ئاتاق ئوغلىلا خالاس ، ئۇ ئاخىرەتتە

ئادەملەر بىلەن ھېساب ـ كىتاب قىلىدىغان كىشىدۇر،دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ. 2 ) تەناسۇخ . ئىبنى خابىتنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ئۆزى ياراتقانلارنى ھازىرقى بۇ ئالەمدە ئەمەس ، بەلكى باشقا بىر ئالەمدە تولۇق ، كامىل ۋە نۇقسانسىز ھالەتتە ياراتقان . ئۇ يارىتىلغانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزلۈكنى تونۇشقا ئائىت بىلىم ، مەرىپەتنى سىڭدۈرگەن . ئۇنىڭ دەسلەپتە ياراتقانلىرى ئەقىللىق ، ھەممىنى كۆرەلەيدىغان ۋە ئابرويلۇق ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەربىرى ياراتقۇچىغا بولغان ھەمدۇ شۈكۈرگە ئائىت ۋاجىباتلارنى بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى . ياراتقۇچى ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارنى جەننەتكە ، ئىتائەت قىلمىغانلارنى دوزاخقا بۇيرىدى . چوڭراق گۇناھ سادىر قىلغانلار سىياقى كۆرۈمسىز ، ئازابلىرى ئارتۇق ھالدا تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ شەكلىدە بۇ ئالەمگە قايتۇرۇلىدۇ . بۇ ھادىسە ئۇلار گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ ، مەنىۋى جەھەتتىن كامال تاپقۇچە داۋاملىشىدۇ . 3 ) ئاللاھ جامالىنىڭ كۆرۈنۈشى . ئىبنى خابىت خۇددى تۇنجى ئەقىلنىڭ تۇنجى مەبدە ( باشلىنىش ئورنى ، پەيدا بولغان ئورۇن ، ئاساس ) دە ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆز جامالىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . ئۇ بۇنداق ئەقىل پائالىيەتچان بولۇپ ، بارلىق مەۋجۇداتلار شۇنىڭدىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ ، بۇ ھادىسە قىيامەت كۈنىدە پەردىلەرنىڭ ئېلىۋېتىلىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارايدۇ .

ئىبنى خابىتنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ھايۋاناتلار تۈپلارغا بۆلۈنىدۇ ، ھەر تۈپنىڭ رەسۇلى بولىدۇ . خابىتچىلەرنىڭ قارىشىچە، بەش ئالەم مەۋجۇتتۇر ؛ ئىككى ئالەم ساۋاب ئۈچۈن بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرىدە تائام ، شاراب ، نىكاھلىق تۇرمۇش ، ئېرىقلار ۋە باغلار ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يەنە بىرىدە روھىي لەززەت ، روھ ۋە غەيرىي جىسمانىي بولغان ھايات لازىمەتلىكلىرى مەۋجۇتتۇر . ئۈچىنچى ئالەم ئازاب ـ ئۇقۇبەت ئالىمى بولۇپ ، ئۇنىڭدىكىلەر بارازۇردۇر . تۆتىنچىسى يارالمىش ئالىمى بولۇپ ، ئىنسانلار زېمىنگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى مۇشۇ ئالەمدە

يارىتىلغان . بەشىنچىسى كىشىلەرنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرى ئالىمدۇر . بۇنىڭدىكى تەكرارلىق تاكى ياخشىلىق بىلەن گۇناھنىڭ ئۆلچىمى توشمىغۇچە داۋاملىشىدۇ . ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمىگە توشقانلار جەننەتكە ، يامانلىق ــ گۇناھنىڭ ئۆلچىمىگە توشقانلار جەھەننەمگە ئەۋەتىلىدۇ . بۇ پىرقە ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان .

**خەلەفىيە ــ خارىجىيە** ( خاۋارىجىيە ) نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، خەلەف خارىجى ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ خۇراساننىڭ سىيىستاندىكى بەش مىڭ كىشىلىك ھەمزىچىلەر قوزغىلىڭىغا رىياسەتچىلىك قىلغان . كېيىن خەلەفىيە تەرەپدارلىرى تەقدىر مەسىلىسىدىكى ئىختىلاب تۈپەيلى ھەمزىچىلەردىن ئايرىلىپ كېتىدۇ . بەشى تارىخىي مەنبەلەردە خەلەفىيە تەرەپدارلىرىنى خاۋارىجلەر مەزھىپى ( خارىجىيە ) نىڭ كىرمان ۋە مەكراندىكى بىر بۆلىكى ، دەپ تونۇشتۇرىدۇ . ئۇلار ئۆز تەلىماتلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى ئىنكار قىلىپ ، ئادەملەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىكى ياخشىلىق ۋە گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، دەپ قارايدۇ . ئۇلار ھەمزىچىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىدە ( ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇ ئۆزى پىشانىسىگە پۈتكەن ئىشلار ئۈچۈن جازالىسا ، بۇ ئادىللىق بولمايدۇ ) زىددىيەتلەر مەۋجۇت، دەپ قارىشىدۇ . ھەمزىچىلەر ئىسلامنىڭ باشقا پىرقە تەرەپدارلىرىنى قەتلى قىلىپ ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ــ تاراج قىلغان ۋە ناھەق قان تۆكۈپ ، قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان . ئۇلارنى بۇنداق ناشايان ئىشلاردىن توسۇشقا ئورۇنغان خەلەف دەرياغا غەرق قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن . ئەمما، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن گۇمانلىنىپ ، ئۇزۇن بىر مۇددەتكىچە ئۇنىڭ قايتا رىجئەت قىلىشى ( قايتىپ كېلىشى ) نى كۈتۈشكەن .

خەلەفىيەچىلەر ئەزراقىيەچىلەرگە ئوخشاشلا قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئەبەدىي دوزاخ ئوتىدا كۆيىدۇ، دەپ

قارىشىدۇ ۋە شېرىك ئەھلىنىمۇ دوزاختا مەھكۇم قىلىشىدۇ. بەزى مەنبەلەردە يەنە خەلەفىيە نامى بىلەن يەنە بىر پىرقىنىڭمۇ مەۋجۇتلىقى تىلغا ئېلىنىپ، خەلەف ئىبنى ئابدۇسەمەد ئۇنىڭ ئاساسچىسى، دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق مەلۇماتلار بىر قىسىم مەنبەلەردىلا ئۇچرايدۇ. خەلەفىيە ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان.

**خەتتابىيە** — شىئەنىڭ غۇلات پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەبۇلخەتتاب مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇزەينەب ئەسەدى ئەجدە ئاساسىنى قۇرغان. ئەبۇلخەتتاب دەسلەپتە ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ ئەگەشكۈچىسى ۋە يېقىنلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەمما، تەدرىجى ئۇنىڭغا قارىتا مۇبالىغە ۋە چەكتىن ئاشقان چوقۇنۇش مەيدانىنى تۇتۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر، كېيىندىنلا خۇدا دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەكىتلىشىچە، پەيغەمبەرلىكتىكى نۇر ئىلاھىيلىقتىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى ئىماملىقتا كۆرۈنىدۇ، ئالەم ھېچ ۋاقىت بۇ نۇردىن خالىي قالمايدۇ. ئۇ جەئفەر سادىقنى ئۆز زامانىسىدىكى كۆرۈنمەس خۇدا، ئۇ ئالەمگە نازىل بولغاندا كۆرۈنىدىغان سۈرەتكە كىرگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ قارىشى بىلەن ئۇ جەئفەر سادىقنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئەبۇلخەتتاب بۇ خىل مۇخالىپەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئىمام دەپ ئېلان قىلىدۇ ۋە ئىلاھىيلىق دەۋاسىدا بولىدۇ. ئۇ بارلىق ئىماملارنى ئەنبىيا، خۇدا ۋە ھەسەن بىلەن ھۆسەيىننىڭ پەرزەنتلىرىنى بولسا خۇدانىڭ ئوغۇللىرى، دەپ تونۇيدۇ. مەنسۇر خەلىپىلىك قىلغان دەۋردە ئەبۇلخەتتاب كۇفەدە بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئۆز تەلىماتىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىشقا كىرىشىدۇ. خەلىپە مەنسۇر لەشكەر ئەۋەتىپ ئۇنى يەتمىشتىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرگە قەتلى قىلىدۇ.

خەتتابىيە تەرەپدارلىرى ئىماملىقنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبتىن جەئفەر سادىققىچە يەتكۈزۈپ، ئاخىرىدا ئەبۇلخەتتابنى ئىمام ۋە خۇدا دەپ ئېلان قىلىشقان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە جەئفەر سادىقمۇ خۇدادۇر،

لېكىن ئەبۇلخەتتاب ئۇنىڭدىن، ھەتتا ئەلىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ پىرقىنىڭ بىر قىسىم تەرەپدارلىرى ئەبۇلخەتتابنىڭ قەتلى قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشماي، ئۇنى ئاسمانغا ئۇرۇج ( ئۆرلەپ كەتكەن ) قىلغان، دەپ قاراشقان. بۇ پىرقە تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياراتقۇچى ئاللاھ خەلقىگە ئىككى رەسۇل ئەۋەتكەن. بۇنىڭ بىرى ناتىق، يەنە بىرى سامىت ( جىم، سۆزلىمەس ) ئىدى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناتىق، ئەلى سامىت ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەلى ناتىق بولدى. ئەلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جەئفەر سادىق ناتىق ۋە ئەبۇلخەتتاب سامىت بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇلخەتتاب ناتىق ئىمامغا ئۆزگەردى. شۇڭا بارلىق خەلقلەرنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى پەرزدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاللاھقا قارىتا تەئۋىل ( شەرھلەش، تەپسىرلەش ) يولىنى تۇتۇشقان. مۇخالىپلىرىنى قەتلى قىلىشتا ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولغان. ئابدۇلقاھىر باغدادىنىڭ مەلۇماتىچە، خەتتابىيە تەرەپدارلىرى ئەبۇبەكر، ئۆمەر، ئوسمان ۋە باشقا نۇرغۇن ساھابىلەرنى ئەلىنى ئۆز زامانىدا ئىماملىقتىن مەھرۇم ئېتىشكەن دىنسىزلار، دەپ قارىشىدىكەن. ئۇلار دوزاخنى مۇشۇ زاماندىكى دەرت-ئەلەم، دەپ ھېسابلاپ، بارلىق مۇھەررەمات ( مەنئى قىلىنغان، چەكلەنگەن )، شۇ جۈملىدىن مەيخورلۇقنىمۇ راۋا دەپ بىلىشكەن. دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىشمىگەن. يالغانچىلىقنى دۈشمەنلىرىگە مۇناسىپ دەپ قاراشقان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەبۇلخەتتابنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرقىسمى ئەسلىدىكى تەشەببۇسلىرىدىن يېنىپ، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى جەئفەر سادىقنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىشىپ، ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

تارىخي مەنبەلەردە بۇ پىرقىنىڭ تارماقلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئوخشىمىغان مەلۇماتلار مەۋجۇت. بەزى مەلۇماتلاردا بۇپىرقە تۆت ياكى

بەش ، يەنە بەزى مەلۇماتلاردا ھەتتا ئەللىك تارماققا بۆلۈنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن . بۇلاردىن دائىم تىلغا ئېلىنىدىغانلىرى **مۇئەممەرىيە** ، **بۇزەيغىيە** ، **ئۇمەيرىيە** ، **مۇفەززەلىيە** ، **ئىجلىيە** قاتارلىقلاردۇر . بۇ پىرقىنىڭ پائالىيەتلىرى 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان.

**خەۋفىيە — جەبەرىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، پەقەت قىسمەن مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ تارماقتىكىلەر خەۋپ ۋە قورقۇنۇچقا تايىنىپ ، كىمكى ئاللاھنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسە ئۇنىڭدىن قورقماسلىققا تىرىشىشى كېرەك ، چۈنكى ھەبىب ( ئاشىق ) ھەبىبەدىن ( مەشۇقتىن ) قورقمايدۇ، دەپ تەكىتلەشكەن . خەۋفىيە ھازىرقى ۋاقىتتا بىر مۇستەقىل دىنىي تارماق سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس .

**خەيياتىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئەبۇلھەسەن ئىبنى ئۇمەر ئىبنى خەييات ئۇنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ يېتۈك ئىلاھىيەتشۇناسلىرىدىن ۋە ئەبۇلقاسىم ئىبنى مۇھەممەد كەئبىنىڭ ئۇستازى بولغان . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى باغداتتىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ، مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىدىكى ئاساسىي نۇقتىلارغا قايىل ، لېكىن قىسمەن مەسىلىلەردە ئۇلار بىلەن ئورتاق قاراش ھاسىل قىلالماي ئايرىلىپ كېتىشكەن . مەسىلەن ، مۇئتەزىلە تەلىماتىدا ھەرقانداق جىسىم ئۇزۇنلۇق ، كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتىن ئىبارەت، دەپ قارىلىدۇ . ئىبنى خەيياتنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق جەۋھەر ( مەزمۇن، ئەسل ) ۋە ئەرەز ( شەكىل ، تاشقىي كۆرۈنۈش ) ئەدەمدىمۇ ( يوقلىشتىمۇ ) ئۆز - ئارا مۇۋاپىقلاشقان جەۋھەر ۋە ئەرەزدۇر . ھەرقانداق جىسىم يوقلىشتىن ئىلگىرىلا كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەندە ئۆزىدە بولىدىغان سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ . ئىلاھىي سۈپەتلەر ، ئىرادە ئەركىنلىكى ، ئاڭلاش ، كۆرۈش ، ئەقىل ۋە ئىلاھىيەتتىكى باشقا مەسىلىلەردە ئىبنى خەييات ۋە مۇھەممەد كەئبى باشقا مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش قاراشتىدۇر . ئەمما، كەئبى

بىلەن ئۇستازى ئوتتۇرىسىدا بەزى بىر نۇقتىلاردا ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ، جۈملىدىن ئۇ ئىلاھىي ئىرادىنى ياراتقۇچىنىڭ ئەسلىي سۈپەتلىرىدىن بىرى دەپ قارىمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئىلاھىي ئىرادىدىن مەقسەت ئۇنىڭ فېئىل (ئەمەلگە) گە قادىر ئىكەنلىكىدىدۇر، يەنى ئىلاھىي ئىرادە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەمەلىدىكى ئەمرىدۇر. ئۇ يەنە خۇدانىڭ ئۇقۇمى ھەم ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھەم بارلىق مەرئىيات (كۆرۈنۈشلەر) دە كۆرۈنىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئۆز ئىلمىدە ئالەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. خەيياتىيە تەرەپدارلىرى شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەردىمۇ ئۆزلىرىگە خاس قاراشلارغا ئىگىدۇر. بۇ پىرقە ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان.

**خۇررەمىيە** — ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي - سىياسىي ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا خۇررەم دىنان، بابەكىيە ناملىرى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئېقىم تەلىماتىنىڭ ئاساسىنى مەزدەكىيە ۋە شىئەنىڭ ئىسلام چېكىدىن ئاشقان بەزى پىرقىلىرىنىڭ تۈرلۈك غايىلىرى تەشكىل ئېتىدۇ. تارىخچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئېقىمنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ تونۇشتۇرىدۇ: بىرىنچى باسقۇچىدا مەزدەكىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قۇباد شاھ (ھىجرىيىنىڭ 448 - 531 يىللىرى) دەۋرىدە ئۇنىڭ ئايالى خۇررەمە بىنتى فادە باشچىلىقىدا ساسانىيلارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ۋە كېيىن ئۇلارنىڭ ئىران ھەم ئەزەربەيجاندا ئېلىپ بارغان بىر قاتار قانلىق ئۇرۇشلىرىنى كۆرسىتىدىغان قەدىمكى خۇررەمىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچى دەپ تارىخچىلار غايىۋى جەھەتتىن ئىلگىرىكى مەزدەكچىلار تەلىماتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى ئىسلام شارائىتىدا راۋاجلاندۇرۇپ بارلىققا كەلگەن بىر تۈركۈم ئىسلام پىرقىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ پىرقىلەر ئەبۇ مۇسلىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بارلىققا كېلىپ، ئەبۇمۇسلىمىيە ئەقىدىلىرىنى راۋاجلاندۇرغان، دەپ قارىشىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى

تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى بابەكىيە ۋە مازيارىيەنى شۇلارغا تەۋە، دەپ قارايدۇ. مۇسا نەۋبەختى يەنە مەنسۇرىيە ۋە ھارىسىيەنىمۇ شۇ قاتارغا قوشىدۇ. ئىسمى ئاتالغان بۇ پىرقىلەر غايىۋىي ۋە ئىجتىمائىي مەقسىتى جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگىدۇر. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدە مەزدەكىيەنىڭ نۇر ۋە زۇلمەت توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى بىلەن شىئەنىڭ چەكتىن ئاشقان بەزى پىرقىلىرىنىڭ ئەقىدىلىرى ئۆز-ئارا يوغۇرۇلۇپ كەتكەن.

خۇررەمىيەگە تەۋە تارماقلاردىن بابەكىيە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇ بابەك خۇررەمى (798 —838) نىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بابەك ئەردەبىلدىكى خۇررەم ناملىق بىر يېزىدا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى ئەسلى مەدائىنلىق بولۇپ، ئەزەربەيجانغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇ قەتلى قىلىنغانىدىن كېيىن بابەك بىر مەزگىل تەبرىزدە ياغ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خۇررەمىيەنىڭ پېشۋالىرىدىن جاۋىدان ئىبنى سەھل تەرەپدارلىرى بىلەن خەلىپىلىكنى ياقتۇرغۇچىلار ئارىسىدا زىددىيەت كەسكىنلىشىدۇ، بابەك شۇ ۋاقىتلاردا جاۋىدان ئىبنى سەھل بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالىدۇ ۋە ئاخىر جاۋىداننىڭ لەشكەر بېشى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. جاۋىدان قەتلى قىلىنغانىدىن كېيىن بابەك ئۇنىڭ ئايالىغا ئۆيلىنىپ، خۇررەمىيەنىڭ باشچىلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

خۇررەمىيەنىڭ دەسلەپكى ئەگەشكۈچىلىرى ئەزەربەيجان بىلەن ئەرمەنىستاندا پەيدا بولىدۇ. كېيىن ئۇ ئىراننىڭ ھەمەدان، ئىسفاھان، قاشان، خۇزىستان ۋە باشقا شەھەرلىرىگىچە كېڭىيىدۇ. بابەك ئەردەبىلگە يېقىن رايونلاردا كۈچ توپلاپ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى دېھقانلار بىلەن كاسىپلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار قىزىل رەڭدىكى بايراقنى قوزغىلاڭنىڭ تۇغى قىلىپ تاللىۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇ تارىختا مۇھەممەرىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. ئابباسىيلار

ئەفشىن كاۋۇس باشچىلىقىدا ئۇلارغا قارشى ناھايىتى كۆپ لەشكەر ئەۋەتىدۇ. قوزغىلاڭ يىگىرمە يىل (816 —837) داۋام قىلىدۇ. ئاخىر ئەفشىن كاۋۇس قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش قارارگاھىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. بابەك قارارگاھىدىن قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەرمەنىستاندا قولغا چۈشۈپ، خەلىپە مۇئتەسىمنىڭ ئەمرى بويىچە سامەرادا قەتلى قىلىنىدۇ. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ خۇررەمىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئەزەربەيجان ۋە رەئىي، ئىسفاھان قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىدۇ.

خۇررەمىيە تەلىماتلىرى توغرىسىدا مەنبەلەردە ئوخشىمىغان مەلۇماتلار مەۋجۇت. يىغىنچاقلىغاندا ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: خۇررەمىيە تەلىماتىدا ئەبۇمۇسلىم خۇدانىڭ تەجەسسۇمى، دەپ قارىلىپ، بابەكنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ھەق دەپ تونۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. مەزدەكىيەنىڭ ئىككى ئاساسىي قائىدىسى نۇر ۋە زۇلمەتنى ئېتىراپ قىلىشىدۇر. ئۇلار ئۆز تەشەببۇسلىرىدە تەناسۇخ، ھۇلۇل (يەنى روھنىڭ جىسىم بىلەن بىرلىشىشى) قاتارلىقلارنى تەرغىپ قىلىشىدۇ. ئۇلار روھنى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي، جىسىمنى بولسا نىسبىي ۋە يوقۇلۇشچانلىقتا ئىگە، دەپ قاراپ، سازا ۋە جازا مەسىلىلىرىنى روھقا باغلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشرىكلەرنىڭ روھى ھايۋاناتلار ۋە ھاشارەتلەرگە كۆچىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تېنىدە روھ يا راھەتلىنىدۇ ياكى ئازاب تارتىدۇ. دەل مۇشۇنداق راھەت بىلەن ئازابنىڭ ئۆزى جەننەت بىلەن دوزاخقا باراۋەردۇر، ھېچقانداق قىيامەت مەۋجۇت ئەمەسدۇر.

خۇررەمىيە تەرەپدارلىرى ئەيش - ئىشرەتنى راۋا، دەپ قارايدۇ. ئۇلار مەزدەكچىلەرگە ئوخشاشلا مال - مۈلۈك، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئومۇمىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. ئۇلار باشقىلارغا يامانلىق قىلىشنى قاتتىق چەكلەپ، ئىمامنى مەرىپەت قىلىشنىڭ ئۆزىنى دىن دەپ قارايدۇ. ساداقەتمەنلىك، ھەقىقىي ئىشەنچنى تەلقىن ئېتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، يوقىرىدىكىدەك

خۇسۇسىيەتلەرىگە بولغان كىشى مەنئۇي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي پەرزلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھېچقانداق ھاجەت قالمايدۇ. بۇ ئېقىم خوراساندا تاكى 11 - ئەسىرلەرگىچە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

**دىنى ئىلاھىي** — تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ھىندىستاندا جەلالۇددىن مۇھەممەد ئەكبەر (1556 - 1605 يىللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان) يولغا قويغان بىر دىننىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ھەرقايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش ۋە ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندىلەرنى ياراشتۇرۇش ئىدى. بۇ دىن 1582 - يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ئۆز - ئارا زىددىيەتلەشمەسلىكى، ئىناق ئۆتۈشى، ھەرقايسىلىرى ئۆز دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغاندىن سىرت باشقا دىنلاردىكى ياخشى تەرەپلەرنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك، دېگەن ئىدىيەلەر تەشەببۇس قىلىنغان. ئەكبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ دىن ھىندىستاندا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

**دۇرۇزىيە** — شىئەنىڭ پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا مۇۋەھھىدىن نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ پىرقە 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىردە پەيدا بولغان بولۇپ، ئىسمائىلىيەنىڭ دائىيلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل دەرەزى (1019 - يىلى قازا قىلغان) ئۇنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ، تەلىماتلىرى جەھەتتە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىغا خېلىلا يېقىن كېلىدۇ. خىرىستىيان تارىخچىلىرىدىن يوھەنا ئەنتاكى (11- ئەسىر) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، دەرەزى ئىرانلىق بولۇپ، 1017 — يىلى مىسىرغا كەلگەن. ئۇ ھەمزە ئىبنى ئەلىنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىپ، فاتىمىلەر خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى ھەكىم ئىبنى ئەزىز بىئەمرۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلغان. 1018 - يىلى ھەمزىنى ئىماملىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئورنىغا ئۆزى ئىمام بولغان. كېيىن دەرەزى خەلىپە ھەكىمنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى

خۇدانىڭ تەجەسسۇمى، دەپ ئېلان قىلغان. 1021 - يىلى ھەكىم تۇيۇقسىز يوقالغاندىن كېيىن دۇرۇزىيە تەرەپدارلىرى ئۇنى ھەقىنىڭ كۆرۈنۈشى ، مۇنتەزەر ( كۈتۈلىۋاتقان ) ھەكىم، دەپ ئېلان قىلىشقان. دەرەزى ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ پىرقىنىڭ باشچىلىقىنى بەھائۇددىن مۇقتەنى لەقەملىك ئەلى ئىبنى ئەھمەد سەمۇكى ئۈستىگە ئالغان. مۇقتەنىنىڭ شاگىرتى لاھىق ئىبنى شەرىف بىلەن دۇرۇزىنىڭ دائىلىرىدىن بىرى بولغان سىككىن سۇرىيىدە « ئەخلاقتىن قول ئۈزۈش » غايىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ تەلىماتى باتىنىيلىق ( يېپىق ، يوشۇرۇن ) خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، ماھىيەت جەھەتتىن ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ تەلىماتى بويىچە ئەگەشكۈچىلىرى ئاقىللار ( ئۇققال ) ۋە جاھىللار ( جۇھال ) دىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تەلىماتلىرىدىكى بەزى نۇقتىلار باتىنىيلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن جاھىللارغا نىسبەتەن ئۇقۇپ بولغىلى بولمايدىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار غەيرىي مەزھەپتىكىلەردىن ئۆز ئەقىدىلىرىنى پىنھان تۇتىشىدۇ. « رەسائىل ئۇل ھىكمە » ۋە ئۇنىڭغا يېزىلغان شەرھلەرنى بۇ پىرقىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنى مەزكۇر پىرقىنىڭ بەزى دائىيلىرى ئېتىراپ قىلىشمىغان. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا بۇ پىرقە پېشۋالىرىنىڭ تەلىپى بىلەن سامىي مەكەرەم تەرىپىدىن مەزكۇر پىرقە تەلىماتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان « دۇرۇزىيە ئەقىدىلىرى » ( 1974 - يىلى ) ناملىق كىتاب ئىنگلىس تىلىدا تۈزۈپ چىقىلىدۇ. بۇ ئەسەرنى غەرپ ۋە شەرقتىكى دۇرۇزىيەچىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

دۇرۇزىيە تەلىماتىدا تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى كائىناتتىكى ئالىي پىرىنسىپلارنىڭ ئىنكاسى، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كائىنات قاراشلىرى بەش

ئاساستىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار ماددىي دۇنيانىڭ مەبدەسى ( ئەسلى ) نى ھەكىم مۇنتەزەر ( كۈتۈلىۋاتقان ھەكىم ) دە تەجەسسۇم بولغان، ھەرقانداق سۈپەتتىن خالىي يەككە يېگانە خۇدا ،دەپ قارىشىدۇ. ئەقلى كۈلنى[1] ئاۋۋال ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ۋە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، ھەمزە ئىبنى ئەلىدە تەجەسسۇم بولغان، دەپ ھېسابلىشىدۇ. نەفسى كۈلنى[2] بولسا كېيىن يارىتىلغان ۋە ھەمزەنىڭ ياردەمچىسى ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد تەمىمىيدە تەجەسسۇم بولغان، دەپ تەكىتلىشىدۇ. ئۈچىنچى نۆۋەتتە مەۋجۇداتلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، سۆز يارىتىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ۋەھبى قۇرەيشىدە تەجەسسۇم بولغان؛ تۆتىنچى نۆۋەتتە كائىناتلارنىڭ بىرلىكى بولغان نۇرلۇبەسىت ( تۇنجى نۇر، پاك نۇر ) يارىتىلغان بولۇپ، سەلام ئىبنى ئابدۇلۋەھابدا تەجەسسۇم قىلىنغان؛ بەشىنچى نۆۋەتتە يوقىرىدىكى ئالەم بىلەن تۆۋەندىكى ئالەمنىڭ مۇتابىقلىشىشىنى ( بىر - بىرىگە ماسلىششىنى ) ئىپادىلەيدىغان لاتاپەتلىك ھېكمەت يارىتىلغان بولۇپ، مۇقتەنىدە تەجەسسۇم ئېتىلگەن، دەپ قارىشىدۇ. دۇرۇزىيەنىڭ كوسمولوگىيە تەلىماتىدىكى بۇ بەش ئەسل ( ئاساس، مەنبە ) ئالەمنىڭ يارىتىلىشى چۈشەنچىسى بىلەن يوغۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ تەلىماتىچە، ئالەم ياخشىلىق ۋە گۇناھنىڭ تاناسىپ مۇناسىۋىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى، ئالەمدىكى ھەربىر ئەسل ئۆزىگە قارمۇ-قارشى ئەسلىگە ( ئەقىل - شەيتان، نۇر - زۇلمەت، ھېكمەت - جەھل، ھايات - ئۆلۈم ) ئىگىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان تەبىئىي ۋە روھىي دۇنيادىن تۇغۇلغان

[1] ئەقلىي كۈل - ( كامىل ئەقىل ) ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئۇقۇملارنىڭ بىرى بولۇپ، گويا ۋەھىي تەرىقىسىدە ئاللاھدىن جەبرائىل ئارقىلىق مۇھەممەدئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەن. بۇ ئۇقۇم ئىسلامنىڭ ھەرقايسى پەلسەپىۋى ئېقىملىرىدە پەرقلىق ھالدا شەرھلىنىدۇ. مەسىلەن، تەسەۋۋۇپتا يارالمىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دەپ قارىلىدۇ.

[2] نەفسى كۈل - ( كامىل روھ، جان ) ئىسلام پەلسەپىسىدە ئالەمنىڭ يارىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت نوقتىسى، يۇقىرى ۋە تۆۋەندىكى ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم بولۇپ، يارالمىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، يەنى ماددا، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پەيدا بولۇش باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

بولۇپ، مەڭگۈلۈك ئىرادىسىنىڭ ئۇچقۇنىدىن تۆرەلگەن، ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىدىكى روھنىڭ ئۆزىمۇ مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇ پاسىتلىشىدىغان (قېرىپ تۈگەيدىغان) تەن (جىسىم) دىن يېڭىدىن تۇغۇلىدىغان تەنگە كۆچىدۇ. روھ ئادالەتنى ياقلاش ئۈچۈن ئوخشىمىغان تەنلەردە بەختلىك ۋە بەختسىزلىك، ئاچچىق ۋە تاتلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈشى كېرەك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ شەكلىدە پەيدا بولالايدۇ. دۇرۇزىيەچىلەر جەننەت بىلەن دوزاخنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. ئۇلار شىئەلەرنىڭ يەتتە ئەھكامىنى تەۋھىد (بىرلىك) نۇقتىسىدىن مۇنداق شەرھلەيدۇ: 1) ئېتىقادنىڭ شاھادىتىنى ئۇلار تەۋھىدنى تەستىقلەش، 2) سەلات (دۇئا، ناماز) نى ئۇلار كائىنات تەلىماتلىرىدىكى ئەسلىلەرنىڭ تەجەسسۇمى ئارقىلىق خۇداغا ئۇلىنىپ كېتىش، 3) خەير ۋە سەدىقىنى پىرقە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىگە يۆلەك بولۇشى، 4) روزىنى تەييارلىقى يوقلارغا ھەقىقەتنى ئاشكارىلىماسلىق، 5) ھەجنى خۇدا يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، 6) ئېتىقاد ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەۋھىد يولىدا تىرىشىش، 7) ئىمامغا بولغان ئىشەنچنى كائىنات تەلىماتىغا بويسۇنۇش دېگەن مەنىلەردە چۈشەندۈرۈشىدۇ. ئۇلار ئىسلام ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشمايدۇ، ئۇلاردا مەسچىتمۇ يوق. بۇ پىرقە تەرەپدارلىرى سۈرىيەنىڭ بىر قىسىم تاغلىق رايونلىرىدىن باشقا لىۋان، پەلەستىن ۋە ئامېرىكىدا ھازىرمۇ مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى تۆت يۈز مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ.

**راجىيە — مۇرجىئەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، شەرىئەت ۋە فىقھىگە ئائىت مەسىلىلەردە شۇلار بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىكەن. پەقەت قىسمەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئۇلار بىلەن ئىختىلاپلىشىپ قېلىشقان. جۈملىدىن ئۇلار مۇنداق تەشۋىق قىلىشقان: بىز ئىتائەتكارلارنى ئىتائەتكار ۋە ئاسىيلارنى ئاسىي دەپ ئېيتىمىز، چۈنكى بىز ئۇلارغا ئاللاھ ئالدىدا قانداق ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز. راجىيەچىلەر شۇنداق يوللار بىلەن

بىرەر مەسىلە ئۈستىدىكى ھۆكۈمنى كەينىگە سۈرۈشكە ئادەتلەنگەن . بۇ پىرقىنىڭ نامىمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن قويۇلغان .

**رافىزىيە** ــ **شىئەنىڭ** ئەڭ يىرىك پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، خەلىپىلىكنىڭ تۇنجى ئىماملىقىنىلا قوبۇل قىلىشمايدۇ . بۇ پىرقە تارىختا رەۋافىز نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى ئايرىشتا تارىخچىلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت . سۈننەت ئەھلى بارلىق شىئەلەرنى رافىزىيەچىلەر ، دەپ ئاتايدۇ . سۈننەت ئەھلىگە تەۋە تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى « ئەل فەرق بەيىنەل فىراق » ناملىق ئەسىرىدە بارلىق شىئە ئەھلىنى رافىزىيەچىلەر دەپ ئاتاپ ، زەيدىيەنى ئۇنىڭ ئۈچ تارمىقى ( **جارۇدىيە ، سۇلەيمانىيە ، بەكرىيە** ) بىلەن كەيسانىيەنى ئۇنىڭ ئۈچ تارمىقى ( **كەربىيە ، بەيانىيە ، ھاشىمىيە** ) بىلەن ۋە ئىمامىيەنى ئۇنىڭ ئون بەش تارمىقى ( **كامىلىيە ، مۇھەممەدىيە ، باقىرىيە ، نەۋۇسىيە ، شەمىتىيە ، ئەممارىيە ، ئىسمائىلىيە ، مۇبارەكىيە ، مۇسەۋىيە ، قەتئىيە ، ھىشامىيە ، زىرارىيە ، يۇنۇسىيە ، نۇئمانىيە ، ئىسنائەشەرىيە** ) بىلەن رافىزىيەگە تەۋە ، دەپ قارايدۇ . مۇھەممەد شەھرىستانى پەقەت كۇفەدىكى ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىپ ، زەيد ئىبنى ئەلىنى تەرك ئەتكەن شىئەلەرنىلا رافىزىيەچىلەر ، دەپ ئاتايدۇ . شۇڭا ، ئۇ زەيدىيەنى شىئەگە تەۋە دەپ قارايدۇ . زەيد ئىبنى ئەلىنى تەرك ئەتكەن شىئەلەرنى رافىزىيەچىلەر دەپ قاراش باشقا تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ .

ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى شىئەلەرنى ئۈچ چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈپ ، رافىزىيەنى زەيدىيە ۋە غالىيە بىلەن ئوخشاشلا بىر مۇستەقىل گۇرۇھ دەپ قارايدۇ . ئۇ بىر تارىخچى سۈپىتىدە شىئەلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلىنىڭ ئىمام بولۇشىغا ئىشارە قىلغان ۋە ئەلىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ھەق ھەم دىن ئىشلىرىدا ھېچقانداق خاتالىق سادىر قىلمىغان ، دەپ قارايدۇ . شىئەگە تەۋە پىرقىلەردىن پەقەت كامىلىيەلا ئەلىنى ئۆز

ئىماملىقىنى تالاشمىغىنى ئۈچۈن ئەيىبلىگەن، دەپ ئەسكەرتىدۇ.
شۇنداقلا ئۇ رافىزىيەنى يىگىرمە تۆت تارماققا بۆلۈنىدۇ، دەپ قارايدۇ.
سۈننەت ئەھلىدىن بولغان ئىبنى تەيمىيە «كىتابۇل مىنھاج» دا
رافىزىيە تەلىماتىنى باشقا پىرقە تەلىماتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ،
ئۇنى يالغانچىلىق ۋە مۇبالىغىغا ئاساسلانغان ئىككى يۈزلىمىچىلىك
خاراكتېرىگە ئىگە، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەبۇمەھنەف بۇ مەسىلىدە
شەھرىستانىنىڭ پىكرىنى ياقلايدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەنبەلەردە مەزكۇر پىرقە توغرىسىدا
ئوخشىمىغان مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ سانىمۇ
ئېنىق ئەمەس. بۇ تارماقلارنىڭ ھەممىسى ئىماملىقنى ئەلى ئىبنى
ئەبۇتالىپتىن باشلاپ، مەلۇم بىر ئىماملىققا كەلگەندە توختاپ
قېلىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن تولىسىنىڭ پائالىيىتىمۇ ئاخىرلىشىدۇ.
مەسىلەن، رافىزىيەگە تەۋە بىر تارماق ئىماملىقنى ئەلى ئىبنى
ئەبۇتالىپتىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاغىچە يەتكۈزۈپ، ئۇنى مەھدى
دەپ، ئېلان قىلىشقان بولسا، يەنە بىر تارماق ئىماملىقنى ئەلى
ئىبنى ھۇسەيىنگىچە يەتكۈزۈپ، ئىچكى ئىختىلاپلار تۈپەيلى
ھۆسەيىنىيە ۋە مۇھەممەدىيەدىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ
كەتكەن: ئىسمائىلىيە ئىماملىقنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل
بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان: مۇساۋىيە ئۇنى ئەھمەد ئىبنى مۇسا بىلەن
ئاخىرلاشتۇرغان، يەنە بىر تارماق ئىماملىقنى مۇھەممەد ئىبنى
باقىرغىچە داۋاملاشتۇرغان. بۇ پىرقىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قائىم
ۋە مۇنتەزەر (كۈتۈلىۋاتقان) ئىماملارنىڭ ھەممىسىگە قايىل بولۇپ،
پەقەت شەرىئەت ۋە دىنغا ئائىت بەزى مەسىلىلەردىكى قاراشلىرىنىڭ
ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ئايرىم تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشكەن.

رافىزىيە تەرەپدارلىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپقا نىسبەتەن
مۇبالىغىلەشتۈرۈش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇنى پەۋقۇلئاددە سۈپەت ۋە
پەزىلەتلەر بىلەن تەرىپلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە،
خەلىپىلىكتىكى ئىماملىق ئىشارە بىلەن تەستىقلاشتا، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام بولسا پەقەت ئەلىنىڭ نامىنىلا ئىشارە قىلغان ، ئەمما ساھابىلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇھەممەدئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلىشىپ ، ئەلىنى ئىماملىققا قوبۇل قىلىشمىغان . رافىزىيە تەرەپدارلىرى مۇشۇ نۇقتىدىن ساھابىلارنىڭ بىر قىسمىنىلا ئەمەس ، بەلكى ئالدىنقى خەلىپىلەر ــ ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرنىمۇ دىنسىزلار، دەپ ئەيىبلىشىدۇ . رافىزىيە تەرەپدارلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمى ھەتتا چەكتىن ئېشىپ ، جەبرائىلنى ئەلىگە كەلگەن ۋەھيىنى خاتالىشىپ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە يەتكۈزۈپ قويغان، دېگەن گۇناھ بىلەن ئەيىبلىشىدۇ .

رافىزىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئەلىنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمۇ ، ئىماملىققا ئائىت تەلىماتلاردا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالىشالمىغان . بەزىلىرى نەبىنى ئىمامدىن ئۈستۈن دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى ئىمامنىڭ ئورنى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارىشىدۇ . بەزىلىرى ئىمام پەقەت شەرىئەت ۋە دىنغا ئائىت ئىشلارنىلا بىلىدۇ ، ئۇ ھەممىنى بىلىشكە قادىر ئەمەس، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى ئەكسىنچە ئىمامنىڭ قۇدرىتىنى كېڭەيتىپ ، ئۇنى ھەممىدىن خەۋەردار، دەپ قارىشىدۇ . رافىزىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا پىرقىلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى . مەسىلەن ، باغداتتىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇلارنىڭ ئىماملىققا ئائىت تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلغان. يەنە بەزىلىرى خارىجىيەنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىماتلىرىنى ياقلىغان .

رافىزىيە تەرەپدارلىرى دىنىي ، پەلسەپىۋىي ، ئەخلاقىي ۋە باشقا مەسىلىلەردە ئۇزۇن مۇددەت بەس- مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بىرەر مەسىلىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلغۇدەك بىرەر خۇلاسىگە كېلەلمەي ، ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئىختىلاپلىرى ھەرۋاقىت داۋاملىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن ،تەجسىم ( كونكرېتلاشتۇرۇش ) مەسىلىسىدە ئۇلار بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ياراتقۇچى ھېچقانداق شەكىلگە ئىگە ئەمەس ، ئۇ

جىسىممۇ ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئاللاھ ئىنسان سۈرىتىدىدۇر، ئەمما ئۇ جىسىم ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ. ئۈچىنچى بىر قىسمى ئاللاھنى بىر خالىس نۇردۇر، قايسى تەرەپتىن قارىساڭ ئۇ ئوخشاش كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇ ھېچقانداق شەكىل ھەم ئەزاغا ئىگە ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، رافىزىيە تەرەپدارلىرىمۇ دەسلەپتە ئاللاھقا تۇرلۇك سۈپەتلەرنى بەرگەن، ئەمما، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇلار ئاللاھنى ھەرقانداق سۈپەتتىن خالىي، دەپ قاراشقا يۈزلەنگەن.

رافىزىيە تەرەپدارلىرى تەۋھىد مەسىلىسىدە خارىجىيە ۋە مۇئتەزىلىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش مەۋقەدە تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھ، ئۇنىڭ رەسۇلى ۋە ئىمامغا بولغان قايىللىقنى ئىمان، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ قىيامەتتىن ئىلگىرىلا رىجئەت ( قايتىپ كېلىش ) قىلىشىغا ( خۇددى ئاللاھ بەنى ئىسرائىلدىن مەلۇم قەۋمنى قايتا تىرىلدۈرگەندەك )ئىشىنىشىدۇ. يەنە بەزىلىرى روھنىڭ باشقا شەكىلدە تەناسۇخ قىلىشىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. تەھرىم ( ھارام دەپ ئېلان قىلىش ) مەسىلىسىدە رافىزىيە تەرەپدارلىرى ئۆزگىچە قاراشقا ئىگىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بىرەرسى بىرەر ئايال بىلەن زىنا قىلسا ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇنى شۇ ئىش بىلەن تالاق قىلىۋەتسە، زىنا قىلغۇچى ئۇ ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ئالالمايدۇ. ئۇلار مۇتلەق تالاقنىمۇ ھارام، دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى ئىككى خالىس شاھىدنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشنى دەۋەت قىلىشىدۇ.

رافىزىيە تەرەپدارلىرى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدىمۇ بىرلىككە كېلەلمىگەن. ئۇلاردىن بىر قىسمى ئاللاھنى ئەزەلدىنلا ئەسلىي سۈپەتلەرگە ئىگە ئىدى، دەپ قارىسا، يەنە بىر قىسمى ئاللاھ ھەممىنى بىلىشكە قادىر، ئالىمدۇر، ئەمما ئۇ بىر نەرسىدە تەسىر قالدۇرمىغۇچە ئۇنى دەرك ئەتمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئاساسەن ئاللاھنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى ساھىب

ئىختىيارىلىقىنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ ، ئۇنى ھەرقانداق نەرسىنى بىلىشتە ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە ، بىرەر نەرسىنى بىلگۈسى بولسا چوقۇم بىلەلەيدۇ ، بىلگۈسى كەلمىسە بىلمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇچىنچى خىلدىكىلەر ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تېخى ئەمەلگە كەلمەستىلا بىلىپ بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ. « قۇرئان كەرىم » گە ئائىت قاراشلاردا رافىزىيە تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خارىجىيە ۋە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇپ ، ئۇنى يارىتىلغان، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ، ئۇنىڭ رەسۇلى ۋە ئىمامغا، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق نەرسىگە ئىقرار بولۇش ئىماندۇر. ئۇلارنى تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىش بارلىق ئەزالارغا زۆرۈردۇر. ئەگەر ئۇلارنى دەرك ئەتسە ۋە تونۇسا مۇئمىن ۋە مۇسۇلماندۇر. ئەگەر دەرك ئېتىپ تونۇمىسا پەقەت مۇسۇلماندۇر ، ئەمما مۇئمىن بولالمايدۇ.

رافىزىيە تەرەپدارلىرى جىسىملەرنى تونۇشتىمۇ ئوخشىمىغان قاراشقا ئىگە بولۇپ ، ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمى جىسىم ئۇزۇنلۇق ، كەڭلىك ۋە قېلىنلىققا ئىگە، دەپ قارىسا، يەنە بىر قىسمى جىسىم تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن ( مۇئەللەف ۋە مۇرەككەب )[①] بىرىكمىدۇر ، بۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغانلار جىسىم بولالمايدۇ، دېگەن قاراشنى ياقلىشىدۇ. ئىنسان مەسىلىسىدىكى تالاش - تارتىشتىمۇ ئۇلار تۆت تارماققا بۆلۈنىدۇ: بىر تارمىقى ئىنساننى تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان بىرلىك، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئەگەر ئىنسان بىردىن ئارتۇق قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولسا ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان ۋە يەنە بىر قىسمىغا كاپىرلىق ئورۇنلىشىپ ، بىرلا ۋاقىتتا ھەم مۇئمىن ، ھەم كاپىر بولغان بولاتتى ، ۋەھالەنكى بۇنداق بولۇش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ. ئىككىنچى بىر قىسمى ئىنساننى روھدىنلا ئىبارەت،

---

[①] مۇئەللەف ، مۇرەككەب —— تەركىبنى كۆرسىتىدۇ.

دەپ قارىشىدۇ. ئۈچىنچى بۆلىكى ئىنساننى نەزەرگە ئېلىنغان (مەرئىي) جىسىم، دەپ قارىشىدۇ...

رافىزىيە ۋە ئۇنىڭغا تەۋە تارماقلار ھازىر مۇستەقىل پائالىيەتتىن توختىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدىكى بەزى مۇھىم نۇقتىلار ئىمامىيە ۋە ئىسنائەشەرىيە تەلىماتلىرىدا ساقلىنىپ قالغان.

**رەجئىيە — رافىزىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، بىر قىسىم مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بىلەنلا ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان قارىشى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۆلمىدى، ئۇلار بىر كۈنى يەر يۈزىگە قايتىپ كېلىپ، دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئالىدۇ ۋە يەر يۈزىنى ئادالەت نۇرلىرى بىلەن نۇرلاندۇرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. مەزكۇر تارماقنىڭ نامىمۇ يوقىرىدىكىگە ئوخشاش كۆز قاراشقا ئاساسەن قويۇلغان. ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى «مەقالات» ناملىق ئەسىرىدە رەجئىيەنى خارىجىيەنىڭ ئاساسچىسى سالىھ ئىبنى مۇسەررىھ بىلەن بولغان ئىختىلاب نەتىجىسىدە خارىجىيەدىن بۆلۈنۈپ چىققان پىرقىلەردىن دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش باشقا مەنبەلەردە ئۇچرىمايدۇ.

**رەزامىيە — شىئەنىڭ** 8 - ئەسىردە رەزام ئىبنى رەزم ئاساس سالغان پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، رىزامىيە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. رەزام خەلىپە مەنسۇر دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۆز تەلىماتلىرىنى **كەيسانىيە** تەلىماتلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن. ھەسەن ئىبنى مۇسا نەۋبەختى رەزامىيەنى راۋەندىيەنىڭ بىر تارمىقى، دەپ تونۇشتۇرىدۇ. باشقا بىر قىسىم تارىخچىلار مەزكۇر پىرقىنى ئەبۇمۇسلىمىيەنىڭ بىر تارمىقى، دەپ قارايدۇ. بۇ پىرقە دەسلەپتە خۇراساننىڭ مەرۋى ۋە ھىرات شەھەرلىرىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەبۇمۇسلىمنىڭ خۇراساندىكى تۇنجى دىنىي - سىياسىي يىغىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مەزكۇر پىرقە تەرەپدارلىرىمۇ ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋەقەلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ. ئۇلار ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىگە قارشى

چىقىپ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن رەزامىيە تەرەپدارلىرى ئىماملىقنىڭ ئەلى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن كېيىن ئابباس جەمەتىگە ئۆتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ئەبۇمۇسلىمگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ۋەسىيەتكە ئاساسەن ئىماملىق ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپتىن مۇھەممەد ھەنەفىيەگە، ئۇنىڭدىن ئوغلى ئەبۇھاشىمگە، ئۇنىڭدىن ئەلى ئىبنى ئابباسقا ئۆتۈشى كېرەك. رەزامىيە تەرەپدارلىرىدىن بىر قىسمى يەنە ئىماملىقنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن ئەبۇ مۇسلىمگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى مەزكۇر پىرقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى تارماققا بۆلۈنۈشىگە سەۋەپ بولىدۇ. بىرىنچى تارمىقى ئەبۇمۇسلىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، رەزام ئىبنى رەزىم تەلىماتىنى سادىقلىق بىلەن ھىمايە قىلسا. يەنە بىر تارمىقى ئەبۇمۇسلىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ئىلاھىي سۈپەتلەرنى نىسبەتلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەبۇمۇسلىم ئۆلمىگەن، ئۇنىڭ جىسمىغا ئىلاھىي روھ كۆچۈپ كىرگەن، ئۇ ئاخىر بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ. تەتقىقاتلاردا بۇ تارماق ئەبۇمۇسلىمىيە نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

رەزامىيە تەرەپدارلىرى دىننى ئىككى ئاساستىن - ئاللاھنى تونۇش ۋە ئامانەتلەرنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت، دەپ قارىشىدۇ. بارلىق مۇھەررەماتلار (چەكلىمىلەر) نى رەد ئېتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي تەلىماتلىرى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى ياقلايدىغان راۋەندىيە، ئەبۇمۇسلىمىيە، خارىجىيەگە ئوخشاش باشقا پىرقىلەردىن ئاساسەن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ئابباسىيلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى قۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋىي قورالى بولغان.

**رەشىدىيە — سەئلەبىيەنىڭ** رەشىدى رۇشەيدى تۇسى ئاساس سالغان بىر تارمىقى بولۇپ، رۇشەيدىيە، ئۇشرىيە نامى بىلەنمۇ

ئاتىلىدۇ. بۇ تارماق باج تاپشۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. تەرەپدارلىرى ئۆستەڭلەر ۋە قۇدۇق سۇيىدە سۇغۇرۇلغان زىرائەتلەردىن يېرىم ئۇشر (بەشتىن بىر) باج ئېلىنىشى ۋە تەبىئىي سۇلاردا سۇغۇرۇلغان زىرائەتلەردىن ئۇشر (ئوندىن بىر) باج ئېلىنىشى لازىم، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىغا زىياد ئىبنى ئابدۇرەھمان رازى بولماي ھەممىدىن ئوخشاشلا كامىل ئۇشر باج يىغىشنى تەلەپ قىلغان. شەرىئەت ۋە باشقا دىنىي مەسىلىلەردە ئۇلار سەئلەبىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتىدۇر.

**رەۋافىز —** رافىزىيەگە قاراڭ.

**رەۋەندىيە —** شىئەنىڭ ئابدۇللاھ راۋەندى ئاساس سالغان بىر تارمىقىدۇر. مۇھەممەد ھەنەفى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئەبۇ ھاشىم ۋارىسلىقنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبباس ئىبنى ئەبۇمۇتەلىبگە ۋەسىيەت بىلەن قالدۇرغان دېگەن تەشەببۇسلىرى بىلەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇمۇتەلىبنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە ئورۇنۇشقان. شۇڭا، بۇ پىرقە تەرەپدارلىرى ئاباسىيلارنىڭ تۇنجى شىئەلىرى، دەپمۇ ئاتالغان. كېيىن مەزكۇر پىرقە تەرەپدارلىرى ئاباسىيلارنىڭ خەلىپىسى مەنسۇرنى خۇدالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى خۇدانىڭ قەسرى، دەپ ئېلان قىلىشقان ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىدىغان بولۇشقان. رەۋەندىيە تەرەپدارلىرى تەناسۇخنى ئېتىراپ قىلىشىپ، ھولۇل تەلىماتى ئاساسىدا يەنە بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنگەن ۋە خوراساندا ئەبۇمۇسلىمىيە بارلىققا كەلگەن. رەزامىيەمۇ مەزكۇر پىرقىنىڭ چەكتىن ئاشقان تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ پىرقىگە تەۋە چەكتىن ئاشقان تارماقلارنىڭ يەنە بىرى ھۆرەيرىيە دەپ ئاتىلىدۇ. راۋەندى ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەشتە ئۆز تەشەببۇسلىرىدىكى دەلىللەرنى يېتەرسىز، دەپ قاراپ، خەلىپىلىك بەنى ئاباسقا ئەبۇھاشىمنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن قالدۇرۇلمىغان، چۈنكى تۇنجى خەلىپە

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئىدى ، خەلىپىلىك ئۇنىڭغا قانداشلىق ۋە پەيغەمبىرىمىزگە بولغان يېقىنچىلىق نەتىجىسىدە تەككەن، دېگەن قاراشنى كۆچەپ تەرغىب قىلىدۇ. بۇ خىل قاراش ئاببىاسىيلار ئۈچۈن بىر خىل غايىۋىي قورال ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىماملىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ھەق چىقىرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ قاراشنى كۆچەپ تەرغىپ قىلغان ھۆرەيرىيە تەرەپدارلىرى خالىس ئاببىاسىيچىلار، دەپ نام ئالغان. رەۋەندىيە دائىيلىرى ئۆز تەشۋىقاتلىرىنى ئالدى بىلەن ئىراقتا يولغا قويۇپ ، كىشىلەرنى ئۇمەۋىيىلەر خەلىپىلىكىگە قارشى قوزغىتىدۇ. كېيىن خۇراساندىمۇ پائالىيەت دائىرىلىرىنى كېڭەيتىپ ، مەرۋىي ۋە ھىراتتا كۆپلىگەن تەرەپدارلارنى توپلايدۇ. شۇنداق يوللار بىلەن ئاقىۋەت ئۇمەۋىيىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىدۇ. رەۋەندىيە ھازىر بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس.

**رەۋشەنىيە** — پىرى رەۋشەن لەقىمى بىلەن داڭ چىقارغان بايەزىد ئەنسارى ۋەكىللىكىدىكى دىنىي - سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ ، 16 - ئەسىردە ئافغانىستاندا ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇلار تېمۇرىيلەرنىڭ ھىندىستاندىكى يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا قارشى قوزغىلىدۇ. پىرى رەۋشەن ئۆزىنى ئاللاھ ئەۋەتكەن، دەپ ئېلان قىلىپ ، ئۆز تەلىماتلىرىنى دىنىي ۋە ئىرپان مەسىلىلىرى بىلەن ئوراپ ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئىلاھىي روھنىڭ تەجەللى قىلىدىغانلىقىنى (كونكرېتلىشىدىغانلىقىنى) قوبۇل قىلىپ ، تەناسۇخنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى ماددىي دۇنيادا نىجاتلىققا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ۋە بۇنداق ئىمكانىيەت ئىنسانلار پەقەت رەۋشەنىيەگە ئېتىقات قىلغاندىلا ئاندىن ئۇلارغا مۇيەسسەر بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. رەۋشەنىيەگە ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى ئۇلار ئۆلۈكلەر، دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلار ئۆز تەرغىباتلىرىدا قارشى تەرەپتىكىلەرنى كەڭ دائىرىدە قەتلى قىلىشنى ساۋاپ دەپ قاراپ ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاشنى گۇناھ ھېسابلىمايدۇ.

پىرى رەۋشەن ئۆزىنىڭ مۇنداق چېكىدىن ئاشقان تەشەببۇسلىرى بىلەن باشقا روھانىيلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇ ئافغانىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئۆز تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، قەندەھار ۋە سىندا كۆپلىگەن مۇرىتلارنى توپلايدۇ ۋە رەۋشەنىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بەزى تەشكىلاتلىرىمۇ قۇرۇلىدۇ. كېيىن ئۇلار جالالئابادقا ھۇجۇم قىلىدۇ. پىرى رەۋشەن قازا قىلغاندىن كېيىن، ئوغلى ۋە نەۋرىلىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ باشچىلىقىنى ئۈستىلىرىگە ئېلىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي موغۇل ھاكىملىرى ۋە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنى قەتلى قىلىپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ييغىلىقلىرىنى تېزلا بېسىقتۇرىدۇ.

رەۋشەنىيە ھەرىكىتى روھىي ئازادلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان خوسۇسىيەتكىمۇ ئىگە بولۇپ، ئۇلار 18 - ئەسىردىكى دۇررانىيانلار دۆلىتىنىڭ قورۇلۇشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. بايەزىد ئەنسارىنىڭ ئەسەرلىرى پۇشتۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن.

**رىزامىيە** — رەزامىيەگە قاراڭ.

**رۇشەيدىيە** — رەشىدىيەگە قاراڭ.

**زاھىرىيە** — زاھىرى لەقەملىك داۋۇد ئىبنى ئەلى ئىفەھانى (883 - قازا قىلغان) ئاساس سالغان پىرقىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ پىرقە تەرەپدارلىرى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ زاھىرى (ئاشكارا) تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۆز مەنىلىرىنى (مەئنى تەھتۇللەفزى) ھېچقانداق شەرھىسىز قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار مۇقەددەس كەلامنى ئەقلىي جەھەتتىن شەرھلەشنى ياكى ئۇنىڭ مەجازى مەنىلىرىنى ييشىشنى ياقتۇرمايدۇ. زاھىرىيە ئاۋۋال ئىسلام قانۇنىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە باتىنىيەگە قارشى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ھەنبەلىيە ۋە ئەسھابى ھەدىسچىلەر بىلەن ئوخشاش مەۋقەدە تۇرىدۇ. 9 - ئەسىردە ئۇ مۇستەقىل بىر ئېقىمغا ئايلىنىدۇ. ئىسلامدا كۆپلىگەن دىنىي پىرقە ۋە پەلسەپۋى ئېقىملارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن

مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ ، زاھىرىيە تار دائىرىدە بولسىمۇ ئۆز تەلىماتلىرىدا ئىجماﯔ ۋە قىياستىن پايدىلىنىشقا باشلايدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى بۆلىنىش ۋە بۆلۈنۈشلىرى، ... ئىچكى جەھەتتىكى بۇ خىل يېڭىلىقى مەزكۇر پىرقىنىڭ 10 - 13 ئەسىرلەردە شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ غەرپتە ئىسپانىيەگىچە بولغان كەڭ زېمىندا تارقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ . ئىبنى ھەزمى ئەندەلۇسى مەزكۇر پىرقىنىڭ داڭلىق فەقىھلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . 15 - ئەسىردىن باشلاپ زاھىرىيچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى سۇسلىشىپ ، تەدرىجى توختاپ قالىدۇ .

زاھىرىيچىلەر ئۆز تەلىماتلىرىدا خالىق ( ياراتقۇچى ) بىلەن مەخلۇق ( يارىتىلغۇچى ) نىڭ جۇدالىقىنى مۇتلەقلەشتۈرۈش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ، تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئادالەتنىڭ تەنتەنە قىلىشى ۋە يامانلىقلارنىڭ يىلتىزىدىن قۇرۇپ كېتىشىنى تەلقىن ئېتىدۇ . ئۇلار بەزى ئەنئەنىۋى مەسىلىلەرنى ئىجادكارلىق بىلەن راۋاجلاندۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار روھىي جەھەتتىكى ئازادلىق ۋە ئوچۇق پىكىر قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپتىكى قائىدىلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشقان .

**زەرارىيە — زۇرارىيەگە قاراڭ .**

**زەئفەرانىيە — نەججارىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئەبۇئابدۇللاھ ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد سەباھى زەئفەرانى ( 873 - يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ تەلىماتىدا نۇرغۇن زىددىيەتلەر مەۋجۇت . مەسىلەن ، زەئفەرانى بىر تەرەپتىن ئاللاھنىڭ كالامى ( سۆزى ) ئاللاھنىڭ ئۆزىگە غەيرى ( تونۇش ئەمەس ) دۇر ۋە ئاللاھقا غەيرىي بولغان ھەرقانداق نەرسە مەخلۇق ( يارىتىلغان ) دۇر، دىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھنىڭ سۆزىنى مەخلۇق دېگۈچى ئادەمدىن ئىت ياخشىراقتۇر، دەيدۇ . مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، زەئفەرانى نام چىقىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كىشىنى ياللاپ ، ئۇنى كەئبىدىكى تاۋاب مۇراسىمىدا ئۆزىنى تىللاپ دەشنام

بىرىشكە بۇيرىغانىكەن . زەئفەرانىيە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان .

**زەيدىيە — شىئەنىڭ ئىلىبائى ئىبنى زەرائىي دۇسى** ئاساس سالغان غۇلات پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، تارىختا ئىلىبائىيە ، ئەلىيەۋىيە نامىلىرى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . زەرائىي دەسلەپتە شىئەلەرنىڭ بەشىنچى ئىمامى بولغان مۇھەممەد باقىرنىڭ ( 732 - يىلى قازا قىلغان ) ئەگەشكۈچىسى بولغان . ئۇنىڭ تەلىماتى بويىچە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامگە كىشىلەرنى ئەلىنىڭ ئىلاھىيلىقىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇسا ، ئۇ ئەكسىنچە كىشىلەرنى ئۆزىنى قوللاشقا دەۋەت قىلدى ،دەپ قارىلىدۇ . مەنبەلەردە بۇ پىرقىنىڭ تەلىماتلىرى توغرىسىدا ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن . زەيدىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بەزىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەلىنىڭ ھەر ئىككىسىنى پەيغەمبەر، دەپ قارىشىدۇ ، ھەتتا ئىلاھىي ئەھكاملاردا ئەلىنى مۇھەممەدپەيغەمبەردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ (بۇ تارماق ئەينىيە، دەپ ئاتىلىدۇ) . يەنە بەزىلىرى نەبى ( مۇھەممەد پەيغەمبەر) نى ۋەلى ئىمام ( ئىمام ياردەمچىسى - ئىلبائى ئىبنى زەرائ ) غا قارىغاندا مۇقەددەمدۇر، دەپ ھېساپلىشىدۇ ( ئۇلار مىمىيان، دەپ ئاتالغان ) . ئۈچىنچى بىر تارمىقى بەش نەپەر — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئەلى ، فاتىمە ، ھەسەن ۋە ھۆسەينلەرنىڭ ھەممىسى پاك ۋە ئىلاھىيدۇر ،دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يوقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئىلاھىي روھ ئوخشاش مىقداردا ھۇلۇل بولغان ، ھېچقايسىسىنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇق تۇرىدىغان تەرىپى يوق (بۇ تارماق مۇخەممەسىيە نامى بىلەن تونۇلغان) . زەيدىيەنىڭ يەنە ئەلىيەۋىيە ۋە ئەلىيەنىيە دېگەن نامىلىرىمۇ بار . ئەلىيە بىر خىل سۇ قۇشىنىڭ نامى بولۇپ ، زەيدىيەنىڭ مەنۋىي يېتەكچىسى بەششار شەئىرى ( 786 — يىلى قازا قىلغان ) غا سىمۋول قىلىنغان . ئۇ شىئەلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان ( ئىفرات ) پىرقىلىرىنىڭ ئەشەددىي تەرغىباتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مۇھەممەد

پەيغەمبەرنىڭ ئىلاھىيلىقىنى رەد ئېتىپ ، ئۇنى ئەلىنىڭ رەسۇلى، دەپ قارايدۇ . كېيىنچە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىلاھىيلىقىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللەردە زوھۇر قىلىدىغانلىقىنى تەرغىب قىلىش بىلەن شوغۇللىنىدۇ .

تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى بىلەن ئابدۇلقاھىر باغدادى زەممىيە ئەقىدىلىرىنى ئۇلاردىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان بىھۇرمەتلىك تۈپەيلى ئىسلام پىرقىلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدۇ . ئۇلار ئىبنى ھەزم ئىسھاق ئىبنى مۇھەممەدنى زەممىيەنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىرى، دەپ قارايدۇ . ھازىر بۇ پىرقە پائالىيەتتىن توختىغان بولۇپ ، تەلىماتلىرىدىكى بەزى نۇقتىلار ئەلى ئىلاھىيان تەرەپدارلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە .

**زۇرارىيە — شىئەنىڭ غۇلات پىرقىلىرىدىن** بىرى بولۇپ ، زۇرارە ئىبنى ئەيەن ( 767 - يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ . بۇ پىرقە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان بولۇپ ، تارىختا ئۇ زەرارىيە ، تەممىيە ناملىرى بىلەنمۇ ئاتالغان . زۇرارە ئۆز زامانىسىنىڭ تونۇلغان فەقىھى ، شائىرى ۋە ئالىملىرىدىن ئىكەن . ئۇ ئاۋۋال ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىپ ، كېيىن شەرىئەتكە ئائىت بىر نەچچە مەسىلە ئۈستىدىكى مۇنازىرىدە ئۇنى ئاجىز كۆرۈپ ، مۇسا ئىبنى جەئفەر كازىمنىڭ ئىماملىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ . مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كېيىنچە مۇسا كازىمنىڭ ئىماملىقىنىمۇ رەد ئېتىپ ، ئۆز پىرقىسىنى تەسىس قىلىدۇ . ئۇ فىقھ ۋە شەرىئەتكە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇھىملىرى «كىتابۇل ئىستىتائەت » ۋە « ئەل جەبەر » قاتارلىقلاردۇر . ئۇ ئاللاھ ئەزەلدىنلا تىرىك ، مەڭگۈلۈك ، قۇدرەتلىك ، ھەممىنى ئاڭلىيالايدىغان ۋە كۆرەلەيدىغان ، مۇرىد ( ئىرادەتمەن ) دېگەندەك سۈپەتلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى ، بۇ سۈپەتلەرنى ئۇ كېيىنچە ئۆزىگە لايىق كۆرگەن، دەپ قارايدۇ . بۇ پىرقە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ

بەزى ئەقىدىلىرى شىئە تەلىماتلىرىدا ساقلانماقتا .

**زىرارىيە — جەبەرىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، زىرار ئىبنى ئەمر كازى (728 – 815) ئۇنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. زىرار ئاۋۋال مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسى سۈپىتىدە داڭ چىقىرىدۇ. ئۇ ۋاسىل ئىبنى ئەتا بىلەن بىرگە مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئەھكاملىرىغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. كېيىنچە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى بىلەن قىسمەن مەسىلىلەردە ئورتاق قاراشقا ئىگە بولالماي ، بەرمەكىلەرنىڭ تۈرلۈك يىغىلىشلىرىغا پائال قاتنىشىدۇ. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ رافىزىيە ، خارىجىيە ۋە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ تۈرلۈك كۆز قاراشلىرىنى رەد ئېتىشنى مەزمۇن قىلغان ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان .

زىرارىيە تەرەپدارلىرى خۇدانىڭ سۈپەتلىرىنى رەد ئېتىپ ، پەقەت ئۇنىڭ ئالىم ۋە قادىر دېگەن سۈپەتلىرىنىلا ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدىغان بىر ماھىيەتكە ئىگە، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە ئاللاھ ئۆز روھىنى بىرەر دەلىل ياكى خەۋەرگە ئاساسەن ئەمەس ، بەلكى شەھادەتكە ئاساسەن بىلىدۇ. زىرار ئىنسانلارغا ئاشۇ ماھىيەتنى تونۇتۇش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ بەش خىل سېزىم ئەزاسىغا يەنە بىر خىل سېزىم ئەزاسىنى كۆپەيتىپ ، ئىنسانلار جەننەتتە ئاشۇ سېزىمغا تايىنىپ ئاللاھنىڭ ماھىيىتىنى دەرك ئېتەلەيدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن ئىختىيار ۋە قۇدرەتنىڭ ھەرىكەتتىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە پىكىرداش بولۇپ ،ئۇ ئۇنىڭغا قۇدرەت ھەرىكەتتىن ئىلگىرى ، ھەرىكەت بىلەن بىللە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، دىگەن يېڭى مەزمۇننى قوشقان . زىرارىيە تەرەپدارلىرى نەجارىيە تەرەپدارلىرىنىڭ جىسىم شەكىللەرنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولىدۇ، دېگەن قارىشىنى قوبۇل قىلىشقان .

زىرار ئىبنى ئەمر قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇيەھيا ھەفسى فەرد ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى داۋاملاشتۇردۇ. ئۇمۇ ئۇستازىغا ئوخشاشلا دىنىي ـ نەزەرىيىۋىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ مىسىردىن بەسرەگە كېلىپ ، مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ قاراشلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. ئەبۇھۇزەيل ۋە شافىئىي بىلەن تەقدىر ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىلىرىدە قاتتىق مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردۇ. زىرارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ، زىرارىيە تەلىماتلىرىنى تەرغىب قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**سابىقىيە ــ جەبەرىيە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، تەرەپدارلىرى ئىنسان ھاياتىدىكى سائادەت ۋە بەختسىزلىكنى قىسمەتكە پۈتۈلگەن ، ئەزەلدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار ئادەملەرنى ئىككى بۆلەككە بۆلىشىدۇ: بىرىنچى بۆلىكىگە سائادەتمەنلىكى پېشانىلىرىگە يېزىلغان بەختلىك ئادەملەر كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئادەملەر گۇناھ سادىر قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ بەختى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. ئىككىنچى بۆلىكىگە دەرگاھتىن ئەبەدىي مەھرۇم ، دۇئا ـ تىلاۋەتلەر ئارقىلىقمۇ ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيدىغان ئادەملەر كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تەشەببۇسلىرى بەزى بىر پىرقىلەرنىڭ تەلىماتلىرىدا ساقلانماقتا .

**سالىھىيە** ( 1 ) ــ **مۇرجىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بولۇپ ، سالىھ ئىبنى ئۇمەر ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلىدۇر. بۇ تارماقتىكىلەردىن مۇھەممەد ئىبنى شەبىب ، ئەبۇشىمىر ۋە غەيلان ئىبنى ھىرە قەدەر ( تەقدىر ) ۋە ئىرجا ( قايتۇرۇش ) تەلىماتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئىمان مەسىلىسىدە مۇرجىيە بىلەن پىكىر ئىختىلاپىغا دۇچ كېلىدۇ. سالىھىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پىكرىچە ئىمان ئاللاھنى تولۇق تونۇش ( ئۇنى ياراتقۇچى دەپ بىلىش ) تىن ئىبارەتتۇر. بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك جاھالەتتۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىرەرسى ئاللاھنى

سالۇسى سەلاسە ( ئۇچتە راياكار ) دەپ ئاتىسىمۇ، دىنسىز بولۇپ كەتمەيدۇ ، ئەمما بۇنداق سۆزنى پەقەت دىنسىزلارلا ئېيتىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئاللاھنى تونۇش دېگەن ئۇقۇمى بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىدىغان ھەرقانداق شەخسنى مۇئمىن ھېسابلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭغا پەيغەمبەرنىڭ « مېنى ئېتىراپ قىلمىغانلار ئاللاھنىمۇ ئېتىراپ قىلمىغان بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار ناماز ، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇداغا بولغان ئىبادەت بولماستىن ، بەلكى تائەتتۇر. ئىبادەت ياراتقان ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى تونۇشتۇر. ئىمان كۆپەيمەيدىغان ، ئازلاپمۇ كەتمەيدىغان بىر خىل خىسلەتتۇر. ئىماندىن كېيىن ئىش ـ ھەرىكەت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ،دەپ قارىشىدۇ.

**سالىھىيە** ( 2 ) ــ **زەيدىيەگە** تەۋە ، ھەسەن ئىبنى سالىھ ئىبنى ھەي (719 — 784) ئاساس سالغان بىر تارماقمۇ سالىھىيە نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتى بۇترىيە بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىماملىققا ئائىت مەسىلىلەردە بۇ تارماق يەنە سۇلەيمانىيە بىلەن پىكىرداش بولۇپ ، ئىمامنى كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سايلىمىدا ۋوجۇتقا چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەسەن ۋە ھۇسەيىننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ھەرقانداق ئادەم ئەگەر ئۇ ئالىم ، قورقماس ۋە نۇرانە بولسا ئىمام بولسا بولىۋېرىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى قامىتىنىڭ كېلىشكەن بولۇشىنىمۇ مۇھىم شەرتلەردىن بىرى، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئەگەر بۇنداق شەرتلەر ئىككى كىشىدە تەڭ مەۋجۇت بولسا ، ئۇ ھالدا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەلۇم جەھەتتىن باشقىسىغا نىسبەتەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولغىنىنى ئىماملىققا سايلاش كېرەك . ئەگەر ئۇلار ھەممە جەھەتتىن ئوخشاش ئەۋزەللىككە ئىگە بولسا ، ئۇ چاغدا ئاممىنىڭ مايىلمى ئارقىلىق ئىماملىققا سايلىنىشى كېرەك . ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئىككى دۆلەتتە ئىككى ئىمامنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ،

ھەربىرىنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا بولغان تۈرلۈك ئەمر - پەرمانلىرىنى راۋ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى ئىماملىق تارىخىدا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شەخس، دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھوقۇقىدىن ۋازكېچىپ، خەلىپىلىكنى (ئىماملىقنى) باشقىلار ( ئەبۇبەكر، ئۇمەر ۋە ئۇسمان ) غا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەزكۇر تارماقتىكىلەر ئەسلى مەسىلىسىدە مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئىماملىرىنى شىئەلەرنىڭ ئىماملىرىدىن كۆپرەك ئىھتىرام قىلىشقان، فەرئ ( ئەسلىدىن بارلىققا كەلگەن ) مەسىلىلىرىدە ھەنەفىيە تەرەپدارلىرى بىلەن، ۋە باشقا مەسىلىلەردە شىئە ۋە شافىئىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ھەمئەقىدە بولغان.

**سالىھىيە** ( 3 ) — **خارىجىيە**نىڭ سالىھ ئىبنى مۇسەررەھ تەمىمى ئاساس سالغان تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا شەبىبىيە ( يەنە بىر ئاساسلىق ۋەكىلى شەبىب ئىبنى يەزىد شەيبانى ) نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. تارىخي مەنبەلەردە بۇ تارماقنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا ئوخشىمىغان مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. بەزى مەنبەلەردە ئۇنى **سۇفرىيە**دىن بۆلۈنۈپ چىققان، دەپ قارالسا، يەنە بەزىلىرىدە **ئەزرەقىيە**دىن بۆلۈنگەن، دېيىلىدۇ. بەزى مەنبەلەر ھەتتا ئۇنى مۇستەقىل بىر پىرقە سۈپىتىدە تونۇشتۇرىدۇ. مەزكۇر تارماق تەرەپدارلىرى ئۇمەۋىيىلەر خەلىپىلىكىنىڭ ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان خەلىپە بولۇپ تۇرۇۋاتقان دەۋردە كۇفەدە بىر قېتىم يېغىلىق قوزغاپ، تېزلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. سالىھ ئىبنى مۇسەررەھ بۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا جاراھەتلىنىپ، پالەچ بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ باشلامچىلىق ئورنىنى شەبىب ئىبنى يەزىدگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئۇستازىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، سالىھ ئىبنى مۇسەررەھگە ئەگەشكۈچى ئاياللارمۇ ئىمام بولالايدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارارىنى چىقىرىشىدىكى مەقسىتى ئۆز ئايالىنىڭ ئىمام بولۇشىغا يول ئېچىش ئىكەن. شەبىب ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى غىزالە

ھەقىقەتەن ئىمام بولىدۇ ۋە ئۇمۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

**سامىتىيە ــــ رافىزىيەنىڭ** يەھيا ئىبنى ئەبىسۇمەيت ( شۇمەيت ) ئاساس سالغان بىر تارمىقى بولۇپ ، بۇ پىرقىنىڭ نامى تارىختا **سۇمەيتىيە** ، **شامىتىيە** ، **شۇمەيتىيە** ناملىرى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ تارماقتىكىلەر مۇھەممەد ئىبنى جەئفەرنىڭ ئىماملىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇلار جەئفەر سادىقنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشىنىدۇ ھەمدە ئۇلار جەئفەر سادىق ئىماملىقنى مۇسا كازىمگە ئەمەس ، بەلكى ئوغلى مۇھەممەدگە ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ .

تارىخچىلاردىن مۇسا نەۋبەختىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر تېخى بالا ۋاقتىدا بىر قېتىم دادىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرمەكچى ئىكەن، ئۇنىڭ ھوجرىسىغا يول ئالغاندا دادىسى ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىقىپ ، ئېتەكلىرىگە سۆيۈپ ، باش ـ كۆزلىرىنى مېھرىۋانلىق بىلەن سىيلاپ ، ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ شۇنداق دېگەنىكەن : « سېنىڭ بىر ئوغلۇڭ بولىدۇ ، ئۇنىڭغا مېنىڭ نامىمنى قويغىن . چۈنكى، ئۇ ماڭا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئوخشايدۇ » .

سامىتىيە تەرەپدارلىرى ئىمام مەھدى ۋە مۇنتەزەر ( غايىپ بولۇپ ئاخىر بىر كۈنى يەنە ئادالەت ئورنىتىش ئۈچۈن پەيدا بولىدىغان ئىمام ) مۇھەممەد ئىبنى جەئفەرنىڭ ئەۋلادىدىن چىقىدۇ ، دەپ دەۋا قىلىشقانىكەن . مەلۇماتلارغا قارىغاندا مۇھەممەد ئىبنى جەئفەرنىڭ ئۆزىمۇ ئىماملىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئاشكارا كۆرەشنى ياقىلغۇچىلاردىن ئىكەن . 814 ـ يىلى ئۇ خەلىپە مەئمۇنگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچىمۇ بولغان، ئەمما قانداقتۇر بىر ئىشلىرى ئەپلەشمەي توختاپ قالغانىكەن . مەئمۇن ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئوردىدا ئىشلەتكەن.

مەنبەلەردە شائىر مەئدەنمۇ سامىتىيە تەرەپدارى، دەپ قارىلىدۇ . ئۇ قەسىدە يېزىپ، شىئەلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان بەزى پىرقىلىرىنىڭ تۈرلۈك قاراشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان شەخسلەردىندۇر . ئۇ سامىتىيە تەلىماتلىرىنىمۇ خېلى تەپسىلى شەرھلەپ ، نۇرغۇن

ئەسەرلەرنى يازغان . سامىتىيە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان .

**سەئالىبە — سەئلەبىيەگە قاراڭ .**

**سەبائىيە — شىئەگە تەۋە پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ ،** ئابدۇللاھ ئىبنى سەبا ئۇنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . سەبائىيە ئەڭ دەسلەپتە ئەلىگە نىسبەتەن ھەددىدىن زىيادە چوقۇنۇش يولىنى تۇتۇپ، پەرەزگە تايانغان ھالدا ئۇنى ئىمام دەپ تونۇشقان ۋە ئەلىنىڭ ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن مۇبالىغە خاراكتېرىدىكى رىۋايەتلەرنى توقۇپ تارقاتقان . مەنبەلەردە بۇ پىرقە شىئە مەزھىپىگە تەئەللۇق تۇنجى غۇلات ( چەكتىن ئاشقان ) پىرقە، دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ . كېيىنچە ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن بىرنەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ . مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ پىرقىنىڭ ئاساسچىسى ئىبنى سەبا ئەسلى يەھۇدى بولۇپ ، كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان . ئۇ تەۋراتتىكى مەلۇماتلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەرقانداق پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنباسارى ياكى ياردەمچىسى بولىدۇ ، ئىسلامدا ئەلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئىجرا قىلغۇچىدۇر، دەپ تەكىتلىگەن . ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ يوقىرىدىكىگە ئوخشاش سۆزلىرىگە ئاساسەن ، شىئەگە تەۋە غۇلات پىرقىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىدە يەھۇدى دىنىنىڭ تەركىپلىرىمۇ مەۋجۇت، دەپ قارىغان .

ئىبنى سەبا ئەبۇبەكرى ، ئۆمەر ۋە ئوسمانىنى ئەلىگە خىيانەت قىلغۇچىلار، دەپ قاراپ ، ئۇلارنى ئوچۇقتىن ئوچۇق ھاقارەتلەپ ، ئۇلارنىڭ خەلىپىلىكىنى ناھەق ۋە قانۇنسىز ھېسابلىغان . ئۇ ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەر بىلەن بىرگە ئەلىنى خۇدالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ، « ئەلى سەن سەندۇرسەن » ( ئەلى سەن خۇدادۇرسەن دېگەن مەنىدە ) دېگەنىكەن . ئەلى سەبائىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇنداق سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان . ئۇلار كۆيدۈرۈلىۋاتقاندىمۇ « ئەلى سەن خۇدا دۇرسەن ، چۈنكى پەيغەمبەر خۇدا بەندىلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ، ئاخىرەتكە يوللايدۇ، دەپ ئېيتقان » دەپ تۇۋلاشقان . ئەلى سەبائىيە

تەرەپدارلىرىنىڭ شامدىكى ئاھالىلار ئارىسىدىكى پەۋقۇلئاددە نوپۇزى ۋە ئۆز ئەتراپىتىكىلىرى بىلەن بولغان بەزى ئىختىلاپلاردىن ئەندىشە قىلىپ ، ئىبنى سەبانى مەدائىنگە ( ئىراقتا ) پالىۋېتىدۇ . كېيىن ئىبنى سەبا ئەلىنىڭ قەتلى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ ، « ئەلى خۇددى ئەيسا ئىبنى مەريەمگە ئوخشاشلا ئاسمانغا چىقىپ كەتتى ، قەتلى قىلىنغۇچى ئەلىنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان شەيتاندۇر » دەپ تۇرۇۋالىدۇ . سەبائىيە تەرەپدارلىرى ئىسلامدا تۇنجى بولۇپ رىجئەت ( قايتىپ كېلىش ) تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەلى ئۆلمىگەن ، ئۇ تېخى تىرىك ، ئۇ مۇنتەزەر ۋە مەھدى ئىمام ( غايىپ بولغان ۋە كۈتۈلۈۋاتقان ئىمام ) دۇر . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىلاھىي تەركىبلەرگە ئىگە، ئۇ ئاخىر بىر كۈنى زېمىنگە قايتىپ ، دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئالىدۇ ۋە يەر يۈزىنى ئىنساپ ھەم ئادالەت نۇرلىرى بىلەن نۇرلاندۇرىدۇ . سەبائىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بىر قىسمى يەنە ئەلى بۇلۇتلارغا يوشۇرۇنغان ، ئاسماننىڭ گۈلدۈرلىشى ۋە چاقماقنىڭ چېقىشى ئۇنىڭ كايىشى ياكى تەبەسسۇمىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر ، دەپ قارىشىدۇ . « ئەت ـ تەئرىفات » ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مىسىردا بىر قېتىم يامغۇر ياغقان چاغدا بالىلارنىڭ كوچىلاردا ئەلىنىڭ بەرىكىتى زىيادە بولسۇن، دەپ ۋاقىرىشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگىنىنى كۆردۈم ، بۇ ئادەتنىڭ ئۇ يەردە قانداق پەيدا بولۇپ قالغىنىغا ئەقلىم يەتمىدى، دەپ يازىدۇ . ئۇ يەنە شۇ كىتابىدا سەبائىيە تەرەپدارلىرى چاقماق چاققاندا : « ئەي ئەمىرۇلمۇئمىنىن، ساڭا سالام ! » دەپ توۋلىشىدۇ، دېگەن مەلۇماتنىمۇ تىلغا ئالىدۇ . سەبائىيە تەرپدارلىرى جىسمىنىڭ قايتا تېرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆلۈكلەر قايتا تېرىلىشتىن ئىلگىرى بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ . ئۇلار ئىماملارنىڭ رىجئەت قىلىدىغانلىقىغا ، ئىلاھىي تەركىبلەرنىڭ ئۇلارنىڭ جىسمى ۋە قەلبىگە كۆچۈپ كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ . ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى تارىخچىلار ئىسلامدا مۇشەببەھىيەنىڭ

ۋۇجۇدقا كېلىشىنىمۇ ئىبنى سەبا بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىشىدۇ. مەزكۇر پىرقە ھازىر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قاراشلىرى شىئەگە تەۋە باشقا پىرقىلەر (**زەيدىيە**، **ئىسناشەرىيە** گە ئوخشاش) نىڭ تەلىماتلىرىدا ساقلانماقتا.

**سەباھىيە — ئىسمائىلىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھەسەن سەبباھنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنى ياقلىشىدۇ، ئۇلار ئىمام ئاۋامنىڭ خۇدانى تونۇشىدا مۇئەللىم بولۇشى، خەلق ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق تېگىشلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. بۇ خىل قاراشقا ئاساسەن ئۇلار تارىختا **تەئلىمىيە** نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. سەباھىيە ئىراندا ھىلاكۇخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققۇچە ناھايىتى كاتتا نوپۇزغا ئىگە بولىدۇ. ھىلاكۇخان ھاكىمەتكە ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇ تارماق ئەزالىرى چېچىلىپ كېتىدۇ ۋە ئىراننىڭ ئەتراپى ھەم چەت رايونلىرىدىلا بىر قىسمى ساقلىنىپ قالىدۇ. كاچارىيلار دەۋرىدە سەباھىيەنىڭ نوپۇزلۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئاقاجان مەھەللاتىنىڭ ئىراندىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلارغا كېتىشى بىلەن بۇ تارماقنىڭ ئىراندىكى تەسىرىمۇ تەدرىجى سۇسلىشىپ يوقاپ كېتىدۇ. ئەمما، باشقا مەملىكەتلەردە، جۈملىدىن ھىندىستاندا بۇ تارماق تەرەپدارلىرى خېلى كۆپ ساندا ساقلىنىپ قالىدۇ.

**سەبئىيە — شىئەنىڭ** ئىماملارنىڭ سانىنى يەتتىگە يەتكۈزۈپ توختاپ قالغان بىر قىسىم پىرقە ۋە تارماقلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى. ئىسلام تارىخىدا ئۇ يەنە سەبئىيە شىئەلەر (يەتتە ئىماملىق شىئەلەر) نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. سەبئىيەگە تەۋە بارلىق پىرقىلەر ۋە تارماقلار ئىسمائىلىيەدىن بۆلۈنۈپ چىققان. شىئەرنىڭ قارىشىچە، ئىلاھىي تەدبىرلەرگە ئاساسەن ئىماملىق ئاتىدىن بالىغا قالىدۇ. 762 - يىلى جەئفەر سادىق (ئالتىنچى ئىمام) نىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ئىمام بولغاندا، جەئفەر سادىق تېخى ھايات بولۇپ، شىئەلەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ

كېتىشىدىن ئەنسىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەئفەر سادىقنىڭ باشقا بىر ئوغلى مۇسا كازىمنى يەتتىنچى ئىمام، دەپ ئېلان قىلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئىماملىقنى ئاخىرلاشتۇرۇدۇ. يەنە بىر قىسىملىرى جەئفەر سادىقنىڭ باشقا ئوغۇللىرى ـ ئابدۇللاھ ۋە ئەلىنى ئۆز ئالدىغا يەتتىنچى ئىمام، دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىسمائىلىنىڭ ھەربىر قېرىندىشى ئىمام دەپ ئېلان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ نامىدا مۇستەقىل ئايرىم تارماقلار ۋوجۇتقا كەلتۈرۈلۈدۇ. شىئەلەرنىڭ بىر قىسمى ئەسلىدىكى يەتتىنچى ئىمام ئىسمائىلغە بولغان ئېتىقادىنى سادىقلىق بىلەن ساقلاپ، ئۇنىڭ دادىسىدىن ئىلگىرىلا قازا قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىشىدۇ. سەبئىيەچىلەردىن يەنە بىر قىسمى ئىماملىقنى ئىسمائىلنىڭ ئىمامى تام (كامىل ئىمام) ۋە قائىمۇززەمان لەقىمى بىلەن تونۇلغان ئوغلىغە مەنسۇپ، دەپ قارىشىدۇ. سەبئىيە تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋەقفىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشقا ئىگە. بەزى مەنبەلەردە سەبئىيە بىلەن ئىسمائىلىيە بىر پىرقە، ۋە يەنە بەزى مەنبەلەردە **قەرمەتىيە**، **فاتىمىيە**، **ھەششىيە**، **دۇرۇزىيە**، **نۇسەيرىيە** قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسمائىلىيە بىلەن سەبئىيەدىن بۆلۈنۈپ چىققان، دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. سەبئىيە خاراكتېر جەھەتتىن دىنىي ـ سىياسىي پىرقە بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق. قىسمەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار سۇدۇر (يارىلىش) نەزەرىيىسىنى ياقلىغۇچىلار بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى تەرتىپ ـ باسقۇچلارغا بۆلگەن: ئاللاھ، ئەقلى كۇل، نەفسى كۇل، ھەيۇلايى ئەۋۋەل (تۇنجى ماددا)، مەكان يا مەلا (ماكان ياكى تولۇقلۇق، توشۇپ كەتكەن بوشلۇق)، زەمان يا خەلە (زامان ياكى توشمىغان بوشلۇق)، ئالەمى ئەرزى (تۇپراق ئالىمى) ۋە ئىنسان. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇلارنىڭ بۇ تەلىماتى يەتتە دېگەن سان (رەقەم) غا ئاساسلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەنبىيا ياكى ناتىق (سۆزلىگۈچى ـ پەيغەمبەر مەنىسىدە) لارنىڭ سانىمۇ يەتتە

(ئادەم ئەلەيھىسسالام — تۇنجى ناتىقتۇر. نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئەيسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە مۇشەممەدى تام) بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ھەر ناتىق ئۆزىنىڭ سامىت (سۆزلىمەس، جىم) بولغان جۈپتىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ سانىمۇ يەتتە (شىس، سام، ئىسمائىل، ھارۇن، بۇترۇس، ئەلى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇنگە ئوخشاش سەبئىيەدەك پىرقىلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئاساسچىلىرى ۋە باشقىلار) دۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ناتىق تەلىماتىنىڭ سامىتقا بولغان رولى تەنھا باتىنىي (يوشۇرۇن) تەلىم ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ ھەم سامىت بۇنىڭدا يەتتە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ھۇججەت ۋە دائىيدۇر.

ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى مەسىلىسىدە سەبئىيەگە تەۋە تارماقلار بىلەن ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاساسەن پەرق يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەتتە دېگەن رەقەمنى مۇقەددەس، دەپ قارايدۇ. سەبئىيەچىلەرنىڭ تەلىممۇ يەتتە باسقۇچتىن، يەنى تەفەررۇس (كۆزىتىش)، تەئنىس (تونۇشۇش)، تەشكىك (شۈبھىلىنىش)، رەبت (باغلىنىش)، تەئلىق (ئېسىلىش)، تەدلىس (قۇرئاننى شەرھلەش) ۋە تەئسىس (چىڭىتىش، مۇقىملاشتۇرۇش) دىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دىكى مەنىسى ئانچە ئېنىق بولمىغان ئايەتلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشكەن. شۇڭا، سۈننەت ئەھلى ئۇلارنىڭ يوقىرىدىكىدەك تەشەببۇسلىرىنى يەھۇدى دىنىنىڭ تەركىبلىرىگە ئىگە، دەپ قارىغان. شىئە مەزھىپىدىكى بەزى ئۆلىمالارمۇ ئۇلارنى ئىسلام چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر دەپ، ئۇلارغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارىغان. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرى ئارىسىدا ئۇلارنى دەھرىيلەر، دەپ ئاتاتىغۇچىلارمۇ بولغان.

سەبئىيە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تەشەببۇسلىرى ۋە تەسىرى ئىسلامنىڭ بەزى پىرقە، تارماقلىرىنىڭ تەلىماتلىرىدا ھېلىمۇ ساقلانماقتا.

**سەربەدارىيە** ــــ ئىرپان خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دىنىي ـ سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ ، 14 ـ ئەسىردە خۇراساندا مەيدانغا كەلگەن ۋە قىسقا ۋاقىتتىلا ئىراننىڭ كۆپلىگەن شەھەر يېزىلىرىغىچە تارقالغان . 14 ـ 16 ـ ئەسىرلەردە فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ، بىر قاتار مەملىكەتلەردە دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلايدۇ . شۇنىڭ تورتىكىسىدە سەربەدارىيە ھەرىكىتىمۇ خۇراساندا (1337 ـ 1381 ) ، سەمەرقەندتە (1365 ـ 1366 ) ، كىرماندا ( 1373 ) گىلان ۋە مازەندەراندا (1405 ـ 1406 ) ۋە باشقا شەھەرلەردە مەيدانغا كېلىدۇ . بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ يېتەكچىسى بىر قاتار دەرۋىشلىك تەرىقەتنىڭ ئاساسچىسى بولغان شەيخ خەلىپە بولۇپ ، ئۇ دەسلەپ سەبزەۋارغا كېلىپ ، ئىماملىق شىئەلەر ئارىسىدا ئۆز قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلىدۇ ، سۈننىي فەقىھ ( قانۇنچى ) لەرنىڭ قارشىلىقى ۋە توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ ، شۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ شۆھرىتى تېزلا ئېشىپ ، ئەتراپقا داڭقى پۇر كېتىدۇ . كېيىنچە ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان سىرلىق بىر تۈستە ئۆلتۈرۈلىدۇ .

خەلىپىنىڭ ۋاپادار شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن جۇرى سەربەدارىيەچىلەرنىڭ باشلامچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ . ئۇ نىشاپۇرغا بېرىپ ، بىر مەزگىل سەربەدارىيە ئەقىدىلىرىنى تەرغىپ قىلىش ، تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ئۇ شۇ يەردە تەرەپدارلىرىنى توپلاپ ، فېئوداللارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ . بۇ قوزغىلاڭ دەسلەپتە خۇراساننىڭ بەشتەن دېگەن يېرىدە باشلىنىدۇ . قوزغىلاڭچىلار يا زۇلۇمنى يوقىتىمىز، يا بېشىمىزنى دارغا تاپشۇرىمىز، دەپ قەسەم ئىچىشىدۇ . ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن خاندەمىر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەسەم سۆزلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ، مۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ : ئۇلار ئېيتىدۇلەركى « مەردلىك بىلەن باشنى دارغا تاپشۇرۇش نامەردلىك بىلەن قەتلى قىلىنغاندىن مىڭ مەرتە ئەۋزەلدۇر» . قوزغىلاڭ باشلىنىشى بىلەنلا تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ ، ئۇنىڭ ئوتى سەبزەۋار ۋە

ئەسفەرائىن قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ تۇتىشىدۇ. بىر چوڭ يەر
ئىگىسىنىڭ ئوغلى بولغان ئابدۇررەززاق قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك
قىلىدۇ. كىچىك فېئوداللارمۇ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا ئاكتىپلىق
بىلەن قاتنىشىدۇ. قوزغىلاڭچىلار موڭغۇل قوشۇنلىرىنى ئارقا -
ئارقىدىن مەغلۇب قىلىپ، نىشاپۇرنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن تۇس، مەشھەد، گۇرگان قاتارلىق شەھەرلەرنىمۇ
ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ. بۇنداق قوزغىلاڭلار مازەندەران، سەمەرقەند،
كىرمان قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ پارتلايدۇ.

قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ دۆلىتى ۋۇجۇدقا كېلىپ، 1337 - يىلىدىن 1381 - يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرىدۇ. يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە سەربەدارىيەنىڭ 10 نەپەر ئەمىرى (ئابدۇررەززاق ئىبنى فەزلۇللاھ، ۋەجىھۇددىن مەسئۇد، ئايتىمۇر مۇھەممەد، كىلۋا ئىسفەندىيار، فەزلۇللاھ، شەمسۇددىن ئەلى، يەھيا، زۇھەيرۇددىن، ھەيدەر، قەسساب، ھۆسەين دامغانى، ئەلى مۇئەييەد) ئارقا - ئارقىدىن تەختتە ئولتۇرىدۇ.

سەربەدارىيە تەرەپدارلىرى قۇرغان دۆلەتتە ئوششاق يەر ئىگىلىرىنىڭ مەقسەت ۋە مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۆتىدىل بىر گۇرۇھ بىلەن ھەسەن جۇرى ۋەكىللىكىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ مەيدانغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلىشىپ، ھەتتا ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. مۆتىدىل گۇرۇھ سەربەداران ۋە ھەسەن جۇرى تەرەپدارلىرىنى شەيخىيان، دەپ ئاتىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى دېھقان ۋە ھۆنەرۋەنلەردىن بولۇپ، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىشاتتى. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى بارلىق ئەمىرلەرنىڭ دەۋرىدە توختاۋسىز داۋاملىشىدۇ. دېھقانلار ۋە كاسىپلارنىڭ كۈچلۈك تەلەپلىرىگە بىنائەن ئەمىرلەر دېھقانچىلىق ساھەسىدە بىر قاتار ئاكتىپ چارىلارنى يولغا قويۇشىدۇ. بۇ دەۋرلەردە سۇغۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىش، قۇدۇق كولاش قاتارلىق ئاممىۋى

قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. سەبزەۋار ئىراندىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

سەربەدارانلار دۆلىتى ئىمامىلىق شىئەنى دۆلەت دىنى قىلىپ تاللىغان بولۇپ، بۇ دۆلەتتىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇششاق زېمىندارلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، شەيخىيە تەرەپدارلىرىنى تەقىپ قىلىشىدۇ. شۇڭا، بۇ گۇرۇھدىكىلەر مازەندارانغا كېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەيدۇ. قەۋامۇددىن مەرئەشى مازەنداراندا سەئىدان دۆلىتىنى قۇرىدۇ. گىلان ۋە لاھىجاندىمۇ سەربەدارانلارنىڭ دۆلەتلىرى قۇرۇلىدۇ. سەمەرقەنددە سەربەدارانلارنىڭ قوزغىلىڭىنى تېمۇرىيلار باستۇرىدۇ. تېمۇرىيلار يەنە سەبزەۋارغا ھوجۇم قىلىپ، خۇراساندىكى سەربەدارانلارنىڭ دۆلىتىگە خاتىمە بېرىدۇ. سەربەدارىيە تەرەپدارلىرى بارلىق ھەرىكەتلىرىدە شىئە ۋە تەسەۋۋۇف ئەھلىنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى قىلىشقان پىرقىدۇر.

**سەرىيە — خەتتابىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، سەرى ئەقسام ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تارماقتىكىلەر جەئفەر سادىقنى خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، سەرى ئەسامنى خۇددى مۇسا ۋە سەلمانى فارسىكە ئوخشاش پېشۋا سانىشىدۇ. ئۇلار جەئفەر ئىسلامدۇر، ئىسلام بولسا ئالەم (جاھان) دۇر، شۇ جاھاننىڭ ئۆزى بىز ئېيتىۋاتقان ئاللاھدۇر، دەپ جار سېلىشىدۇ. ئۇلار يەنە بىز ئىسلام پەرزەنتلىرىدۇرمىز، سەرى ئەقسام بىزنى يېتەكلەيدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ تارماقتىكىلەر دىنىي پەرزلەرنى جەئار ئىبنى مۇھەممەد ئۈچۈنلا بەجا كەلتۈرۈشىدۇ. بۇ تارماق ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان.

**سەلمانىيە — شىئەنىڭ** غۇلات پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تەرەپدارلىرى سەلمانى فارسىنىڭ تەجەللى قىلىشى (جىلۋە قىلىشى، ئاشكارا كۆرۈنۈشى) گە ئىشىنىشىدۇ. بەزى مەنبەلەردە مەزكۇر پىرقە سىنىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ پىرقىدە خۇددى بەزى پىرقىلەرنىڭ

ئەلى نامى بىلەن ئەينىيە، مۇھەممەدنىڭ نامى بىلەن مىمىيە، دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاشلا سەلمانى فارسىنىڭ نامى ئاساس قىلىنغان. بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**سەلتىيە — ئەجارىدەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئوسمان ئىبنى ئەبسەلت (ياكى سەلت ئىبنى سامىت) ئۇنىڭغا ئاساس سالغان. ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەر ئەجارىدە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت قىسمەن نۇقتىلاردىكى ئوخشىمىغان تەشەببۇسلىرى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، سەلتىيە تەرەپدارلىرى كىمىكى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، سەلتىيە تەلىماتلىرى ئاستىدا پاناھلىنىشنى خالىسا، بىز ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستىغا ئايلىنىمىز. ئەمما، بىز ئۇنداقلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن يىراقتا تۇرىمىز. چۈنكى، ئۇلار بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش لاياقىتىگە ئىگە بولالمايدۇ، دەپ قارىشىدۇ. سەلتىيە تەرەپدارلىرىدىن يەنە بەزىلىرى مۇئمىنلەر ۋە مۇشرىكلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى دوست - دۈشمەن دەپ ئايرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۆز يوللىرىنى ئۆزلىرى تاللىشى لازىم، دەپ تەكىتلىشىدۇ. بۇ پىرقە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**سەئلەبىيە — خارىجىيەنىڭ** سەئلەبە ئىبنى ئامىر ئاساس سالغان تارمىقى بولۇپ، سەئالىبە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن ئابدۇلقاھىر باغدادى «فەرق بەين ئەل فىراق» ناملىق ئەسىرىدە مەزكۇر تارماق ئاساسچىسىنىڭ نامىنى سەئلەبە ئىبنى مىشكان، دەپ خاتىرىلەيدۇ. بۇ تارماقتىكىلەر ئالدىدا ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەجرەدنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، كېيىن ئەجرەد بىلەن سەئلەبە ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، سەئلەبە ئەجرەددىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە تەرەپدارلىرى بىلەن بىرگە مۇستەقىل بىر تارماقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.

مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، سەئلەبە ئىبنى ئامىر بىلەن

ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەجەردىنىڭ ئىختىلاپى مۇنداق سەۋەبتىن كېلىپ چىققان : ئەجارىدە مۇرتەتلەردىن بىرى سەئلەبەنىڭ قىزى بىلەن توي قىلماقچى بولىدۇ. سەئلەبە قىز مېھرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مالنىڭ سانىنى ئېنىق بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۈيئوغۇل بولغۇچى قىزنىڭ ئانىسىغا بىر ئايالنى ئەۋەتىپ، ئەگەر قىز بالاغەتكە يەتكەن بولسا، ئىسلامنى تەۋسىپ ئەتسۇن (سۈرەتلەپ باقسۇن)، شۇندىلا قانچىلىك مال تەلەپ قىلىنسا، ھەممىسى بېرىلىدۇ، دەيدۇ. ئەمما قىزنىڭ ئانىسى قىزىم بالاغەتكە يەتكەن ياكى يەتمىگەن بولسۇن، ئوخشاشلا مۆئمىن ۋە مۇسۇلماندۇر، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ خەۋەر ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەجەردىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇ بىزنىڭ تەلىماتىمىز بويىچە، بالىلار بالاغەتكە يەتمىگۈچە ئۇلاردىن يىراقتا تۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ، دەيدۇ. ئەمما، سەئلەبە ئۇنىڭغا بالىلار خاھ كىچىك، خاھ چوڭ بولسۇن، ئۇلارغا ئوخشاشلا ئاتا ـ ئانىلىرى يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشسا مۆئمىن، ئەكسىچە بولغاندا دىنسىز، دەپ قارىلىشى لازىم، دەپ تەكىتلەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىكى پەرقنىڭ ئاساسىي تۈگۈنىدۇر. سەئلەبىيە تەرەپدارلىرى شۇڭا بەرزەنتلەر بالاغەتكە يەتمىگۈچە ئۇلار توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنى ياكى ئۇلارغا مۇھەببەتتە قاراش، ئاداۋەتتە بولۇشنى ئىنكار قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى بەيھەسىيە تەرەپدارلىرىنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.

سەئلەبىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە پۇلغا سېتىۋالغان قۇللاردىنمۇ ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، بىيىغاندىن كېيىن زاكات ئېلىنىشى كېرەك. ئۇلار تەييار سۇلار بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان زېمىنلاردىن يېرىم (ئوندىن بەش) باج ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ. ئۇلار توۋۋا قىلىش مەسىلىسىدىمۇ ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە. مەسىلەن، شەيبانىيەنىڭ ئاساسچىسى شەيبان ئىبنى سەلەمە قەتلى قىلىنغاندا، بەزىلەر ئۇنى قىلغان

گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلغان ، دەپ قاراشسا ، سەئلەبىيە تەرەپدارلىرى ئۇنى بىزنىڭ مەسلەكداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلىغان ، مۇئمىنلەرنىڭ تۇۋىسى پەقەت تالاپ كېتىلگەن نەرسىلەر ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن قوبۇل قىلىنىدۇ . ۋاھالەنكى ، ئۇ بۇ ئىشنى قىلمىدى، دەپ ئۇنىڭ تۇۋىسىنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ .

تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، سەئلەبىيەنىڭ زەيد ئىبنى ئابدۇرەھمان ئىسىملىك بىر رەھبىرىمۇ بولغان، ئۇ شەيبانىيە تەرەپدارلىرى بىلەن قاتتىق تىركەشكەن . كېيىنكى دەۋرلەردە سەئلەبىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدە شەرىئەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا زىددىيەت كېلىپ چىقىپ ، ئۇلار يەنە نۇرغۇن يېڭى تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن . تارىخي مەنبەلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئۇلارنى بەش تارماققا ، يەنە بەزىلىرىدە ئالتە تارماققا بۆلۈنگەن، دېگەندەك ئوخشىمىغان مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ .

**سەنەۋىيە** — قوش ئېتىقادلىقلار ، قەدەرىيەگە تەۋە پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ ، ئاساسي مەسىلىلەردىكى كۆز قاراشلىرى قەدەرىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ ، لېكىن دىنىي ۋە شەرىئەتكە ئائىت قىسمەن مەسىلىلەردە ئۆزگىچە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جۈملىدىن ئۇلار ياخشىلىق ئاللاھدىن، يامانلىق بولسا ئىبلىستىن باشلانغان بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ . يەنى ئۇلار ئىككى ياراتقۇچى تەڭ ئەۋجۇت دېگەننى تەرغىب قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دۇنيادا ھېسابسىز ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەۋجۇت ، زۇرۇرىيەت يۈزىسىدىن بولغانىدىمۇ زاتى ۋاھىد ( ئاللاھ ) بىرلا ۋاقىتتا ھەم ياخشى ، ھەم يامان ھالەتتە بولمايدۇ . شۇڭا ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ چوقۇم ئايرىم ھالدا مۇستەقىل مەنبەسى بار ،دەپ قارايدۇ. ئۇلار ياخشىلىقنىڭ مەنبەسىنى يەزدان، يامانلىقنىڭ مەنبەسىنى ئەھرىمەن، دەپ ئاتىشىدۇ . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنە

ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى نۇر ۋە زۇلمەت مەنىسىدە شەرھلىشىدۇ.

سەنەۋىيەدىكى نۇرغۇن قاراشلار تېگىدىن ئالغاندا ئىسلامغىچە بولغان زەردۇشت، مانى، مەزدەكىيە، دەيسانىيە ۋە مەرقۇنىيە قاتارلىق دىنلارغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ تونىلا كىيگۈزۈلگەندۇر. ئۇلاردىكى ئورتاقلىق زەردۇشت ۋە مانى قاتارلىق دىنلاردا ئۆز ئارا قارمۇ-قارشى ئىككى خىل كۈچنىڭ مەڭگۈلۈك كۈرىشى ئاساسىي غايە قىلىنىپ، مەۋجۇداتلار ئالەمنى ئاھۇرامازدا ياراتقان، بارلىق مەۋجۇداتلارنى يارىتىشتىكى ئاساسىي مەقسەت يەنىلا ئىنساننى يارىتىش ئۈچۈندۇر، دەپ قاراشتىن ئىبارەتتۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ قاراشلاردا ئاۋۋال ئىككى مۇھىم ئەخلاقىي مەسىلە، يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئۇنىڭدىن كېيىن مەۋجۇدات ئالىمى مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، مەيلى زەردۇشت ياكى مانى دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئاساسلانغان قاراشلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەرقانداقىنى ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىلەرگە ئاساسلانغان قوش ئىلاھلىق قاراش، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئىككى ئالەم، يەنى ماددىي ۋە كۆككە تەۋە ئالەم، باشقىچە ئاتىغاندا يۇقىرى (ئۇلۇۋىي) ۋە تۆۋەندىكى (سىفلى) ئىككى ئالەم تەڭ مەۋجۇت. بىر قىسىم پىرقىلەر پەقەت ئىسلامغا زەردۇشت ۋە مانى دىنى تەلىماتلىرىنىڭ كۆپلەپ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە سەنەۋىيەنىڭ قىسمەن قاراشلىرىغا قىزىقىپ، ئۇنىڭدىكى ئايرىم مەزمۇنلارنى ئۆز تەلىماتلىرىغا قوشۇۋالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىسلامدا بۇ خىل تەلىماتلارنى سەنەۋىيە تەرەپدارلىرىدەك تولۇق قوبۇل قىلغان ئىككىنچى بىر پىرقە يوق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، 8-ئەسىردىن باشلاپ بەزى غۇلات پىرقىلەر ئالەمنىڭ ئىككى مەنبەدىن يارىتىلغانلىقىنى تەدرىجىي ئېتىراپ قىلىشقا يۈزلەنگەن. ئەبۇلھەفس ھەددال، ئىبنى زەر، ئەبۇئەيسا ۋەرراق قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى تەلىماتلارنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە سىڭدۈرگەن شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ

شەخسلەردىن ئەبۇئەيسا ۋەرراق ئەسلىدىلا زەردۇشت دىنى مۇرىتى بولۇپ، كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىدىنمۇ بەزىلىرى سەنەۋىيە تەلىماتلىرىغا قىزىققان، ئەمما كۆپ ساندىكىلىرى ئۇلار بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، قوش مەنبەگە ئائىت قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىشكەن. سەنەۋىيەنىڭ ئىسلام دەۋرلىرىدىكى ۋەكىللىرى دەپ سالىھ ئىبنى ئابدۇلقۇددۇس، فەزلى ھەدەسى، مەسئۇد ئىبنى خائىت قاتارلىقلار دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسلام تارىخىدىكى خېلىلا مەشھۇر شەخسلەردىن بىرى بولغان بەيان تەممىمۇ قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ بىرىنى شەرھلىگەندە ئىككى خۇدا — خۇدايى سەما (ئاسمان خۇداسى) ۋە خۇدايى ئەرز (زېمىن خۇداسى) نىڭ مەۋجۇتلىقىغا قايىل بولغانمىش. باتىنىيە تەلىماتلىرىدا مانىي، زەردۇشت ۋە دەيسانىيە دىنلىرىنىڭ تەسىرى خېلىلى ئېنىق نەزەرگە چېلىقىدۇ. ئالايلۇق، ئۇلارنىڭ بەزى يىرىك ۋەكىللىرى ياراتقۇچى ئالدى بىلەن نەفس (روھ) نى ياراتتى. ئاللاھ بىرىنچى مەنبە، روھ بولسا ئىككىنچى مەنبەدۇر، بۇ ئىككى مەنبە قوشۇلۇپ ئالەمنى بارلىققا كەلتۈرگەن، دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇ قاراشتىمۇ قوش مەنبەلىك قاراش شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا خېلى روشەن ئىپادىلەنگەن.

**سەفىدجامەگان — مۇقەننەئىيەگە** قاراڭ.

**سەۋابانىيە — مۇرجىئەنىڭ** سەۋبانى مۇرجىي ئاساس سالغان بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ يەككە ۋە يېگانىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ھەقىقىيلىقىغا قايىل بولۇش ۋە ئىنسانلار ئەقلىي ئىقتىدارىغا ئاساسەن قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىشلارنى قىلىشنى ئىمان، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار تەبىئەتتىكى ئۆزگۈرۈشلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرگە نىسبەتەن ئاقىلانىلىق بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەكىتلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە، ئاللاھ ئەگەر بەندىلىرىدىن بىرەرىنىڭ مەلۇم بىر گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش گۇناھ سادىر

قىلغان باشقا بەندىلىرىنىڭمۇ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشى كېرەك. خۇدا ئەگەر ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان مەلۇم بىر بەندىسىنى دوزاخ ئوتىدىن قۇتقۇزغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش گۇناھدىكى باشقا بەندىلىرىنىمۇ دوزاخ ئوتىدىن قۇتقۇزۇشى كېرەك. سەۋابانىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇنداق مەنتىقى قاراشلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. بۇ تارماقنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئىبنى غەيلان ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە باغلىق، ئۇلار ئىرادە جەھەتتە ئەركىنلىككە ئىگىدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ تارماق تەرەپدارلىرى ئىمامنى ئىجمائ ئۇسۇلى ئارقىلىق سايلاپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلامدىكى تەقدىر، ئىرجائ (قايتۇرماق) ۋە خۇرۇج (چىقىپ كەتمەك) دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملارنى بىر-بىرىگە باغلاشتۇرۇدۇ. ئۇلار ئاللاھ ئەزىم گۇناھ سادىر قىلغان بەندىلىرىنى دوزاختا جازالاپ بولغاندىن كېيىن، جەننەتكە ئەۋەتىدۇ، ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ دوزاخ ئوتىدا مەڭگۇ قېلىشىنى خالىمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادىنىڭ قارىشىچە، سەۋابانىيە تەرەپدارلىرى يۇنۇسىيە ۋە غەسسانىيە تەرەپدارلىرىدىن بىر جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سەۋابانىيە تەرەپدارلىرى ئەقلىي ۋاجىباتلارنى شەرئىي ۋاجىباتلارنىڭ ئالدىغا قويۇشىدۇ. مەنبەلەردە بەسرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەردىن غەيلان ئىبنى مەرۋان، ئەبۇشىمر مۇۋەيىن ئىبنى ئىمران، مۇھەممەد ئىبنى شەبىب قاتارلىقلارمۇ سەۋابانىيە تارمىقىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**سۇرخۇبىيە** — زەيدىيەنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ھەشەبىيە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. مەنبەلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئەبۇخەلىد ۋاستى، يەنە بەزىلىرىدە سۇرخۇبى تەبەرى ئۇنىڭ ئاساسچىسى، دەپ تونۇشتۇرۇلغان. مەزكۇر تارماقنىڭ نامى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن رىۋايەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەزى مەنبەلەردە «سۇرخۇب» ياكى «سۇرخاب»

دىڭىزدىكى بىر قارغۇ شەيتاننىڭ نامى ئىدى ، ئەبۇجارۇدنى دۇشمەنلىرى ئۇنى كۆزى ۋە كۆڭلى قارىغۇ ، دەپ ئېلان قىلىشىپ، ئاشۇ شەيتانغا ئوخشىتىشقان ، شۇڭا زەيدىيەدىن بۆلۈنگەن بۇ تارماقنى شۇ نام بىلەن ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان، دېيىلسە ، يەنە بەزى مەنبەلەردە بۇ تارماق ھەشەبىيە نامى بىلەن خاتىرىلىنىپ ، ئۇلار سۇرخۇبى تەبەرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىدى ، ئۇلار ھەسەن ئىبنى يەزىد دەۋرىدە تەبەرىستاندا يوقىرى شۆھرەتكە ئىگە ئىدى ، ئۇلار مۇختار ئىبنى ئەبىئۇبەيدىنىڭ ياردىمىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە قوللىرىدا ھەشەب ( تاياق ) تىن باشقا نەرسە بولمىغاچقا ھەشەبىيە نامى بىلەن ئاتالغان، دېيىلىدۇ . بۇلاردىن باشقا يەنە ئوخشىمايدىغان خاتىرىلەرمۇ ئۇچرايدۇ .

مەنبەلەردىكى مەلۇماتلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ھۇسەين قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىماملىقى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن ، شۇلاردىن بىرى سۇرخۇبىيە نامى بىلەن ئاتالغان . بۇ تارماقتىكىلەر ئەلىنىڭ ھەر ئىككى ئوغلى قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىماملىقى ھەسەن ۋە ھۇسەيىننىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۆتۈشى كېرەك،دەپ ، مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىماملىقىنى قانۇنسىز، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلار ھەسەن بىلەن ھۇسەيىننىڭ ئەۋلادلىرى ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىشتا باراۋەر ھوقۇققا ئىگىدۇر ، شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن قايسى بىرى قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئىماملىق ئۈچۈن كۆرەش قىلالىسا ، شۇ ئىمام بولۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىشىدۇ .

سۇرخۇبىيە تەرەپدارلىرى ئەلىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەڭ مۇقەددەس شەخس، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلار زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن بىلەن قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ ، ئۇنى ئىمام، دەپ ئېتىراپ قىلىشقان . شۇڭا، سۇرخۇبىيە بەزى مەنبەلەردە زەيدىيەنىڭ تارمىقى سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ . ئەمەلىيەتتە سۇرخۇبىيە دىنىي پەرزلەر ۋە شەرئىي قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئائىت ئەقىدىلەردە زەيدىيە بىلەن پەرقلىنىدۇ . سۇرخۇبىيە تەرەپدارلىرىنىڭ

قارىشىچە، ھالال بىلەن ھارامنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بېكىتكەن، پەيغەمبەر بېكىتكەن ھەرقانداق نەرسە ياش - قېرىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش كۈچكە ئىگىدۇر. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرى مەيلى ئۇ ياشانغان ياكى بۆشۈكتىكى بوۋاق بولسۇن، ئوخشاش بىلىمگە ئىگە، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار بوۋاقلارنىڭ بىلىمى چوڭلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، دەپ قاراش ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا شەك كەلتۈرگەنلىك، بۇنداقلار مۇشرىكتۇر، دەپ تەكىتلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار بىلىمنى باشقىلاردىن ئۆگەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە بىلىم ئىلاھىي ئىنايەتنىڭ شاراپىتى بىلەن سىڭىپ كىرىدۇ. سۇرخۇبىيە تەرەپدارلىرى مۇھەممەدئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش مەرتىۋىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ بىرسىنى يەنە بىرسىگە نىسبەتەن ئۈستۈن قويۇشقا بولمايدۇ، ئىمامىلىق ھەممىسىگە راۋا، دەپ قارىشىدۇ. مەنبەلەردە بۇ تارماقنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا بەزىدە زەيدىيەنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە ئاندا - ساندا تىلغا ئېلىنغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تەپسىلىي خاتىرىلەر يوق. ھازىر بۇ تارماق مەۋجۇت ئەمەس.

**سۇلەيمانىيە — زەيدىيە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تارىختا جەرىرىيە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسچىسى سۇلايمان ئىبنى جەرىر. بۇ تارماق تەرەپدارلىرى ئىمامىلىقنى (خەلىپىلىكنى) كېڭەشكە باغلىق ئىش، ئۇممەت ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئىككى شەخسنىڭ بۇ مەسىلىدىكى پىكرى شەرىئەت ھۆكمىگە ئوخشاشلا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار كېڭەش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن خەلىپىلەر (ئىمامىلىقلار) نىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكى توغرىسىدىمۇ باشقىچە قارىشى يوق. لېكىن ئوسماننى ئەلىنى ئالدىغان، دەپ قاراپ دىنسىزغا چىقىرىدۇ. ئىمامىلىقتا ئۇلار تىرىشچانلىق - سىياسىي كۆرەش يولىنى راۋا، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى

دەۋرلىرىدىكى خەلىپىلەرنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەلىنى ۋاقتىنچە ئىماملىقتىن ۋاز كەچكەن، دەپ قارىشىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى تارىخچىلار ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى بۇتىرىيە تەلىماتلىرى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ. سۇلەيمانىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە ھەسەن بىلەن ھۇسەيىن ئەۋلادلىرىدىن كىمىكى دىن يولىدا قولىغا شەمشەر ئېلىپ، جاسارەت ۋە شىجائەت كۆرسىتەلىسە شۇ ئىمام بولۇشى كېرەك. بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىمامنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىنمۇ، دېگەن مەسىلىدە ئۇلار كونكرېت پىكىر بايان قىلىشمىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىككى زات بىرلا ۋاقىتتا ئىماملىق ئۇچۇن تەڭ كۇرەش قىلسا، قايسىسى تەقۋادار بولسا شۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئەۋزەللىك بېرىش كېرەك. ئەگەر ھەر ئىككىسى بۇ جەھەتتە ئوخشاش سەۋىيەدە ئىگە بولسا، ئۇلاردىن قايسىسى ئادىلراق ۋە ھەققانىي مۇھاكىمە يۈرگۈزەلەيدىغان بولسا شۇنىڭغا ئېتىبار بېرىلىشى لازىم.

سۇلەيمانىيە تەرەپدارلىرى ئاللاھنى ئۆز ئىلمىدە ئالىم ۋە ئۇنىڭ ئىلمىنى بولسا شەيئى (نەرسە، ماددا) دەپ، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئەزەلدىنلا مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئەسل (مەنبە) مەسىلىدە مۇئتەزىلەچىلەر بىلەن، فەرئ (يارىلىش) مەسىلىسىدە ھەنەفىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتىدۇر. ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىدا يەنە شافىئىيە بىلەن شىئە تەلىماتلىرىنىڭ بەزى تەركىبلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**سۇمامىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭغا سۇمامە ئىبنى ئەشرەس نۇمەيرى (828 - يىلى قازا قىلغان) ئاساس سالغان. ئۇ مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ بەسرەدىكى داڭلىق ئىلاھىيەتشۇناسلىرىدىن بولغان. ئۇ خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغان، ھەتتا خەلىپە ئۇنى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىلغاندىمۇ سۇمامە خەلىپىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە خەلىپە مۇئتەسىم دەۋرىدە سۇمامە قەدەرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پېشۋاسى سۈپىتىدە قولغا

ئېلىنغان.

سۇمامە ئىبنى ئەشرەس نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، مەرىپەت، ئىمان، ھەشر (قىيامەت)، ماددىلارنىڭ يارىتىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى شەرھلەيدۇ. بەزى مەسىلىلەردە مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئەنئەنىۋي قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە نۇرغۇن قوللىغۇچىلارغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ پاسىقلار توۋا قىلماي ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا بارىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئۆز ئەقىدىلىرىنى كۆپىنچە لوگىكىلىق دەلىللەر بىلەن كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ياراتقۇچىدىن ئەمەس، ئاللاھ پەقەت يېڭى مەۋجۇدات يارىتىشقا قادىر، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، يارىتىلغان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكەتلىرى تەبىئەت بىلەن باغلانغاندۇر. ئىنسان ئىرادىدىن باشقا ھېچقانداق ئەزەلىي ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلگە ئۆزلىرى ئىگە، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاللاھ يارىتىدىغان نەرسە ئەمەس.

سۇمامە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى ئالەم ۋە ئاللاھنى مەرىپەت قىلىش مەسىلىسىدۇر. ئۇ مەرىپەتنى زۆرۈر دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تاسادىپىيلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەرىپەت نۇقتىئىينەزەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. سۇمامەنىڭ مۇشۇ پىكرىگە ئاساسەن سۇمامىيەت تەرەپدارلىرى ئەقىلنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەرىپەت زۆرۈردۇر، ئاللاھ كىشىلەرگە ئۆزىنى تونۇتمىسا، ئۇلار ئۆزلىرىچە ئاللاھنى توغرا دەرك ئېتەلمەيدۇ. بۇ ھالدا ئۇلارنى كۇپۇرلۇقتىن توسۇشمۇ ئىمكاندىن يىراقتا بولىدۇ، بۇنداق شەخسلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىشتۇر. بۇنداق قاراشلارغا ئاساسەن سۇمامىيە تەرەپدارلىرى قىيامەت كۈنى كۇپۇرلۇق قىلغانلار، مۇشرىكلار، يەھۇدىلەر، مەجۇسىلەر، خرىستىئانلار، زەندىقىيلەر، دەھرىيلەرنىڭ ھەممىسى كۇلگە

ئايلىنىدۇ، دەپ ھېسابلىشىدۇ. كىچىكىدىلا قازا قىلىپ كېتىپ، يارانتقۇچىسىنى تونۇشقا ئۈلگۈرمىگەنلەرنىڭ قىيامەتتىكى تەقدىرىمۇ يوقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. سۇمامە ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى توغرىسىدا مەنبەلەردە كۆپلىگەن رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**سۈمەيتىيە ــ سامىتىيەگە قاراڭ.**

**سۈننەت** ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى، ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ مەجمۇئەسى سۈننەت ياكى ھەدىس دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھەدىسلەر يېزىپ قالدۇرۇلمىغان، پەقەت ساھابىلارنىڭ ئېغىزلىرىدىلا رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دۇنياسىدا خىلمۇ ــ خىل مەزھەپلەر ۋە سىياسىي گۇرۇھلار مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەدىسلەرنى تۈرلۈكچە ئىزاھلىشىدۇ، شۇنىڭدەك باشقا غەرەزدىكى بەزى كىشىلەرمۇ ھەرخىل توقۇلما، يالغان ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. (مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامىدا ھەدىس ياساش ئىشى بارغانسېرى كۆپىيىپ ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتكەن، ئۆز ۋاقتىدا ساختا ھەدىس ياسايدىغان ئابدۇكەلىن ئىسىملىك بىرى تۆت مىڭ ھەدىس ياساپ چىققان، بۇلارنىڭ راست ــ يالغىنىنى ئايرىغىلى بولمىغان. بۇنىڭ بىرقىسىملىرىدا ئىسلام شەرىئىتىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن.) ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساھابىلار ۋە تابىنلەر ئارىسىدىكى ئىلمى ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپ، تۈگەشكە باشلايدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەدىسلەرنى رەتلەپ تەرتىپكە كەلتۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ

پەرمانىغا ئاساسەن ھەدىسلەر ئالتە تومغا توپلىنىپ، مۇسۇلمان دۇنياسىدا «قۇرئان كەرىم» دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇقەددەس كىتاب سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. سۈننەت «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئۈچ جەھەتتىن باغلىنىشلىق: 1) سۈننەت «قۇرئان كەرىم» غا ھەممە جەھەتتىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. 2) سۈننەت «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەنىۋى تەسىرىنى ئىپادىلەيدۇ. 3) سۈننەت «قۇرئان كەرىم» بىلەن بىۋاستە ئالاقىگە ئىگە. سۈننەت ھوقۇق - مەنپەئەت، ئەخلاق ۋە تارىخىي مەزمۇندىكى تۈرلۈك ھەدىسلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ھەدىسلەر رەسۇل ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە نىسبەتلەشتۈرۈلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە سۈننەت ئىككى قېتىم - «سۈننەتئۇل - ئەۋلىين» ۋە «سۈننەتۇ - ل - لاھ» شەكلىدە، نەبىدىن مىراس قالغان ۋە ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان يالداما سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. دىنىي ماتېرىياللاردا بولسا «سۈننەتى ھەسەنە» (ياخشى) ۋە «سۈننەتى سەيئە» (يامان) دېگەن ئۇقۇملار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. 8- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھەدىسشۇناسلىقتا ئۈچ ئېقىم — مەدىنە، ئىراق ۋە سۈرىيە ئېقىملىرى بارلىققا كېلىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ يۈرگەن ھەدىسلەرنى رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھەقىقىي ھەدىسلەرنى تاللاش ئۇسۇلىمۇ خېلىلا ئاددىي بولۇپ، كۆپىنچە ھەدىس مەزمۇنىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە تارىخىي ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدىغان- كەلمەيدىغانلىقى ئاساس قىلىنىدۇ. ھەدىسلەرنى رەتلەشتە ھەدىسشۇناسلار (مۇھەددىسلەر) ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار بىرىنچىدىن، ھەدىسلەرنىڭ داۋاملىشىپ كەلگەن يولىنى تەتقىق قىلىدۇ، يەنى ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ جەمەتىنى تەتقىق قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تاقاپ سۈرۈشتە قىلىدۇ. ھەدىسلەرنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ سادىق، ئىشەنچلىكلىكى ياكى ساختا، ئىشەنچسىزلىكلىكى، ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقىش

ئىھتىماللىنىڭ بار ـ يوقلۇقۇقىنى تەكشۈرۈپ چىقىش نەتىجىسىدە ئىشەنچىسىز رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە تارىختىن بۇيان تارقىتىپ كەلگەنلەرنى ئاشكارىلايدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەدىسشۇناسلار ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى تېكىستىنى تەتقىق قىلىش، ئاساسلىقى ئالاقىدار جەمئىيەت، دىن قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئاساسەن ھەدىسلەرنىڭ راست ـ يالغانلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ ۋە پەرقلەندۈرىدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ نوپۇزىنى تۇرغۇزۇشمۇ ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بىرىنچى قىسمىنى ئىسناد (يۆلەنمە، يەنى شۇ دەۋرگىچە ياشىغان مۇھەددىسلەرنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ ئۆتۈش)، ئىككىنچى بۆلىكى مەتىن (ھەدىسنىڭ مەزمۇنى) تەشكىل قىلىدۇ. مۇھەددىسلىرى تولۇق بولغان ھەدىسلەر «ھەدىسى سەھىھ» (توغرا ھەدىسلەر)، مۇھەددىسلەرنىڭ نامى ئېتىراپ قىلىنغان بولسا «ھەدىسى ھەسەنە» (ياخشى ھەدىس)، ئەگەر مۇھەددىسلىرىدىن بىرەرسىنىڭ نامى ئىشەنچلىك بولمىسا «ھەدىسى زەئىف» (ئاجىز ھەدىس) دەپ ئايرىلىدۇ.

ھەدىسشۇناسلار ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان نوپۇزلۇق ھەدىسلەر توپلىمى ئىچىدە پەقەت مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى (810 ـ 870) نىڭ «ئەل جامىئۇل ـ سەھىھ» (يەنە بىر نامى «سەھىھۇل بۇخارى») ھەممىدىن ئىشەنچلىك ۋە مۆتىۋەر ھەدىس، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئالتە يۈز مىڭ ھەدىس ئىچىدىن پەقەت يەتتە مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ھەدىسنى ھەقىقىي دەپ تونۇپ، قالغانلىرىنى تەكرار ياكى توقۇلما، دەپ قارايدۇ. مۇسلىم نىشاپۇرى (817 ـ 875) نىڭ «ئەسسەھى» دە ئۈچ يۈز مىڭ ھەدىستىن ئون ئىككى مىڭى تاللانغان. دىنىي تارىخلاردا ھەدىسلەرنىڭ مۇشۇ ئىككى ۋارىيانتى نوپۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار «سەھىھانى» (ئىككى توغرا) نامى بىلەنمۇ مەشھۇردۇر. ئۇنىڭدىن سىرت، سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئالتە توپلىمى، يەنى «سىھا ھى سىتتە» (ئالتە ھەدىس توپلىمى)

مۇنوپۇزلۇق ھەدىسلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، مۇھەممەد ئىبنى ئەيسا تېرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ئەھمەد نىسائىي، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رەتلىگەن ھەدىس كىتابلىرىدۇر.

ھەدىس — «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىزاھاتى ۋە قوشۇمچىسى، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە قائىدە — تۈزۈملىرىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئاساستۇر. سۈننەتتە ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، خەلىپىلىك دەۋرىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر ۋە 7 - 9 - ئەسىردىكى مۇسۇلمان دۇنياسىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك زىددىيەتلەر ھەم زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، كۈندىلىك ھايات بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**سۇفرىيە — خارىجىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، زىياد ئىبنى ئەسفەر ئۇنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دىنىي تارىخچىلار زىياد توغرىسىدا ئوخشىمىغان مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. 7 - ئەسىردىن كېيىن خارىجىيە تەرەپدارلىرى ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپلار مۇكەسكىنلىشىپ، ئۇلار بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. سۇفرىيە شۇ ۋاقىتتا بۆلۈنگەن تارماقلاردىن بىرى بولۇپ، تەلىماتلىرىدىكى ئەسل (مەنبە)، فورۇئ (يارىلىش) قاتارلىق ئاساسىي مەسىلىلەردە **ئەزرەقىيە، ئەبازىيە، نەجدىيە** قاتارلىق پىرقە - تارماقلار بىلەن ئوخشاش قاراشتىدۇر. ئۇلار پەقەت قىسمەن مەسىلىلەردىكى ئۆزگىچە تەشەببۇسلىرى بىلەن باشقا تارماقلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش مەزھەپ، ئوخشاش قاراشتا بولغان، ئەمما كۈرەشتىن باش تارتقانلارنى دىنسىزلىقتا ئەيىبلىمەيدۇ. مۇشرىكلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى قەتلى ئېتىشتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ. دىنىي ئەقىدىدە گۇناھ سادىر قىلغانلارنىلا مۇشرىك، دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئىش ئۆزىنىڭ مەلۇم چېكىگە ئىگە،

شۇڭا ھەر قانداق ئەمەل كونكرېت ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىشى كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. مەسىلەن، زىنا قىلغۇچىلارنى زانى ( زىنا قىلغۇچى )، قاراقچىنى قاراقچى، دەپ ئاتاش كېرەك. بۇنداق گۇناھ سادىر قىلغانلارنى مۇشرىك ۋە دىنسىز، دەپ ئاتاش ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ.

سۇفرىيە تەرەپدارلىرى شەرىئەتتە مۇھىم دەپ قارىلىپ، ئىسمى ئاتالغان گۇناھلارنى سادىر قىلغۇچىلار ( ناماز ئوقىماسلىق، روزا تۇتماسلىق ... ) نى دىنسىز، دەپ قارىشىدۇ. شېرىكنى ئۇلار ئىككى قىسىمغا — سەيتانغا تائەت قىلىش ۋە بۇت — سەنەمگە ئىبادەت قىلىش، كۇپۇرلۇقنىمۇ ئىككىگە — نىئمەت جەھەتتىكى ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە شەك كەلتۈرۈش، گۇناھسىزلىقنىمۇ ئىككىگە — ئەھلى ھۇدۇد ( دائىرە ئىچىدىكىلەر ) ۋە ئەھلى جۇھۇد ( دائىرە سىرتىدىكىلەر ) گە بۆلۈشىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى بەيھەسىيە تەرەپدارلىرىدەك گۇناھكارلار تاكى قازىنىڭ يېنىغا ئاپىرىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى بېكىتىلمىگىچە ئۇلارنى دىنسىز دېيىشكە ياكى باشقا ناملار بىلەن ئاتاشقا بولمايدۇ، دەپ قارىشىدۇ. بەزى كىچىك گۇناھلارنى سادىر قىلغۇچىلارنى ئۇلار ئىمانسىز، دەپ ئاتىشىدۇ، ئەمما كاپىر، دەپ ئاتىمايدۇ.

سۇفرىيە تەرەپدارلىرى ئەبۇبىلال خارىجى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمران ئىبنى خىتتانى سەدۇسىلەرنىڭ ئىمامىلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ تارماق ئاساسەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى دۆلەتلەرگە تارقالغان بولۇپ، مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى مىلادى 734 - يىلىدىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن ۋە 771 - يىلى سىجىلماسە دېگەن يەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇزۇن مۇددەت شۇ يەرلەردە ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلار دىجلەنىڭ يوقىرى ئېقىنى رايونلىرىدىمۇ يېغىلىق قوزغاپ، ئىراق ۋە ئۇماندا ئاباسىيلار ھاكىمىيتى بىلەن تىركەشكەن. بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**سىفاتىيە** — ئىلاھىي سۈپەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر خىل پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئاتىلىشى. ئىلاھىي سۈپەت سۆزىنى تۇنجى قېتىم ئىستېلا سۈپىتىدە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى ئىشلەتكەنىدى. شۇنىڭغىچە «نۇت» سۆزى شۇ مەنىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. كەلام ئىلمىنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى غايىۋى پېشىۋالىرى ھېسابلىنىدىغان ئەسھابى رەئيي ۋە ئەسھابى ھەدىس ۋەكىللىرى ئىلىم، قۇدرەت، ھايات، ئىرادە، ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان سۈپەتلەرنى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئىلاھىي سۈپەتلەر، دەپ قاراپ، ئەسلى سۈپەتلەر (سىفەتى زات) بىلەن ئەمەلدىكى سۈپەتلەر (سىفەتى فېئلى) نىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېچقانداق چەك قويمايدۇ، ھەتتا خەبەرىيە سۈپەتلىرى (يۈز، قول، چىراي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەزالارنىڭ تۈرلۈك سۈپەتلىرى) نىمۇ ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۇلار بۇ سۈپەتلەرنى شەرھلەپ كەتمەيدۇ. مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى بولسا بۇنداق سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىشىدۇ. شۇڭا، سۈننەت ئەھلى پېشىۋالىرى ئالدىنقىسىنى سۈپەت ۋە كېيىنكىسىنى مۇئەتتىلە (ئەمەل قىلىشتىن توختىغان تەرەپلەر) دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە سىفاتىيە تەرەپدارلىرى سۈپەت مەسىلىلىرىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىغا ئاساسەن يەنە ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سۈپەتلەرنى ئېتىمولوگىيە ۋە سۆز مەنىسىگە ئاساسەن شەرھلىشىدۇ. يەنە بىر قىسمى سۈپەتلەرنى شەرھلەشتىن باش تارتىپ، سۈپەتلەرگە ئەقلىي تەقەززاغا ئاساسەن مۇئامىلە قىلىپ، ئاللاھنى سۈپەت جەھەتتە ھېچنېمىگە ئوخشىمايدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە بىز بۇ بابتىكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى چۈنىشىنىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز، شۇڭا ئۇلارنى شەرھلىمەيمىز، دەپ تەكىتلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەگەشكۈچىلىرى شۇ مەنىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتلەرنىڭ ئاشكارا مەنىسى قانداق بولسا شۇنداق چۈشىنىش كېرەك، دەپ

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ چۈشەندۈرۈشنى رەت قىلىدۇ. شىئەلەر بۇ مەسىلىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈش يولىنى تۇتىدۇ. ئۇلار بەزىدە خۇدانى مەخلۇقلارغا ئوخشىتىشسا، يەنە بەزىدە ئىماملارنى ئاللاھقا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارغا نۇرغۇن ئىلاھىي سۈپەتلەرنى بېرىدۇ. كېيىن مالىك ئىبنى ئەنەس ئەھلى رەئيي ۋە ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ سۈپەت توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلاھىي سۈپەتلەرنى مەجھۇللۇق (نامەلۇملۇق) بىلەن ئىمانغا باغلاپ، سۈپەت توغرىسىدىكى ھەرقانداق سوئالنى بىدئەتچىلىك، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، سۇفيان سەۋرى، داۋۇد ئىبنى ئەلى ئىسفاھانى قاتارلىقلار ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى قوللايدۇ. ئىلمى كەلام مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئىلاھىي سۈپەتلەر توغرىسىدىكى تەلىماتلار سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، سىفاتىيە ئەشئەرىيەگە ئۆزگىرىدۇ.

سىفاتىيە تەرەپدارلىرى ئاللاھنى ئىنسانلارنىڭ بارلىق كەسىپ ۋە ھۈنەرلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى، قۇدرەتنى يولسا، ئەمەل بىلەن ھەمراھ دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، بېھىشتىكىلەر مەڭگۈ بېھىشتە، دوزاختىكىلەر مەڭگۈ دوزاختا قالىدۇ. ئۇلار دەسلەپكى تۆت خەلىپىنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەنبەلەردە مۇشەببەھىيە ۋە كەررامىيە قاتارلىق تارماقلارمۇ سىفاتىيەگە تەۋەدۇر، دېگەن مەلۇماتلارمۇ ئۇچرايدۇ. ھازىر بۇ پىكىر ئېقىمى پائالىيەتتىن توختىغان.

**شاباشىيە — قەرمەتىيەنىڭ** چەكتىن ئاشقان تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، دەسلەپتە بەسرە ۋە ئېھسانىڭ چەت رايونلىرىدا ۋۇجۇدقا كېلىپ، كېيىن پارس قولتۇقىغىچە تارقىلىدۇ. بۇ تارماقنىڭ تۆرلۈك پائالىيەتلىرى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت (990 - 1090) داۋاملىشىدۇ. بەنى شاباش شەيخلىرى مەزكۇر تارماقنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسى (فەزل ئىبنى شاباش ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەلىلى بەرەكات) بەسرە ۋالىسىنىڭ ئورۇنباسارلىق

مەنسىپىگىچە كۆتۈرۈلىدۇ. سۈننەت ئەھلى شاباشىيلارنى بىدئەت ئەھلى دەپ ئەيىبلىسە، دۇرۇزىيە تەرەپدارلىرى ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن مەسلەكداش ھېسابلىشىدۇ.

**شاكىيە — مۇرجىئەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، تەرەپدارلىرى دىن ۋە شەرىئەتكە ئائىت ئاساسىي مەسىلىلەردە مۇرجىئە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولسىمۇ، قىسمەن مەسىلىلەردە ئۆزگىچە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. جۈملىدىن، ئۇلار تائەت ئىمان ئەمەس دېگەن قاراش بىلەن ئىلگىرىكى مەسلەكداشلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. ھازىر بۇ تارماق مەۋجۇت ئەمەس.

**شافىئىيە — سۈننىي** مەزھەپنىڭ تارماق فىقھە مەزھەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئىي (767 - 820) ئۇنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، غەززەدە تۇغۇلغان. شافىئىي ھاشىمىيلار خانىدانىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئىلگىرى يەمەن رايونىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. مائارىپ ۋە ئەدلىيە جەھەتتىكى نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا خەلىپىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، پايتەختكە تەكلىپ قىلىنغان. كېيىنكى چاغلاردا باغدادتا مۇدەررىسلىك قىلىپ، داڭق چىقارغان، يەنە مىسىر ۋالىيسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مىسىرغا بېرىپ مۇدەررىس بولغان ۋە فىقھە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان.

بەزى مەنبەلەردە مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئىينىڭ ئانىسى ئەلى ئەۋلادىدىن ئىدى، دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. شافىئىي ياش ۋاقتىدا ئاۋۋال ئەرەب شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەككىدە مۇسلىمى زەنجى ۋە مالىك ئىبنى ئەنەستىن فىقھ ئىلمى ۋە ھەدىس قاتارلىقلارنى ئۆگىنىدۇ. يەمەندە ئەلەۋىيلەر ( ئەلى تەرەپدارلىرى ) نىڭ تۆھمىتىگە ئۇچرايدۇ ۋە ھارۇن نۇررەشىدنىڭ كەچۈرۈشى بىلەن بالا - قازادىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كېيىن شام، ھەرران قاتارلىق جايلاردا، ئاخىرى مىسىرغا كېلىپ فىقھ ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شافىئىيە دەسلەپ شۇ دەۋردىكى فىقھ ئىلمى تەربىيىلەش مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان باغدات شەھرىدە ۋە كەيىندىنلا مىسىردا بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا مەككە، مەدىنە، شام قاتارلىق جايلاردا تېزدىن كېڭىيىدۇ. ئۇزۇنغا بارماي خوراسان، ماۋرائۇننەھر، ھىندىستان، جەنۇبىي ئەرەبىستان، شىمالىي ئافرىقا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىسلام تەسىرى دائىرىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقىلىدۇ. مىسىردا ئىسمائىلىزم رەسمىي دۆلەت دىنىي بولۇپ تۇرغان فاتىمىيلەر دەۋرىدە شافىئىيە چەكلىمىگە ئۇچراپ، تارقىلىش يوللىرى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. فاتىمىيلەر دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن شافىئىيە بۇ رايوندىكى ئاھالىنىڭ رەسمىي مەزھىپى، دەپ ئېلان قىلىنىدۇ.

بۇخارادا ھەنەفىيە ئاۋۋال تارقالغان بولۇپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە شافىئىيە ۋە ھەنەفىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا سۆھبىتى ئارقىلىق مەرۋىدە شافىئىيەگە يول ئېچىلىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىگە ئوخشاشلا خوراسان، ماۋرائۇننەھردىكى كۆپلىگەن جايلار شافىئىيە ۋە ھەنەفىيە (ياكى تۆت فىقھ مەزھەپ ــ ھەنەفىيە، شافىئىيە، مالىكىيە، ھەنبەلىيە نىڭ خالىغان بىرسىگە) ئوخشاشلا ئەمەل قىلىنىدۇ. سالجۇقىيلار دەۋرىدە بۇ نۇقتا تېخىمۇ رۆۋشەن تۈس ئالىدۇ. بۇ دەۋردە خوراساندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى يا شافىئىيە، ياكى ھەنبەلىيەگە تەۋە بولىدۇ. بۇ يەردىكى پېشۋالارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇسۇل (يارىتقۇچى مەنبە) مەسىلىسىدە ئەشئەرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ، فۇرۇئ (يارىتىلىش) مەسىلىسىدە شافىئىيە تەلىماتلىرىنى ياقلايدۇ. 12 - 13 - ئەسىرلەردە شافىئىيەگە تەۋە بولغان جۇۋەينى، قۇشەيرى، فۇراتى قاتارلىق داڭلىق فەقىھلارنىڭ پائالىيەتلىرى خېلىلا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. نىزامۇلمۈلك دەۋرىدە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى قايتىدىن جانلىنىدۇ. 16 - ئەسىرنىڭ

باشلىرىدىن باشلاپ شافىئىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى يەنە تارىيىشقا باشلايدۇ . ئىراندا سەفەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شافىئىيە ئىلگىرىكى نوپۇزىدىن ئايرىلىدۇ . ئوسمان تۈركلىرى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى رايونلاردا شافىئىيە تېخىمۇ ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ . ئەمما ، ئۇ مىسىر ، سۈرىيە ۋە ھىجازدا يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ھېلىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا شافىئىيە تەلىماتى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەنبەلەردە شافىئىيە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ رەسمىي مەزھىپى ئىدى، دەپ كۆرسىتىلىدۇ . مەزكۇر مەزھەپنىڭ قۇرغۇچىسى شافىئىي ئۆزىنىڭ « ئەر رىسالە » ناملىق ئەسىرىدە ئۆز تەلىماتىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى خېلى تەپسىلىي بايان قىلغان بولۇپ ، مەزكۇر ئەسەردە فىقھقا ئائىت بارلىق ئىشلارنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەتكە دائىر تۆت چوڭ مەنبەنىڭ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ . ئۇنىڭدىكى قانۇنىي نىزاملار ئاساسەن ھەنەفىيە ۋە مالىكىيە تەلىماتلىرىدىكى قانۇنىي قائىدىلەرنى ئۆز-ئارا بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن . دىن ۋە شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، شافىئىيە « قۇرئان كەرىم » ۋە ھەدىسكە تايىنىپ ، رەئىي ۋە قىياسنى پەقەت زۆرۈر ھالەتلەردە ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ . ئۇلار قىياسنى پەقەت ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىگە « قۇرئان كەرىم » ، ھەدىس ۋە ئىجمائىدىن جاۋاب تېپىلمىغان ھالەتتىلا پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلارنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى ۋە ئادەت ئامىللىرى قاتارلىقلارنىمۇ نەزەردە تۇتىدۇ . بۇ مەزھەپ ھەنەفىيە تەلىماتىنىڭ قىياسقا تايىنىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىستىھسان ( تەرپىلەش ) ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلماي ، بىۋاسىتە بەلگىلەنگەن قانۇنىي قائىدىلەرگىلا تايىنىپ بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى - ئىستىسھابنى تەۋسىيە قىلىدۇ .

شافىئىيە تەلىماتىدا ئىمان كۆچىيىدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ . مۇئمىنلەر

بېھىشتقا كىرىدۇ. ئىمان ئۈچ شەرت ــ ئېغىزدا ئىقرار بولۇش، كۆڭۈلدە تەستىقلەش ۋە ئاساسىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، دەپ قارىلىدۇ. شافىئىيەنىڭ فەقىھلىرىدىن ئابدۇلھەسەن ماۋەردى (974 - 1058)، ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى (873 - 935)، جۇۋەينى (1085- يىلى قازا قىلغان)، ئەبۇشۇجائ ئىسفەھانى (1106 - يىلى قازا قىلغان)، مۇھەممەد غەززالى (1058 - 1111)، جەلالۇددىن سۇيۇتى (1505 - يىلى قازا قىلغان) قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇردۇر. ئۇلار كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە شافىئىيەنىڭ فىقھ ئىلمىگە ئائىت قاراشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان.

شافىئىيە ھازىر مىسىر، بەھرەين، ئافرىقىنىڭ شەرقى قىسمى، ھىندونېزىيە، يەۋا، سۇمەترا، جەنۇبىي ئەرەپ پادىشاھلىقلىرى، سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇنى ئىمام شافى مەزھىپى دەپ ئاتايدىغان ئادەتمۇ بار.

**شامىتىيە ــ سامىتىيە**گە قاراڭ.

**شەبىبىيە ــ بەيھەسىيە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، شەبىبى نەجرانى تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان. ئۇ دەسلەپتە سالىھىيە تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ دەسلەپتە سالىھىيە تەلىماتلىرىنى ياقلىغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇلار بىلەن ئارازلىشىپ، ئۆز ئالدىغا ئىماملىق تىكلەش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆز سېپىگە قوشۇلۇپ، دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرەشلەردە ئۇنىڭغا ھەمدەم بولغان ئاياللارنىمۇ ئىمام بولالايدۇ، دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇخىل قارىشى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئىمام بولۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئۇلار دىنىي پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈشنى شەرت، دەپ قارىمايدۇ. ئەمما، پەرزلەرنى چۈشەنمىگەندە ئۇنى سوراپ بىلىۋېلىشنى جائىز، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا بەزى مەنبەلەردە ئۇلار ئەھلى سوئال نامى بىلەنمۇ خاتىرىلىنىدۇ، بەزى

مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەر بەيھەسىيە تەرەپدارلىرى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ، دېيىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە ئۇلار يەنە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ياقلايدۇ. بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**شەرىكىيە — قەدەرىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، پەقەت بەزى مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلار بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى پەيغەمبەرلىكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شېرىكتۇر، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار شەرىكىيە نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كوپۇرلۇقتىن باشقا ھەرقانداق يامان سۆز ـ ھەرىكەتنىڭ ھېساب ـ كىتابى بولىدۇ، گۇناھ سادىر قىلغۇچىلار جازالىنىدۇ. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**شەرىئىيە — ھولۇلىيەگە** تەۋە چەكتىن ئاشقان پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەبۇمۇھەممەد ھۇسەين شەرىئىي ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر. ئۇ ھەسەن ئەسكەرىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى ۋە ئۇن بىرىنچى ئىمامدىن كېيىن تۈنجى بولۇپ بابىيە دەۋاسى قىلغان كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئۆچۈن ئۇ دىنسىز ۋە زەندەقە ناملىرى بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئەيىبلىنىشىدىكى سەۋەپ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ئىلاھىي روھ بەش تەنگە — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئەلى، فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۇسەيىننىڭ تېنىگىلا ھولۇل قىلغان (كۆچكەن) دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ بەش تەننىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا زىتلىرىغا ئىگە، ئۇلارنىڭ زىتلىرى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، مۇئاۋىيە ۋە ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار باشقا پىرقىلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا رەسۇلگە تەنە قىلمايدۇ، ھولۇل تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ، يۇقىرىدىكى بەش تەندىن باشقا يەنە ئەبۇمۇھەممەد ھۇسەين شەرىئىينىڭ تېنىگىمۇ ئىلاھىي روھ كۆچكەن، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**شەككاكىيە — شىئەلەرنىڭ** يەتتىنچى ئىمامى مۇساكازىم قازا

قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە شەك بىلەن قارىغان بىر گۇرۇھنىڭ نامى بولۇپ، مەنبەلەردە مۇستەقىل بىر پىرقە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇنازىرىلەردىن كېيىن ئەلى ئىبنى مۇسا رىزانىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىشقان. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن شەھرىستانى ۋە نەۋبەختى ئۇلارنى مەمتۇرە نامى بىلەنمۇ ئاتايدۇ. بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**شەلمەغانىيە — ئەزاقىرىيەگە** قاراڭ.

**شەمراخىيە — خارىجىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى شەمراخدۇر. بۇ تارماقتىكىلەر خارىجىيە تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىغا سادىق بولۇپ، پەقەت قىسمەن مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئۇلار مۇخالىپلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش راۋا، دۈشمەنلەردىن قورقۇش جائىز ئەمەس، دەپ تەكىتلىشىپ، ئىبادەتگاھلاردا تەقىيە (پەرھىز تۇتۇش) نى ھارام ھېسابلىشىدۇ.

**شەھامىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، شىھارىيە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسچىسى ئەبۇيەئقۇب شەھام بولۇپ، مەنبەلەردە ئۇنىڭ نامى خىلمۇ خىل شەكىللەردە (يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئىسھاق شىھام، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد شىھام) خاتىرىلەنگەن. ئۇ ئەبۇھۇزەيلىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ۋە جۇببائىنىڭ ئۇستازى بولۇپ، «ئىمكانىيەت بىرلىكىنىڭ ئىككى مەنبە دىن يارىلىش» (سۇدۇرى مەقدۇرى ۋاھىد ئەزدۇ قادىر) قارىشىنى ياقلايدۇ. بۇ خىل قاراشنى كېيىن جۇببائىي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى رەت قىلىدۇ. تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادىنىڭ مەلۇماتىچە، شۇ دەۋردىكى بەزى دىنىي تارىخچىلار ئەبۇ يەئقۇبنىڭ يوقىرىدىكىدەك قارىشىنى **سىفاتىيەنىڭ** قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئوخشاشلىق تاپىقىلى بولمايدۇ. شەھامىيە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**شەيبانىيە ــ سەئلەبىيەنىڭ** شەيبان ئىبنى سەلمە ئاساسىنى سالغان بىر تارمىقى . شەيبان دەسلەپتە مەرۋى شەھرىدە ياشىغان بولۇپ . ئەبۇ مۇسلىم زامانىدا نەسر ئىبنى سەييارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يولدىن يالتىيىپ ، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايدىغان بولۇپ قالىدۇ . ئەبۇ مۇسلىم بەسسام ئىبنى ئىبراھىم باشچىلىقىدا ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر ئەۋەتىپ ، ئۇنى قەتلى قىلىدۇ . شەيبان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ ، ئەپۇ قىلىشىنى سوراپ ھەرقانچە قىلغان بولسىمۇ ئەپۇ قىلىنمىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بولغان بىر ئادالەتسىزلىك دەپ قاراپ ، دەۋا قىلىشىدۇ . شۇ دەۋردىكى مەشھۇر فەقىھلەردىن بىرى بولغان زىياد ئىبنى ئابدۇرەھمان يوقىرىدىكىدەك تالاش ـ تارتىشلارغا قارىتا چۈشەنچە بېرىپ ، شەيبان سىتەم يولىنى تۇتۇپ ، بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنىنى تۆكتى ۋە ئۇلارنىڭ مېلىنى بۇلاش بىلەن شۇغۇللاندى ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزرىخاھلىقى ھېچ ۋاقىت قوبۇل قىلىنمايدۇ ، دەپ تەكىتلەيدۇ .

شەيبانىيە تەرەپدارلىرى جەبرى مۇتلەق[①] قارىشىنى ياقىلاپ ، قەدەرىيەچىلەرنىڭ تەلىماتلىرىنى رەت قىلىشىدۇ . شەيبان ئىبنى سەلمە مۇشەببەھىيە ئەقىدىلىرىنى تونجى بولۇپ قوبۇل قىلغان شەخس بولۇپ، ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشىتىپ ، يارىلىش ـــ يارىتىلىشقا ئائىت تەلىماتىدا ئاللاھ ئۆزىگە ئىلىم ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچە ھېچنىمىنى بىلەلمەيتتى ۋە بارلىق ئەشيالار يارىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا مەلۇم بولاتتى،دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇدۇ. شۇڭا، سەئلەبىيە تەرەپدارلىرى بىلەن سۈننەت ئەھلى بىردەك شەيبان ئىبنى سەلمەنى ئاللاھنى ئىنسانلارغا ئوخشاتقىنى ئۈچۈن مۇناپىق، دەپ ئېلان قىلىدۇ . خارىجىيە تەرەپدارلىرى بولسا ئۇنى ئەبۇ مۇسلىمگە ياردەم بەردى،دەپ ئۇنىڭدىن كايىشىدۇ . بۇ تارماق ھازىر

---

[①] جەبرى مۇتلەق ـ ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ۋە ھاياتىدا كۆرىدىغان بارلىق كۆرگۈلۈكلىرى پۈتۈنلەي ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ، دېگەن قاراش .

مەۋجۇت ئەمەس.

**شەيخىيە — ئىسنائەشەرىيەنىڭ** شەيخ ئەھمەد ئىبنى زەينۇددىن ئىھسائى (1752 - 1825) ئاساس سالغان بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئىراندىكى ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپقان. سەئىدكازىم رەشتى، ھاجىمۇھەممەد كەرىمخان، مۇھەممەد ماشەقانى قاتارلىقلار ئۇلاردىن ئەڭ داڭلىقلىرىدۇر. ئۇلار نۇرغۇن مەسىلىلەردە بابىيە تەلىماتلىرىنى ياقىلىسىمۇ، دىنىنىڭ يارىتىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت تۈسىدىكى مەسىلىلەرنى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنى يېڭى باشتىن تەپسىرلەشكە ئۇرۇندى.

شەيخىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ياراتقۇچى ئىككى خىل ئىلىمگە ئىگىدۇر، ئۇنىڭ بىرى ئىلاھىي زاتقا ئوخشاشلا قەدىمىيدۇر، يەنە بىرى مۇھدەس (يېڭىدىن يارىتىلغان) بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتىن ئەشيالارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. شەيخىيە تەلىماتىدا بارلىق مەۋجۇداتلار ئىلاھىي ئەمر بىلەن يارىتىلغان، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئەمر ياراتقۇچىنىڭ ئالدىنقى زاماندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تۇراقلىق ۋە ئۆزگەرمەس ئىرادىسىدۇر. شۇڭا، ئاللاھنىڭ ئىلاھىي ئىلمى قەدىمىي، مەخلۇقاتلار ئىلمى يېڭىدۇر. ئىنسانلار مەۋجۇدىيەت ئالەمىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى ھەۋاسلىرى[1] ئارقىلىق دەرك قىلىشىدۇ. ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى بولسا بۇنداق ئىدراكقا (دەرك قىلىشقا) ئېھتىياجلىق ئەمەس، ئۇ ھەممە نەرسىنى قانداق بولسا شۇنداق تونۇشقا قادىردۇر، دەپ قارىلىدۇ.

شەيخىيە تەرەپدارلىرى ئىماملىققا ئائىت مەسىلىلەرگىمۇ ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن يېڭى مەنىلەرنى قوشۇپ، بۇ ساھەدىكى قىسمەن مەسىلىلەردە چەكتىن ئاشقان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىمام مەخلۇقاتلار مەۋجۇدىيىتىدە تەسىرگە ئىگە

---

[1] ھەۋاس (ھاسسە سۆزىنىڭ كۆپلۈكى) - شەيئىلەرنىڭ نەرسىلەرنى سېزىش ئىقتىدارى. مەسىلەن، ھاسسەيى بەسەر - كۆرۈش سېزىمى دېگەندەك.

سەۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، بارلىق ئىشلار ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرۈنۈشىدۇر . ئۇلارنىڭ بارلىق تەبىر ۋە شەرھلىرى ( ئېتىقادلىرى ) ئاللاھنىڭ خاھىشلىرىدۇر . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، يارىتقۇچى ئىشلار ئارقىلىق باشقا نەرسىلەرنى يارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئىشلارنىڭ ئۆزى يارىتىلغان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەلى ھېسابلىنىدۇ . ئىنسانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئەلىدەك پاك زاتلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئىشلار ئارقىلىقلار مەخلۇقلارنى ، مۆرەككەپ ئۇقۇملارنى، ئىلاھىي زاتنى توغرا دەرك ئېتىشە لەيدۇ . كىمكى ئىشلار توغرىسىدا خاتاغا يول قويسا، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاللاھ توغرىسىدا خاتاغا يول قويغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

شەيخىيە تەرەپدارلىرى ئىشلارنىڭ قەلبىنى ساقلىغۇچى لەۋھە[1] ( لەۋھى مەھفۇز ) دەپ قاراپ ، تۇنجى ئىشنى ھەممە نەرسىدىن بالدۇر يارىتىلغان مەخلۇق سانىشىدۇ . ئۇلار مەئاد ( ئاخىرەت ) ئىنسانىي جىسىم توغرىسىدىمۇ ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. جۈملىدىن، ئۇلار ئىنسانلارنى ئىككى جەسەتتىن تۈرە لگەن، ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئالدىنقى جەسەت ھېسسىي ئورگانلار بىلەن ھېس قىلىشقا بولىدىغان تۆت ئۇنسۇر ( ماددا، ئېلېمېنت )دىن تەركىب تاپقان بولىدۇ ، بۇلار يوقۇلۇشچانلىققا ئىگە . ئىككىنچى جەسەت بولسا باشقا بىر ھاياتتا زاھىر بولىدۇ . ئالدىنقى جەسەت روھنىڭ قېلىپى ( ئىنساننىڭ تېنى ) ھېسابلىنىدۇ ، ئىككىنچىسى مەڭگۈ سولمايدىغان ، يوقالمايدىغان جەسەت بولۇپ ، قەبرىدە تامامەن پاكلانغاندىن كېيىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ ۋە روھ ئۇنىڭغا ھولۇل قىلىدۇ ( كۆچۈپ كىرىدۇ ) . مۇشۇ نوقتىدىن شەيخىيە تەرەپدارلىرى جەننەت بىلەن دوزاخنى يوقۇلۇشچانلىققا ئىگە،دەپ قارايدۇ . ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە باغلاشتۇرىدۇ .

---

[1] لەۋھى مەھفۇز- ھەرقانداق مەزمۇننى ساقلاپ تۇرىدىغان بەت يۈزى . بۇ يەردە ئىلاھىي ئەمر- پەرمانلارنى ساقلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

شەيخىيە تەرەپدارلىرى تەبىئەت مەسىلىلىرىگىمۇ ئائىت نۇرغۇن قىزىقارلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئۇلار ئالەمنى زامان جەھەتتىن قەدىم (ئەزەلدىن مەۋجۇت) ۋە زاتى جەھەتتىن (ئەسلى ياكى بىر جىسىم سۈپىتىدە) كېيىن يارىتىلغان، دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە شەكىل (ئەرەز) مەزمۇنسىز (بىمەۋزۇئ) مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئۇ ھادىس (يېڭىدىن شەكىللەنگەن) ۋە زائىل (يوقۇلۇشچانلىقتا ئىگە، قايتىدىن خارابلىشىدىغان) دۇر. مەزمۇن (جەۋھەر) ياكى جىسىمنىڭ زاتى (ئەسلى) قەدىم بولماستىن، بەلكى يارىتىلغان نەرسىدۇر، شۇڭا ئۇ ئۆتكەن زاماندا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى زاماندا ئەبەدى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. شەيخىيە تەرەپدارلىرى شەيئىلەرنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇتلۇقىنى رەت قىلىشىپ، بارلىق مەۋجۇداتلارنى كېيىن يارىتىلغان، دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، يارىتىشقا ئائىت ئىلىمنى (ئىلمى ئەشيا) ئەشيالاردىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى، دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئۇلار ئەشيا (نەرسىلەر) نى بىلىشتە ئىلمى ھادىس (يېڭى ئىلىم) نى ئىلمى ئىمكان (قۇدرەت ئىلمى) بىلەن ئىلمى ئەكۋانى (مەۋجۇدىيەت ئىلمى) دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، ئالدىنقىسىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئەشيالارنىڭ يارىتىلىشىدىن ئىلگىرى، كېيىنكىسىنى مەۋجۇدىيەت يارىتىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ماددىي دۇنيانى تونۇشنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان ئىككىنچى ئىلىمنى ئىلمى ئىكتىسابى (ماددىلارغا نىسبەتەن چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئىلمى)، دەپ ئاتىشىپ، بۇ ئىلىمدە ئىچكى - تاشقى ھاسسە (سېزىش ئىقتىدارى) لەر ۋە روھىي پائالىيەتلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ.

شەيخىيە تەرەپدارلىرى شۇ ۋاقىتقىچە بولغان ئىرپان ئەقىدىلىرىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ، سوپىزمنىڭ ۋەھدەتى ۋۇجۇد تەلىماتىدىكى نەبى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ مۆجىزىلىرى، كارامەتلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ھەقىقىي دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار بۇنداق مەسىلەرنى

ھەل قىلىشتا ئەقىل گەرا ( ئەقىلگە تېيىنغۇچى ) لارنىڭ ئۇسۇلىنى كۆپرەك قوللىنىدۇ. ئۇلار نەسىرۇددىن شاھ زامانىسىدا شىئەلەر تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزھەركەتلىرىنى توختاتمىغان، ھەتتا ئىنگلىزلار ئىرانغا تاجاۋۇزچىلىق قولىنى سۇنغان دەۋرلەردىمۇ ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى توختاپ قالمىغان. مەنبەلەردىن شەيخىيەنىڭ شازىلىيە نامىلىق بىر سوپىستىك تارمىقىنىڭ بولغانلىقىمۇ مەلۇم، ئەمما ئۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي مەلۇمات يوق.

**شەيتانىيە — نۇئمانىيەگە** قاراڭ.

**شۇئەيبىيە — ئەجارىدە**نىڭ شۇئەيب ئىبنى مۇھەممەد ئاساس سالغان بىر تارمىقىدۇر. شۇئەيب مەيمۇن ئىبنى خەلىد بىلەن ئىرادە ئەركىنلىكى ( قەزا ) توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ قېلىپ، بۇ مۇنازىرە شۇئەيبىيە ۋە مەيمۇنىيەنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مەنبەلەردە بۇ مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنلىرى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شۇئەيب مەيمۇنگە قەرزدار بولۇپ قالىدۇ ۋە مەيمۇن قەرزىنى سورۇشتە قىلغاندا شۇئەيب مۇنداق دەيدۇ: خۇدايىم بۇيرىسا قەرزىڭنى قايتۇرىمەن. مەيمۇن بۇنىڭغا جاۋابەن: خۇدايىم ھازىر بۇيرۇدى، شۇڭا ھازىرلا قەرزنى قايتۇر! دەيدۇ. شۇئەيب يەنە خۇدا بۇيرۇغان ۋاقىتتا قەرزنى چوقۇم قايتۇرىمەن، دەپ سۆزىنى تەكرارلايدۇ. مەيمۇن بۇنىڭغا جاۋابەن: خۇدايىم ھازىر بۇيرۇدى، شۇڭا مەن سەندىن قەرزنى سوْيلەۋاتىمەن، ئەگەر ئۇ بۇيرۇمىغان بولسا مەنمۇ سوْيلىمىگەن بولاتتىم، دەيدۇ.

ئۇلار بۇ ئىشتا كىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئايرىشالماي، شۇ ۋاقىتتا زىندانغا قامالغان ئەجارىدەنىڭ ئاساسچىسى ئابدۇلكەرىم ئەجرەددىن بۇ ئىشتا ھەق - ناھەقنى ئايرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئابدۇلكەرىم ئەجرەد جاۋاب خەت يېزىپ مۇنداق دېگەنىكەن: « بىز دائىم ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى بولمايدۇ دەپ، ئېيتىمىز. بىز پەقەت ئاللاھغا ئەگىشىپ ماڭىمىز».

بۇ خەت شۇئەيب ۋە مەيمۇننىڭ قولىغا تەگكۆچە ئابدۇلكەرىم ئەجرەد زىنداندا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇئەيب بۇ خەتتىن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى بولمايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. مەيمۇن بولسا خەتنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدىكى بىز پەقەت ئاللاھقا ئەگىشىپ ماڭىمىز، دېگەن سۆز مەركۇر خەتتە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ شۇئەيبىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدۇ. ئاخىرى چىقىمىغان بۇ مۇنازىرىدە بىر قىسىم ئادەملەر (ھازىمىيە تەرەپدارلىرى) شۇئەيبىنىڭ پىكرىنى قوللىسا، يەنە بىر قىسىم ئادەملەر (ھەمزىيە بىلەن قەدەرىيە تەرەپدارلىرى) مەيمۇننىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەجارىدەنىڭ مۇستەقىل تارماقلىرى بارلىققا كېلىدۇ.

يوقىرىدىكى مۇنازىرىدىن مەلۇمكى، شۇئەيبىيە تەرەپدارلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھنىڭ ئەمرى بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ بارلىق ئەمەلى ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگۈلەنگەن بولىدۇ. تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى شۇئەيبىيە تەلىماتىدا ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى يارىتىدۇ ۋە ئۇممەتلىرى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسىگە ئاساسەن ئېرىشىدۇ، دېيىلىدۇ، ئۇلار ئىرادە ئەركىنلىكى، ئىلاھىي ئىرادە ۋە ئىمكان قاتارلىق مەسىلىلەردە سۈننىيلەرنىڭ قارىشىنى، ئىماملىق، ۋەئد ۋە ۋەئىد (ۋەدە ۋە خىلاپلىق) قا ئوخشاش مەسىلىلەردە خارىجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ياقلىشىدۇ، دەپ يازىدۇ. ھازىر بۇ تارماق پائالىيەتتىن توختىغان.

**شۇمەيتىيە — سامىتىيەگە قاراڭ.**

**شىمرىيە — مۇرجىئەنىڭ ئەبۇشىمر ئاساس سالغان بىر تارمىقى.** ئەبۇشىمر بەسرەدىكى داڭلىق ئىلاھىيەتشۇناسلاردىن بولۇپ، دەسلەپتە نەززامنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇددەت نورغۇنلىغان ئەقلىي ۋە رىۋايەت خاراكتېرىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارغان. تارىخچىلاردىن ئەشئەرىنىڭ مەلۇماتىغا

قارىغانـــدا، شـــىمرىيە تەرەپـــدارلىرى ئۆزلىرىـــنىڭ ئىلگـــىرىكى مەسىلەكداشـلىرى بولغـان مۇرجىئـە تەرەپدارلىرى بىـلەن ئىمـان مەسىلىسىدە ئىختىلاپقا يولۇقۇپ قالغان . ئۇلار ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىســىدە قەدەرىيــە ۋە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى بىـلەن ئوخشـاش مـــەيداندا تـــۇرۇپ ، ئىلاهــــي سۈپـــەتلىرىنىڭ ئـــەزەلدىن مـــەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقان . بۇ تارماق هازىر پائالىيەتتىن توختىغان .

**شىهامىيە ـــ** شەهامىيەگە قاراڭ .

**غادەرىيە ـــ** نەجدىيەگە قاراڭ .

**غالىيە ـــ شىئە** مەزھىپىنىڭ ئـەڭ چوڭ پىرقىلىرىنىڭ بىـرى بولـــۇپ ، شـــەرىئەتكە ئـــائىت مەســـىلىلەردە ( بولۇپـــمۇ ئىمامـــلىق مەسىلىسىدە ) مۇبالىغە ۋە ئىفرات ( چەكتىن ئېشىش ) يولىنى تۇتۇپ، ئـەقىدە چـېكى ۋە ھەقىقەتـتىن يىـراقلاپ كېـتىدۇ . نـەتىجىدە ئـۇ نۇرغۇنلىغان تارماقلارغـا بۆلۈنۈپ ، غـۇلات نامى بىـلەن ئاتىـلىدىغان بولىدۇ . تەپسىلاتىنى غۇلاتتىن كۆرۈڭ .

**غەسسانىيە ـــ مۇرجىئـە**نىڭ غەسسـان ئىبنـى ئابـانى كۇفـى ۋەكىلـــلىكىدىكى بىـــر تـــارمىقى بولـــۇپ ، بـــەزى تـــارىخچىلار ئاساسچىسىنىڭ نامىنى غەسسانى كۇفـى مۇرجـى دەپـمۇ ئاتـايدۇ . مـــەلۇماتلارغا ئاساســـلانغاندا، غەســـانى ئىبنـى ئابـانى داڭــلىق مۇھەددىسلەردىن ئىكەن . بۇ تارماق تەرەپدارلىرى ئىماننى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى تونۇشـتىن ئىبـارەت، دەپ قارىشـىدۇ . مـېھر يېتىـــلدۇرۇش ، ئۇلۇغـــلاش ۋە ئاللاھـــنىڭ پـــەرمانلىرىدىن بـــاش تارتماسلىقنى تەۋسىيە قىلىپ ، مۇئمىنلەرنىڭ تۇرلۇك ئەھكاملارنى ئېتىراپ قىلىشىنى شـەرت ھېسابلايدۇ . ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى توغرىلىق تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىنى ئاللاھدە تەكىتلەيدۇ : ئەگـــەر بىرەرسى ئاللاھـــنىڭ چوشـــقا گۆشـــىنى ھـــارام دەپ ئـــېلان قىلغىنىنى بىـلىپ تـۇرۇپ، يېگىنىنىڭ قـوي ياكى چوشـقا گۆشى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمىگـەن بولسـا ئـۇ مۇئمىنـــدۇر . ئەگـــەر

بىرەرسى ھەجنى ئاللاھنىڭ مۇھىم پەرز دەپ ئېلان قىلغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، كەئبىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا ئۇمۇ مۇئمىندۇر. ئەگەر بىرەرسى ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى رەسۇللۇققا ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەمما، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەڭگى، ياكى ھىندى ۋە ياكى ئەرەب ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىمانى بۇلغىنىپ كەتمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ. غەسسانىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇنداق شەكىلدە ئىماننى ئۆلچىشىدىكى مەقسىتى ئىتىقادنىڭ باشلىنىشى ئىمان ئەمەس، دېگەننى ئۇقتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن ئەشئەرى يوقىرىدىكىدەك سۆزلەرنى ياقىلىغۇچىلارنى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ تەرەپدارلىرى، دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئابدۇلقاھىر باغدادى غەسسان كىتابلىرىدىكى ئىمان توغرىلىق بايانلىرىنى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دېگەنلىرى بىلەن مەنىداش، دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ خاتا قاراشتۇر، دەپ يازىدۇ. شەھرىستانىنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، ئەبۇھەنىفە ئىماننى كۈچەيمەيدىغان ۋە ئاجىزلاپمۇ كەتمەيدىغان قەلب ( كۆڭۈل ) دىكى تەستىق دەپ قارايدۇ. غەسسان ئىماننى كۈچىيىدۇ، ئەمما ئاجىزلىمايدۇ، دەپ قارايدۇ. غەسسانىيە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**غەمامىيە — شىئەنىڭ** چەكتىن ئاشقان پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب ئاساسىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خۇدا ھەر يىلى باھاردا بۇلۇت شەكلىگە كىرىپ زېمىنگە چۈشۈپ، ئۇنى ئايلىنىپ يۈرۈپ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتچىلىرى مەزكۇر پىرقىنى سەبائىيەنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاساسلاردىن بىرى دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى خۇدا ۋە ئۇ بۇلۇتلار ئۈستىدە تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ، چاقماقنىڭ چېقىلىشىنى ئەلىنىڭ كۈلكە ئاۋازى، دەپ ھېسابلىشىدۇ. بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**غەيلانىيە — مۇرجىئەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، غەيلان ئىبنى

مەرۋان دەمەشقى ( 742 - يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . ئۇ مۇرجىيەنىڭ قەدەرىيە تەلىماتلىرىنى ياقلىغۇچىلىرىدىن بولۇپ ، ئىلاھىيەت مەسىلىلىرىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان . ئۇنىڭ قاراشلىرى ئىمان مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بايان قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئىمان پاكلىق ۋە دەلىللەرگە تايىنىپ ئاللاھنى مەرىپەت قىلىش ( تونۇش ) ، ئۇنىڭغا، ئۇ نازىل قىلغان بارلىق نەرسىلەرگە ئىتائەت قىلىش ۋە مۇھەببەت باغلاشتىن ئىبارەتتۇر . غەيلانىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىمان كۆچەيمەيدۇ ۋە ئاجىزلاپمۇ كەتمەيدۇ . تۇنجى نۇۋەتتىكى مەرىپەت گەرچە تونۇتۇش رولىغا ئىگە بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئىمان بىلەن چېتىشلىقى بولمايدۇ . ئۇلار بارلىق ئەشيا ( نەرسە ) لارنى يېڭىدىن يارىتىلغان ۋە ئىدارە قىلىغۇچى، ئىلىمنى بولسا، يېڭى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ۋە ئىدارە قىلىنغۇچى، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، قىبلە ئەھلى ئىچىدىكى گۇناھكارلارنى پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىلا جازاغا تارتالايدۇ ياكى كەچۈرەلەيدۇ . ئەگەر ياراتقۇچى بىرسىنى كەچۈرسە، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش گۇناھ سادىر قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرىدۇ . ئەكسىنچە بىرسىنى ئازابلىسا، شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسىنى جازالايدۇ . بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان .

**غۇرابىيە ـــ شىئە** مەزھىپىنىڭ چەكتىن ئاشقان پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، تەرەپدارلىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى پەيغەمبەر ھېسابلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ تەلىماتى بويىچە جەبرائىل ئەسلىدە پەيغەمبەرلىك خوش خەۋىرىنى ئەلىگە يەتكۈزۈشى كېرەك ئىدى ، ئەمما ئۇ خاتالىشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ . چۈنكى، بۇ ئىككىسى خۇددى بىر جۈپ قاغا ياكى بىر جۈپ چىۋىندەك بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى ، دەپ قارىلىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارىشىنى ئاساس قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر

قىسىم تارىخچىلار ئۇلارنى زەبابىيە[1] نامى بىلەنمۇ ئاتايدۇ. غۇرابىيە تەرەپدارلىرىدىن رافىزىيە تەلىماتىنى ياقىلىغۇچىلار جەبرائىل ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزۈشسە، يەنە بەزىلىرى جەبرائىلنى كەچۈرۈپ، ئۇنى ئازاب پەرىشتىسى، دېيىشىدۇ. غۇرابىيە تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئەگەر ۋەھىينى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىكائىل يەتكۈزگەن بولسا، بىز مۇھەممەد ئەلەيىسسالامگە ئىمان كەلتۈرگەن بولاتتۇق، چۈنكى مىكائىل شەپقەت پەرىشتىسىدۇر، دەپ قارىشىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردىن «فەرق بەين ئەل فىراق» ناملىق ئەسەردە غۇرابىيە ئىسلام پىرقىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. بۇنداق قىلىشتا ئاللاھنىڭ نامىدىن كىمىكى خۇدا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمىنى بولسا، خۇدا ئۇنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇ كاپىردۇر، دېگەن سۆز ئاساس قىلىنغان. غۇرابىيە تەرەپدارلىرى شەرىئەت ۋە باشقا مەسىلىلەردە غۇلاتلار بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىدى، بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**غۇلات — شىئە** مەزھىپىنىڭ چەكتىن ئاشقان بىر قاتار پىرقىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، بەزىدە غالىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ بىر قاتار پىرقىلەردىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئەلى ۋە باشقا ئىماملارغا نىسبەتەن غولۇئ (مۇبالىغىلەشتۈرۈش) مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلۇغلىشىدۇ. سۈننەت ئەھلى ئۇلارنىڭ بارلىق قاراشلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى گەززاف گۇيان (سەپسەتەچىلەر) دەپ ئاتايدۇ. ئىسلامنىڭ مەزھەپ ۋە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈش تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ بىر قاتار پىرقىلەرنىڭ شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىماملىقتا ئائىت مەسىلىلەردە كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېنىق

---

[1] زەباب — ئەرەپچە چىۋىن دېگەن مەنىدە.

كۆرۈۋالالايمىز. شىئە مەزھىپى يوقىرىدىكىدەك ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە دەسلەپتە زەيدىيە، كەيسانىيە، ئىسمائىلىيە، ۋە ئىمامىيە قاتارلىق پىرقىلەرگە بۆلۈنگەن بولسا، كېيىن بۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە ئۆز ئىچىدىن نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ غۇلات پىرقىلەر بەزىدە ئىماملارنى ئىنسانلىقتىن ئىلاھىيلىققا كۆتەرسە، بەزىدە ئاللاھنى ئىنسانىي سۈپەتلەرگە ئىگە قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەقىدىلىرىدە تەناسۇخ (روھنىڭ كۆچۈشى)، تەجەسسۇم (مەلۇم شەكىلگە كىرىش، كونكرېتلىشىش)، ھۇلۇل (روھنىڭ تەنگە كىرىشى، روھ بىلەن جىسىمنىڭ بىرلىشىشى) قاتارلىق نەزەرىيەلەردىن كەڭ پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىماملىققا ئائىت قاراشلىرىنى ئاساسلاشقا تىرىشىدۇ.

ئىسلام تارىخىدا ئابدۇللاھ ئىبنى سەبا تۇنجى بولۇپ ئىسلامنىڭ ئەنئەنىۋىي چېكىنى بۇزغان شەخس، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەلىنىڭ ئۆلۈمىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ قايتا رىجئەت قىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقسىز بولۇشى، ھاكىمىيەت تېز - تېز ئالمىشىپ، ھەرقايسى جايلاردا ئۇششاق خانلىقلار قۇرۇلۇپ، ئۆزلىرى خالىغان دىنىي مەزھەپلەرنى رەسمىي دىن سۈپىتىدە يولغا قويۇشتەك ئەھۋاللارنىڭ ئەۋج ئېلىشى شىئە مەزھىپىدە غۇلات پىرقىلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەللەردىن ھېسابلىنىدىغان ئىران بىلەن ئىراقتا يىراق قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋىي تەلىماتلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن سۇدۇر (يارىلىش)، تەجەللى، مەڭگۈلۈك نۇر ياكى ئىلاھىي روھ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئۆزگىچە پەلسەپىۋىي، غايىۋىي تەسەۋۋۇرلارنى ئۆز پىرقىلىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا سىڭدۈرۈشىدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئەلى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلاھىي روھقا ئىگە ئىكەنلىكى مەيدانغا چىقىرىلىدۇ ۋە بۇنداق

خاسىيەت ھەر بىر ئىمام ئورۇنباسارىغا ۋەسىيەت قىلغاندا ئۇنىڭغا كۆچىدۇ، دەپ قارىلىدىغان بولىدۇ.

ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى يۇقىرىدىكىدەك تەرەققىيات نەتىجىسىدە شىئە مەزھىپىنىڭ غۇلات پىرقىلىرى ئارىسىدا خەلىف، ۋەكىل، قائىم دېگەندەك يېڭى ئاتالغۇلار بارلىققا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەت جەھەتتىن ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىلىرىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئۆزلىرىنى باب ( ئاتا ) دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنى قانداقتۇر ۋەھىي تاپشۇرۇۋالغان، يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن ياكى ھۆججەتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن، دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. ئىراندىكى غۇلات پىرقىلەرگە مەزدەكىيە ۋە خۇررەمدىنان تەرەپدارلىرى كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى شىئە مەزھىپىنىڭ باشقا چەكتىن ئاشقان پىرقىلىرىنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان.

شىئە مەزھىپىنىڭ غۇلات پىرقىلىرىگە سەبائىيە ( ئابدۇللاھ ئىبنى سەبائ ئەلىنىڭ ئىماملىقىنى ئاللاھ بۇيرۇغان، دېگەنگە تۇنجى بولۇپ ئىشەنگەن شەخس )، مەنسۇرىيە ( ئاساسچىسى مۇھەممەد باقىردىن كېيىن ئىماملىق دەۋاسى قىلغان )، غۇرابىيە ( ئەلى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر بىرىگە ئوخشايتتى، شۇڭا ۋەھىي خاتا ھالدا ئەلىگە ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەن، دەپ قارىشىدۇ )، بۇزەيغىيە ( جەئفەر سادىق خۇدادۇر، دەپ قارىشىدۇ )، خەتتابىيە ( ئاۋۋال جەئفەر سادىقنى خۇدا، دەپ ئېلان قىلىشقان. جەئفەر سادىق بۇنىڭ ئۇچۇن تارماق ئاساسچىسىنى لەنەتكە قالدۇرغاندا ئۇ ئۆزىنى ئىمام، دەپ ئېلان قىلغان )، ناسىرىيە ( روھنىڭ جىسىم شەكلىدە كۆرۈنۈشىنى تەلقىن قىلىشىدۇ )، شەرىئىيە ( ئەبۇھامىد شەرىئىي ھۇلۇل نەزەرىيىسىگە قايىل بولۇپ، ئۆزىنى باب، دەپ ئېلان قىلغان )، مۇغەييىرىيە ( مۇغەييىر ئىجلى ئىبنى ھەسەننى مەھدى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان )، نۇمەيرىيە ( قۇرغۇچىسى پەيغەمبەرلىك ۋە

ئىمامىلىق دەۋاسى قىلغان ) قاتارلىقلار كىرىدۇ .
يوقىرىدا ئىسمى ئاتالغان غۇلات پىرقىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەلىماتلىرىدا ئىلىنىزم ، خرىستىئان ، پىفاگورىزم ، زوردۇشت ۋە مانىي دىنى قاتارلىقلارنىڭ تەلىماتلىرىدىن بەزى تەركىبلەر قوبۇل قىلىنغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئىسلامغا نىسبەتەن يات قاراشلاردۇر . شۇڭا، سۈننەت ئەھلى شىئەنىڭ غۇلات پىرقىلىرىنى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن، دەپ قاراپ ، تەرەپدارلىرىنى كوپۇرلۇقتا ئەيىبلەيدۇ . غۇلات پىرقىلەرنىڭ سانى توغرىسىدا مەنبەلەردە ئوخشىمىغان مەلۇماتلار بېرىلىدۇ . بۇ پىرقىلەرنىڭ تەلىماتلىرىدىكى نۇرغۇن مۇھىم نوقتىلار ھازىرقى شىئە مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ .
**فاتىمىيە ـــ شىئە** مەزھىپىنىڭ پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇبەيدۇللاھ مەھدى ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . تارىخىي مەنبەلەردە مەزكۇر پىرقە توغرۇلۇق ئوخشىمىغان مەلۇماتلار بېرىلىدۇ . بەزى مەنبەلەردە رەسۇلۇللاھ خانىدانىنىڭ ئىراندىكى كېيىنكى ئەۋلادلىرى فاتىمىيلەر دەپ ئاتالغان . يەنە بەزىلەر پەيغەمبەرنىڭ فاتىمە زوھرا تەرىپىدىن بولغان ئەۋلادلىرىنىلا فاتىمىيلەر دەپ خاتىرىلىگەن . ئوچىنچى خىلدىكىلىرى ئىسمائىلىيە ، قەرمەتىيە ، باتىنىيە ۋە سەبئىيە قاتارلىق پىرقە ـ ئېقىملارنىڭ تەرەپدارلىرىنى فاتىمىيلەر، دەپ قاراشقان . ئەسلىدە فاتىمىيلەر ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان مىسىردىكى فاتىمىيلەر دۆلىتىگە تەۋە كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇدۇر . تارىخىي مەنبەلەرنىڭ فاتىمىيلەر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرىمۇ زىددىيەتلىك بولۇپ ، بەزى مەنبەلەردە ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن قەدداھ بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسچىسى دەپ قارالسا، يەنە بەزىلىرىدە ئۇبەيدۇللاھ مەھدى ئەلەۋىنى مەزكۇر دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى، دەپ ھېسابلايدۇ .
شامدىكى شىئەلەر ئۇمەۋىيلەر ۋە ئاباسىيلار خەلىپىلىكلىرى

دەۋرىدە تەقىپ قىلىنىپ ، غەربتىكى ماراكەشكە ھىجرەت قىلىشقان بولۇپ، ئىدرىس ئىبنى ئابدۇللاھ غەربتىكى شىئەلەرنىڭ ياردىمىدە ئۇ يەردە ئىدرىسىيلەر دۆلىتى (787 - 985) نى قۇرغان . بۇ دۆلەتنى قۇرغۇچى جەمائە ئۆزلىرىنى فاتىمە ئائىلىسىدىن ھۇسەيىننىڭ ئەۋلادلىرى، دەپ ئېلان قىلىشقان . شۇڭا، ئۇلار فاتىمىيلەر نامى بىلەنمۇ ئاتالغان . بەزى مەنبەلەردە ئۇلار ئۇبەيدىلەر ( كېيىن ئۆزىنى ئىمام مەھدى - غايىب ئىمام دەپ ئېلان قىلغان فاتىمىيلەر دۆلىتىنىڭ تۇنجى ئىمامى ئۇبەيدۇللاھنىڭ نامىنى ئاساس قىلىپ ) دەپ خاتىرىلەنگەن . 966 - يىلى فاتىمىيلەر غايىب ئىمام تەلىماتىدىن پايدىلىنىپ ، مىسىرگە كىرىدۇ ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تەرەپدارلىرىنى ئۇ يەردىن سۈرگۈن قىلىپ ، قاھىرەنى ئۆز دۆلىتىگە پايتەخت قىلىپ تاللايدۇ . شۇنىڭ بىلەن مىسىردىكى فاتىمىيلەر دۆلىتى (909-1171) ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . بۇ دۆلەت مىسىر ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىككى ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ . بۇ جەرياندا ئىلگىرى - ئاخىر 14 نەپەر ھاكىم ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرىدۇ . دۆلەت تۈزۈلمىسى جەھەتتىن فاتىمىيلەر دۆلىتى ئابباسىيلار ھاكىمىيىتى بىلەن ئوخشاش شەكىلگە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن دىنىي ئىشلار جەھەتتىن ئۇلار ئۆزئارا زىددىيەتلىك ھالەتتە تۇرىدۇ . فاتىمىيلەر غايىب ئىمام تەلىماتىغا تايىنىپ ، ئۆزلىرىگە خاس بولغان باتىنىي ( يوشۇرۇن ) ۋە زاھىرى ( ئاشكارا ، كۆرۈنۈشتىكى ) ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار فاتىمىيلەرگە تەۋە ئىسمائىلىيە شەرىئىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈدۇ. ئۇلار شىئە ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋالىرىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىدۇ ، شۇڭا ئۇلار شافىئىيە ۋە مالىكىيەگە تەۋە فەقىھلەرنى مىسىردىن ھەيدىۋېتىدۇ . كېيىنكى دەۋرلەردە فاتىمىيلەر ھاكىمىيىتىدىكى ۋەزىرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ كۈچىيىپ ، فاتىمىيلەرنىڭ خەلىپىسى ئازىد ئىبنى يۈسۈف قازا قىلغاندىن كېيىن، خەلىپىلىك بەنى ئابباسنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ . فاتىمىيلەر دىنىي ، پەلسەپىۋىي

تـﻪلىماتلار ، ئـﻪخلاقىي ، ئىجـتىمائىي قاراشـلار جەھەتـتە ئىسمائىلىزمنى ياقلايدۇ . (تەپسىلاتىنى ئىسمائىلىزمدىن كۆرۈڭ )

**فانىيە ـــ جەھمىيەگە** تەۋە پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، پەقەت شەرىئەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن، ئۇلار جەننەت بىلەن دوزاخنى فانى ( يوقۇلىدىغان ،مەڭگۈلۈك بولمىغان ) جاي ، دەپ قارىشىدۇ . پىرقىنىڭ نامىمۇ شۇ قاراشقا ئاساسەن قويۇلغان . ئۇلاردىن بەزىلىرى دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئاپىرىدە قىلىنغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ . بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**فۇتھىيە ـــ ئەممارىيەگە** قاراڭ .

**فىكرىيە ـــ جەبەرىيەگە** تەۋە پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، كۆز قاراشلىرىدىكى قىسمەن ئوخشىماسلىقلار تۈپەيلى ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەن . بۇ پىرقە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىدا كىمنىڭ بىلىمى ئاشسا ، شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن شەرىئەتنىڭ رۇكنىلىرىدىن بىرى بولغان ئىبادەت ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ . فىكرىيە ھازىر بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس .

**قاسىتىيە ـــ قەدەرىيەگە** تەۋە پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، شەرىئەت ۋە دىنىي مەسىلىلەردىكى ئۆزگىچە ئايرىم قاراشلىرى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن، ئۇلار بۇ دۇنيادىكى مال ـ دۇنياغا بولغان تەلەپنى تەقۋادارلىقتىن ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ . بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**قاسىمىيە ـــ زەيدىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئاساسچىسى قاسىم ئىبنى ئىبراھىمدۇر . ئۇ يەمەندىكى زەيدىيە ئىماملىرىدىن بولۇپ، پەقەت قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەرنى ھېساباقا ئالمىغاندا، بارلىق تەلىماتلىرى زەيدىيە تەلىماتلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ . قاسىم رافىزىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرىنى رەت قىلىشنى مەزمۇن قىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان . مەنبەلەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ

ئەسەرلەرنىڭ بىرەرسىمۇ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. قاسىمىيە ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان.

**قەبرىيە — جەھمىيەگە** تەۋە پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ، قىسمەن قاراشلىرى بىلەنلا ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ پىرقە تەرەپدارلىرى قەبرىدىكى ئازاب ۋە شاپائەتنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ نامىمۇ دەل مۇشۇنداق ئۆزگىچە قارىشىغا ئاساسەن قويۇلغان. بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**قەتئىيە — ئىسنائەشەرىيەگە** قاراڭ.

**قەدەرىيە — ئىسلام** تارىخىدا خېلىلا تەسىرگە ئىگە دىنىي - پەلسەپۋىي ئېقىملاردىن بىرى بولۇپ، مەئبەد جۇھانى (685 - 735) بىلەن غەيلان دەمەشقى (723 — يىلى قازا قىلغان) ئۇنىڭ ئاساسچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھەسەنى بەسرى لەقىمى بىلەن تونۇلغان ئەبۇسەئىد ئىبنى يەسارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىدى، دېگەن مەلۇماتلار بار. قەدەرىيە تەرەپدارلىرى ئىنسانلارنى ئىش - ھەرىكەت ۋە ئىرادە جەھەتتىن ئەركىنلىككە ئىگە، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار خرىستىئان ۋە قەدىمكى يونانىنىڭ ئەتىقە پەلسەپىسى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن، دەپ ھېسابلىشىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق شۇكى، قەدەرىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئەسلىدە ئەرەب ئەمەس ھەمدە ئۆز قوۋملىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكىچە بولغان دىنىي - پەلسەپۋىي تەلىماتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار كۆپرەك نەزەرىيە جەھەتتە مۇنازىرە تېمىلىرىغا ئايلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن. مەسىلەن، مەئبەد جۇھانى خرىستىئان بولۇپ، كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، ئۇ مەدىنىگە بېرىپ، ئۆز مەكتىپىنى تەشكىل قىلغان، ئۇ يەردە نۇرغۇن چوقۇنغۇچىلارنى ئەتراپىغا يىغقان. كېيىن جەبەرىيە قاراشلىرىغا زىت بولغان ئەقىدىلىرى ئۈچۈن خەلىپە ئىبنى مەرۋان تەرىپىدىن كىرىستقا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئىبنى غەيلان بەسرەدىكى قەدەرىيەچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ

ئەقىدىلىرىمۇ ئەھكامپەرەسلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ، بىدئەتچىلىكتە ئەيىبلەنگەن ۋە خەلىپە ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن قىيىن - قىستاق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن .

تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قەدەرىيەنى غەيرىي سىياسىي يوللار بىلەن بارلىققا كېلىپ ، شۇ دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلار، جۈملىدىن مۇئاۋىيە ئىبنى يەزىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ نەزىرىنى تارتقان بىردىنبىر ئېقىم ھېسابلىشىدۇ . قەدەرىيە ئىسلام تارىخىدا ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرى ۋە ئېتىقادلىرىغا ئەقلىي يوللار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ، پەلسەپە ئىلمىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئائىت مەزمۇنلىرىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا بىۋاستە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن ئېقىملارنىڭ بىرى ئىدى، دەپ قارىلىدۇ .

تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتىچە، « قەدەر » سۆزى دەسلەپتە ئىلاھىي قۇدرەت ۋە ئۇنىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىش - ھەرىكەتلىرىگە بولغان پائالىيەتچانلىقى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن . باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ جەبەرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قىسمەت ۋە تەقدىر دېگەن ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلىگەن . قەزا ۋە قەدەر سۆزىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان . ئەمما، كېيىنچە ئەتىقە پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ۋە كالام پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە يېڭى بىر پەلسەپىۋى ئېقىم شەكىللىنىپ ، ئىلاھىي قۇدرەت دېگەن سۆزنى ئىنسانىي قۇدرەت دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتكەن ۋە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە، دەپ ئېلان قىلغان .شۇڭا، بۇ ئېقىمنىڭ تەرەپدارلىرى قەدەرىيەچىلەر، دەپ ئاتالغان ھەمدە قەدەرىيە سۆزىمۇ ئىرادە ئەركىنلىكى ياكى ئىرادە ئەركىنلىكى تەرەپدارلىرى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان بولغان .

مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، قەدەرىيەمۇ ئىچكى جەھەتتە باشتىن - ئاخىر پىكىر ئىختىلاپىغا يولۇقماي ، بۆلۈنمەي كەلگەن ئېقىملاردىن بولالمىغان، ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىكى ئاساسىي نوقتىلار مۇنداق شەرھلەنگەن : ئاللاھنىڭ ئۆزى ئىرادە جەھەتتە ئەركىن بولغان ۋە

مەخلۇقلىرىنىمۇ ئىرادە جەھەتتىكى شۇنداق ئەركىنلىكى تۈپەيلى ياراتقانىكەن ، ئۇ ھالدا ئۇ ياراتقان ئىنسانلارمۇ ئوخشاشلا ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە يارىتىلغان بولىدۇ ، ئىنسان ئۆزىنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئۆزى ئىگە ۋە بارلىق قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزى جاۋابكاردۇر . قەدەرىيەچىلەرنىڭ بۇ خىل تەلىماتى ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمرى بىلىدۇ ۋە بەلگىلەيدۇ، دەيدىغان قاراشنى تەرغىب قىلىدىغان جەبەرىيەچىلەرنىڭ تەلىماتىغا سېلىشتۇرغاندا كۈچلۈك مەنتىقىي ھەم پەلسەپىۋىي ئاساسقا ئىگىدۇر . جەبەرىيە تەرەپدارلىرى ئەگەر ئىنسان ئۆز لىرىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىككى خالىق ( ياراتقۇچى ) — ئاللاھ ۋە ئىنسان تەڭ مەۋجۇت بولغان بولمامدۇ ۋە ئىنسان خۇدالىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولمامدۇ؟ بۇ خىل قاراش شېرىكتۇر، دەپ قارايدۇ . قەدەرىيەچىلەر بولسا ئىنسان خالىق بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىش — ھەرىكەتلىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇش جەھەتتىلا مۇستەقىللىققا ئىگىدۇر،دەپ قارايدۇ . بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇشۇ مەزمۇننى چۆرىدىگەن مۇنازىرىلىرى ۋە تالاش - تارتىشلىرى ئەسىرلەر بويى داۋام قىلىپ، بەزىدە كەسكىنلىشىپ ، ئاشكارا تۈس ئالسا ، يەنە بەزىدە ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋەقەلەرنى پەردە قىلىپ ، يوشۇرۇن شەكىللەردە داۋاملاشتى .

قەدەرىيە تەرەپدارلىرى ئۆز تەلىماتلىرىدا ئىنسانلارنىڭ تەقدىر مەسىلىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ . ئۇلار شۇ زامان ئۈچۈن جىددىي ئەھمىيەتتى بولغان ياكى كەسكىن مۇنازىرە تېمىسىغە ئايلانغان نۇرغۇن مەسىلىلەرئۈستىدىمۇ مۇنازىرە ئېلىپ بارغان . ئۇلار كۆپىرەك كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى مەسىلىسى بولغان . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ياراتقۇچى ئەزەلدىن ھېچقانداق سۈپەتكە ئىگە ئەمەس بولۇپ ، ئاللاھنىڭ ئەزەلىي

سۈپەتلىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن، چۈنكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا خرىستىيانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تەلىماتلىرى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدىكەن. كېيىنچە قەدەرىيەچىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان مۇئتەزىلەچىلەر ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بەزىدە ئاللاھنىڭ ئەزەلىي سۈپىتى بولغان قۇدرەت ۋە ئىلىمگە باغلىسا، يەنە بەزىدە بولسا، ئاللاھنىڭ زاتى ( ئەسلى ) گە تەئەللۇق، دەپ قارايدۇ.

قەدەرىيەچىلەر كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەردىن يەنە بىرى ئاللاھنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان ــ كۆرەلمەيدىغانلىقى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاللاھنىڭ ئۆزى ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلارمۇ ئۇنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرەلمەسلىكى كېرەك. بۇ مەسىلىدە قەدەرىيەچىلەر كېيىنكى دەۋرلەردە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنسانلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆرۈش راۋا، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر راۋا ئەمەس، دەپ تەكىتلىشىدۇ. قەدەرىيەچىلەر ئاللاھنىڭ كالامىنىمۇ كېيىن يارىتىلغان، دەپ قارايدۇ. پاسىق ( ئەخلاقى بۇزۇلغان ) لارنى مۇئمىنمۇ ئەمەس، كاپىرمۇ ئەمەس، دەپ بىلىشىدۇ.

تارىختا مۇئتەزىلەچىلەر قەدەرىيە تەرەپدارلىرىغا ئەگەشكۈچىلەر سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەدەرىيەچىلەرگە تەۋە ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا مەنبەلەردە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق : مۇئتەزىلەچىلەرمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى تەرغىب قىلىشىپ، نەزەرىيىۋىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئەقلىي ئۇسۇللارنى ئاساس قىلىشقان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار قەدەرىيەچىلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى نۇرغۇن قاراشلىرىغا يېڭى ئامىللارنى قوشۇپ، تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇڭا، نۇرغۇن تارىخىي مەنبەلەردە قەدەرىيە مۇئتەزىلەدىن ئىلگىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا كەڭ يول ئاچقان، دەپ قارىلىدۇ. بەزى مەنبەلەردە مۇئتەزىلەچىلەرنى قەدەرىيە

تەرەپدارلىرىنىڭ ۋارىسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ روھانىي پەرزەنتلىرى، دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئەلبەتتە بىر قىسىم دىنىي تارىخچىلارنىڭلا قارىشى. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن ئابدۇلقاھىر باغدادى يوقىرىدىكى قاراشلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھەقىقەت يولىدىن يىراقلاپ كەتكەن خالىس قەدەرىيەچىلەر دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ يەنە ئۆز ئىچىدىن يىگىرمە تارماققا ( **ۋاسىلىيە**، **ھۇزەيلىيە**، **مۇردارىيە**، **جاھىزىيە** ۋە باشقىلار ) بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۇلارغا تەۋە ئىككى پىرقە — **خابىتىيە** بىلەن **ھىمارىيە**نى ئىفرات-چەكتىن ئاشقان پىرقىلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، قەدەرىيەنىڭ يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يىگىرمە تارمىقى تەلىمات جەھەتتىن بىر-بىرىگە خېلى يېقىن كېلىدۇ.

قەدەرىيە ئىسلام تارىخىدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئەقلىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلغان تۇنجى دىنىي-پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىگە ئاساس ياراتقان، بۇ مەسىلە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتىدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان. بۇ تەلىماتلاردا ئاللاھ ئادىل بولغاچقا، ھېچقاچان ئۇنىڭدىن يامان ئىشلار سادىر بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە جەمئىيەتتىكى بارلىق يامانلىقلار، رەزىللىكلەر ( ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك، زوراۋانلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، گۇناھ، جىنايەت، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بارلىققا كەلمەيدۇ، ئەكسىنچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەدلىگە زىت كېلىدىغان ئەمەلدۇر.

قەدەرىيە تەرەپدارلىرى شىئە مەزھىپىدىكىلەرگە ئوخشاشلا ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىگە قارشى بولۇپ، جەبەرىيەچىلەر قەدەرىيەچىلەرنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى شېرىك، مەجۇس دېگەندەك ناملار بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ پېشانىلىرىغا كۇپۇرلۇق تامغىسىنى باسىدۇ. قەدەرىيەچىلەر تەلىماتىدىكى نۇرغۇن مۇھىم نۇقتىلار

ئىسلامنىڭ كۆپلىگەن مەزھەپ - پىرقىلىرىنىڭ تەلىماتلىرىدا بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىسمەن ئۆزگەرتىشلەر بىلەن ساقلانماقتا.

**قەرمەتىيە — ئىسمائىلىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىراقتىكى دېھقانلار ۋە كاسىپلارنىڭ يەرلىك فېئوداللار ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ئاساسىدا بارلىققا كېلىپ، تېزلىكتە ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگىچە تارقالغان. مەنبەلەردە بۇ تارماق سەبئىيە ۋە قەرامىتە دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بەزى مەنبەلەردە جەنۇبىي ئىراقتىكى قوزغىلاڭلارنىڭ باشچىسى ھەمدان قەرمەت بۇ تارماقنىڭ ئاساسچىسى، دەپ قارىلىدۇ. نىسبەتەن كېيىنرەك يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردە مەيمۇنى قەدداھ تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل قەرمەتىيەنىڭ قۇرغۇچىسى، دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. تارىخچىلاردىن ئەشئەرى ئۆزىنىڭ «مەقالات ئۇل ئىسلامىيىن ۋە ئىختىلاف ئۇل مۇسەللىين» ناملىق كىتابىدا قەرمەتىيەنى رافىزىيەنىڭ 18 - پىرقىسى، دەپ ھېسابلايدۇ. بەزى تارىخچىلار «قەرمەتە» سۆزىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ مەنىسى ئارام دېگەنلىك ۋە ئۇ ئىستىلا مەنىسىدە «سىرلىق ئىلىم» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ يېزىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەرمەتىيە توغرىسىدا تۇنجى قېتىم مەلۇمات بەرگەن كىشى تەبەرى ئىكەن. كېيىنكى مەنبەلەردىمۇ قەرمەتىيە تەرەپدارلىرىنىڭ خوراسان ۋە باشقا جايلاردىكى قوزغىلاڭلىرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. زامانىمىزدىكى ئەرەب تەتقىقاتچىلىرىدىن ئارىف تامەر قەرمەتىيە، ئىسمائىلىيە ۋە فاتىمىيە دېگەن ئاتالغۇلارنى بىرلا ئېقىمنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللەردىكى ئاتىلىشى، دەپ قارايدۇ. ئىبنى جەۋزى «ئەل قەرامىتە» ناملىق ئەسىرىدە قەرمەتىيەنى ئوخشىمىغان ناملار بىلەن، جۈملىدىن **ئىسمائىلىيە**، **باتىنىيە**، **خۇررەمىيە**، **بابەكىيە**، **مۇھەممىرىيە**، **سەبئىيە** قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ

ھەممىسىدە دېگۈدەك قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى بولغان، ھەممە يەردە ئۇلارغا قارشى ئەلەم ۋە قەلەم كۈرىشى ئېلىپ بېرىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەرمەتىيەنىڭ ئاساسىي غايىسى يەرنى ئومۇمنىڭ مۈلۈكچىلىكىگە ئۆزگەرتىش، ئەزالارنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئەمگەك ئېھتىياجىغا قاراپ قۇللارنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن. قەرمەتىيەچىلەرنىڭ ناھايىتى تېزلا كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل ئۇنىڭ يوقىرىدىكىدەك ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان غايىۋى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن بولغان. مەسىلەن، ھەمدانى قەرمەت كۇفە شەھىرىگە يېقىن يەردە 890 - يىلى «دارۇل ھىجرە» نامىدا بىر قارارگاھ تەسىس قىلغان بولۇپ، پۈتۈن قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى دارامەتلىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى شۇ قارارگاھقا تاپشۇرغان. 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى بەيىنەننەھرەيىن (890 - 960)، بەھرەيىن (894 - 899) ۋە سۈرىيە (900 - 902) قاتارلىق جايلاردا يەرلىك فېئودااللارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن بىر قاتار قوزغىلاڭلارغا باشلامچىلىق قىلىشقان. قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى 899 - يىلى بەھرەيىننى تارتىۋېلىپ، ئۇ يەردە ئۆز دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەت 11 - ئەسىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. دۆلەت ئىشلىرىنى ئالتە نەپەر ئاقساقالدىن تەركىب تاپقان كېڭەش ئىدارە قىلغان. جامائەتكە تەۋە ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق قۇل خۇسۇسىي ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن. بۇ دۆلەتتە دېھقانلار بىلان ھۈنەرۋەنلەر باشقا تەبىقىلەرگە قارىغاندا يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان. ئۇلار ھېچقانداق سېلىق تاپشۇرمىغان، دىنىي ئەھكاملارغا رىئايە قىلىشمۇ تەكىتلەنمىگەن، ھەتتا مەسچىتلەرمۇ ناھايىتى ئاز بولغان. قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى 930 - يىلى مەككىگە ھوجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى نۇرغۇن ئاھالىلارنى قۇل قاتارىدا تۇتۇپ، كەئبىدىكى مۇئەللەق تاشنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىشكەن ۋە ئۇنى يىگىرمە يىلدىن كېيىن مىسىردىكى فاتىمىيلەر دۆلىتى خەلىپىسىنىڭ تەلىپى

بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكەن. قەرمەتىيە تەرەپدارلىرىنىڭ شۇ يىللاردىكى كەڭ دائىرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ۋە باشقا مەزھەپتىكى بىگۇناھ خەلقلەرنى قۇل قىلىپ تۇتۇپ كېتىشى ئادالەت بىلەن نام چىقارغان بۇ تارماقنىڭ نوپۇزىنى ناھايىتى تېزلا تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. قەرمەتىيەنىڭ بۇ دەۋردىكى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ فېئوداللارغا ئايلىنىپ، خەلىپىلىككە قارشى زور بىر كۈچ بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. بىرونىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھىندىستاندا 10 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى مۇلتان شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىگىلىۋالىدۇ. ئۇلار تاكى 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ قوشۇنلىرى بۇ يەرگە باستۇرۇپ كەلگۈچە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قەرمەتىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچلۈك تەرغىباتى 10 - ئەسىردە خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە قەرمەتىيە ھەرىكىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئاساس بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتكە ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى مەرۋەزى باشلامچىلىق قىلىدۇ. ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن ئورنىغا مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد نەخشەبى چىقىدۇ. قەرمەتىيەنىڭ بۇ دەۋرلەردىكى بارلىق قوزغىلاڭلىرى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھى نۇھ ئىبنى نەسرى ساماني ( 943 - 954 يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ) تەرىپىدىن باستۇرۇلىدۇ. شاھنىڭ پەرمانى بىلەن قەرمەتىيە تەرەپدارلىرىنى تەقىپ قىلىش، ئۇلارنىڭ مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ماۋەرائۇننەھردە بىر ئاممىۋي تۈس ئالغان ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قەرمەتىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرىكىتى ئاخىرلىشىدۇ.

قەرمەتىيە تەلىماتى تەرەپدارلىرى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىلنى يەتتىنچى ئىمام دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆلمەس ۋە مەھدى دەپ ھېسابلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىماملارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا، تارىختا ئۇلار سەبئىيە ( يەتتە ئىماملىق ) دەپمۇ ئاتالغان.

قەرمەتىيە تەلىماتىدا مەنسۇس ئىماملار[1] يەتتە نەپەر بولۇپ ، بۇلاردىن ئالتىسى قازا قىلغان ۋە ئاخىرقى بىرى - يەتتىنچىسى مەھدى ئىمامدۇر . ئۇ قايتىپ كېلىشى بىلەن قىيامەت قايىم بولىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ . قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى ھولۇل نەزەرىيىسىنى، بولۇپمۇ لاھۇت[2] نىڭ ناسۇت[3] قا ھولۇل قىلىشىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، ئىماملارنىڭ سىماسىدا ئەنبىيالار ( ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ) نىڭ شەخسىيىتى تېرىلىپ قالماستىن ، بەلكى ئىماملار ئۇلاردىنمۇ ئۈستۈنرەك تۇرىدۇ . قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ، كەئبىدىكى تاشنى سۆيۈش ، زاھىرلىقتا ( ئاشكارا جەھەتكىلا ) ئېتىقاد قىلىشنىڭ ھەممىسى قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى ئۈچۈن ھارام ھېسابلىنىدۇ . ئۇلار ئىبادەت ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر خىل ئازاپ - ئوقۇبەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارىشىپ، ئىمامغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ھەممىدىن ئەۋزەل، دەپ ھېسابلىشىدۇ . بەزى تەتقىقاتچىلار ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى بىلەن قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى ئوخشاش كىتاب - دەستۇرلاردىن پايدىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ . ئەمما، ئىبنى نەدىم يەتتە بۆلەكلىك « بەلاغەت » ناملىق كىتابنى پەقەت قەرمەتىيە تەرەپدارلىرىغىلا تەۋە، دەپ ھېسابلايدۇ . نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار قەرمەتىيە دۆلىتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، ئۇنى « ئەڭ دەسلەپكى كوممۇنىزم جەمئىيىتى » دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى تۆت تەبىقىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى تەبىقىگە 15 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ياشلار كىرگۈزۈلگەن . ئۇلار قەرمەتىيە تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار

---

[1] مەنسۇس ئىماملار - سالاھىيىتى ئېنىق پاكىتلارغا ئاساسەن دەلىللەنگەن ئىماملار .

[2] لاھۇت - ئىلاھىي ، خۇداغا مەنسۇپ .

[3] ناسۇت - ئىنسانىي ، ماددىي . بۇ يەردە ئىلاھىي روھنىڭ ئىنسانىي تەن ( جىسىم ) گە ھولۇل قىلىشى ( كۆچۈپ كىرىشى ) توغرىسىدىكى نەزەرىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

تۇرغان بىر ئەۋلاد ھېسابلىنىپ، تارىخىي مەنبەلەردىن «رەسائىلى ئىخۋان ئۇس سەفا» دا بۇ تەبىقە «ئىخۋان ئۇل ئەبرار ئىر رۇھەما» نامى بىلەن ئاتالغان. ئىككىنچى تەبىقە 30ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار قەرمەتىيە تەلىماتىنى ئۆگىنىۋاتقان تەبىقە ھېسابلىنىپ، «ئىخۋان ئۇل ئەخيار ئىل فۇزەلا» نامى بىلەن ئاتالغان. ئۈچىنچى تەبىقىگە 40 تىن 50 ياشقىچە بولغان كىشىلەر كىرگۈزۈلگەن ئۇلار «ئىلاھىي سىرلارنى چۈشەنگۈچىلەر» دەپ قارالغان. بۇ تەبىقىدىكىلەر باشقىلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن توسۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قەرمەتىيە نامىدىن ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇلارنى كۆپەيتىپ تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. تۆتىنچى تەبىقىنى 50 ياشتىن ھالقىغانلار تەشكىل قىلغان. بۇ تەبىقىدىكىلەرنى «ئەھلى كەشفى لەدۇنى» (ئۇستازسىز غايىبتىن تەربىيلەنگۈچىلەر) ھېسابلاشقان. بۇ جەريان «مۇرىدىن» (تەلەپكار)، «مۇئەللىمىن» (تەربىيىچى) ۋە «مۇقەررىبىنى ئاللاھ» (ئاللاھقا يېقىن تۇرغۇچى) دىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى تەلىماتى ۋە تەشەببۇسلىرىدىكى ئۆزگىچە ئەھكام ۋە قائىدىلەر باشقا مەزھەپتىكىلەردىن مەخپىي تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئاباسىيلار خەلىپىلىكىگە قارشى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قەرمەتىيەنىڭ مەخپىي تەرغىبات تەشكىلاتى ئىمام، ھۆججەت (ياكى باب)، دائىيئۇدات (تەرغىباتچىلار كېڭشى)، دائىيى بەلاغ (كامالەتكە دەۋەت قىلغۇچى)، دائىيى مۇتلەق (كامىل دەۋەتچى)، دائىيى مەئزۇن (ھوقۇقلۇق دەۋەتچى)، دائىيى مەھسۇر (چەكلىك ھوقۇقلۇق دەۋەتچى)، جەناھ ئەيمەن (مۇبارەك قاناتلىق)، جەناھ ئەيسەر (سول قاناتلىق) قاتارلىق دىنىي ئۇنۋان تەرتىپى بويىچە تەشكىللەنگەن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى تارىخچىلار قەرمەتىيەنى ئىسلامنىڭ سىرتىكى پىرقە دەپ قاراپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئىسلامغا قارشى

مەجۇسلەر[1] رۇسۇملىرىنى ( قائىدە ) ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مەيدانغا كەلگەن دىنىي ــ سىياسىي كۈچ، دەپ قارىسا ، يەنە بىر قىسىملىرى ئۇنى ئەجەملەرنىڭ ئەرەبلەردىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە بارلىققا كەلتۈرگەن دىنىي تەشكىلاتى، دەپ قارىغان . ئەگەر بۇنداق قاراشلار ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا ئىراندا بۇ دىنىي - پەلسەپىۋىي ئېقىمنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى مىللىي مەقسەتلەرگە ئاساسلانغان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . تەتقىقاتچىلاردىن غۇد فەرۋا قەرمەتىيەنى شىئە ئەھلىگە كۆرۈنۈشتە چېتىشلىقتەك بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئېقىمنىڭ دىنىي - پەلسەپىۋىي تەلىماتلىرى ئىخۋان نۇس سەفا پەلسەپىسىگە ئاساسلانغاندى، دەپ يازىدۇ . قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىلاھىي نۇرنىڭ ھولۇل قىلغانلىقىنى ئىنكارقىلىپ ، ئىلاھىي نۇر ئىسلام مۇرشىدلىرىدىن خالىغان بىرى ( ئەسلىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ) گە ھولۇل قىلىنىدۇ، دېگەن قاراشنى تەرغىب قىلىدۇ . ئۇلار دىنىي ۋاجىباتلارنى چۈشىنىشكە ئائىت مەخسۇس ئىدراكنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز، دەپ قارايدۇ .

قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى بىر سوتكىدا تۆت رەكەت ناماز ئۆتەيدۇ . بۇنىڭدىن ئىككى رەكىتى قوياش كۆرۈنۈشتىن ئىلگىرى، قالغان ئىككى رەكىتىنى كۈن پاتقاندىن كېيىن ئوقۇيدۇ . ئۇلار ناماز ۋاقتىدا يۈزىنى بەيتۇلمۇقەددەسكە قارىتىدۇ .

ئەرەب ئالىملىرىدىن تەھە ئەلۋىلى قەرمەتىيە تەلىماتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ، ئۇلارنىڭ دىنىي شوئارلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئەقىل ۋە ئەقىلنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىش ، ئۇنىڭغا تېۋىنىش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان ،دەيدۇ .

شىئەلەر، بولۇپمۇ قەرمەتىيە تەرەپدارلىرى « قۇرئان كەرىم » نىڭ

---

[1] مەجۇسلەر ـ ئاتەشپەرەسلەر .

يوشۇرۇن مەنىسىنى شەرھلەشنى تەكىتلىشىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئابباسىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاۋۋال سامانىيلار، كېيىن قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ توختىماي زەربە بېرىشى بىلەن ئۇششاق تارماقلارغا بۆلۈنۈپ، زور بىر قىسمى ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىغا قايتىپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىنىي - پەلسەپىۋى ئېقىم ئاستا - ئاستا تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.

**كامىلىيە — شىئە** مەزھىپىنىڭ غۇلات پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاساسچىسى ئەبۇكامىل (8 - ئەسىر) دۇر. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ خەلىپىلىكىنى قوبۇل قىلمىدى، دەپ ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىدۇ، ئەلىنىڭ ئۆزىنى بولسا ئۆز ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلمىغان، دەپ ئەيىبلەيدۇ. شۇ مەنىدىن كامىلىيە تەرەپدارلىرى ئەلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۆزى خەلىپە بولۇشى كېرەك ئىدى، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ مەھدى خەلىپە بولۇپ تۇرغان دەۋردە ياشاپ، ئۆز دەۋرىدە كاتتا شۆھرەت قازانغان شائىرلاردىن بىرى بولغان بەششار ئىبنى بۇردى تەھارىستانىمۇ مۇشۇ پىرقىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئەبۇكامىلنىڭ ئەقىدىلىرىگە شۇ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىككى يېڭى مەزمۇن قوشقانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەزمۇننىڭ بىرى ئۆلۈكلەر قايتىپ كېلىدۇ ۋە بۇنداق قايتىش قىيامەتتىن ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن قاراش، يەنە بىرى ئىبلىسنىڭ ئوت تۇپراقتا قارىغاندا ئەۋزەلرەكتۇر، دېگەن پىكرنى توغرا، دەپ قاراشتىن ئىبارەتتۇر. كامىلىيە تەرەپدارلىرى ئەلگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەردە چەكتىن ئېشىپ، ئىماملىقنى شەخستىن شەخسكە ئۆتىدىغان بىر خىل نۇر، دەپ

قارىشىدۇ. بۇ خىل نۇر ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بەزى شەخسلەردە نۇبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك)، يەنە بەزى شەخسلەردە ئىمامەت (ئىماملىق) تۇر. بەزىدە ئىمامەت نۇبۇۋۋەتكە ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئاللاھ ھەر زاماندا قائىم، ھەرماكاندا ناتىق ۋە شەخستە زاھىردۇر. ئۇ ھەممىلا نەرسىگە سىڭگەن بولىدۇ. ھولۇلنى كامىلىيە تەرەپدارلىرى كامىل ۋە جۇزئىي (قىسمەن) دەپ ئىككىگە بۆلۈشىدۇ. جۇزئىي ھولۇلنى خۇددى تۈڭلۈكتىن قۇياش نۇرى ئۆيگە چۈشكەنگە، كامىل ھولۇلنى بولسا مەلەك (پەرىشتە) نىڭ شەخستە ياكى شەيتاننىڭ ھايۋاندا زوھۇر قىلىشىغا ئوخشايدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار تەناسۇخقا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت خىلى (نەسخ، يەنى ئەسلىدىكىسىنى تامامەن بىسىپ كېتىش، مەسخ، يەنى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆرۈمسىز شەكىلگە كىرگۈزۈش، فەسخ، يەنى تەمامەن يوق قىلىش، نابۇت قىلىش، رەسخ، يەنى ئۆز ئەسلىنى ساقلاش، ئەسلىدە قېلىش) نى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى ئۆزىنىڭ «فەرق بەين ئەل فىراق» ناملىق ئەسىرىدە كامىلىيە تەرەپدارلىرىنى ساھابىلەرنى كەمسىتكىنى ۋە ئوتنى تۇپراقتىن ئەلا بىلگىنى ئۈچۈن كوپۇرلۇق يولىغا كىرگەنلەر، دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ پىرقە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**كەئبىيە — مۇئتەزىلە** تەرەپدارلىرىدىن كەئبى لەقىمى بىلەن تونۇلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئابدۇلقاسىم بەلخى (931 - يىلى قازا قىلغان) ۋەكىللىكىدىكى بىر تارماقنىڭ نامى. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا كەئبى ئەبۇلھەسەن خەيياتنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، دىنىي نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتكە پىششىق ئىكەن. ئۇ «قۇرئان» شەرھلىگۈچىلەردىن بىرى بولۇپ، بەھس ۋە مۇنازىرىلەردە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقايسى پىرقە ۋە ئېقىم ۋەكىللىرى بىلەن ئىلاھىيەت ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مۇنازىرىلىرىنى «مەقالاتى ئابدۇلقاسىم» نامى بىلەن توپلەپ كىتاب قىلغان.

كەئبى باغداتتىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ يىرىك ۋەكىلى سۈپىتىدە

شۇ دەۋر ئۈچۈن ئاكتۇئال بولغان نەزىرىيىۋي مەسىلىلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. نۇرغۇن مەسىلىلەردە، جۈملىدىن خۇدانىڭ سۈپەتلىرى مەسىلىسىدە بەسرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭكىگە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، بەسرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەر خۇدا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقلارنى جىسىم ۋە رەڭگىگە قاراپ پەرقلەندۈرىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنى كۆرەلمەيدۇ، دەپ قارىشسا، كەئبى بۇ خىل قاراشنى رەت قىلىپ، خۇدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇداتلارغا ئائىت ئىلمىدىن باشقا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، دېگەن. بەغرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەر ئاللاھ سۆز- ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدۇ، ئەمما ئۇلارنى بىۋاستە چۈشىنەلمەيدۇ، دەپ دەۋا قىلىشسا، كەئبى بۇنىڭغا قارشى ھالدا ئاللاھنىڭ ھەممىنى كۆرەلەيدىغان ۋە ئاڭلىيالايدىغان سۈپەتلىرى ئۇنى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى بىلىپ يېقىشقا ئۈندەيدۇ، دەپ تەكىتلىگەن. بەسرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەر خۇداۋەندى كېرىم يارىتىش ئىرادىسىگە مۇرىد ( مەۋجۇداتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ھېرىسمەن )، دەپ قاراشسا، كەئبى بولسا خۇداۋەندى كېرىمدە ھېچقانداق خاھىش ۋە ئىرادە دېگەن نەرسە بولمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ بىرەر نەرسىنى خالاپ قالدى دېيىلسە، ئۇ نەرسە ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىپ بولدى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. كەئبى تەشەببۇسلىرىدا خۇدانىڭ ئىرادىسى دېگەن ئۇقۇمنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلىنى ئەسلى سۈپەتلىرىدىن ھېسابلىمايدۇ.

كەئبىنىڭ بۇ تەلىماتلىرى نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. خۇراساندا ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى، بولۇپمۇ ھالال - ھارام مەسىلىسىدە ئاجايىپ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە فەقىھلەرنىڭ مۇنازىرە تېمىلىرىغىمۇ ئايلىنىدۇ. كەئبىيە ھازىرقى ۋاقىتتا بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس.

**كەربىيە — كەيسانىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا

كۇرەيبىيە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئەبىكەربى زەررىرى مەزكۇر
تارماقنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى
ھەنەفىييە قازا قىلغاندىن كېيىن، ئىماملىق مەسىلىسىدە
كەيسانىيە تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، ئۇلار ئۈچ
تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. شۇلارنىڭ بىرى كەربىيە دۇر. بۇ پىرقىنىڭ
قۇرغۇچىسى بولغان ئەبىكەربى زەررىرىنىڭ شەخسىيىتى توغرىسىدا
بىرەر ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىن شۇ نەرسە
ئېنىقكى، مەزكۇر پىرقە تەرەپدارلىرى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنى
ھايات، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن رەزۋە تېغىدا ئىستىقامەت
قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ئېرىقتا ھەسەل سۈيى ئېقىپ
تۇرىدۇ ۋە كۆپلىگەن ياۋايى ھايۋانلار ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن قوغداپ
تۇرىدۇ، مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ ئىمام
مەھدى — غايىب ئىمام دەپ ئېلان قىلغان، ئۇ ئاخىر بىر كۈنى
قايتىپ كېلىپ، ئادالەت ئورنىتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. كەربىيە
تەرەپدارلىرى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە رىجئەت قىلغۇچە ( قايتىپ
كەلگۈچە ) باشقا ئىمامنىڭ كېرىكى يوق، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.
كەربىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ خىل قارىشىنى كېيىن ھەمزە ئىبنى
ئۆمەر راۋاجلاندۇرۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنى خۇدالىق
دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن ئىمام جەئفەر سادىق ئۇنى
دىنسىزلىقتا ئەيىبلەيدۇ. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، كاسىر ( داڭلىق
شائىر ) مۇ مۇشۇ تارماققا مەنسۇپ ئىكەن. بۇ تارماق ھازىر
پائالىيەتتىن توختىغان.

**كەيسانىيە — شىئە** مەزھىپىنىڭ رافىزىيەگە تەۋە پىرقىلىرىدىن
بىرى بولۇپ، كەيسان لەقەملىك مۇختار ئىبنى ئەبۇئۇبەيدە ئۇنىڭ
قۇرغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر پىرقە 7 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدا كۇفەدە بارلىققا كەلگەن. مەنبەلەردە بۇ پىرقىنىڭ نامى
توغرىسىدا ئوخشىمىغان مەلۇماتلار مەۋجۇت. دەسلەپتە ھۈسەيىننىڭ
ئۆگەي ئىنىسى - مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ ئىماملىقىنى

ياقىلايدىغان كوفەدىكى ئەلەۋىيەچىلەر كەيسانىيە نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇلار مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ ئىماملىقىنى ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەلى مۇھەممەد بىلەن قانداشلىق - تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىگە ۋارىس بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىمام بولغان. شۇڭا، ئەلىمۇ ئوخشاش يول تۇتۇپ، ئىماملىقنى ھەسەن، ھۈسەيىن ۋە مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى، دەپ تەكىتلىشىدۇ. بۇ گۇرۇھتىكى كىشىلەر كېيىن 686 - يىلى كوفەدە ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىنىڭ قان داۋاسى مەقسىتىدە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان مۇختار ئىبنى ئەبۇئۇبەيدەنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭدا مۇختار ۋە ئۇنىڭ لەشكەر بېشى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، شۇڭا بەزى مەنبەلەردە ئۇلارنى مۇختارىيە تەرەپدارلىرى نامى بىلەنمۇ ئاتايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنە بەزى مەنبەلەر ئۇلارنى ئايرىم تارماقلار سۈپىتىدە خاتىرىلەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە قازا قىلغان ( 700 - يىلى ) دىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەيسانىيەچىلەر، دەپ ئاتالغان. كەيسانىيەچىلەردىن بىر قىسمى ئىماملارنىڭ سانىنى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن چەكلەپ قويۇشسا، يەنە بىر قىسمى ئەبۇ ھاشىمنىڭ ئوغلىنىمۇ مەنىۋىي جەھەتتىكى ۋارىسلىقنى ئاساس قىلىشىپ، بەشىنچى ئىمام، دەپ قارىشىدۇ. كېيىن كەيسانىيە تەرەپدارلىرى ئارىسىدا شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئىماملىققا ئائىت مەسىلىلەردە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ ھەم شۇنىڭ نەتىجىسىدە بىرنەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. تارىخي مەنبەلەردە بۇ تارماقلارنىڭ سانى تۆت تىن 11 غىچە يېتىدۇ. تارىخچىلاردىن نەۋبەختى پەقەت **كەربىيە**، **بەيانىيە** ۋە **ھاشىمىيە** قاتارلىق تارماقلىرىنىلا تىلغا ئالىدۇ. ئەشئەرى بولسا ئۇنى 11 تارماق ( **مۇختارىيە**، **ئىسھاقىيە**، **كەربىيە**، **ھەربىيە**، **بەيانىيە** قاتارلىقلار ) قا بۆلۈنىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

كەيسانىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە رەزىۋە تېغى ( مەدىنىدە ) غا يوشۇرۇنغان ۋە ئاخىر بىر كۈنى ئادالەت ئورنىتىش مەقسىتىدە يەر يۈزىدە قايتا پەيدا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇخىل ( غايىب بولۇش ۋە قايتىپ كېلىش ) ئەقىدىسى كېيىن شىئە مەزھىپىگە تەۋە باشقا پىرقىلەر تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزى ئەقىدىلىرى بۇ پىرقىلەردە بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

كەيسانىيە ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن تارماقلارنىڭ ئەقىدىسىدىكى ئورتاقلىق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ ئىماملىقىنى ياقلايدۇ. ھازىر كەيسانىيە ئايرىم بىر پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس.

**كەيياليە — خەتتابىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى زەكەرىيا كەييال تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان. ئۇ ئەسلىي شىئە مەزھىپىگە تەۋە ئارىفلاردىن بولۇپ، پارس تىلىدا يازغان « قۇرئان » ناملىق ئەسىرىدە شەرىئەتنى يېڭى دىنىي قانۇن بىلەن ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى تارىخچىلار كەييالنىڭ ئەسەرلىرىنى شەرئىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن پىشمىغان دەپ قاراپ، ئانچە يارىتىپ كەتمىگەن. ئۇلارنىڭ باھاسىچە، كەييال ئەسەرلىرىدە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئەقىدىلىرىنى باش — ئايىغى ئۇچۇق بولمىغان مۇھاكىمىلەر بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى زامان ئىماملىرى دىنىي ئازغىنلىق دەپ قاراشقان. كېيىن، ئەھمەد كەييال ئىماملىق دەۋاسى قىلىپ، ئۆزىنى قائىم ( ھايات ) ۋە مۇنتەزەر ( كۈتۈلىۋاتقان ) دەپ ئېلان قىلىدۇ.

كەيياليە تەلىماتى بويىچە، كىمكى ئۇيۇقنى روھقا تەدبىقلاپ، روھىي ۋە ماددىي دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىنى ( ئەھۋالىنى ) بايان قىلىپ بېرەلىسە، شۇ ئىمامدۇر. كىمكى ھەممە نەرسىنى زەررىلىرىگىچە بۆلۈپ، بىر پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تۈرى ۋە بۆلەكلىرى بويىچە شەرھلەپ بېرەلىسە، شۇ قائىمدۇر. بۇ ئىشنى ھېچقايسى دەۋر

ۋە زاماندا ئەھمەد كەيياليدىن باشقا ھېچكىم قىلالىغان ئەمەس ، شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئىمام ، قائىم ھەم مۇتتەزەردۇر،دەپ قارىلىدۇ .

كەيياليىيە تەلىماتىدا ئالەم ئەلا ئالەم ، ماددىي ئالەم ۋە ئىنسانىي ئالەمدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ . ئەلا ئالەم يەنە بىر نەچچىگە بۆلۈنىدۇ . مۇشۇ مەسىلىگە تاقاپ كەيياليىيە تەرەپدارلىرى روھنىڭ ھەرقايىسى تەركىبى باسقۇچلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىپ ، شۇنىڭغا باغلىغان ھالدا ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا بىر قاتار ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئۇلار مەزكۇر تارماقنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ئەھمەدنىڭ ئىسمىنى ئەرەب ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە روھىي ئالەمگە - « ا - ئەلىف » نى نەفس ئەلائ - ئالىي روھغا ، « ھ - ھا » نى نەفسى ناتىقە - نوتۇق ( سۆزلەش ) قابىلىيەتلىك روھغا ، « م - مىم » نى نەفسىي ھايۋانى - ھايۋان روھى ( جېنى ) غا، « د - دال » نى نەفس ئىنسانى - ئىنسانىي روھغا ئوخشىتىشىدۇ . ماددىي ئالەمگە بولسا - « ا - ئەلىف » نى ئىنسانغا ، « ھ - ھا » نى ھايۋان ، « م - مىم » نى ئىنسانىنىڭ قورسىقى، « د - دال » نى ئىنسانىنىڭ ئىككى پۇتىغا ئوخشىتىشىدۇ . كەيياليىيە تەرەپدارلىرى يەنە ئىنسان ئوتقا ، ئۇچارقاناتلار ھاۋاغا ، ھايۋانلار زېمىن ( يەر ) گە ۋە بېلىق سۇغا ئوخشايدۇ، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلار ئىنسانلارنىڭ تاشقى سېزىمچانلىقى توغرىسىدىمۇ قىزىقارلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ . ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ كۆپلىگەن ئېقىم - تارماقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كەيياليىيە تەلىماتلىرى ئەقلىي ۋە نەزىرىيىۋىي جەھەتتە ئەلۋەتتە خېلى كۆپ ئاجىزلىقلارغا ئىگە . ئەمما ، مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ يەنىلا بىر دىنىي تەلىمات سۈپىتىدە ماۋەرائۇننەھردە ناھايىتى كەڭ تارقالغان ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغانىكەن . ئۇنىڭ ئاساسچىسى بۇخارا ۋە سەمەرقەندە ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ھۆرمەتلەيدىغان كاتتا ئەربابلاردىن ھېسابلىنىدىكەن . بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان .

**كەررامىيە** — ئىسلامدىكى دىنىي - پەلسەپىۋى ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسچىسى ئەبۇئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى كەررام ( 868 - يىلى قازا قىلغان ) دۇر. ئۇ ئەسلىدە سىيىستانلىق ( ئىران ) بولۇپ، ئاۋۋال بەرجەستان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نىشاپۇرغا بارىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئىراننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز تەلىماتلىرىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىدۇ. خۇراساندا ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ سانى يىگىرمە مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، پەلەستىنىدىمۇ نۇرغۇن تەرەپدارلىرى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى «ئەزابى قەبر» ( «گۆر ئازابى» ) ناملىق ئەسىرىدە سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، خۇدا زاتى ئەسلى جەھەتتىن يېگانە بولۇپ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىمۇ ئەزەلىي ۋە بەشەرىي ( ئىنسانىي ) دۇر. ئۇنىڭ ئەسلى سۈپەتلىرى بىلەن ئەمەلدىكى سۈپەتلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق مەۋجۇت ئەمەس. ئەزەلىي سۈپەتلىرى ( ئىلىم، قۇدرەت، يېگانىلىق، بىرلىك ) بىلەن بىرگە يەنە ئاللاھنى شەكلىي سۈپەتلەر ( قول، پۇت، چىراي قاتارلىقلار ) گە ئىگە، دەپ قارايدۇ. ئىبنى كەررام ئاللاھنى جىسمانىي مەۋجۇتلۇققا ۋە تەن ئەزالىرىغا ھەم ھەرىكەتچانلىققا ئىگە دەپ قاراپ، جىسىم سۈپىتىدە ئاللاھ تۆۋەندىن ۋە كۆرۈنمەيدىغان تەرەپلەردىن ئەرشكە تاقىشىدۇ، ئەرش بولسا ئۇنىڭ تۇرارگاھىدۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئاللاھنىڭ ئەسلى زاتى بولسا ھادىسىلارغا كۆچۈشتىن خالىي بولالمايدۇ، ئەگەر ئۇ ئەسلىدە بۇنىڭدىن خالىي بولغان بولسىمۇ، خۇددى ماددا دەسلەپتە شەكىلسىز بولۇپ، كېيىن شەكىل پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش كېيىنچە پەيدا بولىدۇ. كەررام ئاللاھنى ئۇنىڭغا لايىق كەلگەن بارلىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشنى جائىز، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئاللاھنى ياراتقۇچى ۋە ئىنسانلارنى رىزىق بىلەن تەمىن ئەتكۈچى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئالدىنقىسى ئاللاھنىڭ ئەزەلىي سۈپەتلىرىدىن، كېيىنكىسى بولسا كېيىن يارىتىلغان سۈپەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. كاررامىيە تەلىماتى بويىچە، يارىتىش ۋە يوقىتىش

ئىرادە ۋە ئەمر ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق مەۋجۇدىيەتنىڭ يارىتىلىشى بولىدۇ ۋە ھەر قانداق يوقلۇق يوقىتىشتىن مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق يارىتىش ئىلاھىي قۇدرەتنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئىلاھىي قۇدرەت بولسا، ماددىي ئالەمدىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپىيىشىنىڭ نېگىزىدۇر، شۇڭا ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە بارلىققا كېلىدىغان بارلىق نەرسە ۋە ھادىسىلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

كەررامىيە تەرەپدارلىرى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىمۇ ئاللاھغا ئاپىرىپ باغلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان خۇدانىڭ مەخلۇقى سۈپىتىدە ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئۆزىدە سادىر قىلىدۇ. ئۇلار بارلىق نەرسىلەردىكى ئىنسانلار دەرك قىلالايدىغان گۈزەللىك ۋە رەزىللىكنى ئەزەلدىن مەۋجۇت خۇسۇسىيەت، دەپ قارىشىدۇ. كەررامىيەچىلەر تەلىماتىنىڭ يەنە بىر ئاساسىي قىسمى يارالمىشقا ئائىت مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇلار جىسىم ـ ماددىلارنىڭ دەسلەپتە يارالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ يېڭىۋاشتىن ۋۇجۇدقا كېلىشىنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلايدۇ. ئۇلار ئىماننى سۆزدىكى تەستىق ۋە ئىقراردىن ئىبارەت، دەپ قارىشىدۇ. قەدەرىيەنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىماتلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىمام سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. ئۇلار ھەرقايسى رايونلاردا ئايرىم ئىماملارنىڭ بولۇشىنى راۋا، دەپ قارىشىدۇ. (مەسىلەن، مەدىنە، ئىراقتىكىلەر ئەلىنى، شام ۋە مىسىردىكىلەر مۇئاۋىيەنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمامى، دەپ ھېسابلاشقان) كەررامىيە تەرەپدارلىرى ناماز، روزا ۋە دەپنە قىلىش قاتارلىقلارغا ئائىت مەسىلىلەردە ئۆزگىچە قاراشلارغا ئىگە. جۈملىدىن، ئۇلار سەپەر قىلغان ۋاقىتلاردا نامازدا رۇكۇئ (ئېگىلىش) ۋە سۇجۇد (سەجدە)، قىيام (رۇسلىنىپ تۇرماق) ۋە قۇئۇد (تىزلىنىپ ئولتۇرماق) نى شەرت، دەپ قارىمايدۇ. مېيىتنى يۇيۇپ تازىلاشنى غەيرىي ۋاجىپ، ئەمما ئۇنى كېپەنلەپ

دەپىنە قىلىشنى ۋاجىپ، دەپ قارايدۇ. نىيەتسىز ناماز، روزا ۋە ھەجنى ناتوغرا ھېسابلايدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن ئابدۇلقاھىر باغدادى خۇراساندىكى كەررامىيە تەرەپدارلىرىنى **ھەقايىقىيە**، **تەرايىقىيە** ۋە **ئىسھاقىيە**دىن ئىبارەت ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ، دەپ يازىدۇ. ئەمما، بۇ تارماقلارنىڭ پەرقى چوڭ بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ماۋزۇ ئاستىدىلا تونۇشتۇرىدۇ. مۇھەممەد شەھرىستانى بولسا، كەررامىيەنى ئون ئىككى تارماققا بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن ئالتىسى (**ئابىدىيە**، **تۇنىيە**، **زەرىنىيە**، **ئىسھاقىيە**، **ۋاھىدىيە** ۋە **ھەيسەمىيە**) نى ئاساسلىق تارماق، دەپ ھېسابلايدۇ. 10 - ئەسىردە ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندا كەررامىيە تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىدىغان تەشكىلاتلارمۇ بارلىققا كەلگەن. سەمەرقەندتە كەررامىيەنىڭ مەخسۇس مەسچىتىمۇ بولغان. بۇ ئېقىم خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر، شۇنداقلا ئۇرشەلەئىم قاتارلىق جايلاردا 13 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە خېلى ئاكتىپ ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان. موڭغۇل ئىستىلاسى بىلەن ئۇ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالدى.

**كۇرەيبىيە** ـــ كەربىيەگە قاراڭ.

**كۇللابىيە** ـــ **سىفاتىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى كۇللاب (855 - يىلى قازا قىلغان) ئۇنىڭ ئاساسىنى سالغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۇللاب ئەسلى **ھەشۋىيە**نىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇپ، ئەسەرلىرىدە ھەشۋىيە تەلىماتى نۇقتىسىدىن باشقا پىرقە - ئېقىم ۋەكىللىرى بىلەن كۆپلىگەن دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلەشكەندۇ، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە ئائىت مەخسۇس رىسالىمۇ يازىدۇ، ئۇ مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئائىت نۇرغۇن قاراشلىرىنى رەت قىلىدۇ. كۇللابىيە تەرەپدارلىرى نۇرغۇن مەسىلىلەردە سۈننەت ئەھلى بىلەن ئوخشاش قاراشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نى ئاللاھنىڭ كالامى ۋە غەيرىي مەخلۇق (يارىتىلمىغان)، دەپ

قارايدۇ. كۇللاب ئاللاھنى ئالىم، قادىر، ھەي (تىرىك)، ھەممىنى كۆرگۈچى، ئاڭلىغۇچى، ئەزىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ، ئاللاھنى ئىلىم ۋە قۇدرەت، كۆرەلەيدىغانلىقى ۋە ئاڭلىيالايدىغانلىقى بىلەن تۆۋەندىكى دۇنيا (ماددىي دۇنيا) غا دائىملىق باغلىنىشتا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ھېچ ۋاقىت ۋە ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزگەرمەيدىغان سۈپەتلەر ھېسابلايدۇ. (تەپسىلاتىنى سىفاتىيەدىن كۆرۈڭ).

**كىسفىيە — مەنسۇرىيەگە** قاراڭ.

**لائىنىيە — رافىزىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، تەرەپدارلىرى ئۇسمان، تەلھە، زۇبەير، مۇئاۋىيە، ئەبۇمۇسا ئەشئەرى، ئائىشە قاتارلىق ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا قارشى چىققان شۇ گۇرۇھدىكى باشقا شەخسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىدۇ. بۇ تارماقنىڭ نامى ئۇلارنىڭ يوقىرىدىكىدەك قاراشلىرىغا ئاساسەن قويۇلغان. قىسمەن ئۆزگىچىلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەزكۇر تارماقنىڭ باشقا تەشەببۇسلىرى رافىزىيە تەرەپدارلىرىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**لەفزىيە — جەھمىيە**گە تەۋە پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ، قىسمەن ئۆزگىچە تەشەببۇسلار بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار جەھمىيە تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەنگەن ھالدا «قۇرئان كەرىم» لەفزى (سۆزى) نىڭ مۇتلەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. پىرقىنىڭ نامى شۇ ئۆزگىچىلىكنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. مەزكۇر پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس (تەپسىلاتىنى جەھمىيەدىن كۆرۈڭ).

**مازيارىيە — مۇھەممىرىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، مازيار ئىبنى قارۇن ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ تەبەرىستاندىكى نىزامىيلار خانىدانىدىن بولۇپ، زەردۇشت دىنى ۋە ئىرانىنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئۇ شەھرىياز ئىبنى شەرۋىن ماۋەندى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئېلىشىشتا مەغلۇپ بولۇپ، خەلىپە ئىبنى مەئمۇن

دەرگاھىغا پانا تىلەپ بارغان . كېيىن ئۇ يەنە مۇسا ئىبنى ھەفزگە قارشى لەشكەر تارتىپ ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەۋقەسىنى قايتا تىكلىگەن، كېيىن خەلىپە مۇئتەسىمگە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلاڭدا يەنە مەغلۇپ بولغان . مۇئتەسىم ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلغان ۋە جەسىتىنى سامەرادا دارغا ئاسقۇزغان . مازىيار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنى توختاتمىغان . مازىيارىيە گەرچە مۇھەممەرىيەدىن پەرقلىنىدىغان ئېنىق دىنىي تەشەببۇسلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەدىمكى ئىران مەدەنىيىتىنى ئىسلام دىنى بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ، نۇرغۇن ئەنئەنىلەرگە يېڭى دىنىي تون كىيگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ساقلاپ قېلىشتا تۆھپىسى زور بولغان . ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر تارماق تەرەپدارلىرىنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ ، ئىسلام دۇنياسىدا بىر قاتار داغدۇغىلىق سىياسىي ھەرىكەتلىرى بىلەن چوڭقۇر تەسىر قوزغىغاچقا مەنبەلەردە ئايرىم بىر تارماق سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن .

**مالىكىيە — سۈننىي** مەزھىپىگە تەۋە تۆت فىقھە مەزھەپنىڭ بىرى بولۇپ ، ئەبۇئابدۇللاھ مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى ئەبئامىر ئىسبەھى (715 - 795 ) ئۇنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ يەمەنلىك بولۇپ ، كېيىن مەدىنىگە كېلىپ ئىلمى تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە ئىماملىققا تەيىنلىنىدۇ . ئىمام مالىك نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولۇپ ، « ئەلمۇۋەتتە » ، «رىسالەيى ۋەئىز» ، « كىتابۇل مەسائىل » ۋە« تەفسىرى غەرىبى قۇرئان » قاتارلىق ئەسەرلىرى مەنبەلەردە دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان مۇھىم ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ . ئىمام مالىكنىڭ « ئەلمۇۋەتتە » ناملىق ئەسىرى شەرىئەتتىكى ھۆكۈم قىلىش ئىشىغا دائىر 1700 مىسالنى ئۆزئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ مالىكىيە مەزھىپىنىڭ ئۆزگىچە فىقھە ئىلمىگە، ئاساسىي ئىدىيىسى ۋە كۆزقارىشىغا

ۋكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئەنئەنىلەرگە، يەنى مەدىنە رايونىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئەھكام ۋە ئىبادەتنى سۈننەت ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئاساسلاندۇرىدۇ ھەم بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغدىيالايدىغان قانۇنىي ۋاستىلەر، ئۇسۇللەر ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

مالىكىيە ئەزالىرى ئايرىم تەفسىرلەرنى پەقەت زۆرۈر ھالەتلەردىلا ۋاجىپ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار تالاش - تارتىشتىكى بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىجمائ ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ ۋە ئىنىق بولمىغان چىگىش مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا قىياس ۋە مەنتىقىي خۇلاسىلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار يەنە بەزى ھاللاردا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ ئىستىھسان ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىستىسلاھ، دەپ ئاتىلىدىغان ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. ئىمامى مالىك ئىبنى ئەنەس «قۇرئان كەرىم» نى ئەقلىي نۇقتىدىن تەپسىرلەشكە قارشى تۇرىدۇ. بۇ مەزھەپمۇ ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ ئېتىبار بىلەن قارىشىغا ئېرىشىدۇ، مەزھەپ ئەزالىرى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلىدۇ. ئۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئىمام مالىكنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئەقىدىلىرى ئاساسىدا ئۆز تەلىماتلىرىنى يەنىمۇ بېيىتىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىمۇ چوڭ.

مالىكىيە 9 - ئەسىرلەردە ھىجاز ۋە مەدىنىدىن باشقا يەنە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدا، جۈملىدىن تۇنىس، ئەلجەزائىر، ماراكەش، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق كەڭ تېررىتورىيىگە تارقالغان. ئەندەلۇستا (ئىسپانىيەدە) ھەتتا ئاساسىي دىنىي مەزھەپ قىلىپ بېكىتىلگەن. ھازىر بۇ مەزھەپ ئەزالىرى تۇنىس، ئەلجەزاھىر، مەراكەش، مىسىر ۋە سۇدانىنىڭ قىسمەن رايونلىرى بىلەن غەربىي ئافرىقىدا ھېلىمۇ ئۆز ئەقىدىلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

**مەئبەدىيە — سەئلەبىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسچىسى مەئبەد ئىبنى ئابدۇراھماندۇر. سەئلەبىيە تەرەپدارلىرى شەرىئەتكە تەۋە بەزى مەسىلىلەردە ئىچكى ئىختىلاپقا دۇچ كېلىپ، بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن ئابدۇلقاھىر باغدادىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇلار ئالتە تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەممىسى دەسلەپتە يەنىلا سەئلەب ئىبنى ئەمىرنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما، كېيىنچەرەك ئىككى تارماق - **ئەخنەسىيە** بىلەن **مەئبەدىيە** ئۇلاردىن تامامەن بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى تارماق سەئلەبىنىڭ ئىماملىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، مەئبەدىيە تەرەپدارلىرى مەئبەد ئىبنى ئابدۇراھماننىڭ ئىماملىقىغا ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتىدا سەئلەبىيە تەلىماتلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا قۇللاردىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادي تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، ھالىلىق سەۋىيىگە يەتكەندە زاكات ئېلىش ۋە ئىقتىسادي تۆۋەنلەپ بىناۋا بولغاندا زاكات ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش راۋا، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار يەنە ئەخنەسىيە تەرەپدارلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا مۇسۇلمان قىزلارنىڭ غەيرىي مۇسۇلمانلارغا ياتلىق بولۇشىنى گۇناھ، دەپ قارىشىدۇ. (تەپسىلاتىنى سەئلەبىيەدىن كۆرۈڭ)

**مەجھۇلىيە — ھازىمىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، شەرىئەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەردىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا مەئلۇمىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشقا ئىگە. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ۋە ئىسىملىرىنى بىلىپ، يەنە بەزىلىرىنى بىلمىگەنلەرمۇ ئوخشاشلا ئاللاھنى دەرك قىلالايدۇ ۋە ئۇلار ھېچ ۋاقىت دىنسىز ھېسابلانمايدۇ.

**مەخلۇقىيە — جەھمىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، پەقەت قىسمەن ئۆزگىچە قاراشلىرى بىلەنلا ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، بۇ تارماقتىكىلەر «قۇرئان كەرىم» نى كېيىن يارىتىلغان، دەپ قارايدۇ. بۇ تارماقنىڭ نامىمۇ ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكىدەك تەشەببۇسىغا ئاساسەن

قويۇلغان . بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**مەئمۇنىيە — خەييانتىيەگە قاراڭ .**

**مەرىسىيە — مۇرجىيەنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ،** ئەبۇئابدۇرەھمان ئىبنى بىشر ئىبنى غىياسى مەرىسى ئۇنىڭ ئاساسىنى قۇرغان . ئۇ ئەسلىدە ھەنەفىيەگە تەۋە فەقىھلەردىن ئىدى . بەزى مەلۇماتلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى يەھۇدى بولۇپ ، كۇفەدە زەرگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن . ئۇ فىقھ ئىلمىنى ئىسلام تارىخىدا تونجى بولۇپ « قازىيۇلقۇززات » ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئەبۇيۇسۇف يەئقۇپ ئىبنى ئىبراھىمدىن ئۆگىنىدۇ . ئەمما ، غىياسى مەرىسى « قۇرئان كەرىم » نىڭ كېيىن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا يەئقۇب ئىبنى ئىبراھىم ئۇنىڭدىن تانىدۇ . كېيىن مەرىسى كەلام ئىلمىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ ۋە شافىئىي پىرقىسىنىڭ ئىمامى بىلەن شەرىئەتكە ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە كەسكىن مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ . ئۇ ئۆز پىكىرلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەدىسلەردىن نۇرغۇن سۆزلەرنى مىسال ياكى ئىسپات تەرىقىسىدە نەقىل كەلتۈرىدۇ . ئۇ ئىماننى كۆڭۈل ۋە ئېغىزدىكى تەستىق، دەپ قارايدۇ . مەرىسىيە تەرەپدارلىرى تەلىماتى بويىچە گۇناھكارلار ئەبىدى دوزاختا قالمايدۇ، ياراتقۇچى ئۇلارنى قىبلە ئەھلىگە ئوخشاشلا گۇناھلىرى دوزاخ ئازابى بىلەن سازا تاپقاندىن كېيىن ئاندىن جەننەتكە يۆتكەيدۇ . باشقا جەھەتتىكى قاراشلىرى مۇرجىيە تەرەپدارلىرىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ .

**مەئلۇمىيە — ھازىمىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، شەرىئەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى ئارقىلىقلا ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ئاللاھنىڭ سۈپىتى مەسىلىسىدۇر . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كىمكى ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى بىلمەيدىكەن، ئۇ جاھىلدۇر . جاھىل خۇدا ئالدىدا دىنسىز بىلەن ئوخشاشدۇر . ئۇلار يەنە ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن

بەلگىلەنمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئىقتىدار ۋە ئىرادە مەسىلىسىدە سۈننەت ئەھلى بىلەن ئوخشاش قاراشتا تۇرىدۇ. ئۇلار قابىلىيەتنى ئاللاھنىڭ خاھىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەرىكەت جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. قالغان مەسىلىلەردىكى قاراشلىرى ھازىمىيەدىن پەرقلەنمەيدۇ.

**مەمتۇرە ـــ** مۇسەۋىيەگە قاراڭ.

**مەنسۇرىيە ـــ** شىئەنىڭ غۇلات پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەنبەلەردە كىسفىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسچىسى ئەبۇمەنسۇر ئىجلى كۇفەدىكى ئابدۇقەيس قەبىلىسىدىن بولۇپ، سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ ھېچقانداق تەربىيە كۆرمىگەن، ھەتتا يېزىش ـ ئوقۇشنىمۇ ئۇقمايدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئەلى ئەۋلادلىرىدىن باقىر لەقەملىك ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلىگىچە بولغان ئىماملىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى، دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇڭا، باقىر ئۇنى دىنسىزلىكتە ئەيىبلەيدۇ. ئەبۇمەنسۇر باقىرنىڭ ئەيىبلىشىدىن كېيىن ئۆزىنى ئىمام دەپ، ئېلان قىلىدۇ. باقىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئىماملىق ماڭا مىراس بولۇپ قالدى، دەپ جار سېلىپ، ئىماملىقنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر قاتار سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. بۇ سەپسەتىلەردە ئېيتىلىشىچە، خۇداۋەندى كېرىم ئۇنى ئاسمانغا چىقىرىپ، سۈرىيە تىلىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ ۋە بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ رەسۇلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەبۇمەنسۇرنىڭ قارىشىچە، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. موھەممەد ئەلەيھىسسالام (يەنى موھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى) ساما، شىئە (ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى) بولسا زېمىندۇر. ئۇ ئۆزى بولسا خۇددى ئەلىگە ئوخشاش ئاسماندىن زېمىنگە ئېقىپ چۈشكەن كىسف (تامچە، جۇز) دۇر. شۇڭا، ئەلىدىن باشلاپ تاكى مۇھەممەد ئىبنى ئەلىگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىگىمۇ پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ موھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم»
ئورۇن بېرىپ، ئاللاھ موھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان
نى تەنزىل قىلىشقا (ئاسماندىن چۈشۈرۈشكە)، مېنى بولسا «قۇرئان
كەرىم» نى تەپسىرلەشكە ئەۋەتكەن، دەپ جار سالىدۇ. ئۇنىڭ
ئېيتىشىچە، ئۆزىدىن كېيىنكى ئالتە پۈشتىمۇ پەيغەمبەرلىككە
ئېرىشىدۇ ۋە يەتتىنچىسىگە كەلگەندە قىيامەت قايىم بولىدۇ.
ئەبۇمەنسۇر ئىجىلى ئۆزىگە قارشى تەرەپتىكىلەر بىلەن
ياراشتۇرغۇسىز كۆرەش قىلىدۇ، دۈشمەنلىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشنى
«ئىچكى جىھاد»، دەپ ئاتايدۇ. ئۇ جەننەتنى ئىنسان (تىرىك ئىمام)
دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىشنى خەيرلىك، دەپ
قارايدۇ. دوزاخنىمۇ ئىنسان (دۈشمەنلىرى) دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ،
ئۇنىڭ بىلەن توختىماي ئېلىشىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىراق
ۋالىسى يۇسۇف ئىبنى ئۇمەرى سەقەفى ئەبۇمەنسۇرنى تۇتۇپ دارغا
ئاسىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ھۆسەينمۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن
ئۆزىنى پەيغەمبەر، دەپ ئېلان قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ
رەسۇللىقىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. خەلىپە مەھدىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن
ھۆسەينمۇ دارغا تارتىلىپ، پۈتۈن مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.
مەنسۇرىيە تەرەپدارلىرى قايتا تىرىلىش ۋە بېھىش بىلەن دوزاخنى
ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادىكى راھەت ــ پاراغەتنىڭ ئۆزىنى
بېھىش، ئازاب ــ كۈلپەتنى دوزاخ دەپ قارايدۇ. بارلىق
مۇھەررەماتلارنى راۋا، دەپ بىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە چوشقا
گۆشى، مەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى خۇدا ھارام، دەپ
قارىمىغان. ئۇلار شىئەنىڭ باشقا غۇلات پىرقىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا
ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئەيسانى ئاللاھ
ئاۋۋال ياراتقان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا كېيىن ياراتقان،
دەپ قارىشىدۇ.
تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەبۇمەنسۇر شىئە
مەزھىپىدىكى چەكتىن ئاشقان كۈچلەرنى يىغىپ، ھۆسەينىيە نامىدا
بىر پىرقە تەشكىل قىلغان. مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مەنسۇرىيە

ۋە بۇ تارماق تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى دىنىي دائىرىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن چوڭقۇر سىياسىي مەقسەتلەرنىمۇ پائالىيەت دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزگەن، جۈملىدىن ئۇلار ئاببासىيلارغا قارشى چىققان ھەرقانداق گۇرۇھنى قوللاپ، مەزكۇر سۇلالىنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشىگە بارلىق ئىمكانىيىتى بىلەن قارشىلىق قىلىشقان.

**مەنقۇسىيە** — مۇرجىيەنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، پەقەت قىسمەن مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئىماننىڭ كۆچىيىدىغان ۋە ئاجىزلايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**مەھدەۋىيەت** — ئىسلام تارىخىدا تەسىرى خېلى زور بولغان دىنىي - پەلسەپۋىي ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ، تەرەپدارلىرى مەھدى، قائىم ۋە ھۆججەت ناملىرى بىلەن ئاتالغان غايىب ئىماملارنىڭ رىجئەت قىلىشى (قايتىپ كېلىشى) غا ئىشىنىدۇ. بۇ خىل ئېقىم دەسلەپتە شىئە مەزھىپىگە تەۋە ئىمامىيە، ئىسمائىلىيە قاتارلىق پىرقە، ئېقىملار ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، كېيىن ئۇلارنىڭ قاراشلىرى سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە بىر قىسىم پىرقىلەر تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان. سۈننىي مەزھىپىدىكى بەزى پىرقىلەر نەزىرىدە مەھدى كونكرېت بولمىغان رىۋايەتتىكى بىر شەخس سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئاخىر زامان بولغاندا يەر يۈزىدە پەيدا بولىدۇ ۋە ئادالەت ئورنىتىدۇ. شىئە مەزھىپىگە تەۋە پىرقىلەرنىڭ نەزىرىدىكى مەھدى ئەلى خانىدانىدىن بولغان غايىب ئىمام ياكى كۈتۈلىۋاتقان ئىمام بولۇپ، ئادالەتسىزلىك ۋە تەڭسىزلىك دەستىدىن غايىب بولغان، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەر يۈزىگە قايتىپ، مۇستەبىت ھاكىملار بىلەن كۈرەش قىلىپ ئادالەتنى بەرقارار قىلىش ئۈچۈن رىجئەت قىلىدۇ. «قائىمۇسەيف» - شەمشەر ئۇلارنىڭ ئادالەت ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۆرەشلىرىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بولۇپ، شەمشەر ئىگىسى «ساھىبۇززەمان»، دەپ

ئاتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ھەر بىر ئىمام قائىمدۇر. ئەمما، ئىمامىيە بىلەن ئىسمائىلىيە ۋە بۇ ئېقىملارنىڭ تارماقلىرى قائىملىقنى مەھدىلىككە نىسبەتلەشتۈرىدۇ.

قائىم شىئەلەرگە خاس ئاتالغۇ بولۇپ، تەخمىنەن 8 - ئەسىرلەردە قوللىنىلىشقا باشلىغان. ئۇ ئۆرلەپ كەتكەن، غايىب بولغان، تۇرۇپ كەتكەن دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. شىئەلەرنىڭ نەزىرىدە قائىم ياكى مەھدى مەككىدە زوھۇر قىلىپ، ئۇ يەردىن كۇفەگە كېلىدۇ ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ ئالەمنى ئىدارە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋاقتى توغرىسىدا ھەرقايسى پىرقە ۋە ئېقىملار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزى پىرقىلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋاقتىنى 7 يىل، يەنە بەزىلىرى 19 يىل، دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، بۇنىڭ ھەربىر يىلى رىۋايەتلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بىرنەچچە يىلىغا تەڭ كېلىدۇ. شىئەلەرنىڭ ئارىسىدا قائىم توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزى پىرقىلەر قائىم ئىمامنىڭ ۋاپاتىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. يەنە بەزى پىرقىلەر ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلمىگەنلىكىنى رەت قىلىپ، ئۇنى تامامەن غايىب ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، دەپ قارىشىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ ئۆلۈمى ياكى غايىپ بولغانلىقى ئۈستىدە ھېچنېمە دېمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ رىجئەت قىلىدىغانلىقىنىلا ئېتىراپ قىلىشىدۇ. مۆتىدىل شىئەلەر قائىم ئىمام چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، قەرمەتىيەگە ئوخشاش چەكتىن ئاشقان شىئە پىرقىلىرى قائىم ياكى مەھدى ئىمام يېڭى دىن بىلەن زوھۇر قىلىدۇ ۋە يېڭىچە ئىسلامنى جارى قىلدۇرىدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ.

يوقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنەرسە ئايانكى، مەھدەۋىيەت تەلىماتى يەھۇدى ۋە خرىستىئان دىنلىرى تەلىماتلىرىدىن گنوستىك ( ئىرفانىغا ئائىت ) غايىلەر، يېڭى پەفاگورىزم، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتىكى باشقا قەدىمكى ئەنئەنىۋىي ئىدىئولوگىيىلىك غايىلەردىن ئوزۇقلانغان. شۇڭا، ئىسلام تەلىماتلىرىدىمۇ تەناسۇخ ( روھنىڭ كۆچۈشى )،

ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلىش ، باب ، نۇرى مۇھەممەد دېگەندەك ئۇقۇملار پەيدا بولغان .

**ئىمامىيە** ــ ئىمامىيەتەرەپدارلىرى ئۇن بىرىنچى ئىمام ھەسەن ئەسكەرى ( 874 - يىلى قازا قىلغان ) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇھەممەد ئىسىملىك كىچىك ئوغلىنى ئۇن ئىككىنچى ئىمام، دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۇ ياش ۋاقتىدىلا غايىب بولىدۇ. تەرەپدارلىرى ئۇنى مەھدى ئىمام ۋە ئاخىر بىر كۈنى ئادالەت ئورنىتىش مەقسىتىدە قايتىپ كېلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىمامىيە تەرەپدارلىرى شىئە مەزھىپىگە تەۋە يەنە بىر ئېقىم رافىزىيە بىلەن بىرگە ئىسنائەشەرىيە تەلىماتىغا ئاساس يارىتىدۇ. شىئەلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ مەھدى ئىمام توغرۇلۇق بىرلىككە كەلگەن قاراش مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ ، بەزىلەر مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننى، يەنە بەزىلەر ھەسەن ئەسكەرىنىڭ ئۆزىنى مەھدى، دەپ قارىشىدۇ. بۇ ھالەتنى ئىمامىيە تەرەپدارلىرى تەلىماتىدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن . ئۇنىڭ كەيسانىيە ، سالېھىيگە ئوخشاش ھەرقايسى تارماقلىرىمۇ مەھدەۋىيەت تەلىماتلىرىغا قايىلدۇر. يەنە بەزى تارماقلىرى مەھدەۋىيەت ئۇقۇمىنى ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرىشىدۇ. مەسىلەن ، جارۇدىيە ، زەيدىيە قاتارلىق تارماقلار زەيد ئىبنى ئەلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىماملىققا ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بىرەرسى تەيىنلىنىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىسە ، يەنە بىر قىسىم تارماقلار ئىماملىق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغان شەخسلەردىن بىرى ئىماملىققا تەيىنلەنسە بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. تارىخچىلار بۇنداق تارماقلارنىڭ سانى 11 گە يېتىدۇ، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇلاردىن كۆپىنچىسى ھەسەن ئەسكەرىنىڭ كەنجە ئوغلى مۇھەممەدنى ئۇن ئىككىنچى ئىمام دەپ، ئېتىراپ قىلىشىدۇ .

مەھدەۋىيەت تەرەپدارلىرى دەسلەپتە سىياسىي مەقسەتلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇنازىرە تېمىسىمۇ

ئىماملىققا ئائىت مەسىلىلەردىن چەتنەپ كېتەلمىگەن . كېيىن ئۇلار تەدرىجى يوسۇندا باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولغان . قايسىلا دەۋردە بولمىسۇن، ئىجتىمائىي ئادالەت ئورنىتىش يەنىلا مەھدەۋىيەت تەلىماتىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ كەلگەن . ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت دېگەن ئۇقۇمى باراۋەرلىك ، روھىي ئازادلىق ۋە ئومۇمىي خەير دېگەندەك بىر نەچچە ئىجتىمائىي ھەم ئەخلاقىي قىممەت قارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

تارىخچىلاردىن ئىبنى ھەلدۇن مەھدىنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق ئاجايىپ بىر رىۋايەتنى خاتىرىلەپ قالدۇرىدۇ . ئۇنىڭدا گويا ھىللە① دىكى ئاھالىلار ئەلى ئەۋلادىدىن قازا قىلغان مەلۇم بىر دىنىي مۆتىۋەرنىڭ رىجئەت قىلىشىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىشىپ ، ھەر كۈنى كەچتە ئۇ قازا قىلغان ئۆيگە زىيارەتكە بېرىپ ، ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ ۋارقىرىشىپ چاقىرىشىدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭغا ئالدىنئالا ئات، ئېگەر، يۈگەن ۋە توقۇم قاتارلىق جابدۇقلارنىمۇ تەييارلاپ قويۇشقانىكەن .

ئىسلام تارىخىدا ئۆزىنى مەھدى، دەپ ئېلان قىلىپ ، دىنىي - سىياسىي ھەرىكەتلەرگە باشچىلىق قىلغانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس . 10- ئەسىردە ئۇبەيدۇللاھ مەھدى مەھدەۋىيەت تەلىماتىدىن پايدىلىنىپ ، فاتىمىيلەر سۇلالىسىگە ئاساس سالىدۇ . 12- ئەسىردە ئىبنى تۇمارت ئەندەلۇستا ، 19 - ئەسىردە مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد سۇداندا ئۆزلىرىنى مەھدى، دەپ ئېلان قىلىشىدۇ . ئەلى مۇھەممەدنىڭ ئۆزىنى باب، دەپ ئېلان قىلىپ ، بابىيە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمۇ مەھدەۋىيەت غايىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن .

**مەئىيە — جەبەرىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، قىسمەن كۆز قاراشلاردا ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن، ئۇلار ئىنسانلار ئۆزلۈكتە

① ھىللە — ئىراقتىكى بىر جاينىڭ نامى .

پائالىيەتچانلىق ۋە قۇدرەتكە ئىگىدۇر ، بۇلار ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق، دەپ قارىشىدۇ . بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**مەيمۇنىيە — خارىجىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەيمۇن ئىبنى خەلىد ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . ئۇ دەسلەپ **ئەجارىدەنىڭ** تەرەپدارلىرىدىن ئىدى . ئەمما خەير ۋە گۇنا ، يارىتىش ۋە يارىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەردە ئەجارىدە ئەقىدىلىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىپ ، خۇددى مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىغا ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان . مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئىبنى مەيمۇن بىلەن ئەجارىدەنىڭ يىرىك ۋەكىلى بولغان شۇئەيب ئوتتۇرىسىدا قانۇنىي مەسىلىلەرگە ئائىت قاتتىق مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ .نەتىجىدە مەيمۇننىڭ پىكرىنى ياقىلىغۇچىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، كېيىنچە مۇستەقىل بىر تارماق سۈپىتىدە تونۇلىدۇ .

« كىتابۇل مۇلاقات » تا خاتىرىلىنىشىچە، مەيمۇنىيە تەرەپدارلىرى ئاكا بىلەن سىڭىلنىڭ باللىرى ئەقدى نىكاھدا بولۇشىنى جائىز، دەپ قارىشىدۇ . تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەيمۇنىيە تەرەپدارلىرى « قۇرئان كەرىم » دىكى يۈسۈف سۈررىسىنى ئىنكار قىلىشىدۇ . ئۇلار ھاكىملار ۋە ھاكىملارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ياقىلىغۇچىلار بىلەن توختىماي كۈرەش قىلىشنى ۋاجىپ، دەپ قارايدۇ . ئۇلار يەنە غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بېھىشقا كىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدۇ .

**مۇبارەكىيە — ئىمامىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئىسمائىل ئىبنى جەئفەرنىڭ مۇبارەك ئاتلىق بىر قۇلى بۇ تارماقنىڭ ئاساسچىسىدۇر . جەئفەر سادىق قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بەش ئوغلى — مۇھەممەد، ئىسمائىل ، ئابدۇللاھ ، مۇسا ۋە ئەلىدىن قايسىسىنىڭ ئىمام بولىدىغانلىقى مەسىلىسىدە شىئەلەر ئارىسىدا مۇنازىرە كېلىپ چىقىدۇ . بەزىلەر مۇھەممەدنى ئىماملىققا كۆرسەتسە، يەنە بەزىلەر ئەلىنى ، ئۈچىنچى بىر قىسمى مۇسانى، يەنە بىر بۆلىكى

ئابدۇللاھنى ئىمام بولىدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ. بۇ مەسىلە ئىسلامدا يەنە نۇرغۇن يېڭى پىرقىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مۇبارەك باشچىلىقىدىكى بىر توپ شىئەلەر جەئفەر سادىق ئىمامىلىقىنى ئوغۇللىرىدىن ئىسمائىلغا ۋەسىيەت قىلغانىدى. نەسەبكە ئاساسەن ئىسمائىل قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمام بولۇشى كېرەك ئىدى، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. مۇبارەكىيە تەرەپدارلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىندىن كېيىن ئىمامىلىقىنىڭ قېرىنداشتىن قېرىنداشقا ئۆتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئىسمائىلنىڭ تېخى دادىسى ھايات ۋاقتىدىلا قازا قىلغانلىقىنىمۇ رەت قىلىشىدۇ.

مۇبارەكىيە تەرەپدارلىرى خۇراساندا خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قەندەھارغا، كېيىن ئۇيەردىن ھىندىستان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ يەردىكى مۇبارەكىيە تەرەپدارلىرى ھازىرمۇ ئۆز ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

**مۇبەييىزىيە — خۇررەمىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تەرەپدارلىرى دىنىي فەرائىز① لارغا قايىل ئىدى. ئەبۇمۇسلىم قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە شىئەلەرنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى جانلىنىپ كېتىدۇ. مۇقەننەئمۇ مۇسلىمىيە تەلىماتىنى ياقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇبەييىزىيە تەرەپدارلىرى مۇقەننەئىيە تەرەپدارلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. ئۇلار ئوخشاشلا دىن ئىمامنى مەرىپەت قىلىش ( بىلىش ) تىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى يەنە دىنىنىڭ ئاساسىنى ئىككى نەرسە — ئىمامنى مەرىپەت قىلىش بىلەن ئامانەتنى② ئادا قىلىش تەشكىل قىلىدۇ، بۇ ھەر ئىككى شەرتكە توشقان ئادەم كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ باشقا دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىشىغا ھاجەت قالمايدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ. مۇبەييىزىيە ئوتتۇرا

---

① فەرائىز ـ فىقھ ئىلمىنىڭ شەرىئەت ۋاجىباتلىرى توغرىسىدىكى بۆلىكى.

② ئامانەت ـ بۇ يەردە ئېتىقاتقا بولغان ساداقەتمەنلىكنى ساقلاش دېگەن مەنىدە.

ئاسىيادا 12- ئەسىرگىچە خېلى ئۇنۇملۇك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولىدۇ. كېيىن تەدرىجى ھالدا پائالىيەت دائىرىسى تارىيىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىدۇ.

**مۇئتەزىلە** — ئىسلام تارىخىدىكى نوپۇزلۇق دىنىي - پەلسەپىۋىي ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەبۇھۇزەيفە ۋاسىل ئىبنى ئەتا (699- 748) ۋە ئەمىر ئىبنى ئۇبەيد (744 - قازا قىلغان) ئۇنىڭ ئاساسچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئىسلام تارىخىدا تۇنجى بولۇپ دىنىي تەلىماتلارغا ئەقلىي نۇقتىدىن ياندىشىپ، يېڭىچە دىنىي ۋە پەلسەپىۋىي ئۇسۇللارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تۇنجى ئەۋلاد ئىلاھىياتشۇناسلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن بەزىلەر، جۈملىدىن نەۋبەختى مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىنى ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىگە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۆت خەلىپىنىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. نەۋبەختى ئەلىدىن چېكىنى ئايرىغان، ئەمما، ئۇنىڭغا قارشى جەڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلارنى مۇئتەزىلەنىڭ دەسلەپكى ئاساسچىلىرى، دەپ قارايدۇ.

مۇئتەزىلە ئېقىمى دەسلەپتە شام، ئىراق ۋە مەدىنىدىكى يونان پەلسەپىسى ۋە خرىستىئان، زەردۇشت دىنىنىڭ تۈرلۈك ئەقىدىلىرىدىن خەۋىرى بار بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا بارلىققا كېلىدۇ. كېيىنچە ئۇ ناھايىتى تېز لىكتە ئەرەب ۋە ئەجەمگە تەۋە بارلىق زېمىنلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقىلىدۇ. مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى شۇ دەۋردىكى نۇرغۇن پىرقە ۋە ئېقىملارنىڭ مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلانغان تەقدىر ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىشقا كىرىشىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەل ئەھكامىنى تۈرغۇزۇپ چىقىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تەلىماتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىچكى جەھەتتە ئاز بولمىغان ئىختىلاپلارغا

بولۇقۇپ، بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى ئۇلارنى 22 تارماققا بۆلۈنگەن، دەپ قارىسا، ئەلى ئەبۇمۇھەممەد فەخرى 18 تارماققا، مۇھەممەد شەھرىستانى 12 تارماققا بۆلۈنگەن، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرى مۇئتەزىلەچىلەرنى ئەسھابى ئەدل ۋە تەۋھىد دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىشىدۇ. ئۇلار بۇ ئېقىمنىڭ مۇئتەزىلە دەپ ئاتىلىپ قىلىشىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ۋاسىل ئىبنى ئەتا ئەسلىدە مەدىنىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتىدە بەسرەگە كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ھەسەن بەسرى باش بولۇپ ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىلىشلارغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ. بۇ يىغىلىشلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇنازىرىلەرنىڭ بىرىدە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرگە بېرىلىدىغان جازا مەسىلىسىدە ئۇستازى بىلەن ئىختىلابلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۇستازىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش مەقسىتىدە يىغىلىشتىن ئايرىلىدۇ (بۇ ئەرەبچىدە ئەزل، دەپ ئاتالغان). ئۇ بىر بۇلۇڭغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەسەن بەسرى بىلەن ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىنى ئەتراپىغا يىغىلغانلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇڭا، كېيىنچە ۋاسىل ئىبنى ئەتاغا ئەگەشكۈچىلەرنى «ئايرىلغانلار، ئايرىلىپ چىققانلار» دېگەن مەنىدە ئەھلى ئېتىزال ياكى مۇئتەزىلە، دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان.

مۇئتەزىلە تەلىماتى تەۋھىد، ئەدل، ۋەھد ۋە ۋەئىد، مەنزەل بەين ئەل مەنزەلەتەين، ئەمرى مەئرۇف ۋە نەھيى مۇنكەردىن ئىبارەت بەش ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ نەزىرىيىچىلىرىدىن ئىبنى بەيان «ئىنتىسار» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ: «بەزى كىشىلەر ئىلاھىي ئەدل مەسىلىسىدە ئورتاق قاراشقا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە مۇشەببەھىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ خۇسۇستىكى قاراشلىرىنىمۇ ياقلىشىدۇ. تەۋھىد مەسىلىسىدە بىز بىلەن پىكىرداش تۇرۇقلۇق يەنە قازا (تەقدىر) دېگەننى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار تەۋھىد ۋە ئىلاھىي ئەدل

مەسىلىسىدە بىزنىڭ قاراشلىرىمىزنى تەكرارلاپ يۇرسىمۇ يەنە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى قاراشلاردىن ۋازكېچىشەلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى مۇئتەزىلەچىلەر، دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. پەقەت مۇئتەزىلەنىڭ بەش خىل ئاساسىي قارىشىغا ھەقىقىي ئىشەنگەن كىشىلەرلا مۇئتەزىلە تەرەپدارى بولالايدۇ».

مۇئتەزىلە تەلىماتىدىكى بىرىنچى مەسىلە تەۋھىد (ئاللاھنىڭ يېگانىلىقى) مەسىلىسىدۇر. ئەھلى سۈننىيلەر ئاللاھنى يېگانە، دەپ بىلىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىمۇ ئاللاھغا ئوخشاشلا ئەزەلدىن مەۋجۇت ۋە قەدىمى، دەپ قارايدۇ. مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ قارىشىچە، پەقەت ئاللاھنىڭ زاتى (ياكى ئۆزى) ئەزەلىدۇر. كىمىكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى قەدىمىي دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ھەم ئاللاھ ئۆزىنىڭ ۋە ھەم ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئەزەلىي ئىكەنلىكىنى سۆزسىز ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. بۇنداق قاراش ئىككى مەنبەگە چوقۇنۇشقا باشلاپ بارىدۇ. شۇڭا، خۇدا ئەزەلدىن بىردۇر، ئۇنى تەقسىم قىلىشقا بولمايدۇ، ھېچقانداق سۈپەتكىمۇ ئىگە ئەمەس. ئۇ ئۆز زاتىدا ئالىم ۋە ئۆز قۇدرىتىدە قادىردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەسلى بولۇپ، ئەزەلىي سۈپەت ئەمەس. ئاللاھدا سۈپەت بار، دېيىلسە، ئۇ مۇشۇ ئەسلىنىڭ تەركىبلىرىدۇر، دەپ قارايدۇ. مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى مۇشۇ نۇقتىدىن شۇ دەۋرگىچە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن مۇشەببىھىيە (ئانتروپومورفىزم) نەزىرىيىسىنى رەت قىلىپ، ئاللاھنى بارلىق جىسمانىي سۈپەتلەردىن خالىي قىلىدۇ.

ئىلاھىي ئەدل مەسىلىسىدە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى ئەقلىي خۇلاسە يولىنى تۇتۇپ، ئەدل ئەقىل يۈرگۈزۈش ۋە مەنتىقىي دەلىللەرگە رىئايە قىلىش نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئادىل ۋە ئاقىل ياراتقۇچىغا گۇناھ ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى نىسبەتلەشتۈرۈش مەنتىقىگە توغرا كەلمەيدۇ، چۈنكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەقلىي سۈپەتلەردىن بولۇپ، ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىنى گۇناھغا ئۈندىمەيدۇ ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا

مەجبۇرلىمايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئالدىدىمۇ زۇلۇم دەپ
قارىلىدۇ ۋە ئاقىلانىلىك ھېسابلانمايدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن
مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئازادلىقى توغرىسىدىكى
تەلىماتى مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ تەلىمات بويىچە، ھەرقانداق ئادەم
ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئەركىنلىككە ئىگىدۇر، ئۇلارنىڭ
بارلىق ياخشى - يامان ھەرىكەتلىرى ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى
ئۆزلىرىگە باغلىقتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارغا نېمىنىڭ ھەق ـ ناھەق،
ساۋاپ ـ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئايرىيالىغۇدەك ئەركىنلىك ۋە ئىختىيار
ئىنايەت قىلغاندۇر. ئىرادە ئەركىنلىكىنى رەت ئېتىشنى
مۇئتەزىلەچىلەر راۋا ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا، مۇئتەزىلەچىلەر
تارىختا ھۆررىيە ( ئەركىن ) نامى بىلەنمۇ ئاتالغان.

مۇئتەزىلە تەلىماتىدىكى ۋەد ۋە ۋەئىد ئۇقۇمى ئەخلاقىي مەزمۇنغا
ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ياخشى - يامان ئىشلارغا نىسبەتەن سازا
( مۇكاپات، قىلغان ئەمەلىگە لايىق جاۋاب )ۋە جازا مەسىلىلىرى
مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى بارلىق ئەخلاقىي
مەسىلىلەرنىڭ ئاساسىي «قۇرئان كەرىم» دۇر، ئەمما ئىنسان
پائالىيەتلىرىنىڭ توغرىلىقىنى مەنتىقىي مىزانلار بىلەن ئۆلچەپ
بېكىتىش كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر
كىشىلەرنىڭ قىلمىشى ئاقىلانە بولمىسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياخشى
بولمايدۇ. ئاللاھ چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنى ئۇلار تۆۋا
قىلمىغۇچە كەچۈرۈۋەتمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەد ۋە ۋەئىدى ( ۋەدە ۋە
تەھدىتى ) گە سادىق ۋە تەۋرەنمەستۇر.

مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ مەنزەل بەين ئەل مەنزەلەتەين ( ئىككى
مەنزىل ئارىلىقىدىكى مەنزىل ) تەلىماتى ئىنسانلارنىڭ يامان
قىلمىشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پاسىق مۇسۇلمانلار ياكى چوڭ گۇناھلارنى سادىر
قىلغۇچىلار مۇئمىنمۇ ئەمەس، دىنسىزمۇ ئەمەس، ئۇلار بۇ ئىككى
مەنزىل ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلەردۇر.

مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى ئەمرى مەئرۇف ۋە نەھيى مۇنكەرنى ھەر بىر
مۇئمىن ئۈچۈن ( قەلب ، تىل ۋە ھەرىكەتتە ) پەرز، دەپ قارايدۇ .
ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئەگەر ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئەمىر
قىلمىغان بولسا ۋە ئۇلارنى چەكلىگەن بولسا ، ئۇنداقتا ئاللاھ ئۇ
ئىشنى خالىمىدى، دېگەن گەپ . ئەمما ، خۇدا رەھمان ( كەچۈرگۈچى )
ۋە رەھىم ( مېھرىبان ) بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بەندىلىرىگە ياخشىلىق
ئىستەيدۇ . شۇڭا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ خاھىشلىرى بويىچە ھەرىكەت
قىلىشلىرى كېرەك ، ئەگەر ئومۇمغا ياكى جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك
بولغان ئىشلار بولسا، ئۇنى ئىماملار ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر
بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ .

مۇئتەزىلە تەلىماتىدىكى قۇرئاننىڭ كېيىن يارىتىلغانلىقى
توغرىسىدىكى قاراش ئەنئەنىۋي دىنىي قاراشلارغا زىت كېلىدۇ .
سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە پىرقىلەر ئاللاھنىڭ كالامى ئىلاھىي نۇردىن
بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەزەلىي دەپ قارىلىشى كېرەك، دەپ
قارىسا ، مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى « قۇرئان كەرىم » نىڭ ئەبەدىي ۋە
ئەزەلىيلىكىنى رەت قىلىپ ، پەقەت ئاللاھنىلا ئەزەلىي ، ئەبەدىي ۋە
قەدىمىي، دەپ قارىشىدۇ . ۋەھىينى ئاللاھنىڭ خەۋىرى ، « قۇرئان
كەرىم » نى شۇنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، دەپ تەرىپلىشىدۇ .
ئىبنى ئەتا « ئاللاھنىڭ كالامى يارىتىلغان » دەپ ئېنىق جاكارلايدۇ.
مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا
بولىدۇكى، ئۇلار يۇقىرىدىكىدەك تەلىماتلار ئارقىلىق ئەقىل بىلەن
دىنىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئىسلام ئىلاھىيىتىگە پەلسەپە تونىنى
كىيگۈزۈشكە ئۇرۇنۇشىدۇ . مۇئتەزىلەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ نوقۇل
بىر دىنىي ھادىسە بولماستىن ، بەلكى ئۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى
دەۋرلىرىدىكى ئەھكامپەرەسلەر بىلەن ئەقىلگە تايىنىغۇچىلار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئىنكاسىدۇر . ئىسلامنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچلىرىدا شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەرلا ئەمەس، بەلكى
نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر

پەقەت دىنىي رامكىلار ئىچىدىلا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ۋە ھەممە ئىش
ئىلاھىي ئەمرگە باغلاشتۇرۇلىدۇ. مۇرەككەپ بولغان ماددىي ۋە
مەنىۋى شۇنداقلا سىياسىي مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە بارلىققا
كېلىدىغان مەسىلىلەرمۇ پەقەت «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەت
ئاساسىدا ھەل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى
خەلىپىلىرى دەۋرىدىلا خارىجىيە ۋە مۇرجىيەگە ئوخشاش دىنىي
ئېقىملار بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇئتەزىلەدەك بىر ئېقىمنىڭ
ئوتتۇرىغا چىقىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. مۇئتەزىلەچىلەر
دىنىي مۇنازىرىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مەنتىقىي دەلىل -
ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇپ، جەبرى
(ئىنسان تەقدىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن
بەلگۈلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراش) مۇتلەق ئۈستۈنلۈك
ئىگىلىگەن ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكى دەۋرىدە مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ
تامامەن ئوخشىمايدىغان بۇ خىل قاراش بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى
قاتتىق قارشىلىق ۋە تەقىپكە سەۋەپ بولىدۇ. ئۆز ھاكىمىيىتىنى
قايتا تىكلەش مەقسىتىدە ئۇمەۋىيلەر بىلەن قاتتىق تىركىشىۋاتقان
ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تەرەپدارلىرى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ
ئەركىنلىك ۋە ئەقىلگە تېيىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بارلىق
تەلىماتلىرىغا زور قىزىقىش بىلەن قارايدۇ، بۇ ئەھۋال
مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ تېزلىكتە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ،
ئىجتىمائىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. نەتىجىدە
دەسلەپتە باغدات ۋە بەسرەدە مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئىككى چوڭ
مەكتىپى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بەسرەدە ۋاسىل ئىبنى ئەتا، ئەمر ئىبنى
ئۇبەيد، ئىبراھىم نەززام، جاھىز قاتارلىقلار، باغداتتا بولسا بىشر
ئىبنى مۇئتەمەر، ئەبۇمۇسا مۇردار، سەمامە ئىبنى ئەشرەس، ئەھمەد
ئىبنى ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار شۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن پىرقە ۋە
ئېقىملارنىڭ چىچىلاڭغۇ قاراشلىرىنىڭ ئورنىغا بىرلىككە كەلگەن
سىستېمىلاشقان دىنىي - پەلسەپىۋى ئەھكامىنى دەسستىدۇ.

كېيىن ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىكى بەزى مۇھىم نۇقتىلارنى ئىسكافى، جۇببائىي، ئىباد ئىبنى سۇلايمان، ئەبۇلقاسىم ئەھمەد بەلخى، ئەھمەد ھەمەدانى ئەستەرابادى، ئەبۇمۇھەممەد ئەبباسى رامھۇرمۇزى، مۇھەممەد نىشاپۇرى، مەھمۇد ئىبنى ئۇمەرى خارەزمى ۋە باشقىلار تېخىمۇ راۋاجلاندۇردۇ. شۇڭا، دىنىي ۋە پەلسەپۋىي مەنبەلەردە مۇئتەزىلەچىلەر ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى مەنتىقچىلار، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىي تارقالغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆز مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئادەم تەربىيىلەشنى يولغا قويۇدۇ. خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدە ھەتتا مۇئتەزىلە ئېقىمى رەسمىي دۆلەت دىنىي سۈپىتىدە يولغا قويۇلىدۇ.

مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىنىڭ تارقىلىشىنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن خەلىپە مەئمۇن «مىھنە» ناملىق تەشكىلات قۇرۇپ، مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىدىن باش تارتقانلارنى تەقىپكە ئالىدۇ. تەخمىنەن مۇشۇ دەۋردە مۇئتەزىلەنىڭ **ۋاسىلىيە**، **ئۇمەرەۋىيە**، **ھۆزەيلىيە**، **نەززامىيە**، **مۇئەممەرىيە**، **ئىسكافىيە**، **جەئفەرىيە**، **بىشرىيە**، **مۇردارىيە**، **ھەشامىيە**، **جاھىزىيە**، **خابىتىيە**، **ھەممارىيە**، **خەيياتىيە**، **شەھامىيە**، **كەئبىيە**، **جۇببائىيە** (بەھشەمىيە) گە ئوخشاش نۇرغۇن تارماقلىرى بارلىققا كېلىدۇ. مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ بۇ دەۋردىكى مۇنازىرە تېمىسى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى مەسىلىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، چوڭقۇر پەلسەپۋىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىدۇ. گەرچە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى كۆپ تېرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى يەنىلا چەكلىك بولۇپ، بۇ ئېقىم خەلىپە مۇتەۋەككىل دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بۇرمىلىغۇچى ئېقىم، دەپ قارىلىپ، تەرەپدارلىرى تەقىپكە ئۇچرايدۇ. موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە بۇ ئېقىم تامامەن زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. ئەمما، مۇئتەزىلە تەلىماتلىرى 8 - 13 - ئەسىرلەردىكى ئىسلام زىيالىيلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە، كۈچلۈك مەنتىقىي ئاساسقا ئىگە دىنىي ـ پەلسەپۋىي ئېقىم سۈپىتىدە ئىسلام

تەلىماتلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىسلام تەلىماتلىرىدا ئىرادە ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكىگە دائىر قاراشلارنىڭ، ئومۇمەن ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ.

**مۇئتەلىيە — جەھمىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، پەقەت قىسمەن مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىمۇ يارىتىلغان ۋە ئاللاھنى كۆرۈشنى ئىستىگۈچىلەر مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ، دەپ قارىشىدۇ. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**مۇجەسسەمىيە — مۇشەببەھىيەگە** تەۋە ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ يەنە بىر نامى بولۇپ. ئۇلار ئاللاھنى جىسمانىي مەۋجۇدىيەت، دەپ قارىشىدۇ. تارىختا كەررامىيەنىڭ نۇرغۇن ۋەكىللىرىنىمۇ مۇجەسسەمىيە، دەپ ئاتايدىغان ئەھۋاللار بولغان. كەررامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆزلىرى بۇ مەسىلىگە تەبىر بېرىپ، «جىسمانىي» دېگەن ئۇقۇم ئاستىدا ئاللاھنىڭ جىسمىنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ زاتى (ئەسلى) مەۋجۇدىيىتىنىڭ جىسمانىي ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇشقانلىقىنى تەكىتلىشىدۇ. سۈننەت ئەھلى بولسا ئۇلارنى ئاللاھنى جىسىملاشتۇرغان، دەپ ئەيىبلەيدۇ.

**مۇختارىيە — كەيسانىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇختار ئىبنى ئەبۇئۇبەيدە ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر. ئۇ دەسلەپ خارىجىيە ئەقىدىلىرىگە ئەگەشكەن بولۇپ، كېيىن زۇبەيرىيە تەلىماتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاخىر يەنە كەيسانىيەگە چوقۇنىدۇ. مۇختار مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن، دەپ ئېلان قىلىدۇ. كېيىن كۇفەدە ئەلەۋىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرىغا باشچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەيسانىيە تەرەپدارلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئۇ مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ نامىدىن نۇتۇق سۆزلەپ، كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ. ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ سانى خېلى

ئاشقاندىن كېيىن ، تونجى بولۇپ «بەدائ» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كېيىنچە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرى كەبسانىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ بەدائ تەلىماتى بويىچە، ئىمامىلىق دەۋاسى قىلىۋاتقان كىشىنىڭ بىرەر سۆزى ئەمەلگە ئاشماي قالسا ، ئۇنى ئاللاھنىڭ مەلۇم خاھىشىگە توغرا كەلمىگەن، دېگەن سۆزگە تايىنىپ بىكار قىلىۋېتىشكە بولىدىكەن . مۇختارنىڭ نەزىرىدىكى بەدائ ئۆز ئىچىدىن يەنە بىرنەچچىگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى بەدائىي ئىلىم، دەپ ئاتالغان ، ئۇنىڭ مەنىسى ئالەمدە ئىلىمگە خىلاپ ھالدا ئويلىمىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن، دەپ شەرھلىنىدۇ. مۇختار يەنە بەدائىي ئەمر دېگەن ئۇقۇمنى ئەمرنىڭ ئىلگىرى تەئەللۇق بولغان نەرسىگە تەئەللۇق بولۇشى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بەدائىي ئىرادەت مۇختارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىرادە ھۆكۈملەرگە خىلاپ ھالدا مۇرىتلارغا ساۋاپ يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت .

مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفە مۇختارنىڭ ئادەم ئالداپ ئورۇن تالىشىش مەقسىتى بارلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭدىن قول ئۈزىدۇ . ئەمما مۇختار كېيىنچە، بولۇپمۇ ھەنەفىيەنىڭ ئوغلى ئەبۇھاشىم قازا قىلغاندىن كېيىن ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ . تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى مۇختارىيەنى كەيسانىيە بىلەن ئوخشاش بىر پىرقە، دەپ قارايدۇ. مۇھەممەد شەھرىستانى بولسا، مۇختارىيەنى كەيسانىيەنىڭ تارماقلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**مۇرجىيە** — ئىسلام تارىخىدا تەسىرى خېلى زور بولغان پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، شىئە ۋە خارىجىيەگە تەڭ ئىككى قارىمۇ-قارشى پىرقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇش يولىنى تۇتقان . بۇ پىرقە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىلا ۋۇجۇدقا كېلىپ ، كۆپرەك سىياسىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان . كېيىن تەدرىجى دىنىي مەسىلىلەر ( ئىمام ، مۇئمىن ، كۇپۇرلۇق ، گۇناھ ۋە شۇنىڭغا

ئوخشاش ) گىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىل بىر دىنىي پىرقىگە ئايلانغان .

مۇرجىيە تەلىماتى بويىچە، ئىمان - ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى مەرىپەت قىلىش ( بىلىش ، تونۇش ) تىن ئىبارەتدۇر . كىمىكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ ، پەرزلەرنى تەرك ئېتىپ ، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلسىمۇ ئۇ ئوخشاشلا مۇئمىندۇر ۋە بۇنىڭلىق بىلەن كۇپۇرلىشىپ كەتمەيدۇ . ئىمان قەلبتىكى ئېتىقادتۇر ۋە كۆرۈنۈشتىكى ئىش - ھەرىكەتلەر ئىمان ھېسابلانمايدۇ . باشقىچە ئېيتقاندا ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەت ۋە مۇئامىلە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇ نۇقتا خارىجىيەنىڭ تەلىماتلىرىغا زىت كېلىدۇ ، چۈنكى خارىجىيە تەرەپدارلىرى ئىمان مەسىلىسىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى تونۇشتىن باشقا يەنە پەرزلەرنى ئورۇنداش ۋە شەرىئەتكە بويسۇنۇش قاتارلىقلارنىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەردىن، دەپ ھېسابلايدۇ . خارىجىيە تەرەپدارلىرى چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنى دىنسىز ھېسابلىشىپ ، ئۇلارنى دوزاخقا مەھكۇم قىلىدۇ . مۇرجىيە تەرەپدارلىرى بولسا بۇنداقلارنى پاسىق ھېساپلاپ ، دوزاخقا مەھكۇم قىلىشمايدۇ ۋە بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، دەپ قارىشىدۇ . مۇرجىيە تەرەپدارلىرى ئاللاھنى مەرىپەت قىلىشتا تەۋھىد ۋە تەۋھىدگە قايىلدۇر . ئۇلار ۋەئدەتنى ئاللاھنىڭ ئىجرا بولۇشى مۇمكىن بولغا ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى، تەۋھىدنى بولسا ئىجرا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ياراتقۇچى ئادىل ، شەپقەتلىك ۋە ئۆزىنىڭ ئادالىتىدە ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگىدۇر . بۇ خىل قاراش مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىغا خىلاپ كېلىدۇ . مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىمان - پەرزلەرنى ئادا قىلىش ، تائەت ۋە دىنىي شەرىئەتكە يات بولغان سۆز- ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشتۇر. مۇنا زىرە ئۈستىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە قەتئىي ھۆكۈم چىقارماي ، ئۇنى تاكى ئاخىرەتكىچە تەخىردە قالدۇرۇشىمۇ مۇرجىيە تەلىماتىنىڭ پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىدىن

بىردۇر. مەزكۇر پىرقىنىڭ نامى — مۇرجىيە، يەنى «ئىرجائ» (تەخىرگە قالدۇرۇش، كېيىنگە قالدۇرۇش) مۇ يوقىرىدىكىدەك مەنىگە ئاساسەن قويۇلغان. مۇرجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىچە «ئىرجائ» توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئېغىز ئاچقانىكەن.

مۇرجىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئوتتۇرا يولنى تاللىشى ئۇلارنىڭ ئەلى قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن خەلىپىلىكتە شەكىللەنگەن كەسكىن سىياسىي ۋەزىيەتكە بولغان ئىنكاسى ۋە مەۋقەسىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئىدىئولوگىيىسىگە تۇتقان مەۋقەسى كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. 1) شىئەلەر كۇپۇرلۇقتا ئەيىبلەۋاتقان مۇئاۋىيەنى گۇناھسىز، دەپ قاراش. 2) مۇئاۋىيە ۋە ئەلى تەرەپدارلىرىنىڭ ئىماملىق توغرىسىدىكى بارلىق تالاش-تارتىشلىرىنى تا قىيامەت كۈنىگىچە تەخىرگە قالدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىش. 3) مۇئمىنلەر ئۈچۈن پەقەت شەرىئەتنىڭ زاھىرىي (ئاشكارا) ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىشنى يېتەرلىك، دەپ ھېسابلاش. 4) ھەر قانداق گۇناھ كەچۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، دەپ قاراش.

تارىخچىلاردىن نەۋبەختى ئەلىنىڭ بارلىق تەرەپدارلىرى، تەلھە، زۇبەير، مۇئاۋىيە ۋە مەشھۇر فەقىھلەردىن سەۋرى، شەقىق ئىبنى ئابدۇللاھ، مالىك ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلارنى ئەڭ دەسلەپكى مۇرجىيەچىلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. چۈنكى يوقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلارنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلەردىكى قاراشلىرى ئۆز-ئارا ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا يوقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەردە ئورتاقلىق بولغان. كېيىن مۇرجىيە تەرەپدارلىرى دىنىي مەسىلىلەردىكى ئىچكى ئىختىلاپلار تۈپەيلى كۆپلىگەن تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى ئەھكامغا ئائىت مەسىلىلەردىكى مەۋقەسىگە قاراپ ئۇلارنى خارىجىيە مۇرجىيەچىلىرى، قەدەرىيە مۇرجىيەچىلىرى

( مۇھەممەد ئىبنى شەبىب ، سالىھى ، خالىدى ، غەيلان ئىبنى ئەبۇمەرۋان دەمىشقى ) ، جەبەرىيە مۇرجىيەچىلىرى ، ھەقىقىي مۇرجىيەچىلەر دېگەندەك بىرنەچچە تارماققا بۆلۈپ ، ھەقىقىي مۇرجىيەچىلەرنىڭ ئىچكى تارماقلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ . نەۋبەختى بولسا مۇرجىيە تەرەپدارلىرىنى جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن تۆت بۆلەككە ئايرىپ ، ئۇلارنى خۇراسانلىق مۇرجىيەچىلە ( جەھمىيە ) ، سۈرىيىلىك مۇرجىيەچىلەر ( غەيلانىيە ) ، ئىراقلىق مۇرجىيەچىلە ( مەرىسىيە ) ۋە شەككاكىيە ، بۇترىيە ، ئەسھابى ھەدىس قاتارلىق تارماقلارغا بۆلىدۇ . ئابدۇلقاھىر باغدادى مۇرجىيە تەرەپدارلىرىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ ، بىرىنچى قىسىمغا غەيلان ئىبنى ئەبۇمەرۋان ، مۇھەممەد ئىبنى شەبىب بەسرى قاتارلىقلارنى كىرگۈزىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدەر ۋە ئىرجائ مەسىلىلىرىگە قايىل بولۇپ قالماستىن ، بەلكى پۈتۈن ئىسلام ئەھلىنىڭ ئۈممەۋىيە ئەتراپىغا بىر تەن بولۇپ ئۇيۇشۇشىنى ئارزۇ قىلغانىكەن . ئىبنى مۇبەششىر قەدەرى ئاللاھقا ۋە ناماز ، روزا ، ھەج قاتارلىق پەرزلەرگە ئەمەل قىلىشنى تەكىتلەپ ، ئۆزلىكىدىن ئۆلۈپ قالغان چارۋىلارنى ، قان ، چوشقا گۆشى ۋە نىكاھسىز ھالدا ئاياللار بىلەن بىرلىشىشنى ھارام،ھېسابلايدۇ ، ئىلاھىي ئەدلنى ئەقلىي نۇقتىدىن تونۇش ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ، ئاللاھنى ئوخشىتىشنى ئىنكار قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىمان بىلەن باغلاشتۇرىدۇ . ئۇ يوقىرىدىكىلەرگە شەك كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى كۇپۇرلۇقتۇر ، دەپ قارايدۇ . سۈننەت ئەھلى قەدەرىيە مۇرجىيەچىلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى مۇرجىيەنىڭ بارلىق تارماقلىرى تەلىماتلىرى ئىچىدە كۇپۇرلۇقتا ئەڭ چېكىگە يەتكىنى ،چۈنكى ئۇلار قەدەر ۋە ئىرجائ مەسىلىسىنىلا تەلقىن قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىلاھىي ئەدلگە ئائىت قاراشلىرىدا ئىسلامغا يات بولغان تەركىبلەر ناھايىتى كۆپ ۋە تەۋھىدگە ئائىت قاراشلىرىدا تەئتىل ( ئاللاھنىڭ ئەزەلىي سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ) خۇسۇسىيەت ئىپادىلىنىپ

تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. غەيلان ئىبنى ئەبۇمەرۋانمۇ ئىمان ـ تىلدىكى ئىقراردۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ. مۇھەممەد ئىبنى شەبىب بولسا، ئىمان ـ ئاللاھغا ئىقرار بولۇش ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى تونۇشتىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. سالىھ كىمكى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلسا، ئۇ مۇئمىن ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر كىمكى ماڭا ئىشەنمىسە ئاللاھقىمۇ ئىشەنمەيدۇ، دەپ ئېيتقان، دەيدۇ. ئۇ يەنە ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىقلارنى بەجا كەلتۈرۈش ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئاللاھغا بولغان تائەتدۇر، دەپ قارايدۇ.

ئابدۇلقاھىر باغدادى جەھم ئىبنى سەفۋاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىككىنچى قىسىمغا تەئەللۇق، دەپ قارايدۇ. ئۇلار جەبر (تەقدىرنىڭ ئالدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى) گە قايىل بولۇپ، سۈننەت ئەھلىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۈچىنچى قىسىمغا بەش تارماق (**يۇنۇسىيە، غەسسانىيە، سەۋۋابىيە، تۇئمەئىيە ۋە مەرىسىيە**) كىرگۈزۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىرجائ تەلىماتىغا قايىلدۇر. ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى مۇرجىيەنى 12 تارماقتىن تەشكىل تاپىدۇ، دەپ يازىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**مۇردارىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** ئەبۇمۇسا ۋە مۇردار دېگەن لەقەملەر بىلەن تونۇلغان ئەيسا ئىبنى سەبىھ (841 ـ قازا قىلغان) ئاساس سالغان تارمىقى. مۇردار كەمبىغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، زاھىتلارچە ھايات كەچۈرىدىكەن. شۇڭا، بەزىلەر ئۇنى مۇئتەزىلە راھىبى، دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. خەلىپىلىكنىڭ ئوردا ئىشلىرىدىن دائىم ئۆزىنى چەتكە قاچۇرۇپ، كىمكى مال ـ دۇنياغا بېرىلسە، ئۇ دىنسىزدۇر، دەپ تەكىتلەيدىكەن. ئۇنىڭ بۇخىل قارىشى ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرىغا خىلىلا يېقىن كېلىدۇ. مۇردار قازا قىلىشتىن ئىلگىرى بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويىدۇ.

ئىبنى نەدىمنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇردار خرىستىئانلار،

ئاتەشپەرەسلەر ، جەبەرىيەچىلەر ، جەھمىيە ۋە باشقا پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تۆرلۈك ئەقىدىلىرىغا قارشى تۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان . ئۇ بىشىر ئىبنى مۇئتەمەرنىڭ شاگىرتى بولۇپ ، باغداتتىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ يىرىك پىشۋالىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىكەن . ئۇ مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ يىرىك ۋەكىلى بولۇشىغا قارىماي مەسلەكداشلىرىدىن ئەبۇھۇزەيل ، نەززام ۋە سەمامە ئىبنى ئەشرەس نۆمەيرى قاتارلىقلارنىڭ بەزى مەسىلىلەردىكى ئەقىدىلىرىنى ئايىماستىن تەنقىت قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىسلامنىڭ ئەنئەنىۋي قاراشلىرىغا يات بولغان بەزى ئەقىدىلىرى بىلەن سۈننەت ئەھلىنىڭ قاتتىق تەنقىتىگە ئۇچرايدۇ .

ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخچىلىرىدىن مۇھەممەد شەھرىستانى مۇردارنىڭ بىرنەچچە مەسىلىدە باشقىلار بىلەن ئىختىلاپقا يولۇققۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ، ئۇنىڭ مەلۇماتىچە، مۇردار ئاللاھ يالغانچىلىق ۋە زۇلۇم قىلىدىغان قۇدرەتكە ئىگىدۇر ، ئەگەر ئۇ بۇ قۇدرەتلىرىگە ئاساسەن مۇئامىلىدە بولىدىغان بولسا، يالغانچى ۋە زالىم ياراتقۇچى بولۇپ قالىدۇ ، بۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە خىلاپتۇر، دەپ قارايدىكەن . ئۇ يەنە « قۇرئان كەرىم » نىڭ يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا ئۆز ئەقىدىلىرىنى بايان قىلىپ ، ئادەملەر « قۇرئان كەرىم » غا ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق كىتاب يارىتىشقا قادىردۇر، دەپ ئىبىتقان . شۇڭا ئۇ سۈننەت ئەھلى تەرىپىدىن كوپۇرلۇقتا ئەيىبلىنىدۇ . مۇردارىيە ھازىر بىر ئايرىم پىرقە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس .

**مۇزتەرىبە — مۇزتەرىيەگە قاراڭ .**

**مۇزتەرىيە — جەبەرىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، تارىختا مۇزتەرىبە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ تارماق پەقەت قىسمەن مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بىلەن جەبەرىيەدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەملەردە ھەرىكەت بولمايدۇ ۋە بارلىق ھەرىكەتلەر ئاللاھ تەرىپىدىن سادىر

قىلىنىدۇ. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**مۇسەۋىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە تارماقلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ تارماقتىكىلەر مۇسا ئىبنى جەئفەر (799 - يىلى قازا قىلغان) نىڭ ئىمامىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ مەلۇماتىچە، ئىمام جەئفەر سادىق ھايات ۋاقتىدا ئوغلى مۇساغا ئىشارە قىلىپ، ئۆز تەرەپدارلىرىغا: «سىلەرنىڭ سابىئ (يەتتىنچى ئىمام) مىڭلەر سىلەرگە قائىم① ۋە ئىمام بولسۇن»، دەپ ئېيتقانىكەن. مۇھەممەد شەھرىستانى يەنە بىر يەردە: «سىلەرنىڭ قائىمىڭلار (تەۋرات) نىڭ ئىگىسى بىلەن ئىسىمداشتۇر»، دەپ يازىدۇ، جەئفەر سادىقنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇنى خۇدا، مۇسا ئىبنى جەئفەرنى بولسا يەتتىنچى ئىمام، دەپ ئېلان قىلىشقان. مۇفەززەل ئىبنى ئۇمەر، زۇرارە ئىبنى ئەئيان، ئۇمەر ساباتى قاتارلىقلار مەزكۇر تارماقنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇسا ئىمامىلىقنى قوبۇل قىلغاندا خەلىپە ھارۇن نۇررەشىد ئۇنى قولغا ئېلىپ، مەدىنىگە كەلتۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئەيسا ئىبنى جەئفەرنىڭ يېنىدا ساقلايدۇ. كېيىن يەنە ئۇنى باغداتقا ئاپىرىپ، سىندى ئىبنى شاخەكنىڭ يېنىدا ئۇنى ئۆيدە ساقلىنىدىغان مەھبۇسلۇققا ھۆكۈم قىلىدۇ. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا كېيىن زەھەرلەنگەن خورما بېرىپ قەستلىگەن. مۇسا ئىبنى جەئفەر قازا قىلغاندىن كېيىن شىئەلەرنىڭ ئارىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر بارلىققا كېلىدۇ. بەزىلەر مۇسا ئىبنى جەئفەر ھارۇن نۇررەشىدنىڭ سارىيىغا كىرىپ ئۇ يەردىن قايتىپ چىقمىدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلىكىنى بىلمەيمىز. قانداقلا بولمىسۇن، بىز ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتىمىز، دېيىشكەن. شەھرىستانى بۇ خىل قاراشتىكىلەرنى مەمتۇرە نامى بىلەن ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق

① قائىم — ئۆز ئورنىدا مۇستەھكەم.

ئاتىلىپ قىلىشىنى ئابدۇلقاھىر باغدادى مۇنداق شەرھلەيدۇ: «قەتئىيە پىرقىسى تەرەپدارى بولغان يۇسۇف ئىبنى ئابدۇرەھمان قۇمى مۇسەۋىيە تەرەپدارلىرىدىن بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، سىلەر مېنىڭ كۆزۈمگە يامغۇردا قالغان ئىت (ئەلكىلاب ئۇل مەمتۇرە) تىنمۇ پەسرەك كۆرۈنىسىلەر، دەپ ئېيتقان. مەمتۇرە نامى شۇنىڭ بىلەن ئۇزلىشىپ قالغانىكەن. تارىختا مۇسانىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇچىلەر قەتئىيە نامى بىلەن، مۇسانىڭ ئۆلگەنلىگىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانلار ۋاقىفىيە نامى بىلەن ئاتالغان. مۇھەممەد شەھرىستانى مۇسەۋىيەنى مۇفەززەلىيە بىلەن ئوخشاش بىر پىرقە دەپ خاتىرىلەيدۇ.

**مۇستەدرىكىيە — نەججارىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا مۇستەدرىكە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر تارماق تەرەپدارلىرى ئۆز پېشىۋالىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم» نىڭ يارىتىلمىغانلىقى توغرىسىدىكى خاتا قارىشىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن تەركىب تاپقانىمىش. نەججارىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تائەت، ئىمان، مەزمۇن ۋە شەكىل ھەم «قۇرئان كەرىم» نىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلىرى ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ بىرنەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى مۇستەدرىكىيەدۇر. ئۇلارمۇ كېيىن ئۆز ئىچىدىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن بىر قىسمى: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئاللاھنىڭ كالامى («قۇرئان كەرىم») ھەرپلەر نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەزەلىي بولماستىن، كېيىن يارىتىلغاندۇر، دەپ قاراشسا، يەنە بىر قىسىملەر پەيغەمبەر ئۇنداق ئېيتمىغان، ئاللاھنىڭ كالامى ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇ يارىتىلغاندۇر. كىمكى چوڭ گۇناھ سادىر قىلىپ، تەۋبە قىلماستىن ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا، ئۇ سۆزسىز دوزاخقا كىرىدۇ، ئەمما، ئۇ يەردە ئەبەدى قالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇستەدرىكىيە تەرەپدارلىرى ئۆزگە مۇخالىپلارنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى سۆزسىز

يالغانغا چىقىرىپ ، ئۇلارغا ئىشىنىشمەيدۇ . تارىخىي مەنبەلەردىن « ئەل فەرق بەين ئەل فىراق » نىڭ ئاپتورى ئابدۇلقاھىر باغدادى ئۇلارنىڭ يوقىرىدىكىدەك ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ، شەخسەن ئۆزىنىڭ رەئىي شەھرىدە مۇستەدرىكىيە مۇرىتلىرىدىن بىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، ئۇنى سىناپ كۆرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ . بۇرغۇس لەقەملىك مۇھەممەد ئىبنى ئەيسا ؛ بىشر ئىبنى غىياس مەرىسى ، ھۆسەين نەججار ۋە باشقىلار مۇستەدرىكىيە تەلىماتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ . بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**مۇستەئلەۋىيە — ئىسمائىلىيەنىڭ** ئەبۇلقاسىم ئەھمەد مۇستەئلىگە ئەگەشكۈچىلەردىن تەركىب تاپقان بىر تارمىقى . خەلىپە مۇستەنسىر لەشكەر بېشى بەدرۇلجەمالىنىڭ بېسىمىدا چوڭ ئوغلى نىزارنىڭ ئورنىغا كىچىك ئوغلى مۇستەئلىنى ئۆزىگە ۋارىس، دەپ ئېلان قىلىدۇ . ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە (1054 - 1101 ) فاتىمىيلەرنىڭ تەلىماتلىرىغا بەزى ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئىلگىرىكى ئەھكامپەرەسلىكىنى يوقاتماي كەلگەن . فاتىمىيلەر دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن مۇستەئلەۋىيە تەرەپدارلىرىمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى توختاتقان . يەنە ئىسمائىلىيەگە قاراڭ .

**مۇستەسنىيە — مۇرجىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئىماندا ئىستىسنا[1]نى ئىنكار قىلىشقا ئوخشاش قىسمەن ئۆزگىچە قاراشلىرى بىلەنلا ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ . مەزكۇر تارماقنىڭ نامىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**مۇسلىمىيە — ئەبۇمۇسلىمىيەگە** قاراڭ .

**مۇشەببەھىيە —** خۇدانى ئىنسانغا ئوخشىتىدىغان بىر خىل تەلىمات تەرەپدارلىرىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ ، تارىختا مۇشەببىھە نامى

---

[1] ئىستىسنا - « ئىنشائاللاھ » سۆزىنى تىلغا ئېلىش .

بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ نامى مۇئەتتەلىيە سۆزىنىڭ ئانتونىمىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى تارىخچىلار، جۈملىدىن ئەبۇئابدۇللاھ خارەزمى ئۆزىنىڭ «مىفتاھ ئۇل ئۇلۇم» ناملىق ئەسىرىدە ئەشئەرىيە تەلىماتى تەرەپدارلىرىنىمۇ مۇشەببەھىيە قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ئىبنى ھەزمۇ ئىبنى ھەنبەل ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى مۇشۇ ئېقىمغا مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن ئىسلام تارىخىدا مۇشەببەھىيە نامىدا مۇستەقىل بىر پىرقە مەۋجۇت ئەمەس، لېكىن ھەممە پىرقىلەر ئىچىدە مۇشەببەھىيە تەلىماتىنى ياقىلايدىغانلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھەتتا بەزى پىرقىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا كەسكىن مۇنازىرىلەرمۇ ئېلىپ بېرىلغان. ئەشئەرىيە تەرەپدارلىرى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە ئائىت ئۆزگىچە تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئۇنىڭدا ھەم مۇشەببەھىيە، ھەم مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىدىكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان مەزمۇنلارنى رەت قىلىپ، ھەر ئىككى تەلىمات تەرەپدارلىرىنى بىدئەتچىلىكتە ئەيىبلىگەن. ئۇلار ئوخشىتىشنى ئۆزلىرىگە خاس بولغان (ئاللاھنىڭ كۆز، قولاق، پۇت، قولغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىنسانغا ئوخشايدىغانلىقى نېمە ئۈچۈن؟ قانداق؟ دېگەندەك سوئاللارسىز ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك) تەرىزدە چۈشىنىپ، ئىبنى ھەنبەلىنىڭ مۇشەببەھىيەگە ئائىت بولغان قاراشلىرىنى ھەق چىقىرىشقا ئورۇنۇشقان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى تارىخچىلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ زاھىرىي (ئاشكارا) مەنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ، قارىشىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇرغۇن ئايەت ۋە سۈرىلىرىدە ئىنسانلار ئوخشىمىغان ئۇسۇللاردا خۇداغا ئوخشىتىلىدۇ. بۇ نوقتىنى نۇرغۇن ھەدىسلەرمۇ تەستىقلايدۇ. مۇھەممەد شەھرىستانى بۇنىڭغا ئائىت كەلتۈرگەن مىساللىرىدا مۇشەببەھىيەنىڭ ئىسلامغا يەھۇدى دىنىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

ئابدۇلقاھىر باغدادى ئۆزىنىڭ «ئەل فەرق بەين ئەل فىراق»

نامىلىق ئەسىرىدە مۇشەببەھىيە تەرەپدارلىرىنى ئىككى بۆلەككە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە بىر بۆلىكى ئاللاھنىڭ زاتىنى ئۇنىڭ غەيرىي زاتىغا ئوخشاتقۇچىلار، يەنە بىر بۆلىكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭغا غەيرىي بولغان سۈپەتلەرگە ئوخشاتقۇچىلاردۇر. بىرىنچى بۆلىكىگە ئۇ غۇلات رافىزىيەچىلەرنى مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئەلىنى خۇدا دەپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ زاتىغا ئوخشىتىشقان. بۇ خىل قاراش ھازىرغىچە ئىراننىڭ كۇردىستان ۋە كىرمانشاھ دېگەن جايلىرى بىلەن ھىندىستاندىكى ئۆزلىرىنى «ئەھلى ھەق» دەپ ئاتايدىغان ئەلىئىلاھىيانچىلار ئارىسىدا ساقلانماقتا. رافىزىيەنىڭ باشقا پىرقىلىرى، جۈملىدىن **بەيانىيە**، **مۇغەييىرىيە**، **مەنسۇرىيە**، **خەتتابىيە**، **ھۇلۇلىيە**، **ھۇلمانىيە** قاتارلىقلار مۇشەببەھىيە ھەققىدە ئۆزلىرىگە خاس قاراشلارغا ئىگىدۇر. مەسىلەن، ھۇلمانىيە تەرەپدارلىرى خۇدا ئىشىمىغان گۈزەل سۈرەتلەردە ھۇلۇل قىلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار تۇرلۇك شەكىلدە نامازئۆتەيدۇ ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىدۇ. بەسرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەر بولسا ئىككىنچى بۆلەككە مەنسۇپ دۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن خاھىشىنى ئۇنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىغا ئوخشىتىشىدۇ. مۇئتەزىلەچىلەردىن بەزىلىرى يەنە ئاللاھنىڭ سۆزلىرى، ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن گەپلىرى بەندىلەرنىڭ ئاۋازى ۋە گەپلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار (جۇببائىدىن باشقىلىرى) ئاللاھنىڭ كالامىنى يارىتىلغان، دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئەبەدىيلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ.

يوقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم مۇشەببەھىيەچىلەر شەرىئەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن قائىدىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھنى ئۇ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقلارغا ئوخشاتقان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي تارىخچىلار ئۇلارنى ئىسلام پىرقىلىرى تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋەتمىگەن. بۇنداق پىرقىلەر قاتارىدا ھىشامىيەنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ھىشام ئىبنى ھەكەم خۇدانى ئادەمگە ئوخشىتىپ، ئۇنى

يەتتە ۋەجەپ[1] كە ئىگە، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ۋەزىن، ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك، قېلىنلىقتا، شۇنداقلا رەڭ، پۇراق ۋە تەمگە ئىگە بىر جىسىمدۇر. ھاشىمىيەنىڭ يەنە بىر تارمىقى بولغان خابىتىيە تەرەپدارلىرى ئەيسا ئىبنى مەريەمنى ياراتقۇچىغا ئوخشىتىپ، ئۇنى ئىككىنچى خۇدا، دەپ قاراشقان. مۇشەببەھىيە تەلىماتلىرىغا قايىل بولماي، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى مۇئەتتىلە نامى بىلەن ئاتاشقان. ھىشامىيە تەرەپدارلىرىدىن سالىم جەۋالەيقى ئاللاھنى ئادەم سۈرىتىدە ( قول، پۇت، قۇلاق، كۆز ۋە باشقا ئىگە )، تېنىنىڭ ئۈستى يېرىمى خالىي ۋە ئاستى يېرىمى تولۇق، قارا چاچ، ئىلىم بىلەن تولۇپ كەتكەن يۈرەككە ئىگە بولغان شەكىلدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. كەررامىيە تەرەپدارلىرى بولسا ئاللاھنى چەك - چېگرىغا، مەھەل ۋە تەختكە ئىگە، دەپ قارىشىدۇ.

يەنە بەزى پىرقىلەر ئاللاھنى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشىتىشىدۇ. مەسىلەن، بەسرەدىكى بەزى مۇئتەزىلەچىلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنى ئۇ ئۆزى ياراتقانلارنىڭ ئىرادىسىگە ئوخشىتىشىدۇ. يەنى نەززام ئاللاھنىڭ كالامىدا ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش ئېجاز ( كارامەت ) كۆرۈلمەيدۇ، بۇنداق سۆزلەرنى باشقىلارمۇ ئېيتالايدۇ، دېگەن. زۇرارىيە تەرەپدارلىرىمۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى كېيىن يارىتىلغان، دەپ قاراپ، ئاللاھ خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئەزەلدىن تىرىك ۋە دانا، ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىنى بىلەلەيدىغان، كۆرەلەيدىغان ئەمەس، ئىدى. خۇددى ئىنسانلار دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن قابىلىيەت، ئىرادە ۋە بىلىم، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سېزىمى پەيدا قىلغانغا ئوخشاش ئاللاھمۇ ئۆزىدە بار سۈپەتلەرگە كېيىن ئېرىشكەن، دەپ قاراشقان.

مۇشەببەھىيە ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا

---

[1] ۋەجەپ — ئەسلىدە بارماقلارنىڭ ئارىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بۇ يەردە ئالامەت ياكى خۇسۇسىيەت دېگەن مەنىدە كەلگەن.

ئەسىردىكى پەلسەپىۋي ئىدىيىلىرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئېقىملاردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ تەسىرى ئىسلامنىڭ ھەرقايىسى پىكىر ئېقىملىرى ئىچىدە ھازىرمۇ مەۋجۇت.

**مۇكىرەمىيە — سەئلەبىيەنىڭ** مۇكىرەم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىجلى ۋەكىللىكىدىكى بىر تارمىقى بولۇپ، دىنىي ئەھكامغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى قاراشلىرى جەھەتتە سەئلەبىيەنىڭ ئاساسىي قاراشلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ، پەقەت قىسمەن مەسىلىلەردە ئوخشىمايدىغان تەشەببۇسلىرى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ناماز ئوقۇمايدىغانلارنى دىنسىزدۇر، ئۇلارنىڭ بۇنداق دىنسىزلىقى ناماز ئوقۇمىغانلىقلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى خۇداۋەندى كىرىمنى تونۇمىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر. ئاللاھنى تونۇماسلىق بارلىق گۇناھلارنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئوغرى ئەگەر ئوغرىلىقى ئۈچۈن ئۇ دۇنيادا ئۇنى قانداق جازالارنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دا ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەنلىكىنى ئالدىن بىلسە، ئوغرىلىق قىلمايدۇ. شۇڭا، ئاللاھنىڭ ئىلىملىرىنى ئىگىلەشكە تىرىشىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

مۇكىرەمىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەسلەكداشلىرى بولغان سەئلەبىيە تەرەپدارلىرى بىلەن بولغان پىكىر ئىختىلاپى ئاساسەن خەيرلىك ۋە ناشايان ئىش - ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن قانداق مۇكاپات ۋە جازانى يولغا قويۇش، ئىمانغا قايىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە كۆرۈلىدۇ. مۇكىرەمىيە تەرەپدارلىرى ئىنسان ئۆلۈم ئالدىدا ھەققە ئىمان كەلتۈرسە، مۇكىرەمىيەنىڭ بارلىق تەرەپدارلىرى ئۇنىڭ دوستى بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىماندىن يالتايسا، بارلىقى ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ،دەپ قارايدۇ. مۇكىرەمىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ساداقەت، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىككە ئائىت قاراشلىرى يۇقىرىدىكىدەك ئۆلچەملەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

**مۇغەييىرىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە ئىفرات تارماقلاردىن بىرى

بولۇپ، مۇغەييىر ئىبنى سەئىد ئىجلى ( 736 - يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر. بۇ تارماق تەرەپدارلىرى تەناسۇخ تەلىماتىنى ياقلايدۇ. ئۇلار شىئەلەرنىڭ بەشىنچى ئىمامى مۇھەممەد ئىبنى ئەلىدىن كېيىن جەئفەر سادىقنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئىماملىقنى ھۇسەيىننىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا مەنسۇپ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر رىۋايەتنى نەقىل قىلىشىدۇ. رىۋايەتتە مەھدى گويا رەسۇلۇللا بىلەن ئىسمىداشتۇر، ئۇنىڭ دادىسىمۇ پەيغەمبەرنىڭ دادىسى بىلەن ئىسمىداشتۇر، دەپ سۆزلىنىدىكەن. ئۇلار مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى قوزغىلاڭدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، خەلىپە مەنسۇرنىڭ قوزغىلاڭدا ئۆلتۈرگىنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ سىياقىغا كىرىۋالغان شەيتان ئىدى، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

نەۋبەختىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇغەييىر ئىبنى سەئىد ئۆزىنى تاكى مەھدى ئىمام مۇھەممەد ئابدۇللاھ قايتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ۋاقىتلىق ئىمام، دەپ ئېلان قىلىدۇ. كېيىن ئۇ يەنە بۇنىڭغا قانائەت ھاسىل قىلماي، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ، ئەزەم دېگەن نامغا ئېرىشەلىسە، ئۆلگەن ئادەملەرنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى جار سالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق چەكتىن ئاشقان قاراشلىرى ۋە تەلەپلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئىراق ۋالىيسى خەلىد ئىبنى ئابدۇللاھ كەسرى ئۇنى قولغا ئېلىپ، قەتلى قىلىدۇ.

مۇغەييىرىيە تەرەپدارلىرى زەردۇشت ۋە مانى دىنىدىن پايدىلىنىپ، جاھاننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە ئاجايىپ قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇغەييىر ئىبنى سەئىد ئاللاھ بەدىنى ۋە ئىلمىنىڭ ئەڭ چېكىگە يەتكەن كۆڭلى بار، نۇرانى بىر شەخسدۇر. ئاللاھ ئالەمنى يارىتىش قارارىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇق نامىنى زىكر قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر نۇرانى ( نۇرلۇق ) تاج بېشىدا پەيدا بولغان. ئاندىن بارمىقى

بىلەن ئالقىنىغا بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى يازغان، ئۇ بەندىلەر سادىر قىلغۇسى گۇناھلاردىن ئالدىن ئاگاھ بولۇپ غەزەپلىنىپ قوللىرى تەرلەپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن ئىككى دەريا - بىرى سۈيى تېنىق ۋە شورلۇق بولغان، يەنە بىرى سۈيى سۈزۈك ۋە تاتلىق بولغان ئىككى دەريا ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئاللاھ ئىككىنچى دەرياغا ئۆزىنىڭ سايىسىنى چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن كۈن بىلەن ئاينى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر خۇدانىڭ ۋۇجۇدقا كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، قالغان سايىسىنىڭ ھەممىسىنى غايىپلاشتۇرىۋەتكەن. ئۇ شىئەلەر ۋە مۇئمىنلەرنى سۈزۈك سۇلىرى چاقناپ تۇرىدىغان دەريادىن، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى بولسا تىنىق ۋە شورلۇق سۇلۇق دەريادىن بارلىققا كەلتۈرگەن. ئاللاھ تۇنجى بولۇپ ياراتقان نەرسە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سايىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەۋاكىپ (سەييارە) ۋە ئاسماننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلىنى ياراتقان ۋە ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرنى ئەلىنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتكەن. ئەمما، ئۇلار بۇ يولدا خاتاغا يول قويۇپ، ئىمامىلىقتا ئەلىنى ئالداشقان، شۇنىڭ بىلەن ئادالەتسىزلىك يامراپ كەتكەن. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ رىجئەت قىلغاندىن كېيىن بۇ ئادالەتسىزلىكلەرگە خاتىمە بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مۇغەييىر ئىبنى سەئىد قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇ توغرۇلۇق تۈرلۈك پىكىر - ئەقىدىلەر پەيدا بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى زېمىندىكى شاھلىقنى تەمە قىلغۇچى، دەپ ئەيىبلەيدۇ. تەرەپدارلىرى بولسا ئۇ كەلگۈسىگە تەۋە مەھدىدۇر، ئۇ ئۆلتۈرۈلمىگەن، ھازىر ھاجىر تېغىدا يوشۇرۇنغان، ئۇ رىجئەت قىلغاندىن كېيىن 17 كىشىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە ياراتقۇچىنىڭ ئەئزەم نامىنى بېغىشلايدۇ ۋە زېمىننى ھەر خىل مۇفلىسلىقتىن تازىلايدۇ، دەپ قاراشسا، تەرەپدارلىرىدىن بەزىلىرى، جۇملىدىن جابىر جەئفەر ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. مۇغەييىرىيە ھازىر بىر دىنىي تارماق سۈپىتىدە مەۋجۇت

ئەمەس.

**مۇفەززەلىيە — خەتتابىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇفەززەل ئىبنى ئۆمەر جەۋفى ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلىدۇر. مۇفەززەل سەرراپلىق (پۇل تېگىشىدىغان، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى بېكىتىدىغان كەسىپ) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، كېيىن ئەبۇلخەتتاب بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ يېقىن دوستى ۋە ئەقىدەداشلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە خەتتابىيە پىرقىسىگە كىرىدۇ. جەئفەر سادىق ئەبۇلخەتتابنى تەكفىر[1] قىلغاندىن كېيىن، خەتتابىيە بەش تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. مۇفەززەلىيە ئۇنىڭ بەشىنچى تارمىقىدۇر. بۇ تارماق تەرەپدارلىرىمۇ خۇددى ئىلگىرىكى مەسلەكداشلىرى بولغان خەتتابىيەچىلەرگە ئوخشاشلا جەئفەر سادىقنىڭ ئىلاھىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ ۋە ئەبۇلخەتتابنىڭ بۇ ھەقتىكى دەۋالىرىنى توغرا، دەپ ئىسپاتلاشقا ھەرىكەت قىلىشىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىماملىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى مەزكۇر تارماقنى مۇسەۋۋىيە بىلەن ئوخشاش بىر پىرقە، دەپ تونۇشتۇرىدۇ. ئابدۇلھەسەن ئەشئەرى بولسا مۇفەززەلنى ئۆز تەرەپدارلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى، دەپ يازىدۇ. باشقا بەزى دىنىي تارىخچىلار ئۇنى جەئفەر سادىقنىڭ يېقىنلىرىدىندۇر، ئۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

**مۇفەۋۋىزىيە — رافىزىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ياراتقۇچى ئاللاھ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان ھەمدە ئۇنىڭغا جاھان ئىشلىرىنىڭ يارىتىش تەدبىرلىرىنى ھاۋالە قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز نۆۋىتىدە جاھاننىڭ تەدبىرىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا تاپشۇرغان. شىئەلەرنىڭ قارىشى بويىچە، خۇدا (بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ)

---

[1] تەكفىر — دىنسىز ھېسابلىماق، دىنسىزلىقتە ئەيىبلىمەك.

ئەلىنىڭ روھى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئەرۋاھىنى يارىتىپ ، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ زىممىسىگە قويغان، ئۇلار زېمىن بىلەن ئاسماننى بارلىققا كەلتۈرگەن . شۇڭا ، ئەلى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى پەرۋەردىگاردۇر، چوڭ پەرۋەردىگار بولسا ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ھاۋالە قىلغان خۇدا تائاللاھدۇر، دەپ قارىشىدۇ .

تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى مۇفەۋۋەزىيەنىڭ تەلىماتلىرى ئۇستىدە توختىلىپ ، ئۇنى ئاتەشپەرەسلەر تەلىماتىدىنمۇ يامانراق ، چۈنكى ئاتەشپەرەسلىكتىمۇ خۇدا ئەھرىمەننى ياراتقان ۋە ئەھرىمەن دىۋىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن دەپ قارىلىدۇ، دەپ يازىدۇ . مەزكۇر تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**مۇقەننەئىيە** — مۇقەننە ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ رەسمىي نەزەرىيىسى ( ئىدېئولوگىيىسى ) نىڭ ئاتىلىشى بولۇپ ، بۇ ئېقىم تارىختا يەنە سەفىدجامەگان ، مۇبەييەزىيە ناملىرى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ ئېقىم 8 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا ماۋرائۇننەھردە كەڭ تارقالغان. مەزكۇر ئېقىم تەرەپدارلىرى قارا تون كىيىشنى ئادەت قىلغان ئابباسىيلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ئاق تون كىيىپ يۈرۈشنى ئۆزلىرىگە لايىق كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى سەفىدجامەگان ( ئاق تونلۇقلار ) دەپ ئاتاشمۇ شۇ دەۋردە ئومۇملاشقان . مەزكۇر ئېقىمنىڭ ۋەكىلى بولغان مۇقەننە ( 780 - يىلى قازا قىلغان ) يۈزىگە دائىم يېشىل پەردە تارتىپ يۈرگەچكە ، مۇرىتلىرى ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، كىمكى ئۇنى كۆرۈش دەۋاسىدا بولسا ، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن چېچىلغان نۇردا كۆيۈپ كېتىدىكەن . مۇرىتلىرى بىر قېتىم ئۇنىڭدىن ھەقىقىي چىرايىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇ رازى بولۇپ ، مۇنبەرگە ئۆزى ئىجات قىلغان بىر خىل نۇر قايتۇرغۇچ ئەينەكنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ، پەردە ئېلىۋېتىلگەن ھامان ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن قۇياش نۇرى ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ ، ئۇلار ھېچنىمىنى كۆرەلمەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇقەننەنىڭ يۈزىدىن قانداقتۇر نۇر چېچىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدۇ .

مۇقەننە تەرەپدارلىرى ئەرەبلەرگە قارشى زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ تەشكىللىدى. بۇ قوزغىلاڭ 14 يىل داۋاملاشتى. ئۇلار بايلىقلارنى كىشىلەرگە ئادىللىق بىلەن بۆلۈپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشىپ، تەرەپدارلىرى ئۇچۇن شەرىئەتتە چەكلەنگەن بارلىق ئىشلار بىلەن ئەركىن شۇغۇللىنىشنى راۋا، دەپ قارىشىدۇ ھەمدە ھارام دېگەن سۆزنى ياقتۇرۇشمايدۇ. مۇقەننەئىيە تەرەپدارلىرى ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش دىنىي پەرزلەرگە رىئايە قىلمايدۇ، چوشقا گۆشى يېيىشنى راۋا، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار مۇقەننەنى خۇدا، دەپ بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، ياراتقۇچى ئاۋۋال ئادەم ئاتا سۈرىتىدە، ئاندىن نۇھ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇنداقلا باشقا پەيغەمبەرلەر، ئەلى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى سۈرىتىدە، ئۇنىڭ كېيىن ئەبۇمۇسلىم سۈرىتىدە، ئەڭ ئاخىرىدا ھاشىم ئىبنى ھەكىم سۈرىتىدە زوھۇر ۋە تەجەللى قىلغان. ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىسى مەھدى مۇقەننەئىيە تەرەپدارلىرىغا قارشى نۇرغۇن قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى. مۇقەننە ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈۋالىدۇ. تەرەپدارلىرى بولسا ئۇنىڭ جەسىتىنى ئاسمانغا سۈئۇد قىلغان (چىقىپ كەتكەن، دەپ ھېسابلىشىدۇ. بۇ ئېقىم ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**مۇھەددىسىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ، تەرەپدارلىرى مۇسا ئىبنى جەئفەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى ئىبنى مۇسانىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلغان. مۇھەددىسىيە ئەلى ئىبنى مۇسا قازا قىلغاندىن كېيىن شىئە مەزھىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىماملىق مەسىلىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئەقىدىلەرنى سادىقلىق بىلەن ساقلاپ قېلىشقان.

**مۇھەككىمىيە — خارىجىيە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تارىختا ھۆكمىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. مەزكۇر تارماقتىكىلەر سىففىندا مۇئاۋىيە بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتا ھەق — ناھەقنى ئايرىش ئۇچۇن بىر باھالىغۇچى گورۇھ

تەشكىللەشتىن يۈز ئۆرۈپ ، پەقەت ئاللاھنىڭ بۇ توغرىدىكى ھۆكمى ئىناۋەتلىك بولالايدۇ ۋە بەندىلەرنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى يوق، دەپ قاراشقان . تارىخچىلار بۇ ئەقىدىدىكى كىشىلەرنى « مۇھەككىمى ئەۋۋەل » نامى بىلەن ئاتاپ ، ئىمام ( خەلىپە ) دىن تۈنجى قېتىم يۈز ئۆرىگەن بۇگۇرۇھ توغرىسىدا خېلى تەپسىلى توختالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ دىنىي - سىياسىي تەلىماتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق سۆز قىلمىغان . ئەلىگە تۇنجى بولۇپ قارشى چىققان ئادەم ئۇرۋەت ئىبنى ھۇدەير ( بەزى مەنبەلەردە يەزىد ئىبنى ئاسىمى مۇھارىبى ) دەپ قارىلىدۇ . ئۇنىڭغا ئەلى تەرەپدارلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئەگىشىپ ، مۇھەككىمىيە نامى بىلەن ئەلىگە قارشى بىر كۈچ بولۇپ ئويۇشىدۇ .

مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئۇلارغا قارشى لەشكەر تارتىپ ، ئىككى تەرەپ سەپ تارتىپ تۇرغاندا، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ نۇرغۇن كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ، نۇرغۇن كىشىلەرنى قايىل قىلىپ ، ئۆز سېپىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولماي ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغانلارغا بولسا جەڭ ئېلان قىلىدۇ . ئېلىشىشتا ئۇلاردىن پەقەت توققۇز ئادەم ئامان قالىدۇ . ئۇلاردىن ئىككىسى سىيىستانغا ، ئىككىسى ئۇمانغا ۋە يەنە ئىككى نەپىرى ئەلجەزائىرغا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەرلەردە خارىجىيەنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىدۇ . قالغان ئىككى نەپىرى يەمەنگە بېرىپ **ئەبازىيە** پىرقىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ . قالغان بىر نەپىرى تەل – مۇرۇنگە قېچىپ بارىدۇ .

مۇھەككىمىيە تەرەپدارلىرى ئىماملىق ھەممىگە راۋا ، ئادالەتنى ياقلايدىغان ھەرقانداق ئادەم ئىمام بولسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ . ئۇلار ئىماملارنىڭ ئەۋلادى ۋارىسلىق قىلىش قارىشىنى ئىنكار قىلىدۇ . مۇنازىرىدىكى ھەرقانداق مەسىلىدە قىياس ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ . ئۇلار ئەلى مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرى بىلەن بولغان كۆرەشتە باھالىغۇچى گۇرۇھنى تەشكىللەپ ، خاتاغا يول قويدى، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلار

بىرىنچىدىن، ئاللاھ بىردىنبىر باھالىغۇچىدۇر، پەيغەمبەر ئىماملىققا ئەلىنى كۆرسىتىپ ۋەسىيەت قىلغاندىن كېيىن باھالىغۇچى گۇرۇھ تەشكىللەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىرلا يول مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كېرەك ئىدى. ئىككىنچىدىن، باھالىغۇچى تەشكىللىگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنى خەلق سايلىشى كېرەك ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئەلى يۈز ئۆرىگەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى غەنىيمەت ئالدى، بىراق ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى قۇللارغا ئۆزگەرتمىدى، بۇ ئىسلامنىڭ ھەربىي ئەنئەنىسىگە خىلاپتۇر، دەپ قارىشىدۇ.

مۇھەككىمىيە تەرەپدارلىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب قازا قىلغاندىن كېيىنمۇ پائالىيەتلىرىنى توختاتمىغان. بۇ تارماق خەلىپىلىكنىڭ ھەرقايسى بۆلۈك - پۇچقاقلىرىدا يېغىلىق قىلىپ، مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان. مەنبەلەردە مۇھەككىمىيە تەرەپدارلىرى خارىجىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى، دەپ قارىلىدۇ.

**مۇھەممەدىيە — رافىزىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاساسچىسى مۇھەممەد ئىبنى رىزقدۇر. ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن باقىر قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇنىڭدىن بىر بۆلىكى ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇئابدۇللاھ جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىشقان، ئىككىنچى بىر بۆلۈكى ھۈسەيىننىڭ چەۋرىسى ھەم مەدىنىدە خەلىپە مەنسۇرغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆلتۈرۈلگەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبن ھەسەن ئىبنى ئەلىنى ئىمام، دەپ ئېلان قىلىش دەۋاسىدا بولغان. مۇھەممەد ئىبنى رىزقنى قوللىغۇچىلارنىڭ پىكرىچە، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ تېخى ھايات بولۇپ، ئۇ ھاجىز تېغىدا (بەزى مەنبەلەردە ئارامىيەدە) يوشۇرۇنغانىكەن. ئۇلار بۇ مەسىلىدە مۇغەيىرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆلتۈرۈلگىنى مۇھەممەد ئىبنى

ئابدۇللاھنىڭ سۇرىتىگە كىرىۋالغان شەيتان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى بولسا مەككە بىلەن نەجدنىڭ ئارىلىقىدىكى تاغدا ئاللاھنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئاخىر زامانىنىڭ مەھدىسى سۈپىتىدە زېمىنگە ئەۋەتىلىدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ. مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ خۇددى ئەلىنىڭ ئۆلۈمىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، دەپ قارايدىغان سەبائىيە تەرەپدارلىرىغا ئوخشاشلا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ رىجئەت قىلىشىنى كۈتۈشىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ زېمىنگە قايتقاندىن كېيىن 17 ئادەمنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاللاھنىڭ ئەئزەم نامىدىن بىرىنى بېغىشلارمىش ۋە يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتارمىش. بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**مۇھەممەرىيە — خۇررەمىيە**نىڭ دەسلەپكى تەرەپدارلىرىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، قىزىل بايراق ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسىدۇر. تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى خۇررەمىيە تەرەپدارلىرىنى ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ۋە ئىسلام دەۋرىدىكى خۇررەمىيەچىلاردىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلىدۇ. ئۇ ئىسلام دەۋرىدىكى خۇررەمىيەچىلەر قاتارىغا **بابەكىيە**، **مازيارىيە** قاتارلىق تارماقلارنى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇھەممەرىيە دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئاساسەن ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستان ۋە ھەمەدان بىلەن ئىسفاھاننىڭ ئەتراپلىرىغا مەركەزلەشكەن. تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، يوقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئىككى پىرقىنىڭ تەلىماتلىرى ئاساسەن پەرقلەنمەيدىكەن. مۇھەممەد شەھرىستانىمۇ شىئە مەزھىپىگە تەۋە غۇلات پىرقىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، غۇلات پىرقىلەرنىڭ ھەر يەردە ھەر خىل، جۈملىدىن ئەزەربەيجان ۋە ئەرمەنىستاندا مۇھەممەرىيە، دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. (يەنە خۇررەمىيەگە قاراڭ).

مىسىيە ــــ زومىيەگە قاراڭ .

**ناسىرىيە ــــ ئىسمائىلىيەنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ،** ناسىر خۇسراۋ قۇبادىيانى ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . ئۇ ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ قۇبادىيان ناھىيىسىدە تۇغۇلدۇ . مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى بارلىق ئاساسلىق ئىلىملارنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ، كالام ۋە ھىكمەتكە ئائىت ئىلىملەرنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ . ياشلىقىدىلا ئوردىدا خىزمەتكە تەيىنلىنىدۇ . ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىپ ، ئىران ، ئەرمەنىستان ، كىچىك ئاسىيا ، ھەلەب ، تەرەبلۇس ، شام ، سۇرىيە ، پەلەستىن ، مىسىر ۋە سۇدان قاتارلىق نۇرغۇن جايلارنى ساياھەت قىلىپ ، ئەمەلىي ئەھۋاللار بىلەن تونۇشىدۇ . بىر نەچچە يىل مىسىردا ئايلىنىپ يۈرۈش جەريانىدا فاتىمىيلەرنىڭ دائىيلىرىدىن بىرىنىڭ ياردىمىدە فاتىمىيلەرنىڭ خەلىپىسى مۇستەنسىر بىلەن تونۇشىدۇ ھەم فاتىمىيلەرنىڭ تەرىقىتىنى قوبۇل قىلىدۇ . كۆپلىگەن سىناق ۋە رىيازەتتىن كېيىن «ھۆججەت» لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ ، خۇراساندىكى ئىشلارغا مەسئۇل «ساھىب جەزىرە» قىلىپ تەيىنلىنىدۇ .

ناسىر خۇسراۋ بەلخكە قايتقاندىن كېيىن ئىسمائىلىيە تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۆزىگە تەۋە دائىيلارنىڭ ھەممىسىنى خۇراساننىڭ بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىغىچە ئەۋەتىدۇ . سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىما ۋە فەقىھلىرى ئۇلارنىڭ كۇنسايىن كۈچىيىۋاتقان تەسىرىدىن خەۋپ ھېس قىلىپ ، جامائەتنى ئۇلارنىڭ تەرغىباتىغا قارشى تۇرۇشقا تەشكىللەيدۇ . سانسىز قېتىم ئاشكارا مەيدانلاردا بەس ــ مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە ئەھلى سۈننىي ئۆلىمالىرى ناسىر خۇسراۋ ۋەكىللىكىدىكى ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنى دىنسىزلىقتا ئەيىبلەپ ، ئۇلارنىڭ ئاشكارا پائالىيەت يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى توسىدۇ . تەقىپتە قالغان ناسىر خۇسراۋ بەدەخشاندىكى يومگان دېگەن يەرنى ماكان تۇتۇپ ، 15 يىل ئۇ يەردە

پائالىيەت ئېلىپ باردۇ ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ ئەتراپقا تارقىتىدۇ. بەدەخشان ( پامىر ) دىكى ئاھالىلار شۇ دەۋرلەردە ئىسمائىلىيە پىرقىسىنى قوبۇل قىلىشىدۇ.

مەنبەلەرگە قارىغاندا، ناسىر خۇسراۋ مىسىردا فاتىمىيلەر ھۆزۇرىدا ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلغۇچە سۈننىي مەزھىپىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بەلختىكى بارلىق ئاھالىلار سۈننىي مەزھىپىدە ئىكەن. ئەمما، بۇ توغرىدا تولۇق مەلۇمات يوق. مەنبەلەردە پەقەت ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن ئۇنىڭ شىئە مەزھىپىگە ئۆتۈشى ۋە نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ، ھۆججەت ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، يىرىك پېشىۋالاردىن بولۇپ قېلىشى سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىغا بولغان ساداقەت ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى خەلىپىلەرگە بولغان ئاغرىنىشى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي « دىۋان » ىدا، « رۇشنائىينامە »، « سائادەتنامە » ناملىق مەسنەۋىلىرىدە، پەلسەپىۋىي مەزمۇندىكى مۇنازىرە خاراكتېرلىك رىسالىلىرىدە ۋە « سەپەرنامە »، « زاد ـ ئۇل ـ مۇسافىرىن »، « كۇشائىش ۋە رەھائىش »، « ۋەجھى دىن » قاتارلىق بىر قاتار ئەسەرلىرىدە ناسىرىيە تەلىماتلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى نامايەن بولىدۇ. ئۇلاردا ئىسمائىلىيەنىڭ پىرقىسىنىڭ پەلسەپىۋىي تەلىماتلىرى، شەرىئەت ۋە تەئۋىل ئۇسۇللىرى، ئىبادەت ۋە ۋە نەزىرىيىۋىي مەسىلىلەردىكى ئاساسىي قاراشلىرى، شۇنداقلا ئىسمائىلىيەنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي ئەھكاملىرى ناھايىتى ئەتراپلىق بايان قىلىنىدۇ، دەپ خاتىرىلىنىدۇ.

مەنبەلەردە يەنە ناسىر خۇسراۋنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەلىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان يېقىنلىقى، پەيغەمبەرنىڭ ئەلى توغرىسىدىكى ھەدىسلىرى، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىماملىرىنى ئۇلۇغلاش غايىلىرى، بەنى ئۇمەۋىيە ۋە ئابباسىيلارغا بولغان قارشىلىق كەيپىياتى، قىياس ئۇسۇلىنى تامامەن رەت قىلىشى ۋە

سۈننەت ئەھلىنىڭ تۆرلۈك كىتابلىرىنى تەقرىز قىلىشى ، مىسىردىكى فاتىمىيلەر خەلىپىلىكىنى مەدھىيىلىشى ، ئىسمائىلىيە دائىيلىرىغا بولغان ئالاھىدە قاراشلىرى، تەئۋىلىنى ئاساسلاشقا ۋە باشقا جەزىرە[1] لەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى قويۇقلاشتۇرۇشقا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىدىن ئۇنىڭ شىئە مەزھىپىگە تەۋە بىر يېتۈك دىنىي پېشۋا ۋە تەلىمات ئىگىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، دەپ قەيت قىلىنىدۇ .

ھازىرقى ۋاقىتتا ناسىرىيە بەدەخشان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم تاجىكلار، جۈملىدىن ئېلىمىزدىكى تاجىكلار ئارىسىدا ئۆز ئەسلىنى ساقلىغان ھالدا داۋاملاشماقتا . بۇ يەردىكى ئاھالىلار پىر شاھ ناسىر ( ناسىر خۇسراۋ ) تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلغان ھالدا ، بارلىق دىنىي مۇراسىملىرى ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغان رەسمىيەتلىرىنى شۇ تەلىماتلار بويىچە بېجىرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان .

**ناۋۇسىيە — شىئە** مەزھىپىنىڭ ئىمامىيەگە تەۋە تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئاساسچىسى ئەجلان ياكى ئابدۇللاھ ئىبنى ناۋۇس بەسرىدۇر . شىئەلەرنىڭ ئالتىنچى ئىمامى جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد سادىق قازا قىلغاندىن كېيىن تەرەپدارلىرى ئالتە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ . ناۋۇسىيە شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ تارماقتىكىلەر جەئفەر سادىقنىڭ ئۆلۈمىگە ئىشىنىشمەيدۇ . ئۇنى ھازىر ۋە غايىپ ، مۇنتەزەر ( كۈتۈلۈۋاتقان ) ۋە مەھدى ئىمام، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكى جەئفەر سادىق نامىدىكى شەخس جەئفەر سادىقنىڭ ئۆزى بولماستىن، پەقەت جەئفەر سادىق شۇ سۈرەتكە كىرىۋېلىپ ، ئۆزىنى كىشىلەرگە كۆرسەتكەن . بۇ خىل قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ناۋۇسىيە تەرەپدارلىرى جەئفەر سادىقنىڭ نامىدىن بىر رىۋايەت ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ . رىۋايەتتە ئېيتىلىشچە، جەئفەر سادىق

---

[1] جەزىرە ـ ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئەربابلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىلگەن جۇغراپىيىلىك دائىرە .

سىلەر ئەگەر بېشىمنىڭ تاغ ئۈستىدىن سىلەر تەرەپكە دومىلاپ چۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭلاردىمۇ ئۆلۈپ كەتكىنىمگە ئىشەنمەڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ مەۋلا ( ئىگە ) يىڭلار ۋە ساھىببۇسسەيفىڭلەر ( شەمشەر لىك قوغدۇغۇچىڭلار ) دۇرمەن دەپ، ئېيتقانمىش.

ناۋۇسىيە تەرەپدارلىرىدىن بىر قىسمى جەئفەر سادىقنى بارلىق ئەقلىي ۋە شەرئىي بىلىملەردىن ئاگاھ، دەپ قارىشىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سەبئىيە تەرەپدارلىرىدىن بىر قىسمىمۇ ناۋۇسىيە تەرەپدارلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلغان. شۇڭا ناۋۇسىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بەزىلىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ زوھۇر قىلىشىغا ئىشىنىشىدىكەن ھەم قىيامەتتىن ئىلگىرى زېمىن يېرىلىپ، ئەلى ئۇنىڭدىن چىقىپ كېلىدۇ ۋە يەر يۈزىدە ئادالەتنى بەرقارار قىلىدۇ، دەپ قارىشىدىكەن. ناۋۇسىيە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**نەججارىيە — مۇرجىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھۈسەين ئىبنى مۇھەممەد ئىبن نەججار ( 845 – يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر. ئۇ بابكارلىقنى كەسىپ قىلغان بولۇپ، كېيىن دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. زاماندىشلىرىدىن بىشرى مەرىسى ۋە نەززام قاتارلىقلار بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. ئەمما، ئۇ نەززام بىلەن مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەردە كەسكىن مۇنازىرىلىشىپ تۇرغان. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نەججار بىر قېتىملىق كەسكىن مۇنازىرىدە قازا قىلغانىكەن.

ئىبنى نەججار ئەشئەرىگە ئوخشاشلا ئادەملەر شۇغۇللىنىدىغان تۈرلۈك كەسپلەرنىمۇ ئاللاھ ئاپىرىدە قىلغان، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، قۇدرەت ھەرىكەت بىلەن ھەمراھدۇر. ئەگەر ئاللاھ بۇيرۇمىسا دۇنيادا ھېچنەمە پەيدا بولمايدۇ. نەججار يارىتىلىش مەسىلىسىدە يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەئد ۋە ۋەئىد ( ياخشىلىق بىلەن يامانلىققا بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە جازا )

مەسىلىسىدە سۈننەت ئەھلى بىلەن ئوخشاش قاراشنى ياقلايدۇ. شۇڭا، تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى نەججارنى جەبرىيەنىڭ مۆتەكەللىمى (سۆزچىسى، نەزەرىيىچىسى) ۋە مۇئتەزىلەگىمۇ مايىل، دەپ قارايدۇ. نەججار قىسمەن مەسىلىلەردە يەنە قەدەرىيەچىلەرنىڭ قاراشلىرىنىمۇ توغرا تاپىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەزەلىي سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى چۈشىنىپ بولمايدىغان مۇرەككەبلىككە ئىگە، دەپ قارايدۇ.

نەججار ئاللاھنىڭ كالامىنى يارىتىلغان، ئاللاھنىڭ كالامى ھەرگاھ ئوقۇلغاندا ئۇ شەكىلدۇر، يېزىلغاندا بولسا جىسىمدۇر،دەپ قارايدۇ. ئەمما، نەججارىيەنىڭ بىر تارمىقى بولغان **زەئفەرانىيە** ئىلاھىي كالامنى ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلەن باراۋەر، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى يارىتىلغان، دەپ قارايدۇ. **مۇستەدرىكىيە** تەرەپدارلىرى بولسا، ئاللاھنىڭ كالامى ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر، ئەمما ئۇ يارىتىلغان، دەپ ھېسابلايدۇ. رەئي شەھرىدىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى نەججارنىڭ ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىشقان.

نەججارنىڭ بارلىق تەرەپدارلىرى ئىمان ئاللاھنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە دىنىي پەرزلەرنى تونۇشتىن ئىبارەتتۇر، دەپ قارايدۇ. تىلدا ئىقرار بولۇشنى نەججارىيە تەرەپدارلىرى ئىمان دەپ قاراپ، ئىماننىڭ بۇ تەرىپىنى قوبۇل قىلمىغانلارنى مۇسۇلمان ھېسابلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئىماننىڭ خىسلىتى تائەتتۇر ۋە تائەتنىڭ يىغىندىسى ئىماننى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ ئاجىزلىمايدۇ ۋە كۆچەيمەيدۇ. كىمكى گۇناھ سادىر قىلىپ، تۆۋە قىلمىغان بولسا، دوزاختا ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى كۆرىدۇ، ئەمما گۇناھكار دوزاختا ئەبەدى قالمايدۇ.

نەججار تەبىئىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزگىچە قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، جىسىمنى شەكىللەر (رەڭ، پۇراق، تەم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش) نىڭ يىغىندىسى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، جىسىم پەقەت ئابستراكت سۈپەتلەر (مەسىلەن، دانالىق ۋە نادانلىق) دىن

خالىدۇر. تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى، بىشرى مەرىسى، بۇرغۇس لەقەملىك مۇھەممەد ئىبنى غىياس بىلەن نەججارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرى ئورتاقلىقتا ئىگە، دەپ ھېسابلايدۇ. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپ قىسمى نەججارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئائىت قاراشلىرىغا قارشى چىقىشقان.

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن ئابدۇلقاھىر باغدادى نەججارنى قەدەرىيەگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. نەججارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كېيىن «قۇرئان كەرىم» نىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە ئۆز- ئارا ئىختىلابلىشىپ، بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. نەججارىيە ۋە ئۇنىڭ كېيىن بارلىققا كەلگەن بارلىق تارماقلىرى ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**نەجدات — نەجدىيەگە** قاراڭ.

**نەجدىيە — خارىجىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا ئازەرىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. ئاساسچىسى نەجدەت ئىبنى ئامىر ھەنەفى ئۇنىڭ ئاساسچىسى، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ لەشكەر بېشى بولۇپ، بارلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئەزرەقىيە تەرەپدارلىرىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. ئەمما، مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە يولدا نافىئ ئىبنى ئەزرەق بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ئۇنى تەرك ئېتىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئابدۇللاھ ئىبنى سەۋرى ئەبۇفۇدەيك، ئەتىيە ئىبنى ئەسۋەد، راشىد ئىبنى تەۋىل ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇلار نەجدەت ئىبنى ئامىرگە قوشۇلۇپ يەمامە (بەسرەگە يېقىن قەدىمكى شەھەر)گە كېتىشىدۇ ۋە نەجدەتنى ئىمام، دەپ ئېلان قىلىشىدۇ.

نەجدىيە تەلىماتى ئىككى ئاساستىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى تونۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىك، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىگە چېقىلماسلىق، ئىلاھىي پەرماننى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىگە رىئايە قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭدىن بويۇن تولغاش قاتتىق گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە دىنىي قائىدىلەرگە دائىر بەزى مەسىلىلەرمۇ ئەسكەرتىلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئەگەر بۇلارنى ئۇقماي تۇرۇپ بىرەر گۇناھ سادىر قىلىپ قالسا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، نەجدىيە ئازىرىيە ( ئۆزرى سۆزىدىن ) نامى بىلەنمۇ ئاتالغان.

مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، نەجدىيەچىلەر ئىماملىققا ئائىت مەسىلىلەردە ئۆزگىچە قاراشلارغا ئىگە. ئۇلار جەمئىيەت ئىمامغا ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق ئەمەس، ھەممە بىردەك ئۆز پائالىيەتلىرى ۋە ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىرىدە ئاللاھنىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»غا تايىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار كىمكى ئۇلارنىڭ دىنىغا قارشىلىق كۆرسەتسە ئۇ چوقۇم دوزاخ ئوتىدا كۆيىدۇ، كىمكى باشقىلارغا يامان كۆزدە قارىسا ياكى يالغان سۆزلىسە ئۇ مۇشرىكتۇر، كىمكى نادانلىق بىلەن مەيخورلۇق، زىنا ۋە ئوغرىلىققا بېرىلگەن بولسا، ئۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار جىھاد ۋاقتىدا بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا ئىمكانىيىتى بولماي قاتنىشالمىغان بولسا، ئۇنى ئەيىبلىك، دەپ قارىمايدۇ. ئەگەر ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ جىھادتىن ئۆزىنى قاچۇرغان بولسا چوڭ گۇناھ ھېسابلايدۇ.

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بىر قېتىم نەجدىيە تەرەپدارلىرى نەجدەت ئىبنى ئامىر ھەنەفىدىن بەزى بىدئەتچىلىكتىن قول ئۈزۈشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرۈپ، ھەتتا ئىماملىق ئورنىنىمۇ ئەبۇفۇدەيككە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئەبۇ فۇدەيك نەجدەت يەنە كېيىن پۇشايمان قىلىپ، ئىماملىق ئورنىنى قايتۇرۇۋالىدۇ، دېگەن ئەندىشىدە ئۇنى ئالداپ قەتلى قىلىۋېتىدۇ. نەجدەتنىڭ مۇرىتلىرى شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بىر تارمىقى ئەتىيە ئىبنى ئەسۋەد بىلەن سىيىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى خارىجىيە

تەرەپدارلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ. شۇڭا، ئۇ يەردىكى خارىجىيە تەرەپدارلىرى مەنبەلەردە ئەتۋىلەر نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى تارمىقى ئابدۇللاھ ئىبنى سەۋرى ئەبۇفۇدەيككە ئەگىشىپ، نەجدەت تەلىماتلىرىغا قارشى چىقىدۇ. ئۈچىنچى تارمىقى نەجدەت بىدئەتچىلىككە توۋا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىماملىقىغا سادىق بولۇپ قېلىشىدۇ. بۇ تارماقلارنىڭ ھېچقايسىسى ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**نەززامىيە — مۇئتەزىلە**نىڭ تارماق پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەبۇئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى سەييار نەززام ئۇنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بەلختە تۇغۇلۇپ، بەسرەدە ئۆز زامانىسىنىڭ بارلىق ئىلىملىرىنى ئىگىلەيدۇ. كېيىن ئۇ تەبىئەت پەلسەپىسىگە ئائىت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپ خۇدالىق ئېتىقادىنىڭ نۇرغۇن تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

نەززام خەلىپە مەئمۇن زامانىسىدا مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ يېتۈك ئىلاھىيەتشۇناسى سۈپىتىدە شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇ ھىشام ئىبنى ھەكەمى رافىزىنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۇستازى ئەبۇھۇزەيل ئەللافتىن ئۆگىنىدۇ. كېيىن ئىلاھىيەت، تەبىئەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازىدۇ. نەتىجىدە مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئەڭ چوڭ بولغان نەززامىيەچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. مەنبەلەردە ئۇنىڭ 30 دىن ئارتۇق ئەسەرلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلاردىن مۇھىملىرى «ئەسھابى ھەيۇللا»، «ئەسناف ئۇل مۇلھىدىن» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى، مۇھەممەد شەھرىستانى، ئەزدۇددىنى ئىجى، نەسىردىن تۇسى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن نۇرغۇن ئۈزۈندىلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىگە كىرگۈزگەنىكەن. بۇ پارچىلاردىن نەززامنىڭ شۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن پىرقە ۋە دىنىي - پەلسەپىۋى ئېقىملارنىڭ

نۇرغۇن قاراشلىرىنى رەت ئېتىپ، ئاساسىي زېھنىنى تەبىئەتشۇناسلىقتا ئائىت مەسىلىلەرگە قاراتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلغان نەتىجىلەرنى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىقى بىلەن يۇغۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

نەززام شەرىئەتتە ئىجمائ ۋە قىياسنى ئاساسىي ھەل قىلغۇچ ئامىل، دەپ قارىمايدۇ. ئۇ ئىمامىلىقنى ياقىلاپ، گۇناھدىن پاك ئىماملارنىڭ سۆزلىرىنى ئاساسلىق ئامىل، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىرنەچچە قېتىم ئەلىنى ئىمامىلىققا كۆرسەتكەن، لېكىن ئۆمەر كۆرسەتمىلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپ، خەلىپىلىكنى نادۇرۇست يوللار بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغان، دەپ قارايدۇ.

دىنىي ئەھكام ۋە پەلسەپىگە ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەردە نەززام مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ قاراشلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردۇ. ئەمما، بەزى مەسىلىلەردە ئۇ يەنە ئۆزگىچە پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىچە پىكىرلىرىدىن بىرى يارىلىش مەسىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. نەززامنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ بارلىق نەرسىلەرنى ھازىرقى شەكلىدە بىراقلا ياراتقان. ماددىي ئالەمنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى ئۇنىڭ ئىلگىرى - كېيىن زوھۇر قىلىشىغا باغلىقتۇر. مۇدرىك ( دەرك قىلغۇچى ) لار ئىلاھىي ۋەھىيلەرسىز تەھسىل ۋە دەلىللەرگە تايىنىپمۇ ئاللاھنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. نەززام ئەقىلنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى ئايرىشقا تامامەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە نەززام ئىلاھىي قۇدرەتتە گۇناھ سادىر قىلىشقا ئۇندەيدىغان تەرەپلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، گۇناھ ئىلاھىي قۇدرەت بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ قابىلىيەت، كۆرەرمەنلىك، سالامەتلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى ئىنسانلارغا، ھەتتا ئۇلار بۇنىڭغا قاتتىق ئېھتىياجلىق

ياكى شۇنىڭغا لايىق بولغان تەقدىردىمۇ ئاتا قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئاللاھ دوزاخ ئەھلىنىڭ دەردىنى كېمەيتەلمەيدۇ ياكى كۆپەيتەلمەيدۇ، ئۇ بېھىش ئەھلىنىڭ نېمەتلىرىنىمۇ ئازايتىشقا قادىر ئەمەس ياكى بېھىشتىكى بىرەرىنى ئۇ يەردىن يۆتكىۋېتەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، مۇئتەزىلەچىلەر نەززامنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

ئىرادىنى نەززام ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن دەپ قارىمايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى ھەرىكەت ۋە سۈكۈت (ھەرىكەتسىزلىك) تىن ئىبارەت بولۇپ، ئىلىم ۋە ئىدراك روھنىڭ ھەرىكىتىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنى روھدىن ئىبارەت دەپ قاراپ، بەدەننى روھنىڭ قېلىپىلا خالاس، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ يەنە ئىنسانلارنىڭ بىزگە كۆرۈنىدىغىنى ئۇنىڭ تېنىدۇر، روھ بولسا كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. نەززام روھنى تىرىك ۋە قابىلىيەتكە ئىگە، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، روھ ئىنسانلارنىڭ تېنىگە كىرگەندىن كېيىنلا ئۆز قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ. نەززام بارلىق جانلىقلار ئىرادە ھەرىكىتىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش جىنىستىن تۆرەلگەن، دەپ قارايدۇ. ئۇ تۆت ئاساسىي ئامىلدىن ئوتنى ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۇ ماددىي دۇنيادىكى بارلىق ئارىلاشما پاسكىنىچىلىقلارنى كۆيدۈرۈپ تازىلايدۇ، بۇنداق خۇسۇسىيەت پەقەت ئوتنىڭ ئۆز تەبىئىتىگىلا خاس بولۇپ، دوزاختىمۇ ئۇ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆيدۈرۈپ تازىلاپ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلىدۇ ھەم بېھىشقا يوللايدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئوت پەقەت شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە ئەسلىدىن پەيدا بولغان پاسكىنىچىلىقلارنىلا تازىلىيالمايدۇ.

نەززام ئىلىمنى مەخسۇس ئىلىم ۋە مەخسۇس بولمىغان ئىلىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. ئالدىنقىسىغا ئىنسانلارنىڭ بەش سېزىم ئەزاسى ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، كېيىنكىسى قىياس (تەپەككۇر) گە باغلىق، دەپ قارايدۇ. نەززامنىڭ پىكرىچە، «قۇرئان كەرىم» نىڭ نەزمى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى لاتاپەت

پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئەمەس، ئۇ غايىپتىن بېرىلگەن. نەززام ئىمانىنى چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش، دەپ چۈشىنىدۇ. مەزمۇننى شەكىللەرنىڭ بىرلىكى، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇ قاتاردا نەززام يەنە ھالال ۋە ھارام، تالاق قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، نەززامنىڭ تەلىماتلىرى ھەم ئىلاھىيەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى، ھەم تەبىئەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى شەبىب (بەسرەدىكى قەدەرىيەچىلەردىن)، ئەبۇشىمىر ھەنەفى (مۇرجىيەنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى)، مۇسا ئىبنى ئىمران (مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناسلىرىدىن بىرى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەززامىيە تەلىماتلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرى تەۋە بولغان تارماقلارنىڭ تەلىماتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاخىر بېرىپ مۇئتەزىلەگە تەۋە نۇرغۇنلىغان پەلسەپىۋى ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولىدۇ.

نەززام ھايات ۋاقتىدىلا مۇئتەزىلەچىلەردىن نۇرغۇنلىرى ئۇنىڭ بىدئەتچىلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئىدىيىلىرىگە قارشى چىقىدۇ. باشقا دىنىي پىرقىلەرمۇ نەززامنى ئاللاھنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى تارايتقانلىقى ۋە ئىسلام ئەنئەنىلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن ئەقىدىلىرى ئۈچۈن ئۇنى قاتتىق تەنقىت ئاستىغا ئالىدۇ. جۈملىدىن سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك قارشى تۇرىدۇ. سۈننىي ئۆلىمالاردىن ئەبۇلھەسەن ئەشئەرى ۋە باقىلانى قاتارلىقلار نەززامنىڭ ئەقىدىلىرىگە قارشى مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازىدۇ، جۇببائى، ئىسكافى ۋە جەئفەر ئىبنى ھەرب قاتارلىقلارمۇ ئۇلارغا ئاۋاز قوشىدۇ.

**نەفسىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ، تەرەپدارلىرى ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى خانىدانىدىكى نەفس ئىسمىلىك نەۋكەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەسەن ئىبنى ئەلىنى قوللىغۇچىلار ئۇ

قازا قىلغاندىن كېيىن ئىمامىلىققا ئائىت مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشىپ، 14 تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، نەفسىيە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. مەزكۇر تارماقتىكىلەرنىڭ پىكرىچە، ھەسەن ئىبنى ئەلى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئىمامىلىقنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىكەن. نەفسىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى قاراشلىرى بويىچە، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى نەفس زاملىق نەۋكىرىگە ۋەسىيەت ۋەسىقىسىنى بېرىپ، دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى قېرىندىشى جەئفەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋە شۇ يول بىلەن ئۇنىڭ ئىمامىلىقنى قانۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇغان، ئەمما ئەبۇمۇھەممەد ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، نەفس بىلەن دۈشمەنلەشكەن. نەفس جەئفەرگە ۋەسىيەتنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى باركۆچى بىلەن ئۇنىڭ ئىمامىلىقىنى قوللاشقا ئاتلانغان. شۇنى مەقسەت قىلغان تەرغىباتلىرىدا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىلاھىي سۈپەتلەرنىمۇ لايىق كۆرۈپ، ئۇنى قائىم ئىمام، دەپ ئېلان قىلغان. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشتا نەفسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنگەن. ئۇلارنىڭ ئورتاق قارىشىچە، ئەلىمۇ ئۇم سەلام ئارقىلىق ئەلى ئىبنى ھۆسەينگە يوقىرىدىكىدەك مۇئامىلىدە بولغان. بۇ پىرقە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**نەھلىيە — مۇرجىئەگە** تەۋە پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەسەن ئىبنى ئەلى نەھلى ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلىدۇر. مەزكۇر پىرقە تەرەپدارلىرى ئىمامىلىق پەقەت ئىمام ھەسەننىڭ ئەۋلادلىرىغىلا مەنسۇپتۇر، دەپ قارىشىدۇ. باشقا مەسىلىلەردىكى قاراشلىرى مۇرجىئە تەرەپدارلىرىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. مەزكۇر پىرقە ئاساسەن شىمالىي ۋە مەركىزىي ئافرىقىدا تارقالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ ئاز - تولا تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇ پائالىيەتتىن توختىغان.

**نىزارىيە — ئىسمائىلىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تەرەپدارلىرى فاتىمىلەرنىڭ ئىمامى مۇستەنسىر قازا قىلغاندىن كېيىن نىزار لەقىمى بىلەن نام چىقارغان مۇستەفا فاتىمىنى ئۇنىڭ

ۋارىسى، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار ئىسمائىلىيەنىڭ مۇستەئلەۋىيە تارمىقى بىلەن قارشى پىكىردە دۇر. مەنبەلەرگە قارىغاندا، خەلىپە مۇستەنسىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مىسىردىكى فاتىمىيلەر ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئىراق، شام، خۇراسان ۋە لۇرىستاندىكى ئىسمائىلىيە مۇرىتلىرى ئىمام مۇستەنسىرنىڭ چوڭ ئوغلى — نىزارنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ھەربىي كۈچىنىڭ بېسىمى بىلەن ئىماملىقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان كىچىك ئوغلى مۇستەئلىنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. نىزار ئىسكەندەرىيەگە بېرىپ، ئۆز تەرەپدارلىرىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ ۋە ئىنىسىغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ، زىنداندا قازا قىلىدۇ.

11 - ئەسىردە سالجۇقىلار ئىراننى بېسىۋېلىپ، شىئە مەزھەپىدىكىلەرنى تەقىپ ئاستىغا ئالغان دەۋردە ھەسەن سەبباھ ئىسمائىلىيەنىڭ يېتۈك دائىي (تەرغىباتچى) لىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىراندا نىزارىيلارنىڭ ئىماملىقى ۋە تەلىماتلىرى تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىدۇ ۋە كىرمان، يەزد، تەبەرىستان، دامغان قاتارلىق جايلاردا زور تەسىرگە ئىگە بولىدۇ. مىسىر ۋە غەربىي ئىسلام دۆلەتلىرىدە پائالىيەت قىلىدىغان مۇستەئلەۋىيە تارمىقىدىكىلەر ئىسمائىلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى تەلىماتلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. نىزارىيە تەرەپدارلىرى بولسا ئىران ۋە شەرقىي ئىسلام ئەللىرىدە ئىسمائىلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى تەلىماتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، «دەئۋەتى جەدىد» نامى بىلەن يېڭىچە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل تەلىماتلىرىنى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەن بەزى ئورۇنلاردا مۇستەھكەم ئىستېھكاملارنى قۇرىدۇ. شۇ قاتاردا ئۇلاردا 1090 - يىلى قوغدىنىش شارائىتى ناھايىتى ياخشى بولغان قەلئەلەردىن بىرى — ئەلەمۇت قەلئەسىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنى نىزارىيلارنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئەلەمۇت قەلئەسى تاكى 1256 - يىلغىچە

نىزارىيلارنىڭ مۇھىم قارارگاھلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

نىزارىيلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە ھەسەن سەبباھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مۇزەففەر، بۇزۇرگ ئىمام لەقىمى بىلەن نام چىقارغان كىيا قاتارلىقلار باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئىران ۋە سۈرىيىدە نىزارىيلارنىڭ نۇرغۇن مەركەزلىرىنى قۇرۇپ، نىزارىيىلەر تەلىماتلىرىنى تارقىتىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نىزارىيلارنىڭ رەسمىي ئېلان قىلىنغان باشچىسى دائىئۇلدۇئات ئىبنى ئاتەشدۇر. ئۇ ھەسەن سەبباھنىڭ ئۇستازى بولۇپ، ئۆزىنى غايىب ئىمام نىزارنىڭ ئورۇنباسارى، دەپ ئېلان قىلغان. نىزارىيلارنىڭ پائالىيەتلىرى 11 - 13 - ئەسىرلەردە ناھايىتى كۈچەيگەن. ئىسمائىلىيەنىڭ بارلىق قەلئە ۋە مەركەزلىرى بۇ دەۋردە نىزارىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ھەم ئۇلارنىڭ تەرغىباتلىرى كەڭ دائىرىدە ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولغان. نىزارىيلارنىڭ ئاساسىي تەرەپدارلىرى دېھقانلار ۋە شەھەرلەردىكى تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ ئاھالىلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سالجۇقىلار ھاكىمىيىتىگە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغان.

سالجۇقىلار نىزارىيلارنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان تەسىرىدىن خەۋپ ھېس قىلىپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭ ۋە يىغىلىقلىرىنى تىنجىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بىر نەچچە قېتىم زور قوشۇن بىلەن نىزارىيلەرنىڭ ئاساسىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئەلەمۇت قەلئەسىگە ھوجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەلئەنى بېسىپ ئالالمايدۇ. بۇ قەلئەنى بويسۇندۇرۇش پەقەت كۆپلىگەن بەدەل تۆلەش نەتىجىسىدىلا موڭغۇللارغىلا نېسىپ بولىدۇ.

مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، نىزارىيە تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتىدا شەرئىي قائىدىلەر خېلىلا ئاددىي ۋە تارايتىلغان شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرى ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەن ئىرپان مەسىلىلىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. بۇ تەلىماتلاردىكى بەزى مۇھىم

نۇقتىلار، جۈملىدىن يارىلىشقا دائىر بولغان قاراشلار يەنىلا ئىسمائىلىيە تەلىماتىدىكى دەسلەپكى قاراشلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. نىزارىيە تەلىماتىدىمۇ دىنىي يېتەكچىلەرنىڭ مەرتىۋە تەرتىپى (ئىمام، دائىئۇلدۇئات، دائىيى كەبىر، دائىي، رەفىق، لاسىق ۋە پىدائىي) ئىلگىرىكى ئەندىزىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇلاردا ئەڭ ئاخىردا تىلغا ئېلىنىدىغان ئىككى دىنىي مەرتىۋە — پىدائىي بىلەن لاسىق نىزارىيلار تەلىماتلىرىنىڭ پەقەت زاھىرىي تەرەپلىرىدىنلا خەۋەردار ۋە ئۇلار ئۆزلىرىدىن يۇقۇرىراق تۇرىدىغان مەرتىۋىدىكىلەرگە بويسۇنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئاخىرىدىن سانىغاندا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان رەفىق مەرتىۋىسىدىكىلەر بولسا، نىزارىيلار تەلىماتىدىكى قىسمەن مۇھىم نۇقتىلاردىنلا خەۋەردار، تۆتىنچى ئورۇندىكى دائىي مەرتىۋىسىدىكىلەر تەلىماتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدىن خەۋەردار، دەپ قارىلىدۇ. ئەڭ ئالدىنقى مەرتىۋىدىكىلەر- دائىيى كەبىر، دائىئۇلدۇئات ۋە ئىمام نىزارىيلارنىڭ ئالىي مەرتىۋىدىكى رەھبەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

نىزارىيلار ئۆز ئېتىقادلىرىغا چىڭ بولۇپ، ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش يولىدا ھەرقانداق قۇربان بېرىشتىن باش تارتمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇغانلارنى جەزمەن يوق قىلىۋېتىشتىن يانمايدىكەن. نىزامۇلمۇلك ۋە ئۇنىڭ ئوغلىمۇ نىزارىيلارغا قارشىلىق قىلىش نەتىجىسىدە شۇلارنىڭ قولىدا ھالاك بولغانىكەن.

نىزارىيلار ھازىر سۈرىيە، ئۇممان، ئىراننىڭ قىسمەن جايلىرى (ئاساسەن قۇم ئەتراپى)، شىمالىي ئافغانىستان ۋە بەدەخشان تەۋەسى (تاجىكىستان، ئافغانىستان تەۋەسىدىكى)، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇ تارماق ئىسمائىلىيەنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يەنە بىر تارمىقى — ناسىرىيەنىڭ بىۋاستە راۋاجى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېلىمىزدىكى تاجىكلارمۇ مەزكۇر تارماققا مەنسۇپتۇر. بۇ تارماقنىڭ ئاساسلىق مەركىزى بومبايدا

بولۇپ ، ئاغاخان قەدىمكى ئەنئەنىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، نۇرغۇن دۆلەتلەردە تۈرلۈك مەركەزلەرنى تەسىس قىلغان. ھازىرقى ئاغاخان نىزارىيلارنىڭ 48 - ئىمامى بولۇپ ، يوقىرىدا ئىسمى ئاتالغان دۆلەتلەردىن باشقا يەنە ئۇگاندا ، بىرما ، كېنىيە، كانادا ، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ نىزارىيە تەرەپدارلىرىدىن نۇرغۇن ئاھالىلار باردۇر. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى يىگىرمە مىليوندىن ئاشىدۇ.

**نۇئەيمىيە — زەيدىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، نۇئەيمە ئىبنى يەمان ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر. بۇ تارماق ئىماملىققا ئائىت مەسىلىلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەسلەكداشلىرى بولغان زەيدىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىپ ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. نۇئەيمە ئىبنى يەمان ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ئىماملىقىنى رەسمىي ۋە قانۇنلۇق دەپ قاراپ ، ئۇنى پەيغەمبەردىن قالسىلا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىككىنچى بۈيۈك شەخس، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەبۇبەكىر ۋە ئۇمەرنىڭ ئىماملىقىنى (خەلىپىلىكىنى) ئېتىراپ قىلىش چوڭ گۇناھ بولماستىن ، بەلكى ئوتتۇرىچە گۇناھدۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ. نۇئەيمىيە تەرەپدارلىرى ئۇسماننىڭ ئىماملىقىنى (خەلىپىلىكىنى) قەتئىي ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەلىگە قارشى جەڭ قىلغانلار شېھىت بولماستىن ، بەلكى ئۇلار غەيرىي مۇسۇلماندۇر. بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**نۇسەيرىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە غۇلات پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ ، تارىخىي ماتېرىياللاردا نۇمەيرىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. مۇھەممەد ئىبنى نۇسەيرى نۇمەيرى ( 883 - يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر. ئەرەب تارىخچىلىرىدىن بەزىلەر نۇسەيرىيەنى ئىسمائىلىيەنىڭ تارماقلىرىدىن بىرى، دەپ تونۇشتۇرىدۇ. ئەمما، نۇسەيرىيە تەلىماتلىرى ئىسمائىلىيە تەلىماتلىرىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ تارماق 9 - ئەسىردە ئىمامىيەدىن بۆلۈنۈپ

چىقىپ ، سۇرىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسىملىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. تەرەپدارلىرى شىئەلەرنىڭ 11 - ئىمامى ئەبۇلھەسەن ئەسكەرىنى خۇدا ، مۇھەممەد ئىبنى نۇسەيرىنى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ، رەسۇلى ياكى باب ، دەپ ھېسابلىشىدۇ. بۇ تارماقنىڭ ئاساسچىسى بولغان مۇھەممەد ئىبنى نۇسەيرى كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىپ ، ئېنىم ( جىسمىم ) گە ئاللاھ ھولۇل قىلغان ( كۆچۈپ كىرگەن )، دەپ دەۋا قىلغان .

نۇسەيرىيەنىڭ تەلىماتلىرىدا شىئە تەلىماتلىرىنىڭ بەزى مۇھىم نۇقتىلىرىدىن باشقا يەنە خرىستىئان ھەم ئىسلام دەۋرىگىچە يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە مەۋجۇت بولغان باشقا دىنلار تەلىماتلىرىدىكى مەزمۇنلارنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ پىرقە تەرەپدارلىرى ئاللاھنى ئۈچ ئەسلىنىڭ بىرلىكى ياكى ۋەھدى سەلاسە ــ مەئنى ( مەنا ) ، ئىسىم ۋە باب، دەپ قارىشىدۇ. بۇ ئۈچ ئەسل پەيغەمبەرلەرگە ھولۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىمقىي ھولۇلى ئەلى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە سالمانى فارس قاتارلىقلارنىڭ كالبەدى (تېنى ، بەدىنى ) گە توغرا كەلگەن . شۇڭا، ئەمس ( AMSيەنى ئە ــ ئەلى ، م ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ، س ــ سەلمان ) ئۈچ ئەسلىنىڭ سىمۋوللۇق بىرلىكىدۇر، دەپ قارىشىدۇ .

نۇسەيرىيە تەرەپدارلىرى تەناسۇخنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىلاھىي فەيز ( ئىلاھىي بەرىكەت ) ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە كىشىلەرگە ھولۇل قىلىدۇ . ئۇلار ئۆز ئىچىدىن ئاۋام ۋە خاسلاردىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ؛ خاسلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئىگە بولۇپ ، بۇكىتابلاردىكى سىمۋوللار ۋە تەمسىللەر ، تەبىر ۋە شەرھلەر شۇنچە كۆپكى، ئۇلارنى ئاۋامنىڭ چۈشىنەلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدىكەن . نۇسەيرىيە تەرەپدارلىرى ھېيت ۋە مۇراسىملاردىكى بەزى ئىبادەت خاراكتېرلىك قائىدىلەر ( ئەيسا ۋە سەلاسە. ئەمسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەش ھەم بېشارەت ) نى ۋە مۇھەررەمات ( چەكلىمىلەر ) قاتارلىقلارنى باشقا دىنلاردىن قوبۇل

قىلىشقان بولۇپ، ئۇلار كېچىلىرى ئېگىز جايلاردا ئىبادەت قىلىشىدىكەن، ئىماملىرى ئادەتتە مۇنارلار ياكى ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە چىقىپ ئىبادەت قىلىشىدىكەن. نۇسەيرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خۇدانىڭ ئىماملارغا بەرىكەت ئاتا قىلىشى مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت ئىكەن. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھەرقانداق بىر ئاقىل روھنىڭ جىسىم شەكلىدە زوھۇر (كۆرۈنۈش) قىلىشىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇنداق زوھۇرلار خەيرلىك (خۇددى جەبرائىلنىڭ مەلۇم شەخسلەر سۈرىتىدە كۆرۈنگىنىگە ئوخشاش) ۋە خەيرسىز (خۇددى شەيتاننىڭ ئىنسان شەكلىدە كۆرۈنگىنىگە ئوخشاش) بولالايدۇ. نۇسەيرىيە تەرەپدارلىرى ئەلىنى پەيغەمبەردىن قالسىلا ھېچكىم ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيدىغان ئۇلۇغ شەخس، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، ئاللاھ مۇشرىكلەرنى جازالاشنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، مۇناپىقلار بىلەن جەڭ قىلىشنى ئەلىگە ھاۋالە قىلغانىكەن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى نۇرغۇن تارىخچىلار نۇسەيرىيەنى نۇمەيرىيە بىلەن ئوخشاش بىر پىرقە، دەپ قارىشىدۇ. ئابدۇلقاھىر باغدادى نۇسەيرىيەنى نۇمەيرىيە دەپ قاراپ، تەلىماتلىرىدا ھۇلۇلىيەنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، مەزكۇر پىرقە تەرەپدارلىرىمۇ ئەلىنىڭ تېنىگە ئىلاھىي نۇرنىڭ ھۇلۇل قىلغانلىقىغا ئىشىنىشىدىكەن. نۇسەيرىيە تەرەپدارلىرى ھازىر سۈرىيە (ئۇ يەردىكى شىئەلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ)، تۈركىيە (شىئەلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى) ۋە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەردە مەۋجۇتتۇر.

**نۇقتەۋىيە** — ئىسلام تارىخىدىكى دىنىي - پەلسەپىۋى ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ، مەھمۇد پەسىخانى ئۇنىڭ ئاساسچىسى، دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئېقىم 14 - ئەسىردە ئىراندا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، پەيدا بولۇشىنى نۇقتە (تۇپراق) تىن، دەپ قارايدۇ. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ مەسىلە مەھمۇد

پەسىخانىنىڭ ئىلگىرىكى غايىۋى ئۇستازلىرىنىڭ تەلىماتلىرىدىمۇ خېلى ئېنىق ئىپادىلەنگەن،يەنى ئىبنىسىنا سوئال ـ جاۋاپ تەرىقىسىدە يېزىلغان «رىسالەيى قەدر» ناملىق ئەسىرىدە تۈنجى بولۇپ ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇنسۇر قايسى؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ، «بىلگىنكى، ئالەمدە تۇنجى بولۇپ يارىتىلغان نەرسە نۇقتە (تۇپراق) تۇر...»، دەپ يازىدۇ. نۇقتەۋىيە تەرەپدارلىرى مۇشۇ ئەقىدىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق نەرسە تۇپراقتىن يارىتىلغان، شۇڭا ھەرقانداق نەرسە يوقالمايدۇ، پەقەت بىر ھالەتتىن (شەكىل) دىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

نۇقتەۋىيە تەرەپدارلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىدا قەدىمكى ھىندى پەلسەپىسى ۋە بۇددا تەلىماتلىرىنىڭ تەركىبلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بولۇپ، ئۇلار بۇ دىنلارنىڭ تەناسۇخ ۋە ئادەملەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە ئېرىشىشكە ئائىت بولغان نۇرغۇن ئەقىدىلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقان. نۇقتەۋىيە تەلىماتىدا ئىرپانغا ئائىت مەزمۇنلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىكى قىزىقارلىق تەرەپلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي - پەلسەپىۋى ئەقىدىلىرىنى يېڭى ئىجتىمائىي رەڭلەر بىلەن بېزەپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى دەۋرىنىڭ زور ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە قارىتىشقان. مەسىلەن، ئۇلار ئىسلامنىڭ ئەنئەنىۋى تەلىماتلىرىدىكى بېھىش بىلەن دوزاخقا ئائىت بولغان قاراشلارنى ئىنكار قىلىپ، تۈرك ۋە موڭغۇللارنىڭ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى قىرغىنچىلىقلىرىنى دوزاخ ياكى جەھەننەمنىڭ ئۆزىدۇر، دەپ تەرغىب قىلىشىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى تۈرك ۋە موڭغۇللارغا قارشى قوزغاشقا ھەرىكەت قىلىشقان.

نۇقتەۋىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى سەفەۋىيلەر ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ناھايىتى كۈچىيىپ، ئەۋجىگە چىقىدۇ. شاھ تەماسپ ئۇلارنىڭ بىر قانچە يىرىك ۋەكىلىنى قەتلى قىلىپ،

ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تارايتىشقا تىرىشىدۇ ھەمدە ھاكىمىيەتكە زور خەۋپ بولۇپ تۇرىۋاتقان بۇ دىنىي - سىياسىي كۈچنى پۈتۈنلەي يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىش قارارىغا كېلىپ ، ئالداش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا نۇقتەۋىيە تەلىماتى تەرەپدارلىرىنى كەڭ دائىرىدە تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ ، قولغا چۈشكەنلىرىنى توپ - توپى بىلەن قەتلى قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا تۇردىن چۈشۈپ قالغان نۇقتەۋىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بىر قىسىم مۇرىتلىرى ھىندىستانغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. دىنىي - پەلسەپىۋى تەلىمات ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نۇقتەۋىيە تەرەپدارلىرى ھۇرۇفىيە تەلىماتى تەرەپدارلىرى بىلەن نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. (تەپسىلاتىنى ھۇرۇفىيەدىن كۆرۈڭ)

**نۇئمانىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە غۇلات پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شەيتانۇتتاق لەقەملىك مۇھەممەد ئىبنى نۇئمان ( 777 - يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر پىرقە تارىختا شەيتانىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. مەنبەلەرگە قارىغاندا، مۇھەممەد ئىبنى نۇئمان دەسلەپتە كۇفەدىكى تاقۇلمەھامى دېگەن يەردە سەرراپلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە يالغان دىنارلارنى ئايرىشتىكى ئالاھىدە ماھارىتى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، ئۇ شىئە مەزھىپىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى داڭلىق شەيخلەردىن بىرى بولغان مۇھەممەد ھۆسەين باقىرنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىكەن. ئۇ ئىلاھىيەتشۇناس ۋە ئەلىۋىيە ئەھكاملىرىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بۇلاردىن تەسىرى چوڭراقلىرى « ئەر رەد ئەلا مۇئتەزىلە فى ئىمامەت ئىل مەفزۇل » ، « ئىسبات ئۇل ۋەسىيە » ، « كىتاب ئۇل مەرىفەت » ۋە « كىتاب ئۇل ئىمامەت » قاتارلىقلاردۇر. مۇھەممەد ئىبنى نۇئمان جەئفەر سادىق بىلەن زاماندىش بولۇپ ، جەئفەر سادىقنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى ھىشام ئىبنى سالىم جەۋالەيقىنىڭ ئىمامىلىقىنى ياقلىغان. ئۇ مۇئتەزىلە ۋە خارىجىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئىلاھىيەتكە ئائىت

نۇرغۇن مەسىلىلەردە كەسكىن مۇنازىرىلەرنىمۇ ئېلىپ بارغان.

نۇئمانىيە تەرەپدارلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىمۇ جىسمانى، دەپ قارايدۇ. نۇئماننىڭ پىكرىچە، خۇدا پەقەت ئۆزى ئىرادە ۋە تەقدىر قىلغان (ياراتقان ۋە تەقدىرىنى بەلگىلىگەن) ئەشيالارنىلا تونۇيدۇ. ئەشيالارنى تەقدىردىن تونۇماسلىق نادانلىق سەۋەبىدىن بولماستىن، بەلكى ئىرادە سەۋەبىدىندۇر، يەنى تەقدىر ئىرادىگە باغلىق بولۇپ، ئىرادە ئاللاھنىڭ فېئلى (ھەرىكىتى) دۇر. نۇئمانىيە تەرەپدارلىرى مۇشۇ خىل قاراشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ياراتقۇچى نەرسىلەر يارىتىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى بەندىلەرنىڭ ۋۇجۇدىمۇ بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق مەنىگە ئىگە ئەمەس. باشقىچە ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ نەرسىلەرنى يارىتىلىشتىن ئىلگىرى تونۇماسلىقى ئۇنىڭ ئالىم ئەمەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى (ئۇ ئالىمدۇر، ئەمما جاھىل ئەمەس) بۇ نەرسىنىڭ تېخى يارىتىلمىغانلىقىدىندۇر، دەپ قارايدۇ. تارىخچىلار نۇئماننى تۇنجى بولۇپ ئىسلام تارىخىدا مۇشەببەھىيە ئىدىيىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن شەخس، دەپ قارىشىدۇ. نۇئماننىڭ تەرەپدارلىرى خۇدانى ئىنسان سۈرىتىدىكى نۇر، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەردە شىئە مەزھىپىگە يانداشىپ، ئەلىنىڭ ئىماملىقىنى قانۇنلۇق، دەپ تەكىتلىشىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن مۇھەممەد شەھرىستانى مۇھەممەد ئىبنى نۇئماننى ئەسەرلىرىدە ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ چېكىنى ئايرىغان ۋە مەزھەپلەرنى تونۇشتۇرغان تۇنجى دىنىي تارىخچى، دەپمۇ ئاتايدۇ. نۇئمان ئاللاھنىڭ ئەسلىي توغرىسىدا ئەقلىي يول بىلەن ئىزدىنىپ كۆرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. بۇ پىرقە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**نۇمەيرىيە** ـــ نۇسەيرىيەگە قاراڭ.

**ھارىسىيە** ـــ **ئەبازىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھارىس

ئىبنى يەزىد ئەبازى ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . ئاساسىي مەسىلىلەردىكى قاراشلاردا هارىسىيە ئەبازىيەدىن پەرقلەنمەيدۇ . ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئوخشاش قىسمەن مەسىلىلەردە هارىسىيە تەرەپدارلىرى ئەبازىيە تەلىماتلىرىغا قوشۇلمايدۇ . هارىسىيە تەرەپدارلىرى مۇئتەزىلەنىڭ قەدەرىيە تارمىقىدىكىلەرگە ئوخشاش ئىستىتائەت ( قۇدرەت ) فىئىل ( هەرىكەت ) تىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى، دەپ قارىشىدۇ . سۈننەت ئەهلى هارىسىيە تەرەپدارلىرىنى بۇ خىل قاراشلىرى بىلەن قاتتىق تەنقىدلەيدۇ . بۇ تارماق تەرەپدارلىرى مۇهەككىمىيەدىن كېيىن ئاۋۋال ئابدۇللا ئىبنى ئەباز، كېيىن هارىس ئىبنى يەزىدنى ئىمام دەپ، هېسابلايدۇ . بۇ تارماق هازىر پائالىيەتتىن توختىغان .

**هازىمىيە ـــ ئەجارىدەنىڭ** هازىم ئىبنى ئەلى ئاساس سالغان بىر تارمىقى . بەزى مەنبەلەردە مەزكۇر تارماق ئاساسچىسىنىڭ ئىسمى جازىم ئىبنى ئاسىم شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ تارماق تەرەپدارلىرى تەقدىر ، قۇدرەت ، ئىلاهىي ئىرادە دېگەندەك مەسىلىلەردە سۈننەت ئەهلى بىلەن ئوخشاش قاراشنى ياقلايدۇ . ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سىيىستاندىكى ئەجارىدە تەرەپدارلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇپ، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىككە تەبىر بېرىشتە خارىجىيە تەرەپدارلىرى بىلەن قاتتىق زىددىيەتلەشكەن . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىكنىڭ هەر ئىككىسى ئەسلى ئىلاهىي سۈپەتلەردىندۇر . ئۇلار يارانقۇچى ـ خۇدادۇر ، ئۇ باشقا نەرسە بولۇشى هەرگىز مۇمكىن ئەمەس ، بەندىلەرنىڭ بارلىق هەرىكەتلىرىمۇ خۇدا تەرىپىدىن ئالدىن يارىتىلغان بولىدۇ، دەپ هېسابلايدۇ . قابىلىيەتنى هەرىكەت بىلەن ، ئىلاهىي قۇدرەتنى ئۇنىڭ خاهىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدۇ . هازىمىيە تەرەپدارلىرى مەيمۇنىيەنىڭ قابىلىيەت ۋە قۇدرەتكە ئائىت قاراشلىرىنى تامامەن ئىنكار قىلىپ ، كىمىكى ئاللاهقا ئىمان كەلتۈرسە ( ئۇ ئۆز هاياتىدا كوپۇرلۇق گۇناهى سادىر قىلغان بولسىمۇ ) ئاللاه ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىدۇ . ئەگەر كىمىكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كوپۇرلۇق يولىغا ماڭسا ( ئاساسىي

ئۆمرىنى مۇئمىن بولۇپ ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ) ئۇ مۇسۇلماندارچىلىقتىن ئايرىلغان بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاللاھ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىگە دۈشمەنلەكتە بولغانلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

سۈننەت ئەھلى سازا ۋە جازاغا ئائىت مەسىلىلەردىكى مۇنازىرىلەردە خارىسىيە تەرەپدارلىرىنى لەت قىلىدۇ. چۈنكى، خارىسىيە تەرەپدارلىرى ئەلىنىڭ ماھارەت ۋە پەزىلىتىنى شەرھلەش ئارقىلىق باشقىلارنىڭمۇ ئوخشاش پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىدۇ. تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى خارىسىيە تەرەپدارلىرىنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردە شىئەيىيە ئەقىدىلىرىنى ياقلايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. زامانىمىزدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار خارىسىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ئىلاھىي تەقدىر قاتارلىق مەسىلىلەردىكى كۆز قاراشلىرى سۈننىي مەزھىپىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ. بۇ قاراش خاتا ئەمەس.

**خاشىمىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسچىسى ئەبۇ خاشىم ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە (716 - يىلى قازا قىلغان) دۇر. مەزكۇر پىرقە تەرەپدارلىرى ئىبنى ھەنەفىيە قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇخاشىمنى ئىمام، دەپ ئېتىراپ قىلىشقان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىماملار ھەرقانداق ئىشتا ئالىملاردۇر، ئىماملارغا ئىمان كەلتۈرمەسلىك ئەمەلىيەتتە ئاللاھقىمۇ ئىمان كەلتۈرمىگەنلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھەرقانداق زاھىر (ئاشكارا، شەكلي كۆرۈنۈش) نىڭ باتىنى (يوشۇرۇن ماھىيىتى)، ھەر جەسەد (بەدەن، تەن) نىڭ روھىي، ھەر تەنزىل (يوقىرىدىن ئەۋەتىلگەن، ۋەھيي) نىڭ تەئۋىلى (شەرھىسى) ۋە بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق شەكىلنىڭ باشقا بىر دۇنيادىكى ماھىيىتى بولىدۇ. كائىناتتىكى بارلىق ھېكمەت ۋە سىرلار ئادەملەرنىڭ تېنىدە مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. ئەلى دەل

مۇشۇنداق ئىلىمنى كەشپ قىلىپ، كېيىن ئۇنى باشقا پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەگىمۇ ئۆگەتكەن. ئىبنى ھەنەفىيە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئىلىمنى ئوغلى ئەبۇھاشىمغا مىراس قالدۇرغان. بۇنداق ئىلىمگە ئىگە بولغۇچىلار ھەقىقىي ئىماملاردۇر، دەپ قارايدۇ.

ئەبۇھاشىم قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بەش تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇلاردىن بىر تارمىقى ئەبۇھاشىم شامدىن قايتىش سەپىرىدە شەرات (پەلەستىندە) دا قازا قىلغان، ئۇ كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى ئىماملىقنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبباسقا ۋەسىيەت قىلغان، دەپ قارىشىدۇ. بۇ خىل قاراش ئابباسىيلارنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئىككىنچى بىر تارماقتىكىلەر ئەبۇھاشىم قازا قىلغاندىن كېيىن ئىماملىق ئۇنىڭ جىيەنى (ئاكىسىنىڭ ئوغلى) ھۇسەين ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەگە تەئەللۇقتۇر، دەپ قارىشىدۇ. ئۈچىنچى تارماقتىكىلەرنىڭ قارىشىچە ئەبۇھاشىم ئىماملىقنى قېرىندىشى ئەلى ئىبنى مۇھەممەدگە، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە ئوغلى ھەسەنگە ۋەسىيەت بىلەن قالدۇرغان بولۇپ، ئىماملىق ھەنەفىيە نەسلىدىن بولمىغانلارغا ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. تۆتىنچى تارماقتىكىلەر ئەبۇھاشىم ئىماملىقنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەربى كىندىگە ۋەسىيەت بىلەن قالدۇرغان ھەم ئەبۇھاشىمنىڭ روھىمۇ ئابدۇللاھقا كۆچۈپ كىرگەن، دەپ قارىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇللاھ دىنىي ئىلىمدىن ئانچە خەۋىرى يوق شەخس بولغاچقا، كېيىنچە ئۇنىڭ نۇرغۇن تەرەپدارلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئېتىقادلىرىدىن يالتىيىشقا يۈزلەنگەن. بەشىنچى تارماقتىكىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلىشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىبنى مۇئاۋىيە تەناسۇخ نەزەرىيىسىگە قايىل كىشىلەردىن بولۇپ، ئەيسا ئىبنى مەريەمنىڭ

روھى تېنىمگە روسۇخ ئەتكەن، دەپ جار سالغان، ئابدۇللاھ تەرەپدارلىرى قىيامەت كۈننى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ساۋاب ۋە ئىقاب (جازا، شىكەنجە) ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ تېنىدە مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا يۈز بېرىدۇ.

تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ قارىشىچە، ئىراقتىكى **خۇررەمىيە ۋە مەزدەكىيە** تارمىقىمۇ مۇشۇ گۇرۇھدىن بۆلۈنۈپ چىققان. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيە قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇراساندىكى تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، ئۆز ئىچىدىن بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىشكەن. بەزى بىر تارماقتىكىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ئۆلۈمىنى قوبۇل قىلىشماي، ئۇنى رىجئەت قىلغان، كېيىن يەنە قايتىپ كېلىدۇ، دەپ قاراشقان. يەنە بىر قىسىم تارماقتىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھىي ئىسھاق ئىبنى زەيد ئىبنى ھارىس ئەنسارى (ھارىسىيە تارمىقىنىڭ ئاساسچىسى) نىڭ تېنىگە كۆچكەن، دەپ قاراشقان. ھاشىمىيە ھازىرقى ۋاقىتتا پۈتۈنلەي پائالىيەتتىن توختىغان پىرقىلەردىندۇر.

**ھەببىيە — جەبەرىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، قىسمەن مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بىلەنلا ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئەسلىدىكى مەسلەكداشلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا كىمىكى ئاللاھنىڭ مۇھەببەت جامىدىن بەھرە ئالغان بولسا، ئۇنىڭدىن دىنىي ئەركان ۋە شەرىئەتتىكى پەرزلەرنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىنمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**ھەربىيە — كەيسانىيەنىڭ** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ھەربى كىندى ئاساس سالغان بىر تارمىقىدۇر. ئىبنى ھەربى دەسلەپتە **بەيانىيە** تەرەپدارلىرىدىن بىرى بولغان. ئۇ ئىلاھىي روھ پەيغەمبەرلەر ۋە ئىماملار، جۈملىدىن ئەبۇھاشىم ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ تېنىگە ھۇلۇل قىلغان (كۆچۈپ كىرگەن) دېگەن قاراشنى ياقلىسىمۇ، كېيىنچە ئىلاھىي روھنىڭ ئەبۇھاشىم تېنىدىن

ئۆزىنىڭ تېنىگە كىرگەنلىكىنى كۆچەپ تەرغىب قىلغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپ بۇخىل تەشۋىقاتلىرىغا تايىنىپ نۇرغۇن قوللىغۇچىلارغا ئىگە بولغان. ئەمما، كېيىنچە ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى يالغانچى ۋە ئالدامچىلىقتا ئەيىبلىشىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە مەدىنىگە بېرىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلغان. كېيىنچە ئۇلار يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ئىماملىقىدا تۇرۇپ، ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ بىر تارمىقى ئىبنى مۇئاۋىيەنى قازا قىلدى، دەپ ئېتىراپ قىلىشسا، ئىككىنچى تارمىقى ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ئۆلۈمىنى ئېتىراپ قىلىشماي، ئۇنى تېخى تىرىك ۋە ئىسفاھان تاغلىرىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قاراشقان. ئۈچىنچى تارماقتىكىلەرمۇ ئۇنى تىرىك دەپ قاراپ، مەھدى، دەپ ئېلان قىلىشقان ۋە ئۇنىڭ رىجئەت قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇپ، يەر يۈزىدە ئادالەتنى تەنتەنە قىلغۇزىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىغان. ھەربىيە ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت ئەمەس.

**ھەرۇرىيە ـ مۇھەككىمىيەگە قاراڭ.**

**ھەسەنىيە ( 1 ) — مۇئتەزىلەنىڭ** ھەسەن بەسرى ئاساس سالغان بىر تارمىقى بولۇپ، تەرەپدارلىرى ھەسەن بەسرىنى مۇئتەزىلەنىڭ تۈنجى ۋەكىلى، دەپ قارىشىدۇ. كېيىنچە ھەسەن بەسرىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىبنى ئەتا مەنزەل بەين مەنزەلەتەين[1] مەسىلىسىدە ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئايرىم بىر تارماق بولۇپ تەشكىللەنگەن.

**ھەسەنىيە ( 2 ) — زەيدىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرىمۇ ھەسەنىيە

---

[1] مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ مەنزەل بەين ئەل مەنزەلەتەين ( ئىككى مەنزىل ئارىلىقىدىكى مەنزىل ) تەلىماتى ئىنسانلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پاسىق مۇسۇلمانلار ياكى چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغۇچىلار مۇئمىنمۇ ئەمەس، كاپىرمۇ ئەمەس، ئۇلار بۇ ئىككى مەنزىل ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلەردۇر.

نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ تارماق ئىماملارنىڭ مەرتىۋىسىگە ئائىت قاراشلاردا ئەسلىدىكى مەسلەكداشلىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىپ، ئۆزگىچە قاراشلارنى ياقلاشقان. ئۇلار ئىماملارنىڭ مەرتىۋە تەرتىپىنى تۆۋەندىكى تەرىزدە تۈزۈپ چىققان: ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب، ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى، زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن، يەھيا ئىبنى زەيد، ئەيسا ئىبنى زەيد، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەسەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن كىمىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلسا، شۇ ئىمامدۇر، دەپ قارىغان. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**ھەششىيە — ئىسمائىلىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاساسەن ھەسەن سەباھقا ئەگەشكۈچىلەردىن تەشكىللەنگەن. ئۇلار سەلىب ئۇرۇشى مەزگىلىدە شام ۋە باشقا تاغلىق رايونلاردىكى قەلئەلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، بۇ يەرلەرنى مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ئايلاندۇرۇپ، سۈرىيە، مىسىر، لىۋان، ئىران ۋە باشقا رايونلاردا ئۆز مۇخالىپلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ھالاكەتكە ئۇچراتقان.

مەنبەلەردە مەزكۇر تارماقنىڭ نامى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەزىلەر ئۇنىڭ نامىنى ياۋروپاچە «ئەسسىسىن» (a c c ис ин) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان، دېسە، يەنە بەزىلەر ئەرەبچە «ھەششىيۇن» (مەس قىلغۇچى بىر خىل ئۆسۈملۈك) تىن ئېلىنغان، دەپ قارايدۇ. ھەششىيۇن شۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەرنى مەست قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى روھلاندۇرۇش ياكى قورقۇنچىنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنداق مەست قىلغۇچى ماددىلارنى ئىستېمال قىلىش پەقەت خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلغۇچىلارغىلا رۇخسەت قىلىنغان.

بەزى مەنبەلەردە ھەششىيەنى ئىسمائىلىيەنىڭ چەكتىن ئاشقان تارماقلىرىدىن بىرى، دەپ تونۇشتۇرۇدۇ. ئەمما، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەششىيەنىڭ پەقەت دىنىي

مۇراسىملاردىكى قىسمەن ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەنلا ئىسمائىلىيەدىن پەرقلىنىدىغانلىقى ، ئاساسىي تەلىماتلاردا چوڭ پەرقىنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئەمەلىي پائالىيەتلەردە سوپىزىم بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . بەزى مەنبەلەردە ھەسەن سەباھ بۇ تارماقنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ . ئۇ گۇيا مىسىردىكى ۋاقتىدا نىزار ئىبنى مۇستەنسىرنى ئۆز قاراشلىرىغا مايىل قىلىپ ، ئۇنى ئىمام، دەپ ئېلان قىلغانىكەن . ھەسەن سەباھدىن كېيىن ھەششىيەنىڭ يېتەكچىلىكىنى ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھەتتا ئۇ ئىماملىق دەۋاسىدىمۇ بولغان . ئەمما، بۇتوغرىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەششىيە تەرەپدارلىرى ئاساسەن قەلئەلەرنى ماكان تۇتۇپ ، ئۆز مۇخالىپلىرى بىلەن دائىم تىركىشىپ تۇرۇشىدىكەن . ئۇلار مەلىكشاھ دەۋرىدە ناھايىتى روناق تېپىپ ، غايەت كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ئايلانغان . بۇ دەۋردە ئىبنى ئاتەش ئۇلارنىڭ ئاساسىي يېتەكچىسى بولۇپ ، ئىسفاھاندىكى دىزكۇھ قەلئەسى ئۇلارنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلغان . « دائىرەتۇل مەئارىفى ئىسلامى » ناملىق ئەسەردە مەزكۇر تارماقنىڭ رەھبەرلىرى تۆۋەندىكى تەرتىپتە تىزىلغان ؛ ھەسەن سەباھ (1090 - 1124) ، بۇزرۇك ئۇمىد رۇدبارى (1124 - 1138) ، مۇھەممەد ئىبنى بۇزرۇك ئۇمىد (1138-1162 ) ، ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد (1162 - 1166) ، نۇرىددىن مۇھەممەد (1166 - 1210) ، جەمالۇددىن ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد (1255 - 1256) .

رىزۋان سالجۇقى زامانىسىدا ھەششىيە تەرەپدارلىرى ئاۋۋال شامدا ، كېيىن ھەلەبدە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن . ئۇلارنىڭ شامدىكى يېتەكچىلىرى « شەيخۇل جىبال » نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ ، ئۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى رەشىدۇددىن ئىكەن . 1256 - يىلى ھەششىيە تەرەپدارلىرى موڭغۇللار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر تەرەپكە چېچىلىپ ،

بىر قىسمى لىۋاندىكى تاغلىق رايونلاردا پاناھلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم كۆچمەنى ساقلاپ قالغان ئايرىم ئەترەتلىرىمۇ كېيىنچە تەدرىجى يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ. بۇ تارماق ھازىرقى ۋاقىتتا مەۋجۇت ئەمەس.

**ھەشۋىيە** — مۇئتەزىلە، مۇرجىئە، جەبەرىيە، شىئە، خارىجىيە قاتارلىق مەزھەپ ۋە پىرقىلەردىن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ زاھىرىي (ئاشكارا) غا قايىل، شۇنداقلا تەجەسسۇمنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، تارىختا ھەشەۋىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. ھەشەۋىيەنىڭ تەلىماتلىرى توغرىسىدا دىنىي تارىخچىلار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلاردىن بەزىلىرى ھەشەۋىيەچىلەرنى ئىسلامدىكى يولدىن ئازغانلار، دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھەشەۋىيە تەرەپدارلىرى زاھىرى مەنىلەرنى ياراتقۇچىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى، دەپ قارىشىدۇ. يەنە بىر قىسىم تارىخچىلار ھەشەۋىيە سۆزىنى پەيغەمبەرنىڭ سۆز، ھەركەتلىرىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن باھا بېرىدىغان ۋە ئۇنى ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن خالىغانچە شەرھلەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى كەمسىتىش مەنىسىدە ئىشلەتكەن. كېيىنچە بىر قىسىم شىئەلەر بىلەن ئەسھابى ھەدىس (ھەدىس ئەھلى) نى ھەشۋىيە نامى بىلەن ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان. چۈنكى، بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۆز تەشەببۇسلىرىنى دائىم ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلاشقا تىرىشقان، شۇنداقلا ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى ھەشۋىيەچىلەر سۈپىتىدە مۇشەببەھىيە (ئاللاھنى ئادەمگە ئوخشىتىش) تەلىماتلىرىغىمۇ قايىل بولۇشقان. تارىخچىلاردىن نەۋبەختى مۇرجىيە ۋەكىللىرىدىن سۇفىيان سەۋرى (778 - يىلى قازا قىلغان)، شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ (794 - يىلى قازا قىلغان)، مالىك ئىبنى ئەنەس (795 - يىلى قازا قىلغان) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى ھەشۋىيە تەرەپدارلىرى، دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىدىن ناشىئىي ئەكبەر ھەشۋىيە تەرەپدارلىرىنىڭ

ئىماملىققا دائىر نەزىرىيىۋىي ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىپ ، ئۇلارنى بەزى پەرقلەرگە ئاساسەن تۆت ئېقىم ( كۇفى ، بەسرى ۋە ۋاسىتى ، جەۋزىيە ۋە ۋالىدىيە ) گە بۆلىدۇ . ئۇ شىئە مەزھىپىگە مايىل بولغان ۋە ئەلىنى خەلىپىلىكتە ( ئىماملىقتا ) ئۇسماندىن ئۈستۈن كۆرىدىغان مۇھەددىسلەرنى كۇفى تارمىقىغا تەئەللۇق ، دەپ قارايدۇ . بۇ تارماققا ۋەكىل سۈپىتىدە ۋاقىىئ ئىبنى جەرراھ ( 812 - يىلى قازا قىلغان ) ، فەزل ئىبنى دوكان ( 834 - يىلى قازا قىلغان ) قاتارلىقلارنى تىلغا ئالىدۇ . ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن كىملا خەلىپە (ئىمام) بولسا بولىۋېرىدۇ، دەپ قارايدىكەن . ئەمما، كىمنىڭ ھەقىقىي سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشمىگەنىكەن .

بەسرى ۋە ۋاسىتى تارمىقىدىكى ھەشۋىيەچىلەر ئىماملىقتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەلىگە قارىغاندا ئۇسمان ئۈستۈنرەك ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ قارايدىكەن . جەۋزىيە تارمىقىدىكىلەر ئىسمائىل جەۋزى ( 815 - يىلى قازا قىلغان ) نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئىماملىقتا ( خەلىپىلىك) نىزا - جاڭجاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئەلىنىڭ كاساپىتىدىن بولغان، دەپ قاراپ، ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ( ئىماملىقىنى ) رەت قىلىدىكەن . ۋالىدىيە تارمىقىدىكىلەر ئىماملىقتا ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى يېتەكچىلىرىنىڭ ھەممىسى خەلىپىلىككە (ئىماملىققا) ئېرىشىش يولىدا كۆرەش قىلىشلىرى جائىز ، كىمكى بۇ كۆرەشتە يېڭىپ چىقسا شۇ ئىمامدۇر، دەپ قارايدىكەن .

تەتقىقاتچىلار ھەشۋىيەنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە سۈننەت ئەھلىنىڭ نۇرغۇن قاراشلىرىنى ياقلىغانلىقىنى ، كېيىنچە قەدىمكى يونان ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي پەلسەپىۋىي قاراشلىرىدىن نۇرغۇن ئامىللارنى قوبۇل قىلغانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . ئۇلار دەسلەپكى دەۋرلەردە ئىسلامنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى

رەسمى ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيبلەشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇلار ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەشەببۇسلىرىنى ئۆز ئەقىدىلىرىدە كۆپرەك گەۋدىلەندۇرۇش يولى بىلەن نۇرغۇن ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىنى جەلپ قىلىشقان، مۇئتەزىلە ۋە باشقا پەلسەپىۋي ئېقىملارنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىكى «روھ» سۆزىنى يېڭى مەنىلەردە تەپسىرلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولغان. نەتىجىدە ھېچكىمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان بىر روھىي دۇنيانىڭ مەۋجۇدلۇقى نۇرغۇن ئېقىملار قاتارىدا ھەشۋىيە تەرەپدارلىرى تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنغان.

ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي تەتقىقاتچىلىرىدىن سەلاھۇددىن سەفەدى (1296 - 1362) سۈننىي مەزھىپىنىڭ تۆت چوڭ پىرقىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ھەنبەلىيەنى ھەشۋىيە تەرەپدارلىرى قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەنبەلىيە تەرەپدارلىرى باشقا پىرقىلەرگە قارىغاندا «قۇرئان كەرىم» نىڭ زاھىرى تەرەپلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن. كېيىنكى دەۋرلەردە «ھەشۋىيە» سۆزى سۈننەت ئەھلى تەرىپىدىن باشقا مەزھەپ ۋە پىرقىلەر (ئاساسەن مۇئتەزىلە، مۇرجىيە، خارىجىيە، جەبەرىيە ۋە باشقىلار) نى كەمسىتىدىغان مەنىدە ئىشلىتىلگەن. شىئە ۋە ئىسمائىلىيە تۈنجى بولۇپ «قۇرئان كەرىم» نىڭ يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى تەپسىرلەشنى ئوتتۇرىغا قويغان مەزھەپ ۋە ئېقىم بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ زاھىرى تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەشۋىيە تەرەپدارلىرى ئۇچۇن ئەشەددىي دۈشمەن ھېسابلانغان. ھەشۋىيە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**ھەقائىقىيە — كەررامىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، تەرەپدارلىرى پەقەت قىسمەن مەسىلىلەردىكى ئۆزگىچىلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا كەررامىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتىدۇر. (ئىسھاقىيە ۋە تەرائىقىيەگە قاراڭ).

**ھەللاجىيە — ھولۇلىيەنىڭ** مەنسۇر ھەللاج (857 - 922) ئاساس

سالغان بىر تارمىقى. مەنسۇر ھەللاج ئىراننىڭ شىراز شەھرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ياش ۋاقتىدىلا زۇھد (پارسالىق، پەرھىزكارلىق) ۋە تەئەببۇد (بەندىلىك، ئىبادەتنى ئىختىيار قىلىش) گە قىزىقىپ، ئاۋۋال سەھلى تۇستەرىگە مۇرىت بولىدۇ. كېيىن بەسرەگە بېرىپ، ئومەر مەككى ۋە جۇنەيد نەھاۋەندىدىن ئىرپان ئىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ساياھەت قىلىپ، ئوخشىمىغان مەزھەپ، پىرقە، تارماق ۋە ئېقىملار بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇلۇلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان، ماھىيەتتە بولسا ۋەھدەتى ۋۇجۇد غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىرپانغا ئائىت تەلىماتلىرىنى «ئەنەلھەق» (كېيىنچە بۇ ھەللاجىيە دەپ ئاتالغان) نامى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ تەلىمات ئۇنىڭ قەتلى قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ھەللاجىيە تەلىماتلىرى مەنسۇر ھەللاج ھايات ۋاقتىدىلا ئىران ۋە ئىراقتىكى نۇرغۇن رايونلارغا تارقىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇ تەلىمات تەرەپدارلىرى نۇرغۇنلىغان دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئۆزگىچە قاراشلارغا ئىگە. مەسىلەن، ئۇلار دىنىي پەرزلەر ۋە مۇراسىملارنى يېڭىلاشنى، لاھۇت (ئىلاھىيلىق) نىڭ ناسۇت (جىسمانىي ئالەم ياكى ئىنسان) غا ھۇلۇل (كۆچۈپ كىرىش، بىرلىشىش) قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تەسەۋۋۇپتا شەۋق ۋە زەۋق ھەم ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش، قەلبنى پاكلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئالىي ھەقىقەتكە يەتكىلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇتەكەللىملەر، سوپىلار ۋە فەقىھلەر مەنسۇر ھەللاج ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان دىنىي تارماق ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇتەكەللىملەر ھەللاجنى ئاباسىيلار ۋە خەلىپىلىكنىڭ باشقا مۇتىۋەرلىرىگە شىئە مەزھىپىنى، ئاۋامغا

بولسا، سوپىيە ئەقىدىلىرىنى تەلقىن ئېتەتتى، دەپ قارايدۇ. شۇ ئارقىلىق ھەللاجنى ئىككى يۈزلىمچى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ ئىرپانغا ئائىت قاراشلىرىدا ھولۇلىيە تەرغىب قىلىنغان، دەپ قاراپ ھەللاجنى پۈتۈن تەرەپدارلىرى بىلەن قوشۇپ كۇپۇرلۇقتا ئەيىبلەيدۇ.

مەنسۇر ھەللاج ئۆز تەرغىباتلىرىدا كىشىلەر ئاللاھقا تائەت قىلىشتا پەقەت ئۆز نەپسىنى يېڭىپ، شەھۋەت ۋە لەززەتتىن ئۆزىنى تارتالىسا، ئۆزىدە ئىلاھىي سۈپەتلەرنى يېتىشتۈرەلەيدۇ، نەتىجىدە ئەيسا ئىبنى مەريەمگە ھولۇل قىلغان ئىلاھىي روھ بۇنداق ئادەملەرگىمۇ ھولۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نېمىنى خالىسا شۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن قاراشلارنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىدۇ. شۇڭا، بەسرەدىكى مۇتەكەللىملەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. سوپىيەنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى (ئوسمان مەككى، ئەبۇيەئقۇب ئەقتە قاتارلىقلار) ھەللاج ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كۇپۇرلۇققا چىقىرىدۇ. غەززالىمۇ ھەللاجنىڭ ئەقىدىلىرىنى رەت ئېتىدۇ. ئەمما، سوپىيەنىڭ كۆپلىگەن تەرەپدارلىرى ھەللاجنىڭ ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى كېيىنكى دەۋرلەردە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلاپ، مەنسۇر ھەللاجنى كارامەت ئىگىسى ھەمدە ئۇنى ئۆز كارامەتلىرىنى نامەھرەملەرگە كۆرسىتىپ خاتالاشتى ۋە شۇ سەۋەبتىن قەتلى قىلىندى، دەپ قارىشىدۇ. ھەللاجنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر قىسمى ئۇنىڭ قەتلى قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۆلتۈرۈلگىنى ھەللاج بولماستىن، ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا بىرى ئىدى، دەپ قارىشىدۇ. بۇ تارماق ھازىرقى ۋاقىتتا مەۋجۇت ئەمەس.

**ھەمزىيە — ئەجارىدەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەمزە ئىبنى ئەدرەك سىجىستانى ئۇنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھارۇن نۇررەشىد زامانىسىدا ياشىغان بولۇپ، دەسلەپتە ھازىمىيە

تەرەپدارلىرىدىن بولغان. كېيىن ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە قۇدرەتكە ئائىت مەسىلىلەردە ئۆز مەسلەكداشلىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىپ، قەدىرىيە تەلىماتىنى قوبۇل قىلغان.

8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تاكى مەئمۇن خەلىپىلىك قىلغان دەۋرگە قەدەر ھەمىزىيە تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى خەلىپىلىك تەۋەسىدە ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۇلار ئۆز مۇخالىپلىرىنى شىرىك (خۇدانى يېگانە، دەپ بىلمەسلىك) لىكتە ئەيىبلەپ، بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى ھارام، دەپ ئېلان قىلىدۇ ھەمدە قارشى تەرەپ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۇخالىپلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ مۇشرىك، دەپ قاراپ، ئۇلارنى دوزاخقا مەڭگۈلۈك مەھكۇم قىلىنغانلار، دەپ ھېسابلىشىدۇ.

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ھەمزە ئىبنى ئەدرەك ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ۋە سىياسىي ھاكىمىيەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆز مۇخالىپلىرى بىلەن توختاۋسىز ئۇرۇش قىلىپ، ئۆز ئېتىقادىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئۆلۈم خەتەرلىرىگە پىسەنت قىلماي، كىمىكى ئۇلارنى قوللىمىسا ئۇلارنى دەرھال ئۆلتۈرگەن. ئۇلار بىرنەچچە شەھەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆز تەرەپدارلىرىنى قازى ۋە ھاكىملىققا تەيىنلىگەن. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇشى بەيھەسىيە تەرەپدارلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، كېيىن ھازىمىيە تەرەپدارلىرىغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، ھىراتنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. ھىراتتىكى ئاھالىلەر ۋالىي ئەمىر ئىبنى يەزىدنىڭ باشچىلىقىدا شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ، بىر ئاي ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەمزە ئىبنى ئەدرەك خوراسان ۋالىسى بىلەن تىركىشىشكە باشلايدۇ. ئەمما، ئۇ خوراسان ۋالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، سىيىستانغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردىن

نشاپورغا كېلىپ، سەئلەبىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئۇرۇش باشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل جىدەلخورلۇقى تاكى مەئمۇن خەلىپىلىكىكە ئولتۇرغان ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدۇ. مەئمۇن يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ھەمزىيە تەرەپدارلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئامان قالغان بىر قىسمى كىرمانغا قېچىپ بېرىپ، يەنە ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئاتلانغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكىدەك نۇسرەت قازىنىش ئۇلارغا قايتا نېسىپ بولمايدۇ. ھەمزە ئىبنى ئەدرەكنىڭ ئۆزى يارىلىنىپ، ئۇزۇنغا بارماي قازا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەمزىيە تەرەپدارلىرى بىر مەزگىل يەنە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن روناق تاپالماي، تەدرىجى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ تارماق ھازىرقى ۋاقىتتا مەۋجۇت ئەمەس.

**ھەنبەلىيە — سۈننىي** مەزھىپىنىڭ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (855-يىلى قازا قىلغان) ئاساس سالغان فىقھە مەزھىپىدۇر. ھەنبەل مەئمۇن، مۇئتەسىم، ھارۇن نۇررەشىد ۋە ۋاسىق قاتارلىقلار خەلىپىلىك قىلغان دەۋردە باغداتتا ياشىغان. ئۇ دائىم مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئىينىڭ فىقھ ئىلمىگە ئائىت مۇنازىرىلىرىگە قاتنىشىپ تۇرغان. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىمامى ھەمبەل دەسلەپتە ھەدىس ئەھلى تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ، بۇ تارماقتىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە شام ۋە يەمەنگە بارغان. ئۇ «ئەل مەسنەدۇ ئىمام ئەل ئەھمەد» ناملىق كىتاب يازغان بولسىمۇ، لېكىن فىقھ ياكى ئىلاھىيەت ساھەسىدە بىرەر ئايرىم تارماق ياكى ئېقىم تەشكىللەش خىيالىدا بولمىغان. ئىمامى ھەمبەل گەرچە ئىمامى شافىيىنىڭ شاگىرتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي كۆزقارىشى ئۇستازىدىن پەرقلىق بولغان.

ئىمامى ھەنبەل قازا قىلغاندىن كېيىن شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنى قايتا رەتلەپ، ھەنبەلىيە تەلىماتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈدۇ. بۇ تەلىمات دەسلەپتە بىر دىنىي - سىياسىي ھەرىكەت شەكلىدە بارلىققا كېلىدۇ. كېيىن ئۇ فىقھ ئىلمىدىكى بىر ئايرىم

تارماق بولۇپ تونۇلۇدۇ. ھەنبەلىيە تەلىماتىدا دىن يولىدىكى ھەرقانداق بىدئەتچىلىك ئىنكار قىلىنىپ، ئۇلارنى مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن ئېزىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خارلىقتا قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئىمامى ھەنبەل «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى باشقا نۇقتىلاردىن تەپسىرلەشنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دىنىي، شەرئىي ۋە قانۇنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا پەقەت «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىلا ئاساس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ھەنبەلىيە مەزھىپى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشتا «قۇرئان كەرىم» دىن ئېنىق ئاساس تېپىش لازىم، شۇنداق بولغاندا ئۇ پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ، ھەدىسمۇ شەرىئەتنىڭ مۇھىم ئاساسى، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مەزھەپتىكىلەر ھەرقانداق ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدۇ. بۇ مەزھەپ كېيىنچە ئىجمائ ۋە قىياستىنمۇ پايدىلانغان بولۇپ، ئۇلار ئىجمائدىن پايدىلىنىشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زور كۆپچىلىك ساھابىلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ياقلاپ، شەرىئەتتىكى بارلىق بەلگىلىمىلەرگە سۆزسىز بويسۇنۇشنى ۋە دىنىي پەرزلەرنى سۆزسىز بەجا كەلتۈرۈشنى قاتتىق تەكىتلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ساددا ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرىدۇ، شۇڭا، كىشىلەر تەرىپىدىن «مۇتەئەسسىپلەر» دەپ ئاتالغان.

مەئمۇن دەۋرىدە دۆلەت دىنىي دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ھەنبەلىيە تەلىماتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئاچقان. ھەنبەلىيە مەزھىپىدىكىلەر مۇئتەزىلە قەدەرىيەچىلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم» كېيىن يارىتىلغان، دەپ قارايدىغان قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ كالامى ئەبەدىلىكتە ئۇنىڭ ئەسلى زاتىغا خاس بولغان ئاۋاز ۋە ھەرپتىن ئىبارەت، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۆزىلا ئەزەلىي بولماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ كىتاب بەت شەكلىمۇ ئەزەلىيدۇر، دەپ قارايدۇ.

خەلىپىلىك مەسىلىسىدە ھەنبەلىيە مەزھىپىدىكىلەر شىئەلەرنىڭ قاراشلىرىنى رەت قىلىپ ، خەلىپىلەرگە تاكى مەملىكەتتە ئادالەت ئورنىتىلغۇچە ئىتائەت قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ . ئۇلار خەلىپىنى خۇدانىڭ زېمىندىكى ۋەكىلى، دەپ ھېسابلاپ ، ئەگەر خەلىپە گۇناھ ( زولۇم سالسا ، ئېتىقادقا شەك كەلتۈرسە ) سادىر قىلسا ، قىيامەت كۈنى قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ .

ھەنبەلىيە 9 - 14 - ئەسىرلەرگىچە ئىسلام ئەللىرى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى كۆپ تەسىرگە ئىگە بولۇپ ، جەمئىيەت ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ھەمدە ھەنبەلىيە تەلىماتلىرى بەزى مەدرىسىلەردە مەخسۇس ئوقۇتۇلغان . ئىران ، سۈرىيە ، پەلەستىن ، ئىراق، خۇراسان قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن قوللىغۇچىلارغا ئىگە بولغانىدى . 14 - ئەسىردە مەزكۇر پىرقە ۋەكىللىرىدىن ئىبنى تەيمىيە ( 1328 - يىلى قازا قىلغان ) دىنغا ھەرقانداق يېڭى نەرسە قوشۇش بىدئەتچىلىكتۇر، دەپ ئېلان قىلىدۇ .

ئوسمان تۈركلىرى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەن ھەنبەلىيە مەزھىپىنىڭ تەسىر دائىرىسى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ . 17 - ئەسىردە ئىبنى تەيمىيەنىڭ تەلىماتلىرى ئاساسىدا ۋەھھابىيە تەلىماتلىرى يارىتىلىدۇ . ھەنبەلىيە ھازىرقى ۋاقىتتا ھىجاز ۋە نەجەفتىكى بىر قىسىم ئاھالىلار ئارىسىدا ساقلانماقتا.

**ھەنەفىيە — سۈننىي** مەزھىپىنىڭ غوللۇق فىقھە مەزھەپلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ھەنەفىيە نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر مەزھەبنىڭ ئاساسچىسى ئەبۇ ھەنىفە نومان ئىبنى سابىت ئىبنى مەرزبان كۇفى ( 699 - 767 ) نىڭ ئەۋلادلىرى ئەسلى ئىرانلىق بولۇپ، بوۋىسى ئەرەپ غازاتچىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇش ئولجىلىرى قاتارىدا ئىراندىن ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىگە ئېلىپ كېلىنگەن قۇللاردىن ئىكەن . ئەبۇ ھەنىفە كۇفەدە تۇغۇلۇپ ، ياش ۋاقتىدا ئىمام جەئفەر سادىقتىن تەلىم ئالغان. جىسمانىي ۋە ئەقلىي

جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن كۇفەدىكى بىر مەدرىسەدە مۇددەرىس بولۇپ ئىشلىگەن . بەزى مەنبەلەردە ئىمامى ھەنىفە ئۆز تەلىماتلىرىنى شاگىرتلىرىغا ئاغزاكى تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، دەپ خاتىرىلەنسىمۇ، كېيىنكى بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ «ئەل فىقھۇل ئەكبەر» دەك نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان . يەنە بەزى مەنبەلەردە ئىمامى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دىنىي ۋە فىقھ ئىلمى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇيۇسۇف يەئقۇب ئىبنى مۇھەممەد قازى ، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى ، زۇفەر ئىبنى ھۇزەيل ئەبۇمۇتىئ بەلخى ۋە نەۋرىسى ئىسمائىل ئىبنى ھۇماد قاتارلىقلار توپلاپ ، كىتاب شەكلىگە كىرگۈزگەن، دەپ خاتىرىلەنگەن .

ھەنىفىيە مەزھىپى پەرەز ۋە قىياسنىڭ دىنىي ۋە شەرئىي مەسىلىلەرنىڭ قىيىن مەنىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىشتىكى رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇنى ئىنزچىل تۈردە ئەقلىي پائالىيەتتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، دەپ تەكىتلەيدۇ . شۇڭا، بۇ مەزھەپتىكىلەر تارىختا ئەسھابى رەئيي ( قىياس ئىگىلىرى، پىكىر تەرەپدارلىرى ) دەپ نام ئالىدۇ . ھەنىفىيە مەزھىپى كۆپلىگەن باشقا پىرقىلەرنىڭ مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «كەلام ئىلمى» گە قارشى كۈرىشى كەسكىنلەشكەن بىر ۋەزىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۆز تەرغىباتىدا باشقا مەزھەپ ۋە پىرقىلارگە قارىتا ئىستىھسان ( ماختاش ، تەرىپلەش ) ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، كۈچلۈك زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ . مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەي ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . مەسىلەن ، كىيىمگە نجاسەت تېگىپ كەتسە ، پاكىزە سۇ بىلەن يۇسىمۇ، باشقا پاكىزە سۇيۇقلۇق بىلەن يۇسىمۇ، بولىدۇ؛ قاراڭغۇدا قىبلە تەرەپنى پەرق ئېتەلمەي ، نامازنى باشقا تەرەپكە قاراپ ئوقۇپ قالسىمۇ بولىۋېرىدۇ ، دەپ قارايدۇ .ئۇنىڭدىن سىرت ، ھەنىفىيە مەزھىپى تەشەببۇسلىرىدا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ

ئىسلامىيەتكىچە بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ، يەھۇدىيلەر ، خرىستىئانلار ۋە باشقا دىندىكى خەلقلەرگە بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش ئىدىيىلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ مەزھەپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشىگە ھەم كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ . نەتىجىدە قىسقا ۋاقىتتا ئەرەب ۋە غەيرىي ئەرەب ئاھالىلار ئىچىدە تېز سۈرئەتتە تارقىلىشقا باشلايدۇ .

ھەنەفىيە مەزھىپى تەلىماتىدا ئىمانىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئارتىپ ياكى كېمىيىپ كېتىشى ياقلانمايدۇ ، خۇدانىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرۈش چەكلىنىدۇ . « قۇرئان كەرىم » قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى، دەپ قارىلىدۇ . سۈننەت مۇستەقىل مەنبە دەپ قارىلىپ ، بارلىق ھەدىسلەر ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈلىدۇ . ھەدىسلەرنىڭ ھەقىقەتەن تارقاتقۇچى ئىشەنچلىك زاتلار تەرىپىدىن تارقىتىلغانلىقى ئېنىق ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ . ئېنىق چارە ــ تەدبىر بەلگىلەنمىگەن بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىجمائ ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . ھەر قانداق ئىشەنچلىك دەپ قارالغان ماتېرىياللارمۇ قىياس ئۇسۇلىدا تەكشۈرۈپ كۆرۈلۈپ ، ئۇنىڭدىن مەنتىقىلىق خۇلاسە چىقىرىلغاندىن كېيىن ئاندىن بېكىتىلىدۇ . ئەگەر خۇلاسىلەرنىڭ نەتىجىسى پايدىسىز ياكى مەنىسىز بولۇپ چىقسا، ئۇنى ئىستىھسان ( تەرىپلەش ، ماختاش ) ئۇسۇلىدا ھەل قىلىنىدۇ .

ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، پەيدىنپەي ئىراق، سۈرىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق كۆپلىگەن ئەللەرگە تارقىلىدۇ . ئوسمان تۈركلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى قازىخانىلىرى ھەنەفىيە پىرقىسى تەلىماتى ئاساسىدا تۈزۈلگەن مۇناسىۋەتلىك دەستۇرلاردىن پايدىلىنىپ دەۋا ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ . ئەبۇ ھەنىفە ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئەبۇيۇسۇف يەئقۇب

( 795 - يىلى ۋاپات بولغان ) « كىتابۇل خىراج » ناملىق ئەسىرىدە ، مۇھەممەد شەيبانى ( 804 - يىلى ۋاپات بولغان ) « جامىئۇس سەغىر» ناملىق ئەسىرىدە ، خۇراسانى « جامىئۇر رومۇز» ناملىق ئەسىرىدە ، قۇدۇرى « ئەلمۇختەسەر » ناملىق ئەسىرىدە ھەنەفىيە تەلىماتلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردۇ . بورھانۇددىن ئەلى ئىبنى ئەبۇبەكر مەرغىلانى ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇ تۈزگەن « ھىدايە » ناملىق ئەسەر ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ قانۇنلار يىغىندىسى ۋە نوپۇزلۇق قامۇسى ھېسابلىنىدۇ . كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ ئەسەرگە كۆپلىگەن « شەرھ » لەر يېزىلغان .

16- ئەسىردە يەنە ھەنەفىيە مەزھىپى تەلىماتى بويىچە بارلىق دىنىي قانۇنلار توپلىنىپ، « مۇتلەقۇل ئەخبار » نامى بىلەن توپلەندى . ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ كىتاب فىقھ ئىلمى ساھەسىدىكى ئاساسى دەستۇرگە ئايلىنىپ ، ھەنەفىيە مەزھىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان رايونلاردىكى بارلىق قازىخانىلاردا قوللىنىلىدىغان بولدى .

ھەنەفىيە مەزھىپى ھازىرقى ۋاقىتتا ئەزەربەيجانلىقلاردىن باشقا بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ، ھىندىستان ، سۈرىيە ، ئىران ، ئىراق ، ئافغانىستان، تۇنىس، پاكىستان ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى كۆپ ساندىكى ئاھالىلار ئارىسىغا تارقالغان بولۇپ ، سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 3 دىن 2 قىسمى مۇشۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىدۇ .

**ھىشامىيە** ( 1 ) — **مۇئتەزىلەنىڭ** ھىشام ئىبنى ئەمر شەيبانى ( 833 - يىلى قازا قىلغان ) ۋەكىللىكىدىكى بىر تارمىقى . ھىشام بەسرەدە تۇغۇلغان . ئۇ دەسلەپ ئەبۇھۇزەيل ئەللافنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، كېيىن ئۇستازىدىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىرقىسىنى تەشكىل قىلىدۇ . ھىشام خەلىپە ئىبنى مەئمۇننىڭ زاماندىشى بولۇپ، بۇ دەۋردە تۈرلۈك غايىۋى پىكىر ئېقىملىرى روناق تېپىپ ، مۇئتەزىلەنىڭ ئوخشىمىغان تارماقلىرى شەكىللىنىدۇ .

هىشام ئىبنى ئەمر مۇئتەزىلەنىڭ باغداتتىكى يىغىلىشلىرىغا قاتنىشىپ ، مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئائىت بىر قىسىم نەزىرىيىۋي ئەسەرلەرنى يازدۇ .

هىشامىيە تەرەپدارلىرى ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە چەكتىن ئېشىپ ، هېچقانداق هەرىكەتنى خۇداغا باغلىق، دەپ قاراشمايدۇ . مەسىلەن، ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى هېچ ۋاقىت ئاللاھ بىرلىككە كەلتۈرمەيدۇ ، ئۇلار ئۆز ئىختىيارلىرىغا ئاساسەن بىرلىككە كېلىدۇ، دەپ ئېيتىشىدۇ . ئۇلار « قۇرئان كەرىم » نىڭ زاھىري مەنىسىنى تامامەن ئىنكار قىلىشىدۇ . هىشامنىڭ قارىشىچە، خۇدا ئەشيا ۋۇجۇدقا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى بىلەلمەيدۇ ، چۈنكى، پەيدا بولمىغان نەرسە توغرۇلۇق ئىلىمنىڭ ئالدىن شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس .

هىشامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، شەكىل ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تولۇق دەلىل بولالمايدۇ ( خۇددي دەريا يېرىلىپ ، مۇسا ئەلەيهىسساالامنىڭ تايىقىنىڭ يىلانغا ئايلانغانلىقى مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە دەلىل بولالمىغىنىغا ئوخشاش ) . ئاللاهنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى دەلىل مەهسۇس ( هېسسىي سېزىم بىلەن بىلگىلى بولىدىغان ) بولۇشى كېرەك . پەقەت هېس قىلغىلى بولىدىغان جىسىملارلا ئاللاهنىڭ مەۋجۇتلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ . شەكىللەر پەقەت نەزىرىيىۋي دەلىللەر ئارقىلىقلا مەلۇم بولىدۇ . ۋەهالەنكى نەزىرىيىۋي دەلىللەر ئۆزى يەنە باشقا دەلىل تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىشقا ئېهتىياجلىقتۇر ، دەپ قارىشىدۇ .

هىشامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىماملىق (خەلىپىلىك) پىتنە ـ پاسات ئەۋج ئالغان دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكى كۈچەيگەندىلا ئۇلارنىڭ دائىم خەلق غېمىدە بولىدىغان خەلىپە، ئىماملارغا بولغان ئېهتىياجى ئاشىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئىتتىپاقلاشماي ، يالغانچىلىق

قىلىپ، ئۆز ئىماملىرىنى ئۆلتۈرۈشسە، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ باشقا ئىماملارغا بەيئەت قىلىشى تامامەن ناتوغرا بولغان بولىدۇ. ھىشامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بۇخىل قاراشلىرىغا مۇئتەزىلەنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇبەكر ئەسەم قوشۇلماي، كىشىلەر ئارىسىدا ئەدل ۋە ئىنساپ ھۆكۈم سۈرسە ئىمامنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ھېچقانداق ئېھتىياج قالمايدۇ. ئەگەر زۇلۇم ۋە پىتنە ئەۋج ئالسا، ئۇ ھالدا ئىمامنىڭ بولمىقى زۆرۈردۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ.

ھىشامىيە تەرەپدارلىرى بېھىش بىلەن دوزاخنى ئەزەلىي، دەپ قاراپ، بېھىش بىلەن دوزاخنىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۇپۇرلۇقتا ئەيىبلەيدۇ. ئەمما، ھىشامىيەنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ۋارىسلىرى ئەجدادلىرىنىڭ بۇخىل قاراشلىرىغا شەك كەلتۈرۈپ، ئىلگىرىكى ئەقىدىلىرىدىن يېنىشقان. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ھىشام ئىبنى ئەمر ئۆز يېقىنلىرىغا مەخپىي ھالدا ئۆز مۇخالىپلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاشقا ئىجازەت بەرگەن. سۈننىي مەزھىپى ۋە مۇئتەزىلەنىڭ بەزى بىر تارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى ھىشامىيە تەرەپدارلىرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى راۋا، دەپ بىلگەن.

مۇئتەزىلەنىڭ داڭلىق ئىلاھىيەتشۇناسلىرىدىن ئەبۇسەھل ئەبباد ( 864 - يىلى قازا قىلغان ) ھىشامنىڭ سادىق مۇرىتلىرىدىندۇر. ھىشامىيە ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**ھىشامىيە ( 2 )** — رافىزىيە ۋە مۇشەببەھىيەگە تەۋە پىرقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھىشام ئىبنى ھەكەم ( 814 - يىلى قازا قىلغان ) ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسلى كۇفەلىك بولۇپ، كېيىن باغداتقا كۆچۈپ بارغان ۋە شىئەلەرنىڭ داڭلىق ئىلاھىيەتشۇناسلىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلغان. دىنىي تارىخچىلار ئۇنى كېيىنچە ھىشام ئىبنى سالىم جەۋالەيقى راۋاجلاندۇرغان مۇشەببەھىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، دەپ قارىشىدۇ.

مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھىشام ئىبنى ھەكەم خۇدانى ئادەم سىياقىدا قىياس قىلىپ ، ئۇنىڭ چوڭلىقى ئۆزىنىڭ غېرىچىدە يەتتە چىقىدۇ، دەپ قارىغان . ئىبنى راۋەندى ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدە ھىشامنىڭ قاراشلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ھىشامنىڭ قارىشىچە ئاللاھ بىلەن ھېس قىلىنغۇچى جىسىملار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئورتاقلىق مەۋجۇت ، ئۇنداق بولمىغاندا بۇ نەرسىلەر خۇدانىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن دالالەت بېرەلمىگەن بولار ئىدى، دەپ يازىدۇ .

ھىشام ئىبنى ھەكەم دەسلەپتە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ ئىماملىقىنى قوبۇل قىلغان . ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغاندىن كېيىن مۇسا ئىبنى جەئفەرنىڭ ئىماملىقىغا ئۆتكەن . ئۇ ئىماملارنى ھەرقانداق گۇناھدىن خالىي، دەپ قارايدۇ ، ئەمما پەيغەمبەرلەرنى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇش ئېھتىمالىغا ئىگە، دەپ ھېسابلايدۇ . ئۇنىڭ پىكرىچە، پەيغەمبەرلەر گۇناھ ئۆتكۈزسە، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق ئۇنىڭغا يولدىن ئاداشقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ . ئىماملارغا بۇنداق خەۋەرلەر يەتكۈزۈلمەيدۇ . شۇڭا، ئىماملار چوقۇم ھەرۋاقىت گۇناھ سادىر قىلىشتىن يىراقتا بولۇشلىرى كېرەك . ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەدر ئۇرۇشى ئەسىرلىرىدىن ئۈچ ئېلىشتا گۇناھ سادىر قىلغان، ياراتقۇچى ئۇنىڭ بۇ گۇناھىنى كەچۈرگەن . ھىشام مۇسا ئىبنى جەئفەر قازا قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى خۇدا، دەپ ئېلان قىلىدۇ . « ھۇررۇل ئەين » نىڭ ئاپتورى ھىشامنى بۇخىل قىلمىشى ئۈچۈن قەتئىيە تەرەپدارى، دەپ ئاتايدۇ . تارىخچىلاردىن باغدادى بۇخىل پىكىرنى رەت ئېتىپ ، ئۇنى ئەشئەرىگە ئوخشاشلا رافىزىيە تەرەپدارى، دەپ ھېسابلايدۇ . بەزى مەنبەلەردە ھىشام ئىماملارنى ئېتىراپ قىلىدۇ ، ئەمما ئىماملار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرمۇ گۇناھ سادىر قىلىشى مۇمكىن، دېگەندەك سۆزلىرىگە ئاساسەن ئۇنى كۇپۇرلۇقتا ئەيىبلەيدۇ .

ھىشامىيە تەرەپدارلىرى ئاللاھنى ئۇزۇنلۇق ، كەڭلىك ، چوڭقۇرلۇققا ئىگە جىسىم، دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە،

خۇداۋەندى كېرىم يومۇلاق مەرۋايىتتەك پارقىرايدىغان نۇردۇر. ئۇ رەڭ، پۇراق، تەم ۋە تېگىش سېزىمى قاتارلىق ئەزالار ئارقىلىق سېزىلىشچاندۇر. ئەمما، ئۇنىڭ رېڭى ۋە پۇرىقى مۇئەييەنسىزدۇر. ھىشامىيە تەرەپدارلىرى ماكان ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇ ئاللاھنىڭ تەۋرىشى ياكى ھەرىكىتىدىن كېيىن ۋوجۇتقا كەلگەن، جىسىملار ساناقسىز تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن، روھ ۋە تەندىن تەركىپ تاپقان ئادەمدە تەن چىرىپ يوقىغۇچى جىسىمدۇر، ئەمما روھ (جان) دەرك ئەتكۈچى نۇردۇر. زېمىن بىلەن تەبىئەت ئۆزىگە خاس تۈرلۈك ئۇنسۇرلارغا ئىگە، بۇ ئۇنسۇرلار ئۆز- ئارا تاناسىپلىق ۋە مۇۋازىنەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىر خىل تەبىئەت ئىككىنچى بىر تەبىئەتنىڭ كۈچىيىشىدىن زەئىپلىشىدۇ ۋە يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەبىئەتنىڭ زەئىپلىششى ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، زېمىن چۆكۈپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھىشامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ئەزەلدىن ئەشيالارنىڭ ئالىمى ئەمەس. ئۇ ۋۇجۇدقا كەلگەن نەرسىلەردىن ئىلىم ئارقىلىق ئاگاھ بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھنىڭ ئىلمىنى ئەزەلدىن مەۋجۇت ياكى كېيىن يارىتىلغان، دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئىلىم سۈپەت بولۇپ، سۈپەتنى قايتا سۈپەتلەشكە بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئىلىم ئاللاھنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، تەركىبىمۇ ئەمەس، ئۆزىدىن باشقا نەرسىمۇ ئەمەس. ھىشامىيە تەرەپدارلىرى يەنە ئاللاھنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە توختىلىپ، ئەگەر ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئاگاھ بولۇپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنى سىناش، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش ياكى جازالىشى ناتوغرىدۇر، دەپ قارايدۇ. ھىشامىيە تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئاللاھنىڭ ئىككى سۈپىتى- قادىر ۋە تىرىك ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە بەزى ئىختىلاپلارمۇ مەۋجۇت. بەزىلەر ئاللاھنى ئەزەلدىنلا تىرىك ۋە قادىر، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بۇنداق قاراشنى ئىنكار قىلىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نى يارىتىلغانمۇ- يارىتىلمىغانمۇ ئەمەس، ئەزەلىيمۇ

ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، تەركىبلەر ئۆز ئىچىدىن چەكسىز جىسىملارغا بۆلۈنىدۇ، پەقەت ئارىلىق جەھەتتىن ئۇلار مەلۇم چەككە ئىگىدۇر. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**ھىشامىيە** (3) — رافىزىيە، ئىمامىيە ۋە مۇشەببەھىيەگە تەۋە تارماقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھىشام ئىبنى سالىم جەۋالىقى (8 - ئەسىر) ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلىدۇر. بەزى مەنبەلەردە مەزكۇر تارماق جەۋالىقىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ تارماقتىكىلەر ئاللاھنى ئىنسان شەكلىدە، ئەمما ئىنسانغا ئوخشاش جىسمى (بەدىنى)، قېنى ۋە گۆشى يوق، ئۇ ئۆزىدىن ئاق نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، بەش خىل سېزىم ئورگىنى (قول - پۇت، بۇرۇن، قۇلاق، كۆز ۋە ئېغىز) غا ئىگە، ئۇ كۆرەلمەيدىغانلارنى ئاڭلىيالايدۇ، ئاڭلىيالمايدىغانلارنى كۆرەلەيدۇ. باشقا سېزىملىرىمۇ ئەينەن يوقىرىدىكىگە ئوخشايدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئاللاھ بىرەر نەرسىنى بىلىشنى ئىستىسە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە نەتىجىدە ئۇ نەرسە ئەمەلىيلىشىدۇ. ھىشامىيە تەرەپدارلىرى بەندىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنىمۇ جىسىم، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتى بويىچە جىسىمسىز مەۋجۇدىيەت بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۇلار **شەيتانىيە** تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش پىكىردىدۇر. رافىزىيەنىڭ ئىككى نەپەر يىرىك ۋەكىلى - ئابدۇلمەلىك خەزرامى ۋە ئەلى ئىبنى ھەيسەم خۇدانىڭ ئىرادىسى ھەرىكەتتىن ئىبارەتتۇر، دېگەن مەسىلىدە ھىشامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشقان. بۇ تارماق ھازىرقى ۋاقىتتا پائالىيەتتىن توختىغان.

**ھىمارىيە — ھۇلۇلىيە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تەرەپدارلىرى مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىشقان. ئۇلار مۇئتەزىلەنىڭ قەدەرىيەچىلىرى تەلىماتىغا قايىل بولۇپ، **خابىتىيە**دىن تەناسۇخ نەزەرىيىسى، ئەبباد ئىبنى سۇلايماندىن روھنىڭ ھايۋانلارغا كۆچىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلارنى قوبۇل قىلىشقان. ئەمما، دىنىي ۋە شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەردە ئۆزگىچە قاراشلارغا ئىگە.

مەسىلەن، ئۇلار ھالال ۋە ھارام مەسىلىسىدە شارابنى ئاللاھ ياراتمىغان ، ئاللاھ ھېچقاچان گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىنى ياراتمايدۇ . شارابنى مەيپۇرۇش تەييارلايدۇ ، ئۇ بىرەر گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى تەييارلىغۇچىغا ئارتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئادەملەرمۇ بەزى جانىۋارلارنى يارىتىشقا قادىرئىكەن، يەنى بىر پارچە گۆشنى توپىغا كۆمسە ياكى ئاپتاپقا قويسا ئۇنىڭدىن قۇرۇت پەيدا بولىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، زالىملار قازا قىلسا، ئۇنىڭ روھى تۆت پۇتلۇقلارغا ياكى چاشقانغا كۆچۈپ كىرىدۇ . قازا قىلغان ياخشى مۆئمىنلەرنىڭ روھى پەرھىزكار ئادەملەرگە كۆچىدۇ. مەزكۇر پىرقە توغرۇلۇق كۆپلىگەن تارىخچىلار ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرمىغان . بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**ھۇببىيە — ھەببىيەگە قاراڭ .**

**ھۇرەيرىيە — راۋەندىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئەبۇ ھۇرەيرە راۋەندى ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . تارىخچىلاردىن ئابدۇلقاھىر باغدادى ۋە مۇھەممەد شەھرىستانى ھۇرەيرىيە تەرەپدارلىرىنى ھەقىقىي ئاباسىيلار، دەپ ئاتىشىدۇ . چۈنكى، ھۇرەيرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، خەلىپىلىك ئاباسىيلارغا ئەبۇھاشىمنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئەمەس ، بەلكى قانداشلىق نەتىجىسىدە نېسىپ بولغان . شۇڭا، ئۇلار ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنى يوشۇرۇن - ئاشكارا ئۇسۇللار بىلەن قوللاپ ، ئاباسىيلار جەمەتىگە ئائىت نۇرغۇن مۇبالىغە خاراكتېرلىك سۆزلەرنىمۇ ئېيتىشقانىكەن . مەنبەلەردە خەلىپە مەھدى بىلەن ھۇرەيرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قانداق بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىرى بارلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ . ئەمما، تارىخچىلار تەخمىن بىلەن مەھدى ئاباسىيلارنىڭ خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىشتا قانۇنلۇق ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھۇرەيرىيە تەلىماتلىرىدىن كەڭ دائىرىدە پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىشىدۇ . ھۇرەيرىيە تەرەپدارلىرى ئەبۇمۇسلىمنى ئۆزلىرىنىڭ

مەنىۋى داھىيسى دەپ قاراشقان . بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

**ھۇزەيلىيە ـــ مۇئتەزىلەنىڭ** ئەللاف لەقىمى بىلەن داڭق چىقارغان ئەبۇھۇزەيل مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەھكۇل (749 - 849) ئاساس سالغان بىر تارمىقىدۇر . ئۇ ئوسمان ئىبنى خەلىدنىڭ شاگىرتى بولۇپ ، بەسرەدىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىكەن . ھاياتىدا مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى 60 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان . تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە تولاراق يەھۇدى دىنى ، خرىستىئان دىنى ، زەردۇشت دىنى ۋە ئىسلام پىرقىلىرىدىن **مۇشەببەھىيە** ، **جەبەرىيە** ، **مۇرجىيە** قاتارلىقلارنىڭ تۈرلۈك كۆز قاراشلىرىنى تەھلىل قىلىپ ، ئۇلارنى رەت ئەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلىدۇ . مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، مۇئتەزىلەنىڭ بەزى ۋەكىللىرى ئەبۇھۇزەيلىنىڭ قىسمەن قاراشلىرىغا قوشۇلماي ، ئۇنى تەنقىد قىلىشقان، يەنى مۇئتەزىلە ۋەكىللىرىدىن ئەبۇمۇسا مۇردار ۋە جۇببائىي قاتارلىقلار ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەقىدىلىرىنى رەت قىلىپ ، مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان، **ھەربىيە** تارمىقىنىڭ ئاساسچىسى جەئفەر ئىبنى ھەرب « تەۋبېھۇ ئەبۇھۇزەيل » نامىدا كىتاب يېزىپ ، ئۇنى دەھرى، دەپ ئەيىبلىگەن .

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىدىن مۇھەممەد شەھرىستانى ئەبۇھۇزەيلىنىڭ تەلىماتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ، ئۇنىڭ ھەر قايسى مەسىلىلەردە باشقا مۇئتەزىلەچىلەردىن پەرقلىنىدىغا قاراشلىرىدىن ئون نۇقتىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ . ئابدۇلقاھىر باغدادىمۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىنى دەھرىيلەر ۋە دىندىن ئازغانلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ .

ئەبۇھۇزەيل ئالدى بىلەن شەرھلىگەن مەسىلە ماددىي ئالەمدىكى قۇدرەت ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ يوقىلىشچانلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشتۇر . ئۇنىڭ پىكرىچە، مەخلۇقات ( يارىتىلغان جىمى مەۋجۇدىيەت ) يوقالغان ھامان ياراتقۇچىمۇ بارلىق قۇدرەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بېھىشتىكىلەرنىڭ پاراغىتىمۇ،

دوزاختىكىلەرنىڭ ئازابىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە ۋە تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈشىگە زۆرۈرىيەت قالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىنى باغدادى **جەھمىيە** تەرەپدارلىرىنىڭ بېھىش ۋە دوزاخنى ئىنكار قىلىدىغان قاراشلىرىدىنمۇ خەتەرلىكرەك، دەپ قارايدۇ.

ئەبۇھۇزەيل كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن ئىككىنچى مەسىلە ئاخىرەتتىكىلەرنىڭ ئەمەلى ( ئاخىرەتتىكىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ، ھاياتى ) گە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇ ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ قەدەرىيە ئېقىمىدىكىلەرنىڭ قاراشلىرىنى ، ئۇ دۇنيادىكى ھاياتقا ئائىت مەسىلىلەردە جەبەرىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ياقلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بېھىشتىكىلەر يەپ — ئىچىشكە، دوزاختىكىلەر بولسا سۆزلەپ ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇردۇر، ئۇلاردا ئىرادە ئەركىنلىكى بولمايدۇ. ئەبۇھۇزەيلنىڭ پىكرىچە، بۇ دۇنيادا يولدىن ئازغانلار ۋە دىنسىزلار مەۋجۇت ئەمەس ، ھەتتا مۇسۇلمان ئەمەسلەرمۇ نۇرغۇن جەھەتتىن ئاللاھقا پەرمانبەرداردۇر.

ھۇزەيلىيە تەرەپدارلىرى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئۇنىڭ ئەينى ( ئەسلى) دەپ قاراپ ، ئاللاھنىڭ كالامىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، كالامنىڭ بىر قىسمى مەھەل ( ماكان ) گە مۇھتاجدۇر. يەنە بىرقىسمى بولسا مەھەلگە موھتاج ئەمەستۇر، يەنى ئاللاھنىڭ « تەكۋىن » ( يارىتىش ) دېگەن كالامى ( سۆزى ) ھادىس ( يارىتىلغان ) بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ مەھەلگە موھتاج ئەمەس . شۇڭا، ئۇ بىر ئۇقۇم شەكلىدىلا مەۋجۇت بولۇپ ، جىسىم شەكلىدە كۆرۈلمەيدۇ. ئەكسىنچە « ئادەمى » دېگەن كالامى مەھەلگە موھتاج بولغاچقا ، ئۇقۇم بولغاندىن سىرت يەنە جىسىم شەكلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ كالامى ئەسلىدە بىر خىل شەكىلدۇر، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىمۇ ئەزەلىي ئەمەس . شۇ ۋەجىدىن ئىنساننىڭ ئىرادىسىمۇ ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە . تەكۋىن ئەبۇھۇزەيلنىڭ قارىشىچە خۇددى

پەلەكتىكى ئەقىلگە ئوخشاشلا ئاللاھ بىلەن مەخلۇقاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

ئەبۇھۇزەيل پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ئايەت، ئۇلارنىڭ مۆجىزىكارلىقى ۋە باشقا سىرلىرىنى ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىرادە ئەركىنلىكى بىلەن قەلبتىكى ئىنتىلىش ئوتتۇرىسىغا چەك قويىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان مەرىپەت زۆرۈر ۋە بىۋاسىتە بولغان دەرك ئېتىش، دەلىل ھەم پاكىتلار، يەنى مەنتىقلىق يوللار ئارقىلىق ھاسىل بولغان مەرىپەت ۋاستىلىق دەرك ئېتىشتۇر. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشى كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، مەرىپەتنىڭ بىرنەچچە خىل شەكلى (ئىلمىي، تەخمىنى، ۋاستىلىق، بىۋاسىتە دېگەندەك) ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئىماملىقتا ئائىت مەسىلىلەردە ھۇزەيلىيە تەرەپدارلىرى **ھاشىمىيە** تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، ئەلىنىڭ ئىماملىقىغا قايىلدۇر. ھۇزەيلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆزگىچە تۇرلۇك تەشەببۇسلىرى مۇئتەزىلە تەلىماتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خىلمۇ-خىل پەلسەپىۋي ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا خېلى كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ھۇزەيلىيە ھازىرقى ۋاقىتتا بىر مۇستەقىل تارماق سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس.

**ھۇسەينىيە — خارىجىيە**نىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەنسۇر (مەنسۇرىيەنىڭ ئاساسچىسى) نىڭ ئوغلى ھۇسەين تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان. ئۇ دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن دادىسىغا ئوخشاشلا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان. تارىخچىلاردىن مۇسا نەۋبەختىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھۇسەينىيە تەرەپدارلىرى ئۆز ئەقىدىلىرىنىڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن، ھۇسەينگە مال-مۈلۈك توپلاپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھۇسەينىيە خەلىپىلىكتە خېلى كەڭ تەسىرگە ئىگە

تارماقلاردىن بىرى بولۇپ قالغان. خەلىپە مەھدى كېيىن بۇ تارماقنىڭ زورىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھۆسەيننى دارغا ئاسقان ۋە ئۇنىڭ بارلىق تەرەپدارلىرىنى خەلىپىلىك تەۋەسىدە تەقىب قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

بەزى مەنبەلەردە ھۆسەيىنىيە تەلىماتلىرى چەكتىن ئاشقان، دەپ قارىلىدۇ. ھۆسەيىنىيە تەلىماتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىدىن بولغان ھەرقانداق بىر شەخس خۇدانى تونۇغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنى ئىمام، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولىۋېرىدۇ. بەندىلەرنىڭ قىلمىشلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قۇدرەت ۋە ئىقتىدار ھەرىكەتتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئىماندىكى قۇدرەت ھەركىمنىڭ تۇتقان يولى، ئۇنىڭ ئېتىقادنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، پەزىلەتلىرى ۋە ئېھسانى، توغرا يولدا مېڭىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتىكى قۇدرەت بولسا يولدىن ئېزىش، يالغانچىلىق قىلىش، گۇناھ ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. ئاللاھنىڭ كالامى ئەزەلىي بولماستىن كېيىن يارىتىلغاندۇر، دەپ قارىلىدۇ. بۇ تارماقتىكىلەر تەۋھىد مەسىلىسىدە مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولغان. مەزكۇر تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**ھۆكمىيە — مۇھەككىمىيەگە قاراڭ.**

**ھۇلمانىيە — ھولۇلىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ، ئەبۇھۇلمان دەمەشقى ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسلى ئىرانلىق بولۇپ، ھەلەبدە ياشىغان ۋە دەمەشقتە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئىكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن خۇدانىڭ چىرايلىق شەخسلەرگە ھولۇل (كۆچۈپ كىرىدىغانلىقى) قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇڭا، بۇ تارماق تەرەپدارلىرى چىرايلىق كىشىلەرگە ئاللاھ ھولۇل قىلغان دەپ قاراپ، ئۇچرىغانلا يەرلەردە ئۇلارغا سەجدە قىلىشىدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئەبۇھۇلمان ئىباھە (ھالاللىق)

تەرەپدارى بولۇپ ، ئۇكىمكى ئاللاھنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش تولۇق چۈشىنەلىسە ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش ھارام ھېسابلانمايدۇ ، كۆڭلى خالىغان ھەرقانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانسا بولىۋېرىدۇ، دەپ قارىغان .

ئابدۇلقاھىر باغدادى بۇ تارماققا ئائىت مەلۇماتلىرىدا ئۆزىنىڭ ھولمانىيە تەرەپدارلىرىدىن بىرىنى ئۇچراتقانلىقىنى ،ئۇكىشىنىڭ خۇدا ئۆزىنى ئادەملەر جىسمىغا ھۇلۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى، چۈنكى ئادەم گۈزەللىكتە مىسلىسىز يارىتىلغان، دەپ ئېيتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ . بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان .

**ھۇلۇلىيە** — ئىلاھىي نۇرنىڭ پەيغەمبەرلەر ، ئىماملار ۋە ئايرىم شەخسلەرنىڭ تېنىگە كۆچىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بەزى شىئە پىرقىلىرى بىلەن ئىنسان روھىنىڭ پاكلىنىش نەتىجىسىدە مۇتلەق ھەقىقەت بىلەن بىرلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان سوپىستىك تارماق ئېقىملىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئاتىلىشى . بۇ ئاتالغۇ ھېكمەت ۋە كالام ئىلمىدە ماددا بىلەن شەكىلنىڭ ، روھ بىلەن تەننىڭ ، ئەقلىي فەئال ( كائىناتتىكى بىر پۈتۈن ئەقىل ) بىلەن ئىنسانىي ئەقىلنىڭ بىرلىشىپ ، بىرگەۋدىگە ئايلىنىشى مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ . شىئە مەزھىپى ۋە سوپىزمنىڭ نۇرغۇن نەزىرىيىچىلىرى يۇقىرىدىكىدەك قاراشلارنىڭ ئاساسىي تەرغىباتچىلىرى بولغاچقا سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ .

تەسەۋۋۇپتا ھۇلۇلغا ئائىت قاراشلار ۋەھدەتى ۋۇجۇت ( يەككە بارلىق ) نەزىرىيىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا سالىك ( تەسەۋۋۇپ يولىدا ماڭغۇچى ) مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن ، ئىلاھىي زاتنى قانچىلىك چوڭقۇر دەرك ئەتسە ، ئۆزىنى مەرىپەت ئوبيېكتىدە شۇنچىلىك يوقىتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى بىر

گەۋدىگە ئايلانغان ، ئايرىملىق ھالىتىدىكى « مەن » بىلەن
ئومۇمىي گەۋدىدىكى « مەن » نىڭ بىرلىشىشى تولۇق تاماملانغان
بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ . ئەلۋەتتە بۇ خىل قاراشنى سوپىستلارنىڭ
ھەممىسى قوبۇل قىلىشقان، دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ . سوپىزمنىڭ
دەسلەپكى دەۋرىدىكى ۋەكىللىرى بۇنداق قاراشلاردىن ئاساسەن
يىراقتا ئىدى . مەسىلەن، قۇشەيرى ۋە غەززالى قاتارلىقلارنى
شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . ئەمما، مەنسۇر
ھەللاجدىن تارتىپ تاكى ئىبنى ئەرەبىگىچە بولغان سوپىلارنىڭ زور
كۆپچىلىكى ھولۇل ئەقىدىسىگە سادىق بولۇپ ، سالىكلارنىڭ
ئىلاھىي زات بىلەن تولۇق بىرلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقلىرىغا شەك
كەلتۈرۈشمەيدۇ .

شىئە مەزھىپىگە تەۋە بەزى چەكتىن ئاشقان پىرقىلەرنىڭ
ئىماملارنى « ئىلاھىي جۈز» دەپ قارىشىمۇ ماھىيەت جەھەتتە
سوپىزمنىڭ يوقىرىدىكىدەك ئەقىدىلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ .
شۇڭا، شىئە مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرى، بولۇپمۇ بۇ مەزھەپكە تەۋە
بەزى چەكتىن ئاشقان پىرقىلەر تەلىماتىدا ھولۇل نەزەرىيىسى
ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن، **رافىزىيە** ، **بەيانىيە** ، **جەناھىيە** ،
**خەتتابىيە** ، **نۇمەيرىيە** ، مۇقەننەئىيە ، **بەركوكىيە** ، **ھۇلمانىيە** ،
**ئەزافىرىيە** ۋە **خۇررەمىيە** قاتارلىق پىرقىلەرنىڭ ھەممىسى ھولۇلغا
ئائىت قاراشلارنى ئۆز تەلىماتلىرىدا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئەكس
ئەتتۈردۇ . **سەبائىيە** تەرەپدارلىرى ئىلاھىي روھ ئەلىگە ھولۇل
قىلغان، دەپ قارىسا، **بەيانىيە** تەرەپدارلىرى ئىلاھىي روھ پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ، ئەلى ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ھەنەفىگە ،
ئۇنىڭدىن ئوغلى ئەبۇھاشىمگە ، ئۇنىڭدىن ئىبنى سەمئانگە كۆچۈپ
كىرگەن، دەپ ھېسابلايدۇ . **خەتتابىيە** تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە،
ئىلاھىي روھ جەئفەر سادىققا ، ئۇنىڭدىن ئابدۇلخەتتاب ئەسەدگە
كۆچكەن . **شەرىئىيە** ۋە **نۇمەيرىيە** تەرەپدارلىرى بولسا، ئىلاھىي روھ
مۇھەممەد پەيغەمبەر ، ئەلى ، فاتىمە ، ھەسەن ۋە ھۈسەيندىن ئىبارەت

بەش زاتقا ھولۇل قىلغان، دەپ قارايدۇ. **مۇسلىمىيە** تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىلاھىي روھ مۇھەممەد پەيغەمبەر، ئەلى، ئۇنىڭدىن قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلى سەففاھ، ئۇنىڭدىن ئەبۇمۇسلىمغا كۆچكەن. يوقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، شىئە مەزھىپىنىڭ ھەرقايسى پىرقىلىرى تەلىماتىدىكى ھولۇل نەزىرىيىسىدە مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئېتىقاد ھەممىسىدە ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. شىئەلەرنىڭ ئىماملىققا ئائىت تەلىماتلىرىدىكى ئىماملار ھەرقانداق گۇناھدىن، خاتالىق سادىر قىلىشتىن خالىي بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا سۆزسىز بويسۇنۇش كېرەك، دېگەن قاراشلارمۇ ئىماملارغا ئىلاھىي روھنىڭ ھولۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېتىقادلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

**ئۇبەيدىيە** ــــ مۇرجىيەنىڭ ئۇبەيد مۇكتەئىب ۋەكىللىكىدىكى بىر تارمىقى بولۇپ، تەرەپدارلىرى خۇدا شېرىك (كۆپ خۇدالىق) تىن باشقا ھەرقانداق گۇناھنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئەگەر مۆئمىن شاھادەت سۆزىنى تىلغا ئېلىپ، تۆۋۋا قىلسا، ئۇنىڭ ھەرقانداق چوڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئۇبەيدىيە تەرەپدارلىرى خۇدانى ئادەم سىياقىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ، كىمكى خۇدا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ئۇ ھەرقانداق چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولسىمۇ يەنىلا مۆئمىن ھېسابلىنىدۇ، دەپ تەكىتلىشىدۇ. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**ئۇسۇلىيە** ــــ شىئەلەرنىڭ دىنىي ۋە قانۇنىي مەسىلىلەردە فەقىھلەر ۋە مۇجتەھىد[1] لەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئىجمائ ۋە قىياس ئاساسىدا ئېتىراپ قىلىدىغان بىر قىسىم گۇرۇھلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇ دىنىي ئىلىم ـ دىنىي ئۇسۇل[2]، ھەدىس ئۇسۇلى ۋە

---

[1] مۇجتەھىد ــ دىنىي ئىلىمدە ۋايىغا يەتكەن ئالىم.

[2] ئۇسۇل ــ ئەسل سۆزىنىڭ كۆپلىكى بولۇپ، مەلۇم ئىلىمنىڭ ئاساسىنى تەشكىل ئەتكۈچى مۇھىم تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇسۇل ئىلمى ــ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ۋە توپ پىرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى پەندۇر.

فىقھ ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. دىنىي ئۇسۇل ئىسلام ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر تەركىبىي بولۇپ، تەۋھىد، ئىلاھىي ئەدل، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى، ئاخىرەت ۋە ئاخىرەتكە بولغان ئېتىقاددىن ئىبارەت بەش ئاساسىي ئەسلىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەيلى شىئە ياكى سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئۈچۈن بولسۇن، بىردەك ئېتىراپ قىلىنىدىغان تەرەپلەردۇر. ئەمما، شىئەلەر ئۇنىڭغا ئىمامەت نامى بىلەن يەنە بىر ئەسل قوشۇپ، ئەسلىنىڭ سانىنى ئالتىگە يەتكۈزگەن. فىقھ ئۇسۇلى ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئائىت ئىلىم بولۇپ، ئۇنى دىرايەت (زىرەكلىك) ئىلمى نامى بىلەن ئاتاشمۇ ئادەتكە ئايلانغان. ئۇسۇل خاھىشىدىكى ئىلاھىيەتشۇناسلار ۋە فەقىھلەر ئاللاھنىڭ مەرىپەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يېگانىلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەقلى تەپەككۇر يولى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان بارلىق مەسىلىلەرنى يوقىرىدىكى ئەسللەرگە تەئەللۇق، دەپ قارايدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس دىنىي ۋە ھەدىس ئۇسۇللىرىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، يەنى بۇ ئىككى ئۇسۇلغا تەئەللۇق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەل قىلىنىدۇ. ئەمما، فىقھ ئۇسۇلىغا تەۋە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىن جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئۇسۇل خاھىشىدىكى فەقىھلەر ئىجمائ ۋە قىياستىن پايدىلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرى فىقھ ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ئائىت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا پىكىردە چېچىلاڭغۇ بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ. مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاش، ئىشەنچلىك ھۆكۈم چىقىرىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىش بىلەن ئىسلامنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ۋە قانۇنشۇناسلىرى شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەر ئاساسىدا، شۇنداقلا

ئىجمائ ۋە قىياس قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئۆلچەپ چىقىپ، ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئۈستىدە تېگىشلىك خۇلاسىلەرنى چىقىرىدۇ. فىقھ ئىلمىدىكى بەزى ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە سۈننىي مەزھىپى فىقھ مەسىلىلىرىدە ھەنەفىيە، مالىكىيە، شافىئىيە ۋە ھەنبەلىيەدىن ئىبارەت تۆت فىقھى مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە فەقىھلەر ئاساسەن شەرىئەت مەسىلىلىرى تەتقىقاتى بىلەن قانۇن ساھەسىدىكى كونكرېت مەسىلىلەر تەتقىقاتىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. تەتقىقاتنىڭ ئىنچىكىلىشىشى ۋە كەسپىي دائىرىنىڭ ئايرىلىشى نەتىجىسىدە فەقىھلەر مۇجتەھىدلەر بىلەن مۇقەللىد (تەقلىدچى) لەردىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. مۇجتەھىدلەر شەرىئەت ۋە قانۇنغا دائىر ئومۇمىي خاراكتېرلىك مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە پەتىۋا چىقىرىشقا، مۇقەللىدلەر بولسا كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە فەقىھلەر بۇ ساھەدىكى قابىلىيىتىگە قاراپ، ئالىي، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەندىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن. ئالىي دەرىجىلىك فەقىھلەر مۇتلەق مۇجتەھىدلەر، دەپ ئاتالغان، بەزى دىنىي ئېقىملارنىڭ قۇرغۇچىلىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى ھەل قىلغۇچىلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك فەقىھلەردىن بولۇپ، ئۇلار مۇناسىپ مۇجتەھىدلەر نامى بىلەن ئاتالغان. تۆۋەن دەرىجىلىكلەر قانۇنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ھازىر سۈننىي مەزھىپىدە فەقىھلەر دەرىجىگە ئايرىلمايدۇ. ئەمما، شىئەلەردە ھازىر ئىمام (تىرىك ئىمام) مۇتلەق مۇجتەھىد ياكى ھۆججەتۇل ئىسلام دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرى ھەممىگە ۋاجىپ ھېسابلىنىدۇ.

شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەرنىڭ فىقھ ئۇسۇلى جەھەتتىكى قاراشلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك پەرقلەنگەن: شىئەلەر سۈننىيلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ھەم ئەلىگە تەڭ نىسبەتلەشتۈرۈلىدىغان ھەدىس ۋە پاكىتلارنىلا شەرىئەت ۋە فىقھ ئىلمىنىڭ مەنبەلىرى، دەپ قارىشىدۇ. شۇڭا،

شىئەلەرنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىقى ۋە فىقھ ئىلمى تولاراق **جەئفەرىيە** تەلىماتلىرىغا ئاساسلىنىدۇ .

ئىسلامنىڭ فىقھ ئىلمىدە خەلىپىلىك ياكى ئىماملىق تۈزۈمى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي غايىسى قىلىنىدۇ . سۈننىيلەردە خەلىپىلىككە ئائىت نەزەرىيە ۋە شىئەلەردە ئىماملىققا ئائىت نەزەرىيە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىلا قانۇنىي جەھەتتىن پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە فىقھ ئىلمى ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى مەسىلىلەرنى شىئە مەزھىپى قانۇنچىلىرىمۇ ئىجمائ ۋە قىياس ئۇسۇلىدا شەرھلەپ، ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشقان . بۇلاردىن ئۇسۇل خاھىشىدىكى فەقىھلەر ئارىسىدا نۇرغۇن مەسىلىلەردە كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ھازىر ئىماملىق شەكلىنى ساقلاۋاتقان مۇسۇلمان ئەللىرىدە ئۇسۇلىيە تەلىماتلىرى يەنىلا ئىشلىتىلمەكتە .

**ئۇشرىيە** — راشىدىيەگە قاراڭ .

**ئۇمەيرىيە** — ئىجلىيەگە قاراڭ .

**ئۇمرەۋىيە** — ئىجلىيەگە قاراڭ .

**ۋاسىلىيە** — **مۇئتەزىلە**نىڭ ۋاسىل ئىبنى ئەتا (699 - 748) ئاساس سالغان بىر تارمىقى . ئۇ بەسرەدىكى مۇئتەزىلە تەرەپدارلىرىنىڭ يېتەكچىسى ھەسەن بەسرى (642 - 728 ) نىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان. كېيىن ئۇستازى بىلەن بەزى مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشىپ ، ئەمر ئىبنى ئۇبەيد بىلەن بىرگە بەسرەدە مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ يېڭى ئېقىمىنى تەشكىللەيدۇ . ئۇلار ئىلاھىيەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ، كالام ۋە ئۇسۇل ئىلمى ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازىدۇ . ۋاسىل ئەسەرلىرىدە مەرىپەت ۋە ئۇسۇلغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ دائىرىدە توختىلىپ ، يېڭى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئۇنىڭ قاراشلىرى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ كالام ئىلمىگە ئاساس بولىدۇ .

ۋاسىلنىڭ تەلىماتلىرىدا تۆت مەسىلە نۇقتىلۇق ئورۇندا تۇرىدۇ : 1 ) ئاللاھنىڭ ئالىم ، قادىر سەمەد دېگەن سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش . 2 ) ئىرادە ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش . بۇ قاراش كېيىنچە **جەبەرىيە ۋە قەدەرىيە** ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولغان . 3 ) ئىمان بىلەن كۇپۇرلۇقنىڭ ئارىلىقىدا ئوتتۇرانچى ھالەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش . ۋاسىلنىڭ قارىشىچە، چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلار مۇئمىنمۇ ، دىنسىزمۇ ھېسابلانمايدۇ . ئۇ ئوتتۇرانچى ھالەتتە، يەنى ئىككى مەنزىل ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالغۇچىدۇر . بۇ خىل قاراش مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ بىر مۇستەقىل ئېقىم سۈپىتىدە پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولغان . 4 ) كىشىلەرنىڭ ئەسھابى جەمەل ( ئائىشە ، تەلھە ، زۇبەير ) ۋە ئەسھابى سىففىن ( مۇئاۋىيە ، ئەمر ئىبنى ئاس ) قاتارلىقلارنىڭ ئەلى بىلەن بولغان جەڭدە ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرى توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى ۋە ئىختىلاپلىرىنى ھەل قىلىش . ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇ مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلارنى ۋاسىل باشقا فەقىھلەرگە قارىغاندا ياخشى ھەل قىلغان .

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ۋاسىل ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن غەربىي رايونلار ، خۇراسان ، يەمەن ، ئەلجازاھىر ، ئەرمەنىستان قاتارلىق جايلارغا شاگىرتلىرىنى ئەۋەتىپ، تەرغىبات بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇلار ئۆز تەشۋىقاتلىرىدا ئۇمەۋىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ ، ئۇمەۋىيلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان .

**ۋاقىفىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ ، تەرەپدارلىرى شىئەلەرنىڭ يەتتىنچى ئىمامى مۇسا ئىبنى جەئفەر كازىمنىڭ ئىماملىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ ۋە ئۇنى ئاخىرقى ئىمام، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئالتىنچى ئىمام جەئفەر سادىق ئىماملىقنى ئوغلى مۇساغا قالدۇرغان، مۇسا ئۆلمىدى ، ئۇ مەھدى ( ۋاقىتلىق غايىب بولغان ) ئىمامدۇر . ۋاقىفىيە تەرەپدارلىرىنىڭ بىر

قىسمى مۇسانىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىشمۇ، لېكىن ئۇنى رىجئەت قىلىپ، يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىدۇ، دەپ ھېسابلىشىدۇ. يەنە بەزىلىرى مۇسا قايتىپ كەلدى، ئۇ تەرەپدارلىرى ئارقىلىق خەلىپىلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارىشقان.

ۋاقىفىيە تەرەپدارلىرى ئارىسىدا مۇسانىڭ تىرىك ياكى قازا قىلغانلىقى توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرىئەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىدىمۇ ئىختىلاپ يۈز بەرگەن. نەتىجىدە ۋاقىفىيە ئۆز ئىچىدىن يەنە بىرنەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ تارماقلاردىن نوپۇزلۇقراق بىرى زەھاكىيە نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ تارماقتىكىلەر مۇخالىپ تەرەپ بىلەن نىكاھدا بولۇشنى راۋا ھېسابلايدۇ. ۋەھالەنكى، ۋاقىفىيە تەلىماتىدا مۇخالىپ تەرەپ بىلەن نىكاھلىنىش قاتتىق چەكلىنەتتى ۋە خىلاپلىق قىلغانلار ئۆلۈپ قالسا، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى. ۋاقىفىيەنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى شەرىئەتكە ئائىت باشقا مەسىلىلەردىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلارغا ئىگە.

ۋاقىفىيەنى بەزى تارىخچىلار مەمتۇرە نامى بىلەنمۇ ئاتايدۇ. يەنە بەزىلەر ۋاقىفىيە مۇسا ئىبنى جەئفەرنىڭ تەرەپدارلىرى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇساۋىيە نامى بىلەن ئاتايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ۋاقىفىيە تەرەپدارلىرى ئىماملىقنى مۇسا ئىبنى جەئفەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغاچقا ئۇلار قەتئىيە نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. بۇ تارماق ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**ۋەلدىيە — ھەشۋىيە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تەرەپدارلىرى ۋەلىد كەرەبىسىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرى ھەشۋىيەنىڭ ئىماملىقتا ئائىت تەلىماتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنى ئىچكى پەرقلەرگە ئاساسەن تۆت تارماققا بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ۋەلدىيە ھەشۋىيەنىڭ باغداتتىكى بىر تارمىقىدۇر. ۋەلدىيە تەرەپدارلىرى دەسلەپكى خەلىپىلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدىكى بارلىق كۈرەشلىرىنى ھەق دەپ قاراپ،

ھاكىمىيـــەت يولـــدا كۈرەش قىلىشـــنى تەشـــەببۇس قىلىشـــدۇ . مەنبەلەردە بۇ قاراشنى ۋولىد كەرەبىسى ئەمـەس ، بـەلكى ھۆسـەين ئىبنى ئەلى كەرەبىسى ( 862 - يىلى قازا قىلغان ) ئوتتۇرىغا قويغان دېگەنگە ئوخشاش خاتىرىلەرمۇ ئۇچرايدۇ . ۋولىدىيە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس .

ۋەھھابىيە — سۈننىي مەزھەپكە تەۋە پىرقىلەردىن بىرى بولۇپ ، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب (1703 - 1787 ) ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . ئۇ نەجدە تۇغۇلغان بولۇپ ، بوۋىسى نەجدتا چوڭ دىنىي ئالىم بولغان ، دادىسى ھەنبەلىيلەر ئۆلىماسى ۋە ئەيەينە شەھىرىنىڭ قازىسى بولغان . شۇڭا ، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب كىچىك چاغلىرىدىلا شۇ يەردىكى ھەنبىيلەرنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن قاتتىق چىنىققان . ئۇن ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى « قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئېلىپ بولغان ھەمدە دادىسىدىن ئەرەب گرامماتىكىسى ۋە ھەنبەلىي شەرىئىتىنى ئۆگەنگەن . شۇنىڭدىن كېيىن شەرىئەت تەپسىرلىرىگە دائىر كىتابلارنى، ھەدىسلەرنى ۋە باشقا نۇرغۇن دىنىي كىتابلارنى ئوقۇغان . بۇ جەرياندا ئۇ ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەڭ كۆپ ئوقۇغان . ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتىدە بەسرە ، شام ، ھىجاز ، ئىران قاتارلىق جايلارغا بارغان بولۇپ، ئۇ جايلاردىكى قەبرىگە سەجدە قىلىشتەك بىرقاتار ھادىسىلەرنى كۆرگەن، بۇ ھادىسىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ساپ ئىسلام ئەقىدىسىگە نۇقسان يەتكۈزگەن، دەپ قاراپ، يۇرتىغا قايتىپ ۋەھھابىيە پىرقىسىنى تەشكىللىگەن ۋە نەجدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن . كېيىن شاگىرتى مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد بىلەن ئۆز ئەقىدىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەرغىب قىلىشقا كىرىشكەن .

تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋەھھابىيە تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسىي غايىلىرىنى ئابدۇلۋەھھابدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان ئىبنى تەيمىيەگە باغلايدۇ . ئۇ « مىنھاج ئۇس سۈننە » ناملىق ئەسىرىدە

ھەنبەلىيە تەلىماتلىرىنى راۋاجلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەلىماتى ئۆز دەۋرىدە ئانچە چوڭ تەسىر قوزغىيالمىغان. ۋەھھابىيە دەسلەپتە 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ نەجد دېگەن يېرىدە بارلىققا كېلىپ، كېيىنچە باشقا ئىسلام ئەللىرىگە تارقىلىشقا يۈزلەنگەن. مەزكۇر پىرقە تەلىماتلىرى «تەۋزىھۇ تەۋھىد ئىل ئەخلاق فى جەۋاب ئىل ئەھل ئىل ئىراق»، «تەزكىرەتۇل ئۇۋۇلا»، «ئەلباب فى تەرىقى شەيخ ئابدۇلۋاھھاب» قاتارلىق ئەسەرلەردە تەپسىلى شەرھلىنىدۇ.

ۋەھھابىيە تەلىماتىنىڭ ئاساسىنى ئىسلام دىنىنىڭ باشقا دىنلاردىن پەرقلىنىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان تەۋھىد مەسىلىسى تەشكىل قىلىدۇ. ۋەھھابىيلەر ئىنسانلار پەقەت ئاللاھدىن ئۈمىد قىلىشى، ئاللاھدىن شاپائەت تىلەشلىرى كېرەك. چۈنكى، تەنھا ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ مۇراد ــ مەقسەتلىرى ۋە دەرد ــ ئەلەملىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر، دەپ قارايدۇ. ئىماملار ۋە ئەنبىيالارنىڭ نامى بىلەن تۈرلۈك قەسەم ئىچىشنى رەت قىلىپ، بەندىلەر، شۇ جۈملىدىن شەيخلەر ۋە ئىماملارغا ھەددىدىن زىيادە چوقۇنۇشنى ياقتۇرمايدۇ. تەنھا ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىھتىرام قىلىشى ۋە سېغىنىشىغا سازاۋەردۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇلار پەقەت «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەتنىلىرىنى ئىسلامنىڭ ئاساسى، دەپ قاراپ، ئايەتلەرنى تەپسىرلەشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ۋە ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى رەت قىلىشقا بولمايدىغان ھۆججەتلەر، دەپ قارايدۇ. ۋەھھابىيلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بويان ئىسلامدىكى ئۇسۇل ۋە فورۇئ[1] ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭدا بىدئەتچىلىك يامراپ كەتكەن، بۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ساددىلىقىنىڭ يوقىلىشى ۋە

---

[1] ئۇسۇل ھوقۇق مەنبەلىرى، يەنى شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئاساسلىرى بولۇپ، فورۇئ بولسا ئۇسۇل ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان ۋە شۇ ئاساستا ھەل قىلىنىدىغان بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مۇرەككەپلىشىشىگە سەۋەب بولغان . ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى بولغانىمغان قىياپىتى قايتا ئەسلىگە كالتۇرۇلۇشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆكۈم قىلغان ئۇسۇل بويىچە ھەرىكەت قىلىشى ، ئۇ چەكلىگەن ئىشلاردىن ئۆزلىرىنى يىراقتا تۇتۇشى ، ھەممە ئىشتا « قۇرئان كەرىم » نى ئۆلچەم قىلىپ، قانۇنىي ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئىجراقىلىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلىقىغا چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرۈشى ھەم پەيغەمبەر زامانىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق تەشەببۇسلىرى ئۈچۈن تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋەھھابىيەنى ئەسلىگە تېۋىنغۇچىلار ( فوندامىنتالىزمچىلار )، دەپ قارىشىدۇ .

ۋەھھابىيە تەلىماتلىرىدا ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىلاھىي، شىرىك، جۈملىدىن شىرىكى ئەكبەر ( ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئەمرلىرىنى ئىنكار قىلىش ) ۋە شىرىكى ئەسغەر ( رىياكارلىق ، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش) كە يول قويۇلمايدۇ . ۋەھھابىيلەر ئالەمنىڭ ھاكىمى ۋە تەبىئەتتىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر بىلەن جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر « لا ئىلاھە ئىللەللاھ » غا مۇجەسسەملەشكەن ، پەقەت ئاللاھلا ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئېتىقاد قىلىشقا سازاۋەردۇر، دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى بولغانىغان قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەنئەنىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىسلامنى چەتنەپ كەتكەن يولدىن قايتۇرۇپ ، ئەسلىدىكى ئىزىغا سېلىشنىڭ ئاساسي مەزمۇنىدۇر . ئۇلار پەقەت مۇجتەھىدلەرنىڭ بەزى چۈشىنىكسىز مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى شەرھلەپ بېرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچكىمنىڭ دىنىي ئۇسۇللارغا مۇداخىلە قىلىشقا ھوقۇقي يوق، دەپ قارايدۇ .

ۋەھھابىيلەرنىڭ يوقىرىدىكىدەك تەشەببۇسلىرى جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغاپ ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندى .

ئەمما، بۇنداق تەشەببۇسلار شۇ دەۋرلەردىلا ئىسلام ئەللىرىدىكى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە ياقمايتتى. چۈنكى، ۋەھھابىيلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئۆز تەشەببۇسلىرىدا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى فېئودال ھاكىملارنىڭ مەنپەئەتىگە زىت ئىدى. شۇڭا، دەسلەپكى دەۋرلەردە ۋەھھابىيە تەرەپدارلىرى قاتتىق تەقىبكە ئۇچراپ، كەڭ دائىرىدە ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قېلىشقانىدى. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى سەئۇدىيلەر جەمەتىنىڭ قورال كۈچى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. سەئۇدى جەمەتىنىڭ خەلىپىسى ئىماملىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەھھابى تەلىماتىنى داۋاملىق يولغا قويدى. 1801 - يىلىدىن 1804 - يىلىغىچە ئۇلار كەربالانى ئىشغال قىلىپ شىئە مەزھىپىدىكى ھۇسەيىنىنىڭ قەبرىسىنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە مەسچىتلەرنى بۇزۇۋەتتى، كەينىدىنلا مەدىنىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مىسىر نائىبى مۇھەممەد ئەلىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلغان قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. 1901 - يىلى ئىبىن سەئۇدى (ئابدۇلئەزىز بىننى ئابدۇلراخمان) نەجد پادىشاھلىقىنىڭ ئەمىر- لىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەھھابىيە تەلىماتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، كۆرەشلەر نەتىجىسىدە ئەرەبلەرنىڭ بارلىق ئارالىرىنى ئۆز ئىتائىتىگە كىرگۈزدى.

ۋەھھابىيلەر دىنىي ئەخلاق مەسىلىسىگىمۇ ناھايىتى جىددىي ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار تاماكا چېكىش، مەيخورلۇق قىلىشقا ئوخشاش ھەقنى زىكىر قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بارلىق ئادەتلەرنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئۆز تەشەببۇسلىرىدا دائىم مەنىۋى ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەشنى تەكىتلەپ، بۇنداق ئىلگىرىلەشكە پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى دىنىي تەلىماتلار ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ۋەھھابىيلەر ئەۋلىيالار، ئىماملار ۋە ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلەشنى بىمەنىلىك، دەپ

قارايدۇ، سوپىلارنىڭ تەلىماتلىرىنى تامامەن ياقتۇرمايدۇ. ئومۇمەن سۈننىي مەزھىپى ۋە شىئە مەزھىپى سۈكۈت قىلغان نۇرغۇن ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارغا ، زاھىدلىق، گۆشسىز تاماق يېيىش، ساما ئويناش، نەغمە قىلىش قاتارلىق سوپىزملىق قائىدە ـ يوسۇنلارغا، پالغا ئىشىنىشكە قارشى تۇرىدۇ. ناخشا ئېيتىش، ئۇسۇل ئويناش، زىبۇ زىننەت بويۇملىرى تاقاش، يىپەك رەخت كىيىشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئۇلار قازا قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ روھى ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ ، شۇڭا ئۆلۈمدە يىغا ـ زارە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ،دەپ قاراپ، ھەشەمەت بىلەن مېيىت ئۇزىتىش ۋە قەبرىلەرنى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرىدۇ ، بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام ھېسابلايدۇ. ئومۇمەن ئۇلار دەبدەبىلىك مۇراسىملارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ، ساددىلىق ۋە كەمتەرلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ۋەھھابىيلەر ئۆز تەلىماتلىرىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بۇلغىنىشتىن تازىلاپ ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاساسىي غايە قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولدى. پەقەت ئۇ ئۇزاق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئىسلام ئەللىرىدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىنلا بىر مۇستەقىل پىرقە سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى. 1920 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى بۇ تەلىمات ئاساسىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئۇ كۆپلىگەن ئەرەب ئەللىرى ۋە ئافغانىستان ، پاكىستان ، ھىندىستان ، ھىندونېزىيە ، ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگىچە تارقالدى. مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋەھھابىيە تەلىماتلىرىنى بۇلغىنىشتىن خالىي، بۇ تەلىمات تەرەپدارلىرىنى ھەقىقىي مۇسۇلمانلار، دەپ قارىشىدۇ.

**ۋەئىدىيە ـــ خارىجىيەنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، ۋەئىدۇ ۋەئىد**[1]

---

[1] ۋەئىدۇ ۋەئىد ـ دىنىي ئىستىلادا ئەخلاقىي ئۇقۇم بولۇپ ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، ساۋاب ۋە گۇناھقا « قۇرئان » ۋە ھەدىستىكى بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا بېرىلىدىغان جازا ۋە سازا توغرىسىدىكى قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، يەنى قانداق

قاراشلىرىنى ئىتىراپ قىلىشاتتى . تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانى ۋەئىدىيەنى مۇرجىيە بىلەن قارمۇ قارشى ئورۇنغا قويۇپ ، بۇ ئىككى تارماق ئوتتۇرىسىدىكى نەزىرىيىۋى قارمۇ- قارشىلىق خۇددى شىئەلەر بىلەن خارىجىيە تەرەپدارلىرى ، جەبەرىيە بىلەن قەدەرىيە تەرەپدارلىرىنىڭكىگە ئوخشاشلا ئۆتكۈر ئىدى، دەپ يازىدۇ. ۋەئىدىيە تەرەپدارلىرى چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنى دوزاخقا ئەبەدىي ھۆكۈم قىلىنغانلار، دەپ قارىشىدۇ. بەزى تارىخچىلار ۋەئىدىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قاراشلىرىنى بىدئەتچىلىكتىن خالىي ئەمەس، دەپ ھېسابلىشىدۇ.

**ئىبازىيە — ئەبازىيەگە قاراڭ.**

**ئىبراھىمىيە — بەيھەسىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، تەرەپدارلىرى ئىبراھىم ئىبنى ئەبۇيەئيا ئەسلەمىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. ئىبراھىم ئۇسۇل ۋە شەرىئەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بەيھەسىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىپ ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىققان . ئۇ شەرىئەتتىكى قائىدىلەرگە ئاساسەن ، سوداـ سېتىقنى ھالال، دەپ ئېلان قىلىپ ، كېنىزىكىنى غەيرىيي مۇسۇلمان ئەرەبلەرگە سېتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنى ئىبنى مەيمۇن ئەسفەرانىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇ بارلىق تەرەپدارلىرى بىلەن ئىبراھىمدىن ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ. نەتىجىدە ئىبراھىمىيە ئۆز ئىچىدىن مەيمۇنىيە ، ۋاقىفىيە قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

**ئىجلىيە — خەتتابىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، ئۇمەرەۋىيە ، ئۇمەيرىيە ناملىرى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ئۇمەر ئىبنى بەييان ئىجلىدۇر. بۇ تارماق تەرەپدارلىرى مۇئەممەرىيە تەرەپدارلىرىغا ئوخشاشلا ئەبۇلخەتتابتىن كېيىن ئۇمەر ئىبنى بەييان ئىجلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمامى، دەپ قارىشىدۇ. ئىماملارنىڭ قازا

---

ياخشىلىقنى قانداق مۇكاپاتلاش ۋە قانداق گۇناھقا قانداق جازا بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئىجلىيە تەرەپدارلىرى كۆفەدە جەئفەر سادىق مەخسۇس ئىبادەت ئۈچۈن ئىشلەتكەن چېدىرنى تىكلەپ، ئۇ جاينى مەخسۇس ئىجمائ ئېلىپ بېرىلىدىغان يەرگە ئايلاندۇرۇشقان. بۇ ئىشتىن ئىراق ۋالىيسى ئەمىر ئىبنى خۇبەير خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بەييان ئىجلىنى دارغا ئاسقان.

تارىخچىلاردىن نەۋبەختى ئىجلىيەنى زەيدىيەنىڭ ئاجىز تارماقلىرىدىن بىرى ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئابدۇلقاھىر باغدادى ئىجلىيەنى ئۇمرەۋىيە نامى بىلەن ئاتايدۇ.

**ئىسكافىيە — مۇئتەزىلەنىڭ** ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسكافى ۋەكىللىكىدىكى بىر تارمىقىدۇر. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىسكافى سەمەرقەندە توغۇلغان. ئاتا - ئانىسى دەسلەپ ئۇنى ئوقۇشتىن توسقان، كېيىن جەئفەر ئىبنى ھەرب ئىسىملىك مۇئتەزىلە فەقىھىنىڭ تەربىيىلىشىگە بەرگەن. ئىسكافى كىچىكىدىنلا زېرەك بولغاچقا قىسقا ۋاقىتتىلا ئۆز زامانىسىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، باغداتتىكى مۇئتەزىلەچىلەرنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇ ۋاقىتلاردا ناتىقلىقتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئادەم تېپىلمايدىكەن، ئۇ مۇنازىرىلەردىمۇ كاتتا شۆھرەت قازانغانىكەن. تارىخىي مەنبەلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئۇنىڭ خارىجىيە ئۆلىماسى ھۆسەين ئىبنى ئەلى بىلەن بولغان كەسكىن مۇنازىرىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىسكافى مۇنازىرە مەزمۇنىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورىدۇر. ئۇنىڭ «تەھافۇت» ناملىق بىر ئەسىرىدە نەززام ۋە بۇرغۇسقا ئوخشاش مۇھتەزىلەنىڭ مۇشەببىھىيە ۋە جەبەرىيە خاھىشىدىكى ئىلاھىيەتشۇناسلىرىنىڭ قاراشلىرى رەت قىلىنىدۇ. ئۇ «قۇرئان كەرىم» نى كېيىن يارىتىلغان، دەپ قاراپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى ئىماملىقتا ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا، بەزىلەر ئۇنى شىئەپەرەسلىكتە ئەيىبلىگەن. ئۇنىڭ ئۆز مەسلەكداشلىرى بىلەن بولغان ئوخشىمايدىغان قاراشلىرى شەرىئەتكە

ئائىت كونكرېت مەسىلىلەردە ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ئەقىلسىزلەرگە سىتەم قىلىشقا قادىردۇر، ئەمما ئەقىللىقلارغا سىتەم قىلىشقا قادىر ئەمەستۇر. ئۇ يەنە ئاللاھنىڭ كالامى بەندىلەرگە راۋادۇر، ئەمما بۇ ئاللاھ بەندىلەر بىلەن سۆزلىشىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ مۇتەكەللىم (سۆزلىگۈچى) ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

**ئىسنائەشەرىيە ــ شىئە** مەزھىپىنىڭ پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەنبەلەردە قەتئىيە نامى بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. مەزكۇر پىرقىدىكىلەر يەتتىنچى ئىمام مۇسا كازىم قازا قىلغاندىن كېيىن ئىماملىقنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغىلا مەنسۇپ، دەپ قاراپ، ئىماملىقنى ئەلى رىزادىن تارتىپ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەسكەرىگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىسنائەشەرىيە شىئەلەرنىڭ ئالتىنچى ئىمامى جەئفەر سادىق قازا قىلغاندىن كېيىن شىئەلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىماملىق مەسىلىسىدە يۈز بەرگەن زىددىيەتلەر نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن پىرقىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى ئون بىرىنچى ئىمام دەۋرىدە ئەۋجىگە چىققىدۇ.

ئونىنچى ئىمام ئەلى ئىبنى مۇھەممەد قازا قىلغاندىن كېيىن ئوغلى ھەسەن ئىبنى ئەلى (ئەسكەرى لەقىمى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) ئون بىرىنچى ئىمام بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئېيتىلىشلارچە، كېيىن ئۇنى ئابباسىيلار خەلىپىسى زەھەر ئىچكۈزۈپ، ئۆلتۈرگەنمىش. ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ كېيىنكىدىن مۇھەممەد ناملىق بىر ئوغلى بولۇپ، دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندە توققۇز ياشتا بولۇپ، مۇھەممەد سامەرادىكى جامە مەسچىتىدە سىرلىق ھالدا يوقاپ كېتىدۇ. بۇ ھادىسە شىئەلەرنىڭ ئارىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بەزىلەر ئادەملەرنىڭ گۇناھى ئارتىپ كەتكەچكە ئاللاھ ئۇلارنى ئىمامدىن مەھرۇم ئەتتى، دەپ قارىشىدۇ. يەنە بەزىلەر دۇنيا ئىمامسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، شۇڭا ھازىر ئىمام بولمىغاندا غايىب ئىمام چوقۇم مەۋجۇت، ئۇ چوقۇم مەھدىدۇر،

ئاخىر بىركۈنى زېمىنگە قايتىپ، ئادالەت ئورنىتىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

بەزىلەر جەئفەر ئىبنى ئەلىنى غايىب ئىمام دېسە، يەنە بەزىلەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلىنى، ئۈچىنچى خىل پىكىردىكىلەر ھەسەن ئىبنى ئەلىنى غايىپ ئىمام، دەپ قارىشىدۇ. كېيىنچە ئون بىرىنچى ئىمامنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننى ئون ئىككىنچى ئىمام دەپ قارايدىغانلارنىڭ پىكرى ئۈستۈنلۈك ئىگىلەپ، ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئون ئىككى ئىماملىق ئەنئەنىسى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. يەنە ئىمامىيەگە قاراڭ.

**ئىسھاقىيە — شىئە** مەزھىپىنىڭ چەكتىن ھالقىغان پىرقىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەھمەر لەقەملىك ئىسھاق ئىبنى مۇھەممەد ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر. مەزكۇر پىرقە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەدىنىدە بارلىققا كەلگەن. مەنبەلەردە مەزكۇر پىرقىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. بەزىلەر ئۇنى كەيسانىيەدىن بۆلۈنۈپ چىققان، دېسە، يەنە بەزىلەر كەررامىيەدىن بۆلۈنگەن، دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى ئىبائىيە بىلەن پەرقلەنمەيدۇ، دەپ ھېسابلىشىدۇ.

مەزكۇر پىرقىنىڭ ئاساسچىسى ئىسھاق ئىبنى مۇھەممەد ئەلىنى خۇدا، دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى ھەر زاماندا ھەر خىل شەكىلدە زۇھۇر قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەسەن ۋە ھۈسەين ئەلىنىڭ باشقىچە سۈرەتتە زۇھۇر قىلىشىدۇر. ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتكەن. ئالەم قىيامەت كۈنىگىچە ھېچ ۋاقىت پەيغەمبەرسىز قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇتپەرەسلەرگە قارشى، ئەلى بولسا، ئىككى يۈزلىمىلىككە قارشى كۆرەش قىلغان. ئۇلار ئەلىنى كارامەت ئىگىسى، دەپ ھېسابلايدۇ.

**ئىلبائىيە — زەممىيەگە** قاراڭ.

**ئىمامىيە — شىئە** مەزھىپىگە تەۋە ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ،

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ( جەئفەر سادىق ) نى ئۆزلىرىنىڭ پېشۋاسى ھېسابلىشىدۇ. جەئفەر سادىقنىڭ ئۆزى دادىسىغا ئوخشاشلا سىياسىي ئىشلار بىلەن ئانچە شۇغۇللانمايدىكەن . ئەمما، ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن تەرەپدارلىرى ئۇنى مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس ۋە فەقىھ سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى، دەپ ئېلان قىلىشقان . ئىمامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ نەزىرىدە جەئفەر سادىق بارلىق ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن ، شۇ جۈملىدىن تەنجىم ( يۇلتۇزلارغا قاراپ ، ئالدىن بىشارەت بېرىش ) ، كىميا ( خېمىيە ) قاتارلىق ئىلىملەردە تەڭداشسىز ، كارامەت ۋە مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان شەخس ئىكەن .

تارىخچىلاردىن يەئقۇبى جەئفەر سادىق ئۇستىدە توختىلىپ ، ئىمامىيە تەلىماتىدىكى ئىلاھىي نۇرغا ئائىت نەزىرىيىنى جەئفەر سادىق ياراتقان، دەپ قارايدۇ. شەھرىستانى ئىمامىيە تەرەپدارلىرى جەئفەر سادىقنىڭ قايسى ئوغلىنىڭ ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىشى مەسىلىسىدە زور ئىختىلاپقا يولۇققانىدى، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

ئىمامىيەنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىقىدا مۇئەتەزىلەنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ ، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئوخشايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى تامامەن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە جەئفەر سادىق تەقدىرنىڭ ئالدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنىمۇ ھەم ئىنسانلار بۇ جەھەتتە تامامەن ئەركىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي ، ئوتتۇرانچى يولنى تۇتىدۇ. جەئفەر سادىق ھايات ۋاقتىدا ئىمامىيە تېخى بىر مۇستەقىل ئېقىم سۈپىتىدە شەكىللەنمىگەن . جەئفەر سادىق قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۆتىنچى ئوغلى مۇسا كازىم ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ ھادىسە ئىمامىيەدە زور بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەئفەر سادىقنىڭ تەرەپدارلىرى ئىماملىقتىكى ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىسمائىلىيە ( زەيدىيە ، تەفزىلىيە ) ، مۇشەببەھىيە ، ناۋۇسىيە ، ئەفتەھىيە ، شۇمەيتىيە ، مۇساۋىيە ، مۇفەززەلىيە ،

قەتئىيە قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

مۇسا كازىم 30 يىل ئىماملىق قىلغاندىن كېيىن ئەلى رىزا ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ دەۋردە ئىمام بىلەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، ئۇزۇنغا بارماي يەنە زىددىيەتلەر ئەۋج ئالىدۇ. تارىخچىلاردىن مۇھەممەد شەھرىستانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، كېيىنرەك، ئىنىقراقى ئون بىرىنچى ئىمام ھەسەن ئىبنى ئەلى قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ بىردىنبىر ۋارىسى بولغان توققۇز ياشلىق (بەزى مەلۇماتلاردا ئالتە ياش دېيىلىدۇ) ئوغلى مۇھەممەد سىرلىق ھالدا يوقاپ كېتىدۇ. شىئەلەر يوقاپ كەتكەن مۇھەممەد ئون ئىككىنچى ئىمام ۋە مەھدى (غايىب) ئىمام، دەپ قارىشىدۇ. شىئەلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ گويا بۇ زۇلۇمغا تولغان ئالەمدە گۇناھ ۋە قاباھەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى سەۋەبلىك يوقاپ كەتكەنمىش، ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئورنىتىش مەقسىتىدە ئاخىر بىر كۈنى زېمىنگە قايتىپ كېلەرمىش.

9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىمامىيەنىڭ مۆتىدىل تارماقلىرىدىن بىرى بولغان ھۆسەينىيە رافىزىيە تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئون ئىككى ئىماملىققا ئائىت نەزەرىيىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار كېيىن ئىسنائەشەرىيە نامى بىلەن تونۇلىدۇ. ئىمامىيە تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنى تەۋھىد، ئەدل، پەيغەمبەرلىك، ئىماملىق ۋە قىيامەتتىن ئىبارەت دىنىي ئۇسۇلنىڭ بەش ئاساسىي نۇقتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. بۇ بەش نۇقتىدىن تەۋھىد، پەيغەمبەرلىك ۋە قىيامەت جەھەتتىكى قاراشلاردا شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەر ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما، ئىمامىيە تەلىماتىدىكى ئەدل مەسىلىسى مۆئتەزىلەچىلەر مەيدانىدا تۇرۇپ شەرھلىنىدۇ. ئىمامەت مەسىلىسىدىمۇ سۈننىيلەر بىلەن تامامەن ئوخشىمىغان قاراشلارغا ئىگە. سۈننىيلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئىماملار ئىلاھىي سۈپەتلەرگە ئىگە ئەمەس. ئەمما، شىئە مەزھەپدىكىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئىماملار

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرى سۈپىتىدە ئىلاھىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتكارى، دەپ قارىلىدۇ . ئىمامىيە تەرەپدارلىرى سۈننىيلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا باتىنىي ( يوشۇرۇن ) مەرىپەتنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئىقتىدار ئەلى ۋە ئەلى ئارقىلىق باشقا ئىماملارغا نىسىپ بولغان، ئۇلار بۇنداق ئىقتىدارغا تايىنىپ ، بۇرۇنقى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق ئىشلارنى مۆئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ . شىئەلەر ئىماملارنى ئىلاھىي نۇرنىڭ تەجەللىسى ، شۇڭا ئۇ سۆز- ھەرىكەتتە ھېچ ۋاقىت خاتالاشمايدۇ، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئىماملارنىڭ مەرىپىتى بولمىسا، مۆئمىنلەرنىڭ سائادىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ . ئىمامىيە تەلىماتى ئاساسىي مەسىلىلەردە شىئەلەرنىڭ « ئەخبار » ىگە تايىنىدۇ . « ئەخبار » دا سۈننىيلەرنىڭ ھەدىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خەۋەر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مەلۇماتلىرى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلىدۇ . « ئەخبار » نى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن قۇمى ( 903 - يىلى قازا قىلغان ) توپلاپ رەتلىگەن . ئابدۇلجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى قۇمى ، نۇئمان مۇھەممەد ئىبنى ھەييان ، ئەبۇئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى نۇئمان بەغدادى ، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن تۇسى قاتارلىقلار شىئە مەزھىپى تارىخىدا داڭق چىقارغان ۋە شىئە مەزھىپى تەلىماتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن فەقىھلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

**يەزىدىيە** ( 1 ) — **خارىجىيە**نىڭ يەزىد ئىبنى ئەبىئۇنەيسە ۋەكىللىكىدىكى بىر تارمىقى . يەزىد ئەسلىي بەسرەدىن بولۇپ ، كېيىن ئەھۋازغا كېلىپ ، ئۆز تەلىماتلىرى تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دەسلەپتە ئەبازىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ھەمئەقىدە بولۇپ ، ئۇلارنى ئەڭ كامىل مۇسۇلمان، دەپ ھېسابلىشىدۇ، ئەمما كېيىنچە ئۇلار خارىجىيەدىنلا ئەمەس ، بەلكى ئىسلام تەلىماتلىرىدىنمۇ يىراقلاپ كېتىدۇ . ئۇلار

ئاللاھ ئەجەملەردىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر كىتاپمۇ نازىل قىلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتى بويىچە، يېڭىدىن كېلىدىغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يېڭى شەرىئەتنى يولغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى سابىيلەر (تارىختىكى يولتۇزغا چوقۇنغۇچى سابىيلەر ئەمەس، بەلكى «قۇرئان كەرىم» دا تىلغا ئېلىنغان سابىيلار) نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئۇ ھازىر تېخى دۇنياغا كەلمىدى، دەپ قارىشىدۇ. يەزىدىيە تەرەپدارلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامدىكى پەرزلەرنى ئورۇندىمايدىغان ۋە شەرىئەتكە ئەمەل قىلمايدىغانلارنىمۇ مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان ھېساپلاۋېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جاھان پانىيدۇر، چۈنكى ئۇ ئادەملەر ئۈچۈن يارىتىلغان، ئادەملەر بولسا ئۆلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار خۇدانى مەرىپەت قىلىشتا تائەتكە قايىل بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنى شىرىكلىكتە ئەيىبلىشىدۇ. يەزىدىيە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس.

**يەزىدىيە** (2) — شەيخ شەرافۇددىن ئەدى ئىبنى مۇسافىر (12 - ئەسىر) ۋەكىللىكىدىكى دىنىي پەلسەپىۋى تەلىماتنىڭ نامى. بەزى مەنبەلەردە يەزىدىيە زەردۇشتىيەنىڭ ئۆزگەرگەن بىر شەكلى دەپمۇ تونۇشتۇرۇلۇپ، «يەزىد» سۆزى چوقۇنۇش مەنىسىدىكى «يەزد» سۆزى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، يەزدىيە تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسي مەزمۇنى بۇ ئېقىمنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىلا تۈزۈلگەن ئىككى پارچە كىتابى ـ «جىلۋە» ۋە «مۇسھەفى رەش»، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋردە بۇ ئېقىمنىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «نامە» ناملىق كىتابلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنغان ھەمدە ئۇنىڭدا زەردۇشت دىنىي، يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى روشەن رەۋىشتە ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ تەلىماتىچە، ئاللاھ زېمىن ۋە ئاسماننى يارىتىشتىن ئىلگىرى يەتتە كىچە ـ كۈندۈز سەرپ قىلىپ، يەتتە

پەرىشتە ( ئەزرائىل ، دەردائىل ، ئىسرافىل ، مىكائىل ، جەبرائىل ، شەمنائىل ۋە نۇرائىل ) نى ياراتقان . مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ تەلىماتىدا توز قۇشى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ئاللاھنىڭ ئالەمنى يارىتىشىدىكى ۋاستىسى ، شۇڭا ئۇنىڭ تۇرلۇك رەڭدە ئۆزگۇرۇدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى شەيتانىنىڭكىگە ئوخشىتىشىدۇ . مۇشۇ قاراشلارغا ئاساسەن يەزىدىيە تەرەپدارلىرىنى بەزى تارىخچىلار شەيتانپەرەسلەر دەپمۇ ئاتاشقان . يەزىدىيە تەرەپدارلىرى شەيخ ئەدى ئىبنى مۇسافىرنى ئۇلۇغ شەخس، دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن كارامەت ۋە مۆجىزىلەرنى نىسبەتلەشتۇرىدۇ . ئۇنىڭ قەبرىسى كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يەزىدىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ھەر بىرى شەيخنىڭ كىيىمىدىن يىرتىۋېلىنغان بىر پارچە رەخت بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسىدىن ئېلىنغان بىر سىقىم توپىنى يېنىدىن ئايرىماسلىقى كېرەك . ئۇلارنىڭ شەيخ ئەدى ياكى ئىيدى كەبىر نامى بىلەن مەخسۇس بىر ھېيتىمۇ باربولغان . بۇ ھېيتتا ئۇلار ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ ، شەيخنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىشىدۇ . قۇربان ھېيت ۋاقتىدىمۇ شەيخنىڭ مازىرىغا بېرىش چوقۇم ئورۇنداشقا تېگىشلىك رەسمىيەتلەردىن سانىلىدۇ . كۈن كۆتۇرۇلگەندە شەرققە قاراپ ، قوياشقا ھەمدۇ سانالار ئوقۇيدۇ . ئۇلار « ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىم » دېگەن سۆزگە قاتتىق قارشى تۇرىدۇ . ئاياللارنى ( بالىلىق ئاياللاردىن باشقا ) تالاق قىلىشنى راۋا، دەپ قارىشىپ ، ئەر بىر يىلدىن ئارتۇق سەپەردە بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئايالىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھارام ھېسابلىشىدۇ . بەزى يېمەكلىكلەر ( بېلىق ، كاۋا قاتارلىقلار ) نى ھارام، ھېسابلايدۇ . ئۇلارمەنسۇر ھەللاج ، ئابدۇلقادىر گىلانى ۋە ھەسەن بەسرى قاتارلىق سوپىلارنىڭ تەلىماتلىرىغا قايىل بولۇپ، ئۇلار روھىي جەھەتتىن پاكلىققا ئېرىشىشنىڭ مۇساپىسىنى يەتتە باسقۇچ ( ئەمىرى شەيخ ، باباشەيخ ، شەيخ ، پىر ، فەقىر ، سەخنۇر ، كوچەك ، ۋە مۇرىد ) قا بۆلۈشىدۇ . يەزىدىيە

تەرەپدارلىرىنىڭ سالىكلىرى ئۇ ياكى بۇ باسقۇچقا كىرىش ياكى ئۇنىڭدىن چېكىنىشكە بولمايدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 70 مىڭدىن ئاشقانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەۋسىل (ئىراقتا) گە توپلاشقان بولۇپ، ئەڭ چوڭ شەيخى سىنجار شەھرى (ئىراقتا) دە ياشايدىكەن. ئىراق مۇستەقىللىقا ئېرىشكەندىن كېيىن يەزىدىيە تەرەپدارلىرىمۇ يېڭى قانۇن بويىچە ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقان.

**يەئفۇرىيە — رافىزىيەنىڭ** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇيەئفۇر تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان بىر تارمىقى. ئەبۇيەئفۇر شىئەلەرنىڭ تونۇلغان ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ۋە قارىيلىرىدىن بولۇپ، مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ جەئفەر سادىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسا كازىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئىكەن. ئەبۇيەئفۇر ئابباسىيلاردا مەھدى خەلىپە بولغان دەۋردە (775 - 785) خەلىپە تۈرلۈك گۇناھلار بىلەن ئەيىبلىگەن ۋە پائالىيەتلىرىگە چەك قويغان پىرقىلەرنى قوللىغان. ئۇ ئىماملىقتا ئائىت مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، بۇ ساھەدىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بىلەن رافىزىيەچىلەردىن بۆلۈنۈپ كەتكەن. مەزكۇر تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان.

**يەئقۇبىيە — زەيدىيەنىڭ** تارماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، يەئقۇب ئىبنى ئەلى كۇفى ئۇنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ تارماقتىكىلەر ئەبۇبەكىر بىلەن ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىككى خەلىپىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار بىلەنمۇ زىددىيەتلىشىشنى خالىماي، ئۇلار بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇلار ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا رىجئەت قىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، بۇنداق قاراشنى ياقىلىغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇخالىپلىرى، دەپ ھېسابلاشقان. زەيدىيەنىڭ بارلىق تارماقلىرى، جۈملىدىن يەئقۇبىيەمۇ ئىمامەت مەسىلىسىدە ئۆز ئارا ئوخشىمايدىغان قاراشلارنى

ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بىر بىرى بىلەن ئۆچەكەشكەن . يەئقۇبىيە تەرەپدارلىرى چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنى ئەبەدىي دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم قىلغان . زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۇسەيىننىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەھيا ئىبنى زەيدنىڭ ئىماملىقىغا قايىل بولغان . ئۇلار ئىماملىقنى تاكى ئاساسچىلىرى يەئقۇبگىچە داۋاملاشتۇرغان . شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەردە زەيدىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولغان . بۇ تارماق ھازىر پائالىيەتتىن توختىغان .

**يۇنۇسىيە** ( I ) — **مۇرجىيە**نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، يۇنۇس ئىبنى ئەۋنى نۇمەيرى ئۇنىڭ ئاساسچىسىدۇر . ئۇنىڭ پىكرىچە، ئىمان ئاللاھنى مەرىپەت قىلىش ، ئۇنىڭغا قەلبىدە بويسۇنۇش ۋە مۇھەببەت يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر . كىمىكى مۇشۇنداق خىسلەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن بولسا ۋە ئاللاھنىڭ يېگانىلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەنسە ئۇ مۇئمىندۇر . يۇنۇسىيە تەرەپدارلىرى ئىماننىڭ تەركىبى بولمىسىمۇ ئەمما ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەرىپەت قىلىشنى زۆرۈر، دەپ قارىشىدۇ . ئۇلار ئىماننى بىر تۈركۈم خىسلەتلەرنىڭ مەجمۇئەسى، دەپ قاراپ ، بۇنداق خىسلەتلەردىن ئايرىلغانلارنى مۇسۇلمان ھېسابلىمايدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىمان كېمەيمەيدۇ ۋە ئاشمايدۇ . پاسىقلارنى مۇتلەق ھالدا پاسىقلىققا چىقىرىۋېتىش خاتادۇر . ئۇلار ئاللاھنى مەرىپەت قىلىشتا ئالدى بىلەن ئىلاھىي ئەدلىنى مەرىپەت قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ ھەمدە ئىمانغا شەك كەلتۈرۈشنى كۇپۇرلۇق ھېسابلايدۇ .

شەرىئەتكە ئائىت مەسىلىلەردە يۇنۇسىيە تەرەپدارلىرى دىنىي قائىدىلەرنى ئىماننىڭ تەركىبى، دەپ قارىمايدۇ . ئىمانغا سادىق بولغاندا بەزى دىنىي رەسمىيەتلەر تولۇق ئورۇندالمىسىمۇ چوڭ گۇناھ بولمايدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە، شەيتان ئاللاھنىڭ يېگانىلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇ گەدەنكەشلىكى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغان ، شۇنىڭ بىلەن كاپىرلاشقان . يۇنۇس ئىبنى ئەۋنى نۇمەيرىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، مۇئمىنلەر تائەت ۋە ئەمەل بىلەن

ئەمەس، ئىخلاس بىلەن بېھشقا كىرىدۇ .

يۇنىسىيە تەرەپدارلىرى شەرىئەتكە ئائىت باشقا مەسىلىلەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاس قارىشىغا ئىگە ئىكەن . ئەمما، ئومۇمىي مەسىلىلەردە مۇرجىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئىكەن .

**يۇنىسىيە ( 2 ) — مۇشەببەھىيەنىڭ** بىر تارمىقى بولۇپ ، يۇنىس ئىبنى ئابدۇرەھمان قۇمىي ( 883 - يىلى قازا قىلغان ) تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان . مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ شىئەلەرنىڭ تونۇلغان ئۆلىما ۋە مۇسەننىف ( ئەسەر يازغۇچى ) لىرىدىن بىرى بولۇپ ، ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك خەلىپىلىك قىلغان دەۋردە ياشىغان، ئىماملاردىن جەئفەر سادىق ۋە مۇسا كازىمنىڭ زامانداشلىرىدىن بولغان ئىمام ئەلى ئىبنى مۇسا رىزا بىلەنمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان .

مەنبەلەردە يۇنىس ئىبنى ئابدۇرەھمان شىئەلەرنىڭ تۇنجى ئىلاھىيەتشۇناسلىرىدىن ۋە ئىمامىيە تەرەپدارلىرىنىڭ نەزىرىيەچىلىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇ تونۇلغان تەپسىرچى، مۇھەددىس ھېسابلىنىدۇ . مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىماملىق مەسىلىلىرى ۋە چەكتىن ئاشقان بەزى شىئە تارماقلىرىنىڭ قاراشلىرىنى رەت ئېتىش مەزمۇن قىلىنغان 30دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان . بۇلاردىن ئەڭ داڭلىقلىرى «كىتاب ئۇس سىيام» ، «كىتاب ئۇل بەدائ» ، «كىتابۇ جامىئۇل ئاسار» قاتارلىقلاردۇر . شىئەلەر ئۇنى ئۆز زامانىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى سالمانى فارس بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىگە ئىگە، دەپ قارىغان .

سۈننىيلەر يۇنىسنى مۇشەببەھىيە تەرەپدارى، دەپ ئەيىبلىگەن . يۇنىسىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، خۇدا ئەرشتىدۇر، پەرىشتىلەر ئەرشنىڭ ھامىلىرىدۇر . ئىماملىق مەسىلىسىدە ئۇلار قەتئىيە تەرەپدارلىرى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇپ ، مۇسا ئىبنى جەئفەر بىلەن ئىماملىقنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ .

# پايدىلانغان ماتېرىياللار


ئاۋكسېنتىيېۋ ئا. ۋ. قاتارلىقلار: « قۇرئان توغرىسىدا » تاجىكىستان ، دۇشەنبە 1991 - يىلى نەشرى .

ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇلقاھىر باغدادى : « ئىسلام مەزھەپلىرى تارىخى » تېھران ، تەبرىز ھىجرىيە 1333 — يىلى نەشرى .

« ئەرەبچە — خەنزۇچە لۇغەت » ( بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئەرەب تىلى كافېدراسى تۈزگەن ) بېيجىڭ سودا نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى .

ئەش شەھرىستانى : « دىنلار ۋە مەزھەپلەر » ( ئەرەبچىدىن پرازوروۋ س. م. تەرجىمە قىلغان ) . موسكۋا 1984 - يىلى نەشرى .

ئەن ۋېيخۇا قاتارلىقلار : « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار ۋە مەدەنىيەت » مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشرى .

ئەنۋەر بايتۇر : « ئاپاق خوجا توغرىسىدا قىسقىچە بايان » ، « مىللەتلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى 1982 - يىلى 5 - سان .

ئەھمەد ئىمىن :« ئەرەب ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى » ( ناجۇڭ تەرجىمە قىلغان ) بېيجىڭ ، سودا نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشرى .

بەرەنوف خ. ك : « ئەرەبچە — رۇسچە قامۇس » موسكۋا 1989 - يىلى نەشرى .

بىلىيەنوف ئې. ي :« ئىسلام مەزھەپلىرى تارىخىدىن ئۆچېركلەر » ( ۋاڭ خۇەيدې تەرجىمە قىلغان ) نىڭشا خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشرى .

« پەلسەپە لۇغىتى » ( خەيرۇللايېۋ م. م. قاتارلىقلار رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان، ئۆزبېكچە ) تاشكەنت 1976 - يىلى نەشرى .

پېئوتروۋسكىي م. ب قاتارلىقلار تۈزگەن « ئىسلام —

ئاتېئىستلار لۇغىتى » موسكۋا 1988 - يىلى نەشرى .

« تاجىك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى » 1 - 8 - توملار ، تاجىكىستان ، دۇشەنبە 1988 - يىلى نەشرى .

چېن خۇيشېڭ قاتارلىقلار : « جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىسلام تارىخى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى .

چېن ۋەنلى :« قىسقىچە ئىسلام تارىخى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشرى .

دادىخۇدايېف خ : « ئىسمائىلىزم ۋە شەرقتىكى روشەن پىكىرلىك » تاجىكىستان ، دۇشەنبە 1989 - يىلى نەشرى .

گرىيازنېۋىچ پ. ئا. قاتارلىقلار تۈزگەن « ئىسلام - دىن ، جەمئىيەت ۋە دۆلەت » ( ماقالىلار توپلىمى ) موسكۋا 1984 - يىلى نەشرى .

سەئىد فەيياز مەھمۇد :« ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى نەشرى .

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى تۈزگەن « دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى » نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى .

شوكوروف م. ش. قاتارلىقلار تۈزگەن « تاجىك تىلى لۇغىتى » ( 2 قىسىملىق ) موسكۋا 1969 - يىلى نەشرى .

« قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى » ( سادىق ھاپىز نەشرگە تەييارلىغان ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشرى .

لېبون گ :« ئىسلام » تاجىكىستان، دۇشەنبە، 1991 - يىلى نەشرى .

لى تەييۈ قاتارلىقلار يازغان « شىنجاڭدىكى دىنلار » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشرى .

لى تەييۈ :« شىنجاڭدا بۇددا دىنى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ ، ئىسلام دىنى ئەۋج ئېلىشىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى » شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىچكى ماتېرىيالى ، 1982 - يىلى 11 - ئاي .

لى جىنشىن :« شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، مەدەنىيەت نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشرى.

ماپىنيەن :« شىنجاڭنىڭ قىسقىچە دىن تارىخى » شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى .

مەجىد فەخرى :« ئىسلام پەلسەپە تارىخى » ( چىن جۇڭياۋ تەرجىمە قىلغان ) شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى مائارىپ نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى .

مىرزازادە خ :« تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى » تاجىكىستان ، دۇشەنبە 1989 - يىلى نەشرى .

مىلوسلەۋسكىي گ. ۋ. قاتارلىقلارتۈزگەن « ئىسلام — ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت » موسكۋا 1991 - يىلى نەشرى .

مۇھەممەدخوجەيېۋ ئە :« نەقشىبەندىيە ئىدئىولوگىيىسى » ( رۇسچە ) تاجىكىستان ، دۇشەنبە 1991 - يىلى نەشرى .

مۇھەممەد سالىھ :« ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا » ، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى 1987 - يىلى 4 - سان .

مۇھەممەد سالىھ : « ئىسلام دىنى تارىخىدىكى خاۋارىجلەر گۇرۇھى » ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1987 - يىللىق 1 - سان .

نېئمەتوف ن :« سامانىيلار دۆلىتى » تاجىكىستان، دۇشەنبە، 1989 - يىلى نەشرى .

ھاجى نۇرھاجى ، چېن گوگۇاڭ : « شىنجاڭ ئىسلام تارىخى » مىللەتلەرنەشرىياتى 1995 - يىلى نەشرى .

ھاجى نۇرھاجى : « ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ، تارقىلىشى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدا » ، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى 1987 - يىل 3 - سان .

ئۇسمانوف م. ئا : « ئىسلام » تاشكەنت 1989 - يىلى نەشرى .

ئۇسمانوف م. س : « ئىسلام » تاشكەنت 1986 - يىلى نەشرى .

« ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى » 1 - 12 - توملار ،

تاشكەنت 1974 - يىلى نەشرى .

ئىئونوۋا ئا. ئى قاتارلىقلار يازغان « ئىسلام - ئىدىئولوگىيە ، قانۇن ، سىياسەت ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر » ( ماقالىلار توپلىمى ) موسكۋا 1985 - يىلى نەشرى .

ئىسمەتوۋ ب : « 9-15 - ئەسىرلەر پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدىكى پەنتىپئىستىك پەلسەپە ئەنئەنىلىرى » (رۇسچە ) تاجىكىستان ، دۇشەنبە 1994 - يىلى نەشرى .

ئىۋانوۋ ن. ئا قاتارلىقلار تۈزگەن « ئىسلام » ( قىسقىچە قوللانما ) موسكۋا 1983 - يىلى نەشرى .

يەئقۇب ئادىنەيېف :« قۇرئان ۋە ئۇنىڭ پەلسەپۋى، ئەخلاقى، ئىستېتىكىلىق تەلىماتلىرى » تاجىكىستان ، دۇشەنبە 1992 - يىلى نەشرى .

يې لىياڭتاۋ قاتارلىقلار تۈزگەن « پارسچە - خەنزۇچە لۇغەت » بېيجىڭ سودا نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى .

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەمتىمىن شىپە
مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۈل كېرەم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

**ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى**

زەمىر سەئدۇللازادە ، پەرھات غاپپار
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 14.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2002 – يىل 9 – ئاي 1 – نەشرى
2002 – يىل 9 – ئاي 1 – بېسىلىشى
تىراژى :3000 — 1
ISBN7-228-07550 - 1/ B. 252
باھاسى : 21.80 يۈەن